

مۇھەممەت لېتىپ ھاجى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

رەخمەتوللا ئىنايەتوللا ئەپەندىگە تەقدىمىم

مۇھەممەت لېتىپ ھاجى دىن

# ئەركى

( پوۋېست )

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



پېشقەدەم يازغۇچى مۇھەممەت لېتىپ ھاجى 1940- يىل 6- ئاينىڭ 19- كۈنى تۇرپان شەھەر ئايدىڭكۆل يېزا ئانىجان غوجام مەھەللىسى (جەڭگىنىڭ كارىزى) دە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1958- يىلىغىچە شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان، 1958—1982- يىلىغىچە ھەربىي سەپتە ئىشلىگەن، 1982- يىلىدىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار خىزمىتى) ئىشخانىسىدا ئىشلەپ، 1996- يىل 5- ئايدا پېنسىيىگە چىققان.

مۇھەممەت لېتىپ ھاجى 1976- يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ئاخىرقى پوست» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. ئۇنىڭ «چىن دوستلۇق» ناملىق ھېكايە- پوۋېستلار توپلىمى 1981- يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن، «مېھىر - شەپقەتلىك دۇنيا» ناملىق كۆپ قىسىملىق تارىخىي رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمى بولغان

图书在版编目（CIP）数据
使者／穆赫麦提·里提甫阿吉著．—喀什：喀什维吾尔文出版社，2005
ISBN 7—5373—1420 —9

I．使… II．穆… III．中篇小说 — 作品集—中国—当代— 维吾尔语（中国少数民族语言）
IV．1247·5

中国版本图书馆 CIP 数据核字 (2005) 第 118843号

责任编辑：乌拉木·艾拜都拉
责任校对：坎拜尔古丽·吾斯满

使者

(中篇小说)

穆赫麦提·里提甫阿吉著

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路14号 邮编：844000）
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
850×1168 毫米 1/32开本 10·5印张 1插页
2005年7月第1版 2005年7月第 1次印刷
印数：1—3080 定价：16.00元

如有质量问题，请与我社联系调换 电话：0998—2653927

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ........................................ 1
ئىككىنچى باب ........................................ 34
ئۈچىنچى باب ........................................ 64
تۆتىنچى باب ........................................ 96
بەشىنچى باب ........................................ 131
ئالتىنچى باب ........................................ 165
يەتتىنچى باب ........................................ 200
سەككىزىنچى باب ........................................ 228
توققۇزىنچى باب ........................................ 261
ئونىنچى باب ........................................ 297

# بىرىنچى باب

1

— گايىت ئۇستام، ئۆي كەينىلىرىدە قالدى،— ئۇ ۋېلىسىپىتنى توختاتماي، ئارقىسىغا قارىۋىدى، تونۇش بىر يىگىت ئۆزىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى،— ئۇستام، ئۆيىڭىزنىڭ ئىشىكىنى بىلەلمەي قالدىڭىزمۇ نېمە؟— دەپ چاقچاق قىلدى ھېلىقى يىگىت.

— ۋۇي، ئابلاجانمىدىڭ، سەت بولدى ئىنىم، ئىسسىقتا بېشىم قېيىپ قاپتۇ جۇمۇ،— گايىت ئۇستام ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ، چىرايىنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىنى سەزدۈرمىدى.

— ئۇستام، مەن سىزنى ئىشىك ئالدىدا ساقلىغىلى نەۋاخ، بەك كېچىكىپ كەلدىڭىز، گۆشنى سېتىپ تۈگىتەلمىدىڭىزمۇ يا.

— ياقەي،— دېدى گايىت ئۇستام ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ، ۋېلىسىپىتنى ھويلىغا يېتىلەپ كىرىپ تامغا تىرەپ قويدى- دە، ئابلاجاننى ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدىكى سۇپىغا تەكلىپ قىلدى،— گۆش خېلى بۇرۇن تۈگىگەن. ئۆيگە كېلىۋېتىپ، يولدا ئاغىنىلەر بىلەن مۇڭدىشىپ قالدىم. ئاۋۇ كۈنى مېنى يوقلاپ دوختۇرخانىغا بېرىپسەن، نېمانچە ئاۋارە بولغانسەن ئىنىم.

— سىز بىلەن بىر مەھەللىلىك تۇرساق، ئاتامنىڭمۇ يېقىن ئاغىنىسى تۇرسىڭىز، يوقلىمىسام بولامدۇ. تەگتۇشىڭىز بولمىسامۇ، بۈگۈن يەنە ئىزدەپ كەلگىنىمگە رەنجىمىگەيسىز.

ئىككى ئاي بۇرۇن گايىت ئۇستامنىڭ بېلى چىم بولۇپ

ئەمگەك، باشقىلار قىلىشنى خالىمايدىغان، كىشىلەرگە يامان كۆرۈنىدىغان، ئەڭ تۆۋەن خىزمەت. «جاپانىڭ تېگى راھەت» دېگەندەك، قاسساپلىقنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ھۆرمىتى، قىممىتى، راھىتى بار. گايىت ئۇستام يەنە داڭلىق ئەلچى. بۇ، ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ خالىسانە قىلىدىغان ئىككىنچى كەسپى. ئۇ ھازىر 52 ياشقا كىردى، 21 يېشىدا ئۆيلەنگەن، 22 يېشىدىن باشلاپ ئەلچى بولۇشقا باشلىغان. گايىت ئۇستام بىرىنچى قېتىم بىر تاز يىگىتكە بېجىرىم قىزنى جۈپلەپ داڭق چىقارغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى بەزىدە يىگىت تەرەپ، بەزىدە قىز تەرەپ ئەلچىلىككە تەكلىپ قىلاتتى. ئۇ مەيلى قايسى تەرەپنىڭ ئەلچىلىكىنى قىلسۇن، بۇ قۇتلۇق ئىش يورۇقلۇققا چىقىپ، خۇشال ـ خۇرام ئاخىرلىشىپ كەلدى. گايىت ئۇستام شۇ ۋاقىتقىچە 624 قېتىم ئەلچىلىك قىپتۇ، تويلاشقان يىگىت ـ قىزلار شەھىرىمىزنىڭ ھەرقايسى ئىدارە ـ مەكتەپ، بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىدا ۋە يېزىلاردا چىرايلىق ئائىلە قۇرۇپ، بالا ـ چاقىلىق بولۇپ، خۇشال ـ خۇرام ئۆتۈۋاتىدۇ. ئۇلاردىن ئائىلىسى بۇزۇلۇپ ئاجرىشىپ كەتكەنلەر ئاز. بۇنىڭ سەۋەبلىكى ئەلچىدە ئەمەستە. چۈنكى، «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق»، يەنە بىرسى ئۇ ساۋابلىق ئىش.

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا قەدەممۇقەددەم يېتىلگەن، مۇكەممەللەشكەن ئاممىۋىلىق ۋە ئىلمىيلىككە ئىگە، ئەقىلگە مۇۋاپىق ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بار. بۇ ئۆرپ ـ ئادەتلەر كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى شوخ ـ جۇشقۇنلۇققا، رەڭدار ۋە گۈزەللىككە ئىگە قىلىدۇ؛ كىشىلەرنى ئۇيۇشقاقلىققا، ئىناق ـ دوستلۇققا، مېھىر ـ شەپقەتكە ئۈندەيدۇ. ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە قۇدرىتى تەڭداشسىز. ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ نازارىتى كېرەك ئەمەس، ھەممەيلەن ئىختىيارلىقى، رازىلىقى بىلەن ئەمەل قىلىدۇ، بەجا كەلتۈرىدۇ. قايسىبىر ئاڭسىز كىشى بۇ ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە سەل قاراپ بەجا كەلتۈرمىسە، خىلاپ

قىلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانىدا، ئابلاجان يوقلاپ بارغان. شۇ ئارىدا باشقىلار يوقلاپ كىرىپ قېلىپ، ئابلاجانغا تۈزۈك رەھمەت ئېيتالمىغان ئىدى.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ ئۇكام، مەن دېگەن ئىككى قولۇمنىڭ كۆچىگە تايىنىپ جان باقىدىغان ئادەم. سەن مېنى ئادەم ئېتىپ، ھۆرمىتىمنى قىلىپ يوقلاپ كەلگەن تۇرساڭ، مەن ئەلۋەتتە خۇشال بولىمەن. ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەنمۇ بىر مۇڭداشقاق، كېلىپ تۇر، سېنىڭمۇ ئۆيۈڭ بولغانىدا مەنمۇ بارىمەن... — ئۇ سۆزىدىن توختاپ نېمىنىدۇر ئويلىنىۋېلىپ، — ھەي ئابلاجان، ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، تۆمۈر - پولات تاۋلىغان يىلى ئاتاڭ ئۆيدە يوق، ئاناڭ سېنى تۇغىدىغان چاغدا مەن ئېشەك ھارۋىسىغا سېلىپ يېزىلىق دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغان، ھېسابلاپ باقسام 28 ياشقا كىرىپسەن، قېرى يىگىت بولۇپ قاپسەن جۇمۇ، — ئۇ يەنە نېمىنىدۇر يادىغا ئالغاندەك، چىرايىنى تۈرۈپ، — ھەي ئابلاجان، دەپ باقە، نېمىشقا مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۆيلەنمەيسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئەمدى ئۆيلىنىمەن، ئانام دائىم «گايىت ئۇستام مېنى دوختۇرغا ئېلىپ بارمىغان بولسا، سەن بۇ ئالەمدە يوق ئىدىڭ» دەپ، ماڭا سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، مېنىڭ سىزگە ئالاھىدە ھۆرمىتىم بار. بۈگۈن ئالدىڭىزغا توي ئىشىمنى مەسلىھەت قىلاي دەپ كەلگەن، — دېدى ئابلاجان بېشىنى يەرگە ساڭگىلىتىپ.

— خىجىل بولما ئۇكام. بۇ دېگەن ئەر ئۆمرىدىكى ئەڭ خۇشاللىق ئىش، خۇشاللىق ئىشنى ياخشى قىلمىسا بولمايدۇ. سەن مېنى ئوتتۇرىدا ئەلچىلىك قىلىپ بېرىڭ دېمەكچىمۇ؟ — دېدى گايىت ئۇستام ئابلاجاننىڭ مۇددىئاسىنى چۈشىنىپ.

گايىت ئۇستام شەھەرلىك يېمەك - ئىچمەك شىركىتىنىڭ گۆش دۇكىنىدا ئىشلەيتتى. قاسساپلىق — قاتتىق جىسمانىي

ـلىككە تـەكلىپ قىلغـۇچىلارنى تەگـلىكتـە قالـدۇرغان ئەمـەس، خـالىس، ساۋابلىق ئىشـنى خۇشـاللىق بىلـەن ۋايىغـا يـەتكۈزۈپ بېجىرىدۇ، لېكىن ئۇ ئەلچىلىككە مېڭىشتىن بۇرۇن زۆرۈر تەپسىلاتلارنى ئۇقماي قويمايدۇ.

— ئابلاجان، مەن ساڭا ئەلچى بولۇپ بېرىشنى خالايمەن. سەن ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ئىشىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئاۋۋال مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىڭدىن مېنى خەۋەردار قىلغىن.

— ماقۇل،— ئابلاجان ھېكايىسىنى باشلىدى...

2

ئابلاجان يەتتە ياشقا كىرگەندە ئاتا ـ ئانىسى بىلەن يېزىدىن كۆچۈپ كىرىپ، شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئولتۇردى. ئابلاجان ئوقۇدى، باللار بىلەن ئىناق ئۆتتى. باللار ئويۇنلىرى ئۇنىڭسىز قىزىمايتتى.

ئابلاجاننىڭ تام قوشنىسى ئېگىز بويلۇق، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، سالاپەتلىك ئادەم بولۇپ، ئېسىل رەختتىن غەربچە كىيىنىپ، گالستۇك تاقايتتى. ئابلاجاننىڭ ئاتىسى ئۇنى «قاسىم ئەپەندىم» دەپ سالام بېرەتتى. ئابلاجاننىڭ ئانىسى ئۇنىڭ ھەيكەلدەك قېتىۋالىدىغان چىرايلىق ئايالى بىلەن ئۇچراشقاندا تەزىم قىلىپ، «ھەببە ئاپپاي» دەيتتى. ئاپپايمۇ چىرايىدىن كۈلكە، ۋۇجۇدىدىن كەمتەرلىك ياغدۇرۇپ، تىنچلىق سوراپ، مۇڭدىشاتتى. ئابلاجان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بۇ ئىككىيلەندىن شۇنچە ئەيمىنىپ كېتىشىگە قاراپ، ئۇلارنى كۆرسە سۇر باسقاندەك ياۋاشلىشىپ كېتەتتى. لېكىن، قاسىم ئەپەندىمنىڭ بەش ياشلىق قىزى ھاۋاخان بۇ ئائىلىنىڭ دائىملىق مېھمىنى ئىدى، ئابلاجان مەكتەپتىن كېلىشىگە سوگدىشىپ كىرەتتى. ئۇ چىرايلىق،

لىق قىلسا، ئۇ ھەر قەدەمدە تۇمشۇقىغا يەيدۇ، كىشىلەر كەچۈرمەيدۇ، ئارىغا ئالمايدۇ، ئەيىبلەيدۇ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىمۇ ئەركىن-ئازادە بولالمايدۇ، قىلغان ئىشىمۇ ئەپلەشمەيدۇ. يىگىت بىلەن قىزنىڭ توي مەرىكىسىگە چېتىلىدىغان ئەلچىلىكنى ئېيتساق، مەيلى يىگىت-قىز ئىختىيارىي تېپىشقان بولسۇن، مەيلى ئاتا-ئانىلار كېلىشكەندىن كېيىن يىگىت-قىز تويلاشماقچى بولسۇن، ھەممىسىدە ئىككى تەرەپنىڭ ئەلچىسى كەم بولسا بولمايدۇ. ئەلچى ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرغۇچى ئادىل، سېخىي، گەپكە ئۇستا، خۇشخۇي، خۇش مۇئامىلىلىك بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى يىرىكلىكلەرنى ئوڭلاپ، يول ئېچىشى لازىم. شۇندىلا ئۇ يىگىت-قىزغا بەخت ئاتا قىلىپ، مۇرادىغا يەتكۈزەلەيدۇ. خېلى ئابرۇيلۇق ئادەملەرمۇ ئەلچىلىكنى قاملاشتۇرۇپ كېتەلمەيدۇ.

مانا ئابلاجان ئۇنىڭغا كۆڭلى تارتىپ ئىزدەپ كەپتۇ. گايىت ئۇستامنىڭ ۋاقتى، زېھنىي قۇۋۋىتى، پەم-پاراسىتى جۇشقۇنلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئەلچى بولۇپ ئوتتۇرىدا مېڭىپ، ئىككى ئائىلىنى قۇدىلاشتۇرۇپ، ئىككى ياشنىڭ ئۆمۈرلۈك غۇنچە گۈلىنى ئېچىلدۇرسا، بۇنىڭدىنمۇ كۆڭۈللۈك، خۇشاللىق ئىش بولامدۇ. ئابلاجانمۇ پېشانىسى ئوچۇق يىگىت، ئاغىنىسىنىڭ ئوغلى. ئۇ كۆڭلىدىكى گېپىنى ئېنىق دېيەلمىۋىدى، گايىت ئۇستام گەپنىڭ پۇسكاللىسىنى سورىدى.

— شۇنداق، گايىت ئۇستام، — دېدى ئابلاجان بېشىنى كۆتۈرۈپ يېلىنىش نەزىرىدە، — مەن توي ئىشىمنى كەينىگە سۈرۈپ، ئاتا-ئانامنىمۇ رەنجىتىپ قويغان. ئۇلار شۇ ۋاقىتقىچە مەندىن خاپا، مېنىڭ بۇ سۆيگۈنۈمدىن ئۇلار تېخى خەۋەرسىز. سىز قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ بېرىشتىن باشقا، ئۆز ئاتا-ئانامنىڭمۇ قوشۇلۇشىنى ئېلىپ بەرسىڭىز.

گايىت ئۇستام ھەرقانچە جاپالىق، مۈشكۈل بولسىمۇ ئەلچى-

يىقىلىپ كەتتىم» دېدى. ھەببە ئاپپاي: «ھۇ جۇۋاينىمەك، ئۆزىنىڭ قىز بالىلىقىنى ئۇيلاپمۇ قويمايدۇ. سالە كۆڭلەكنى. يەنە ئوغۇللارغا ئەگىشىپ ئوينايدىغان بولساڭ، پاچىقىڭنى چېقىۋېتىمەن» دەپ، قىزىنى سەنلىدى، قىزىغا گەپ قىلغان بولۇپ، كىمنىدۇر دارىتمىلىدى. تۇرسۇنخان ئوغلىغا چەكچىيىپ قاراپ:

— سەن بوزەك قىپسەندە، — دېۋىدى، ئابلاجان ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى...

ھاۋاخان ئوقۇش يېشىغا توشۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىلى ئىككى يىل بولۇپ قالدى. ئۇ دەرس تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، ئابلاجان بىلەن ئوينايتتى. ئابلاجان يېزىدىن ئالغاچ كەلگەن ئالا كۈچۈك ھەم پاكار، ھەم چىرايلىق، پاقلاندەك ياۋاش بولۇپ، بالىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان ئويۇنچۇقى ئىدى. يەيدىغىنىنى بېرىپ گوللاپ تۇرسا، ئۇ ئىت چەمبىرەكتىن سەكرەيتتى، تاياقنىڭ ئۈستىدە ماڭاتتى، مەخسۇس تەربىيىلەنگەن سېرىك ئىتلىرىدەك قىزىق-قىزىق قىلىقلارنى چىقىرىپ بالىلارنى كۈلدۈرۈپ، ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى...

يازنىڭ بىر شەنبە كۈنى ھاۋا تولىمۇ ئىسسىپ كەتتى. كۈن غەربكە قايرىلغانسېرى، ئىسسىق شامال چىقىپ، ئۆي ئىچى خۇددى تونۇردەك بولۇپ كەتتى. ھاۋاخان ئۆيىنىڭ بۇرۇختۇرمىچىلىقىغا چىدىماي سىرتقا چىقىۋىدى، ئوغۇل ساۋاقداشلىرىنىڭ «خەلق باغچىسى»گە قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئۆيدىكىلەرگە ئېيتىپمۇ قويماي، بالىلارغا ئەگەشتى. «خەلق باغچىسى» شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» يىللىرى تۈپتۈز ئېتىزلىقنى ئويۇپ ياسىغان سۇ ئامبىرىنىڭ ئورنىدا ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا كىشىلەر سۇ ئامبىرىنى كۆلگە ئۆزگەرتىپ، ئەتراپىنى كېڭەيتىپ، باغچە ئەسلىھەلىرىنى قۇردى، تۈرلۈك دەل-دەرەخلەرنى تىكتى. كىشىلەر كۆلدە قولۋاققا

ئۇماق قىز ئىدى، چوڭلارغا «ئۆزلە» دەپ گەپ قىلاتتى. ئانىسى قونچاقتەك ياساپ قويغان هاۋاخان قورۇدىكى بالىلار ئوينىغاندا، دائىم ئابلاجانغا ئەگىشىۋالاتتى.

ئوغۇللار قارام كېلىدۇ. ئۇلار كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ يىرتىلىشىغا، بىرەر يېرىنىڭ زەخىملىنىشىگە قارىماي دەل-دەرەخلەرگە يامىشىدۇ، قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىنى چۇۋۇپ، ئۇچۇرما بولۇش ئالدىدىكى باچكىلىرىنى تۇتۇۋالىدۇ، تۇخۇمىنى ئالىدۇ. خەقنىڭ ئۆگزىلىرىدە يۈگۈرۈپ لەگلەك ئۇچۇرىدۇ، رەگەتكىسى بىلەن نېمىلەرنىدۇر نىشانلاپ ئاتىدۇ، سۇغا چۆمۈلىدۇ. بالىلارغا شادخۇراملىق ئەكېلىدىغان بۇ پائالىيەتلەر ئىچىگە خېيىمخەتەرمۇ يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

بىر قېتىم ئابلاجان تامنىڭ تۆشۈكىدىن خېلى كۆپ قۇشقاچ تۇخۇمى تېپىۋېلىپ، قولىنى تىقىپ ئالدى. هاۋاخان ئۇ تۇخۇملارنى كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە سېلىۋەردى. ئۆي ئىگىسى دېھقان چىقىپ ۋارقىرىۋىدى، ئۇلار ئېغىلدىن قېچىپ چىققۇچە هاۋاخان پۇتلىشىپ يىقىلىپ كەتتى، قۇشقاچ تۇخۇملىرى ئېزىلىپ، ئېتىكىنى بۇلغىۋەتتى. ئۇ يىغلىغان پېتى ئۆيىگە قاراپ ماڭدى، كەينىگە قاراپمۇ قويماي ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن ئابلاجانمۇ ئۆز ئۆيىگە كىرىپ هويلىدا تۇردى. ئۇنىڭ ئانىسى تورسۇنخان هويلىدا كىر يۇيۇۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا قوشنا هويلىدىن هەببە ئاپپاينىڭ: «قىزىم، ئېتىكىڭىزنى بۇلغىۋاپسىزغۇ، نېمە بولدى؟» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. هاۋاخان: «ئاران تاپقان قۇشقاچ تۇخۇمى چېقىلىپ كەتتى» دېدى. هەببە ئاپپاي: «ئېتىكىڭىزگە تۇخۇمنى كىم سالدى؟» دەپ سورىۋىدى، هاۋاخان: «ئۆزۈم سالدىم ئاپا، راست گەپ. ئوغۇللار تۆشۈككە قولىنى تىقىپ ئالغان تۇخۇمنى مەنمۇ ئالالايمەن. ئۇ تۇخۇملارنى ئېتىكىمگە سېلىپ كېلىۋېتىپ

ئۇنىڭ كەينىدىن بىرقانچە ساۋاقداش يۈگۈرۈپ كەلدى.
— هاۋاخان، نېمە بولدى؟
هاۋاخاننىڭ پاچىقىدىن قان تېمىۋاتقانلىقىنى، يىغلاپ ئۇنى يۆتەي دەپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئابلاجان ئويلىنىپ تۇرمايلا ئاق دىچۆلياك كۆڭلىكىنىڭ بىر پېشىنى يىرتىپ، يارىغا سىېغىز توپىنى سۈرۈپ تاڭدى. هاۋاخان يىغلاپ تۇرۇپ، ئوڭ قولىدا سىقىمداپ تۇتۇۋالغان گۈللەرنى سۇنۇپ:
— ئابلا... جان... ئاكا، ئۆزلەنى... تەبرىكلەيمەن! يۆتۈمنى... ئىت... چىشلىۋالدى،— دېدى ئىسەدەپ تۇرۇپ.
— رەھمەت. مەن سىزنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەكېتەي.
— ئىتنىڭ چىشى زەھەرلىك بولىدۇ، دەيدىكەن. هاۋاخاننى ئاۋۋال دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى،— دېدى ئەخمەت.
ئابلاجان هاۋاخاننى هاپاش قىلىپ دوختۇرخانىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ هېرىپ قالسا، ساۋاقداش ئەخمەت بىلەن تۇرسۇن نۆۋەتلىشىپ هاۋاخاننى كۆتۈردى. ئۇلار دوختۇرخانىغا يېتىپ بارغاندا كەچ سائەت 7گە ئاز قالغان، دوختۇرلار ئىشتىن چۈشكەن ئىدى. دىجورنى دوختۇر هاۋاخاننىڭ يارىسىنى تازىلاپ قاننى، ئاغرىقنى توختىتىش دورىسىنى سۈركەپ، تېڭىپ قويدى.
— ئابلاجان، ئەمدى نەگە بارىسىلەر؟— دەپ سورىدى ساۋاقداش ئەخمەت.
— ئۆيگە قايتىمىز.
— ئۆيگە قايتساڭ، ئاتاڭ «خەقنىڭ بالىسىنى نېمىشقا ئىتقا چىشلەتتىڭ» دېسە، كۆزۈڭنى پارقىرىتىپ تۇرامسەن؟ ئاتا - ئاناڭ سېنى ئۇرۇپمۇ ئىش بېسىقماي، هاۋاخان بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ئاتا - ئاناڭلار ياقا تۇتۇشۇپ قالامدۇ تېخى...
ئەخمەت ئاگاھلاندۇرۇۋېدى، ئابلاجان ئويلىنىپ قالدى، تېخى ئىككى كۈن بۇرۇنلا ئۇ مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ هويلىدا

ئولتۇرۇپ، سۇ ئۈزۈپ ھۇزۇرلىنىدىغان بولدى. كۆلنىڭ بىر تەرىپىدە بالىلارغا مۇۋاپىق سۇ ئۈزۈش ئورنى ياسالدى! تومۇز كۈنلىرى باغچىدىن سەيلىچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. سۇ ئۈزۈش ئورنى بالىلار بىلەن قاينايتتى، ئۇلار تەربىيىلىگۈچىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنەتتى.

بۈگۈن بۇ يەردىكى سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن، ئابلاجان تەييارلىق قىلىپ كەلگەن ئىدى. مۇسابىقىگە ئاۋۋال تاللانغان 10 نەپەر ساۋاقداش پۈشتەك چېلىنىشى بىلەن تەڭ ئۆزلىرىنى سۇغا ئاتتى، بارلىق ماھارىتىنى كۆرسىتىپ، ئۈزۈشتى. كۆلنىڭ ئەتراپىدا تاماشا كۆرۈۋاتقان بالىلار سۇ ئۈزۈۋاتقان ساۋاقداشلىرىغا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن تۇتۇپ تۇرغان گۈللەرنى پۇلاڭلىتىپ، نېمىلەرنىدۇر دەپ مەدەت بېرىشەتتى. لېكىن، ھاۋاخاننىڭ قولىدا ئابلاجانغا تەقدىم قىلىدىغان گۈل يوق ئىدى. ئۇ چاقماق تېزلىكىدە ئەقلىنى ئىشلەتتى. كۆلنىڭ ئايىغى كەڭ چۆپلۈك بولۇپ، ئۇ يەردە ھەر خىل ياۋا گۈللەر چىمەنزارلىقنى ھاسىل قىلغان ئىدى. ئابلاجاننىڭ غەلىبە تەنتەنىسى تەبرىكلەنگۈچە، ئۇ گۈل تېرىپ كېلىش ئۈچۈن چىمەنزارلىققا يۈگۈردى. چىمەنزارلىقتىن ھەر خىل گۈللەرنى ئۈزۈۋېتىپ، ئابلاجاننىڭ ھېلىقى ئالا كۈچۈكى ئۈستىخان غاجىلاۋاتقانلىقىنى غۇۋا كۆرۈپ، سۆيۈنگەن ھاۋاخان ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىپلا قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ ئالدىغا تارتتىيۇ، ھېلىقى كۈچۈك ئەمەسلىكىنى سېزىپ دەرھال قويۇۋەتتى. قورقۇپ كەتكەن لالما ئىت كەينىگە قايرىلىپلا، ھاۋاخاننىڭ پاچىقىنى چىشلىۋالدى. ھاۋاخان قاتتىق چىرقىراپ يىغلىدى.

مۇسابىقىدە غەلىبە قىلغان ئابلاجاننى تەبرىكلەۋاتقانلار ئىچىدە ھاۋاخان كۆرۈنمەيتتى. ئابلاجان ئۇنىڭ چۆپلۈكتە تۈگۈلۈپ تۇرغان ھالىتىنى كۆرۈپ، چۆپلۈككە قاراپ يۈگۈردى.

ئورۇنلۇق. ساڭا ئوخشاش يوگەنسىز يورسەم بولمايدۇ.
— ئابلاجان ئاكا، مېنى ئاچامنىڭكىگە ئاپىرىپ قويۇڭلار.
هاۋاخاننىڭ ئاچىسى پاتىگۇلنىڭ ئۆيى بۇ يەرگە يېقىن ئىدى. ئابلاجان ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ، هاپاش قىلغان پېتى ماڭدى. ئابلاجان ئۇ دوختۇر ئايالنى هۆكۈمەت هويلىسىغا كىرگەن-چىققاندا تالاي قېتىم كۆرگەن. ئۇ قونچاقتەك ياسىنىپ ماڭاتتى، ئەتراپقا قاراپمۇ قويمايتتى. ئابلاجان ئۇ ئايالدىن ئەيمىنەتتى، تارتىناتتى. ئۇ هاۋاخاننى پاتىگۇلنىڭ ئۆيىگە ئەكېلىپ، سۇپىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ: «خوش، ئەتە كۆرۈشەيلى» دەپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. پاتىگۇل ئۆيدىن چىقىپ هاۋاخاننىڭ سۇپىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.
— هاۋاخان پۇتىڭىز تېڭىقلىق تۇرىدىغۇ، ئاۋۇ باللار كىم؟
— پۇتۇمنى ئىت چىشلىۋالدى،— هاۋاخاننىڭ ئاغرىقى تۇتۇپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى،— ئابلاجان ئاكام مېنى سىلەرنىڭكىگە ئەكېلىپ قويدى.
— ئاپام ئۇنىڭ بىلەن ئوينىماڭ دەپ نەچچە قېتىم ئېيتقانىغۇ، ئۇ سىزنى نەدە ئىتقا چىشلەتتى؟— دېدى پاتىگۇل سىڭلىسىنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ.
— ئاچا، جېنىم ئاچا، مەن بۈگۈن كېچە سىلەرنىڭكىدە قالايچۇ، پۇتۇم بەك ئاغرىۋاتىدۇ، سەن ئوبدان داۋالاپ قويساڭ.
— سىز بولمىسىڭىز، چوڭ ئۆيدىكىلەر غەم قىلىپ ئولتۇرالمايدۇ. مەن زۆرۈر دورىلارنى ئېلىۋېلىپ، چوڭ ئۆيدە داۋالايمەن.
— ئاچا...— دەپ، هاۋاخان ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋېدى، ئاغرىققا چىدىماي يىقىلىپ كەتتى.
— هاۋاخان...— يىقىلغان سىڭلىسىنى كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا ياتقۇزغان پاتىگۇل ئاغرىق پەسەيتىش دورىسىنى ئىچۈردى. ئاپتوموبىل چاقىرتىپ كېلىپ، نامازدىگەر بىلەن هاۋاخاننى چوڭ

ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان ئىدى. ھاۋاخان مەكتەپتىن قايتىپ ئۆيگە كىرىشىگە ئانىسى: «يەنە كىيىم ـ كېچەكلىرىڭىز توپىغۇ، ئابلاجان توپىغا ئېغىناتتىمۇ سىزنى؟ ئۇنى كۆرمىدىم دەپ يالغان ئېيتىۋاتقىنىنى. مەن ئوغۇل باللار بىلەن ئوينىماڭ دەپ نەچچە قېتىم ئېيتتىمغۇ، نېمىشقا گەپ ئاڭلىمايسىز؟» دەپ كايىپ كەتتى. «ئاڭلاۋاتامسەن،— دېدى تۇرسۇنخان ئابلاجاننىڭ قولىقىنى سوزۇپ تۇرۇپ،— ئاپپاي بىزنى ئاڭلىسۇن دەپ ۋارقىراۋاتىدۇ. سەن ئۇ قىزنىڭ قېشىغا يولىما. مەن مۇشۇنداق دارىتمىلىغان گەپنى يەنە ئاڭلىسام، قولىقىڭنى ئۈزۈۋالىمەن» دېدى. ئابلاجان ئەمدى نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى، «ھاۋاخان باغچىگە مەن بىلەن بىللە كەلگەندىكىن، ئۇلار چوقۇم مېنىڭدىن كۆرىدۇ، ئۆيدىكىلەرمۇ ئەيىبلەيدۇ».

— ئابلاجان ئاكا، بىز بۈگۈن كەچ ئۆيگە قايتمايلى. پۈتۈم ئەتە ياخشى بولۇپ قالسا، ئۆيگە مېڭىپ كىرسەم، ئىت چىشلىۋالغانلىقىنى ئۆيدىكىلەر بىلمەيدۇ،— دېدى ھاۋاخان ئاپىسىنىڭ ئۆزىنى سوراقلا ئېلىپ دۆشكەلىشىدىن قورقۇپ.

— ئۆيگە قايتمىساق، ئۆيدىكىلەر بىزنى ئىزدەپ كېتىدۇ.

— نېمىدىن قورقاتتىڭ، ئىزدەپ ـ ئىزدەپ يالتىيىشىدۇ، شۇ،— ئەخمەت ئۆزىنىڭ تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى،— مەن سىرتتا ئىش تېرىپ قويۇپ ئۆيگە بارسام، ئاتا ـ ئانام ئۇرماقچى بولسىلا چوڭ داداملارنىڭكىگە قېچىپ بېرىۋالاتتىم، شۇنىڭ بىلەن ئۆيدىكىلەر مېنى ئۇرالمايتتى. مېنى ئەكېتىدىغان ۋاقىتتا چوڭ دادامغا مېنى ئۇرمايدىغانغا سۆز بېرەتتى. ھازىر ئۆيگە قايتمىسامۇ، ئۆيدىكىلەر مېنى چوڭ داداملارنىڭكىگە كەتتى، دەپ ئىزدەپ يۈرمەيدۇ، سىلەرمۇ...

— ياق،— دېدى ئابلاجان،— مەن ئۆيدىن قېچىپ باقمىغان. مەن ئىش تېرىپ قويغان بولسام، ئاتا ـ ئانامنىڭ مېنى ئۇرۇشى

— ئۇنداق بولسا يامان بوپتۇ، ئاۋۋال دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى،— توختەمەت ھودۇقىنىچە ئورنىدىن لىككىدە تۇردى.

— بولدى، مەن سىلەردىن قىزىمنى داۋالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتقىنىم يوق، ئوغلۇڭلارنى باشقۇرۇپ قويۇڭلار دېمەكچىمەن. مۇشۇنداق بولۇۋەرسە، قوشنىدارچىلىقىمىزغا تەسىر يەتمەمدۇ،— دەپلا، ھەببە ئاپپاي ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

ھەببە ئاپپاينىڭ ئېيتقىنىدەك بولسا، ئابلاجان ئەزەلدىن قىلىپ باقمىغان كۆڭۈلسىزلىكنى تېرىغان ئىدى. توختەمەت ئۆزىچىلا تىت - تىت بولۇپ ئولتۇرالماي قالدى- دە، ئابلاجاننى ئىزدەپ ماڭدى. تۇرسۇنخانمۇ خاتىرجەم بولالماي ئالدىراپ - تېنەپ توختەمەتكە ئەگىشىپ ئۆيدىن چىقتى. بۇ چاغدا جاھانغا گۇگۇم پەردىسى يېيىلىۋاتاتتى. ئۇلار كوچىغا چىقىپ ئۇزاق ماڭمايلا، ئابلاجاننىڭ ئۆيگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى.

— ئەنە كېلىۋاتىدۇ جېنىم بالام،— تۇرسۇنخان سۆزلىگەن پېتى ئالدىغا قاراپ ماڭدى،— قورسىقى ئېچىپ نېمە بولۇپ كەتكەندۇ. سىز قايتىڭ، توختەمەت قايتىڭ دەيمەن.

ھەببە ئاپپاينىڭ نەشتەردەك سۆزلىرى مېڭىسىدىن چىقىپ كەتمىگەن توختەمەت ئوغلىنى كۆرۈپلا قۇيقا چاچلىرى دىك تۇردى. ئۇ ئايالىنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلمىدى.

— ھەي،— ئۇ بىگىز قولىنى چىقىرىپ ۋارقىرىدى،— شۇنچە ئىشنى تېرىۋېتىپ، يەنە نېمىگە لاغايلاپ يۈرىسەن!— ئۇ ئالدىغا قاراپ دېۋەيلەپ ماڭدى. ئابلاجان ھودۇقۇپ ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى،— بۇ شۇمنىڭ ئۆيگە ماڭماي قاراپ تۇرغىنىنى،— توختەمەت يەرگە ئېڭىشىپلا بىر چالمىنى ئالدى.

ئابلاجان كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچتى. توختەمەت تىللىغان پېتى قوغلىدى، تۇرسۇنخان ئۇلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. ئابلاجان ئۇلارنى ئايلاندۇرۇپ، ھېلىقى كۆل بويىغا ئېلىپ كەلدى.

ئۆيگە ئاپىرىپ،— ئابلاجان ھاۋاخاننى ئىتقا چىشلىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بىزنىڭ ئۆيگە كۆتۈرۈپ ئەكىلىپ قويۇپلا قېچىپ كەتتى،— دېدى.

بۇ سۆز ھەببە ئاپپايغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ جان - پېنى چىقىپ كەتتى- دە، ئابلاجاننىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن زاكونلاشماقچى بولۇپ سىرتقا ئېتىلدى.

— ھاي، ھاي، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، باللارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قوشنىدارچىلىقنى بۇزۇپ يۈرمە. مەن قوشنام بىلەن ئازارلىشىپ قېلىشنى خالىمايمەن،— دېدى قاسىم ئەپەندىم.

— سىلى شۇنداق دەپ مېنى ئېغىز ئاچقۇزمايلا كەلدىلە، بۇ قېتىم گەپلىرىگە كىرمەيمەن. مەن ئۇلار بىلەن زاكونلاشمىسام بولمايدۇ،— ھەببە ئاپپاي كۆزلىرىدىن غەزەپ چاچرىتىپ قوشنىلارنىڭكىگە كىردى،— ھەي توختىمەت، تۇرسۇنخان،— دەپ چۇقان كۆتۈردى ئۇ،— سىلەر باللىرىڭلارغا ئىگە بولامسىلەر- يوق. مەنچۇ، قوشنىكەنمىز دەپ شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان چىشىمنى چىشلەپ كەلدىم. قېنى ئابلاجان، ئۇ تېخى كەلمەپتۇ- دە. ئۇچۇ، قىزىمنى ئۇينىتىمەن دەپ خەلق باغچىسىغا ئاپىرىپ ئىتقا چىشلىتىپ قويۇپ، قورقۇنچىدا ھاۋاخاننى ئاچىسىنىڭ ئىشىك ئالدىغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپ قېچىپ كېتىپتۇ.

تۇرسۇنخان ئوغلىنىڭ مۇنداق ئەسكىلىك قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى، شۇنداقتىمۇ چىرايىنى ئېچىپ:

— ئابلاجانمۇ كېپقالار، بىزمۇ باللىمىزنىڭ ئاغزىدىن گەپ ئېلىپ باقايلى،— دېدى ۋە ھەببە ئاپپاينى ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ، مەن يالغان سۆزلىگەندەك گەپ قىلىسىزغۇ. قىزىمنىڭ قانداق ھالدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ بېقىڭلار، ئاغرىقىنىڭ دەردىدە ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەي قاپتۇ.

كۆز يېشىنى ئېرتىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي...

ھاۋاخان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نەزىرىدە «كىچىك ھەم قىز بالا، ھەممە گۇناھنى ئابلاجان ئۆتكۈزگەن» دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىش، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش، گوللاشقىلا مەركەزلەشكەن ئىدى. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3- يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ھاۋاخان ئاق ـ قارىنى ئوبدانلا بىلىپ قالغان ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئالدىغا قويغان مېۋە ـ چېۋە، نازۇنېمەت، تائاملارغا قاراپمۇ قويماي، زورلىسىمۇ يېمەي ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلىدى.

— ئىت چىشلىۋالغان يەر ئاغرىۋاتامدۇ، دوختۇرغا ئاپىرايلىمۇ؟

— ياق، ھى... ھى...

— نېمىگە يىغلايسىز، يا ئابلاجان سىزنى بوزەك قىلدىمۇ؟

— ياق.

— ئەمدى ئابلاجان بىلەن ئوينىماڭ جۇمۇ قىزىم.

— ياق، ئوينايمەن، ئۇنىڭدا گۇناھ يوق. سىلەر ئەسكى، ئابلاجان ئاكامنى ئاتا ـ ئانىسىغا چېقىپ ئۇردۇردۇڭلار، بولمىسا ئابلاجان ئاكام مېنى كۆرگىلى كىرمەمدۇ، ھى... ھى...— ئۇ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلاپ غەلۋە كۆتۈردى.

— سەنمۇزە، پاتىگۈلنىڭ گېپى بىلەنلا قوشنىلارنىڭكىگە كىردىڭ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىپ قويدۇق. بەلكىم ھاۋاخان راست گەپ قىلىۋاتقاندۇ،— دېدى قاسىم ئەپەندىم.

ئىلاجسىز قالغان ئاتا ـ ئانا يەنىلا ھاۋاخاننىڭ كۆڭلىنى ئىزدىدى. قاسىم ئەپەندىم قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە كىردى.

— قىزىمىزنى ئىت چىشلىۋېلىپ يىغلاپ تۇرغاندا، ئابلاجان دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ياخشى ئىش قىپتۇ. ئاچاڭلار سىلەرنى رەنجىتىپ قويدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن سىلەردىن ئەپۇ سورايمەن،— دەپ بېشىنى ئەگدى.

— مۇنداق قىلمىسىلا ئەپەندىم،— دېدى تۇرسۇنخان،—

— ئاتا! ئەمدى مېنى قوغلىمىسىلا، بولمىسا مەن ئۆزۈمنى سۇغا ئاتىمەن، مەن ھاۋاخانىنى...— گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىشىغا توختىمەت يول قويمىدى. ئاھانەت، غەزەپ ئۇنىڭ قۇلىقىنى پاك قىلىپ قويغاندەك، ئاغزىدىن تىل توختىمىدى.

— سەن بىزنى قورقۇتماقچىمۇ تېخى، سۇغا ئۆزۈڭنى ئاتساڭ ئۆلسەن. خەقنىڭ گېپىنى ئىشتكەندىن ئۆلگىنىڭ تۈزۈك!

— ئابلاجان، جېنىم بالام، مەن سېنى ئاتاڭغا ئۇردۇرمايمەن، ئۆزۈڭنى سۇغا ئاتما بالام، مېنى ئايىغىن،— تۇرسۇنخان ئالدىغا يۈگۈرۈپ توختىمەتنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشاتتى. توختىمەت يۈگۈرۈپ بېرىپ ئابلاجاننى تۇتۇۋالماقچى بولغاندا، ئۇ ئۆزىنى سۇغا ئېتىۋەتتى. «ئوغلۇم سۇ ئۈزۈشنىمۇ بىلمەيدۇ» دەپ ئويلىغان توختىمەتنىڭ يۈرىكى ئېغىپ بىئارام بولدى. ئۇ كۆلنىڭ تېيىزلىقىنى بىلەتتى، ئابلاجان سۇ يۈزىدە كۆرۈنمەي قويدى، ئۇزاق ئۆتمەي كۆلدە كۆپۈكلەر بۇلدۇقلاشقا باشلىدى. ئابلاجاننىڭ جان تالىشىۋاتقانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن تۇرسۇنخان:

— بالامنى ئۆلتۈردۈڭ، بالامنى تۆلە،— دەپ يىغلاپ، كۆلنىڭ بويىنى زىلزىلىگە سالدى. شۇ ۋاقىتتا، ئابلاجاننىڭ تېنى سۇنىڭ ئۈستىگە لەيلەپ چىقتى. گۇگۇمدا ئۇ تىپتىنچ كۆرۈنەتتى،— ھەي توختىمەت، بالامنىڭ ئۆلۈكىنى سۈزۈپ ئاچىق، مەن سېنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن!

— ئابلاجان بالام!— توختىمەت يىغلىۋەتتى،— مەن سېنى قورقۇتماقچى ئىدىم، ھەرگىز ئۇرۇش نىيىتىم يوق. بىزگە ئىچىڭ ئاغرىسۇن. سەن ئۆلسەڭ، مەنمۇ ئۆزۈمنى سۇغا ئاتىمەن.

— ئاتا، گېپىڭىزدە تۇرامسەن!؟— بۇ جاراڭلىق ئاۋاز پارە - پارە بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئىككى يۈرەكنى ھەرىكەتتىن توختاتتى.

— جېنىم بالام، ئاپئاق بالام، بىز سېنىڭسىز ياشىيالمايمىز،— دېيىشتى ئابلاجاننىڭ ئاتا - ئانىسى تەڭلا خۇشال بولۇپ، ھەتتا

چاقىرغىلى كىردىم. ھەممىمىز بىر ئۆيگە جەم بولۇپ كەچلىك غىزانى بىرلىكتە يەيلى، ئارىمىزدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر كۆتۈرۈلۈپ كەتسۇن، قانداق؟

توختىمەت بىلەن تۇرسۇنخان ئابلاجاننى يېتىلەپ بۇ ئۆيگە كىرىشى بىلەن ھاۋاخاننىڭ يىغىسى توختىدى. ئاتا ـ ئانىلار تۆردە ئولتۇرۇپ مۇڭداشسا، ھاۋاخان بىلەن ئابلاجان بىر تەرەپتە نىملەرنىدۇر دېيىشىپ، پىخىلداپ كۈلۈشكىلى تۇردى...

ھاۋاخان زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، نىسبەتەن باياشات مۇھىتتا ئوبدان ئائىلە تەربىيىسى كۆرگەچكە، زېرەك، جۇرئەتلىك، دوستلارغا سادىق چوڭ بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنىڭ يېتىلىشىگە ئابلاجان كۆپرەك تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتاتتى. ھاۋاخاننىڭ ئابلاجانغا ئامراقلىقى، ئابلاجاننىڭ ھاۋاخانغا كۆيۈنۈشى ئۇلار نۆۋىتىدە ئىككى ئائىلىنىڭ ياخشى قوشنىدارچىلىق قىلىپ، ئىناق ئۆتۈشىگە سەۋەب بولدى. ھاۋا-خاننىڭ ئۆيىدە پولۇ قاتارلىق ئېسىل تائاملارنى ئەتسە، ئابلاجان يەپ باقسۇن، دەپ بىرەر تاۋاق سۇنۇپ بىرەتتى. ئابلاجاننىڭ ئائىلىسى قويۇق يېزا پۇرىقىغا ئىگە ياپما نان قىلسا ياكى پۇرچاق سېلىپ سۇيۇقئاش ئەتسە، ھاۋاخان ئىچىپ باقسۇن، دەپ ئۇلارغا كىرگۈزۈپ بېرەتتى. بەختكە ئىچىگە تۇغۇلغان بۇ ئۆسمۈرلەر چوڭ بولغانسېرى چىراي ـ شەكلى تولۇپ باردى، ئەقىل ـ بىلىمى ئاشتى، دوستلۇق، مېھرىبانلىقى كۈچىيىپ، بىر ـ بىرىگە ئامراق ساۋاقداشلاردىن بولۇپ قالدى...

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن جۇڭگو ئاسمىنىنى بىرمەھەل قارا بۇلۇت قاپلاپ، قاسىم ئەپەن-دىمگە «ئەكسىيەتچى ئىلىم نوپۇزلۇقى»، «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» دېگەن قالپاقلار كىيدۈرۈلدى، سازايى قىلىندى. كىشىلەر قاسىم ئەپەندىم ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن يىراقلاشتى. ئابلاجان:

قىنى ئۇلتۇرسىلا، چوپچوڭ ئادەم مۇنداق قىلسىلا بىز خىجىل بولىمىز. گۇناھىدىن ئۆتمەيدىغان قانچىلىك ئىش ئىدى ئۇ.

— قاسىم ئەپەندىم،— دېدى توختىمەت،— بىز سىلىگە ئەقىل ئۆگىتەلمەيمىز. لېكىن، باللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار بىرى جەڭ - بىرى رەڭ. بىز باللارنى دەپ ياقا سىقىشساق، ئۇلار بىردەمدىن كېيىن ھېچنىمە بولمىغاندەك ئوينىشىپ كېتىدۇ.

— شۇنداق، شۇنداق، قوشنىدارچىلىقتا ھەرگىز باللار-نىڭ ئارىسىغا كىرگىلى بولمايدۇ، ھەممىيلەن ئۆز باللىرىمىزنى باشقۇ-رۇشىمىز كېرەك.

— ئەمدى ئاچچىقىم يېنىپ كەتتى ئەپەندىم، ئەپلىشىپمۇ قالدۇق. شۇنداقتىمۇ ئالدىلىرىدا دېۋالاي، بىزنىڭ بالا چوڭ، گەپكە كىرگۈزەلەيمىز، ھاۋاخان تېخى كىچىك. ئۇ ھەر كۈنى كىرىپ ئابلاجاننىڭ دەرس تەييارلىشىغا كاشىلا قىلىدۇ. بۇنىڭغا بىرنېمە دېمىسەك، ئاپپاي ئالدىمىزدا دېۋالدى، بۇ سۆزنى قوشنىدارچىلىقتا كۆتۈرمىسەك، باشقا سورۇندا كۆتۈرەلمەيمىز.

تۇرسۇنخان تازا كەلتۈرۈپ دېۋالدى، قاسىم ئەپەندىم لام - جىم دېيەلمەي بېشى سېلىنىپ كەتتى. ئۇ ئۇزاق يىل ئوقۇتقۇ-چىلىق قىلىپ، باشقىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۇنۇملۇك باشقۇرغىنى بىلەن ئۆز پەرزەنتىنى باشقۇرۇشنىڭ ئانچە ئاسان ئەمەسلىكىنى، ئۆز بالىسىدا سەۋەنلىك ئۆتكەنلىكىنى سېزىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا خەقنىڭ بالىسىنى يامانلىغاندا، باللارغا يامان تەسىر بېرىپلا قالماي، قوشنىدارچىلىققىمۇ تەسىر يېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ئەپۇ قىلىڭلار ، بىز ياخشى قىلمىدۇق. ھاۋاخان بالىنىڭ كەنجىسى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ كۆڭلىنى دەپ ھەممىنى قىلىپ بېرىپتىمىز. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ جىگەرلىك قىز بوپتۇ، ھەق-ناھەقنى تونۇپ قاپتۇ. ئابلاجان ياخشى يىگىت بولغۇدەك، سىلەرمۇ ئالىيجاناب ئاتا - ئانا ئىكەنسىلەر. مەن سىلەرنى ئۆيىمىزگە

ئۆزگىچە ھۆسن قوشقان رۇخسارىدىن سۈيۈنۈپ كۈلۈمسىرىدى-دە:

— ئۇستام، چېچىمنى كۆڭلۈمدىكىدەك ياساپ قويدىڭىز، چېۋەر قولىڭىزغا دەرد يەتمىسۇن، سىزگە رەھمەت، — دەپ ئورنىدىن تۇردى.

قىز ساتىراشتىن چېچىنى ياساش ھەققىنى سورىۋېلىپلا، كىيىم ئىلغۇچقا ئېسىپ قويغان سومكىسىنى ئېلىپ ئاغزىنى ئاچتى-دە، بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا ھودۇقۇش، ئالاقزادىلىك، ئوڭايسىزلىنىش ئارىلاش تەڭقىسلىق ھالىتى ئەكس ئەتتى. ئۇ تونۇش بىرەرسى چىقىپ قالامدىكىن دەپ ساتىراشخانىدىكىلەرگە غىل-پال نەزىرىنى ئاغدۇردى. چىرايى شەلپەردەك قىزارغان بۇ قىز نېمە قىلىشىنى، ساتىراشقا نېمە دېيىشىنى بىلمەيتتى. بۇ ئوڭايسىزلىق يەنە داۋام قىلسا، ئۇ ئەمدىلا پەرداز قىلىنغان چىرايىنى كۆز يېشى بىلەن بۇزۇۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇ ۋاقىتتا، ئابلاجاننىڭ زېھنى چاقماق چاققاندەك يورۇپ كەتتى-دە، قىزنى نەدە كۆرگەنلىكىنى ئەسلەپ يەتتى. ئۇ لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، قىزنىڭ يېنىغا كەلدى.

— سىڭلىم، سىزنىڭ ئىسمىڭىز ھاۋاخانغۇ دەيمەن؟

قىز بۇ ئوچۇق چىراي يىگىتكە قارىدى.

— شۇنداق ئاكا، ماڭا تونۇشلۇق بەرگەنلىكىڭىزگە رەھمەت. بۇنداق بولارىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن، قارىمامسىز، — دەپ سومكىسىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ سومكىسى يان تەرەپتىن كېسىلىپ، ھەميانى ئوغرىلانغان ئىدى.

ھاۋاخان ئۇن نەچچە ساۋاقدىشى بىلەن ئالىي مەكتەپنىڭ بىرتۇتاش ئىمتىھانىغا قاتنىشىش ئۈچۈن، شەھەرگە كىرمەكچى بولۇپ چىققان ئاپتوبۇستا ئادەم كۆپ بولغاچقا، ئورۇن تەگمەي ھەمراھلىرى بىلەن بىللە ئوتتۇرىدا ئۆرە تۇرۇشقا توغرا كەلگەن. ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى قىستاڭچىلىق بولۇپ مىدىرلىغىلى بولمايتتى.

«نېمىشقا قوشنىدارچىلىق قىلمايمىز؟» دەپ ئاتىسىدىن سورىغان-
دا، ئۇ: «سەن ئارىلىشىپ يۈرۈۋەر» دېدى. ئابلاجان چوڭلارنى
چۈشەنمىگەن بىلەن ھاۋاخاننىڭ كۆڭلى ئازار يەپ قېلىشىنى
خالىمايتتى، ھەر ۋاقىت ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشكە تىرىشتى. ئۇزاق
ئۆتمەيلا قاسىم ئەپەندىم بىلەن ھەبىبە ئاپپاي خىزمەتتىن
قوغلاندى، ھاۋاخاننىڭ ئائىلىسى يىراق يېزىغا ھەيدەلدى. ئۇلار-
نىڭ قايتا ئۇچرىشىش پۇرسىتى بولمىدى.

3

ئابلاجان بىر كۈنى شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى «گۈزەللىك
ساتىراشخانىسى»غا كىردى. بۇ ساتىراشخانىدا ئون نەچچە ئۇستا
بىرلا ۋاقىتتا ئەرلەرنىڭ چېچىنى ئالاتتى، ئاياللارنىڭ چېچىنى
تۈزەيتتى، پاسون چىقىراتتى، خېرىدار كۆپ ئىدى.

ئابلاجان ئاشۇ ئېگىز بويلۇق، ياپىلاق يۈزلۈك پېشقەدەم
ئۇستىنىڭ دائىملىق خېرىدارى بولۇپ، ئۇنىڭغا چېچىنى
ئالدۇراتتى. ئابلاجان كۈتۈش ئورۇندۇقىغا كېلىپ ئولتۇرغاندا،
ئۇستام ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇ ئالدىدىكى قىزنىڭ
قولاق ئارقىسىدىكى بۇدۇر قىلىنغان چېچىنى ئالتقىنىغا ئېلىپ،
چاچ قۇرۇتۇش ماشىنىسى ئارقىلىق قۇرۇتۇۋاتاتتى. ئابلاجان
ئەينەكتىن قىزنى كۆردى. قىز ۋايىغا يېتىپ ھۆسنىگە تولغان،
شەھلا كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى، بۇدۇر قىلىنغان قاپقارا چاچلىرى
يېيىلىپ تۇراتتى، زىلۋا ھەم تولغان قەددى ـ قامىتى زەپمۇ
ياراشقان ئىدى. ئابلاجان بۇ ئوماق چىرايغا تىكىلىپ، ئۇنى
نەدىدۇر كۆرگەندەك تۇيغۇدا بولدى، لېكىن ئەسلىيەلمىدى.

ئۇستام ئۇ قىزنىڭ ئۈستىدىكى ئاپئاق پەرتۇقنى ئېلىۋەتكەن-
دە، قىز ئالدىدىكى ئەينەككە قاراپ، بۇدۇر قىلىنغان چاچلىرى

— توغرا، توغرا، — ئابلاجانمۇ كۈلۈۋەتتى - دە، ئىسمىنى، شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغانلىقىنى دەپ بەردى.

ھاۋاخان خوشلىشىپ، ساتىراشخانىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئابلاجان بۇرۇلۇپ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان ساتىراشنىڭ پىرقىرىغۇچ ئورۇندۇقىدا ئولتۇردى. ساتىراش ئۇنىڭ ئالدىغا ئاق پەرتۇقنى تارتىپ قويۇپ، چاچ ئېلىش ماشىنىسىنى ھەرىكەتلەندۈردى. ئارىلىقتا 10 مىنۇتمۇ ئۆتمىگەندۇ. بىرەيلەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، مۈرىسىنى يېنىك شاپىلاقلىدى.

— ئابلاجان ئۇكام، بايا ساتىراش ساقىلىمنى ئېلىۋاتقانلىقتىن، گەپ قىلالماي قالدىم. سەن ھاۋاخاننى قېيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويدۇڭ.

— ھە، ئابدۇراززاق ئاكا، سىزمۇ بارمىدىڭىز، — دېدى ئابلاجان ئۇدۇلدىكى ئەينەكتىن شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىنى كۆرۈپ، — ئۇ سىزنىڭ تۇغقىنىڭىزمۇ؟

— ھاۋاخان ئۇستازىمنىڭ قىزى. ئۇستازىمغا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا قالپاق كىيدۈرۈپ، سۇ ئامبىرىغا قارايسەن دەپ ئادەمزات بارمايدىغان سايغا ھەيدىۋەتكەن. ئۇ يەردە ھاۋاخان ئۈچ يىل ئوقۇشسىز قالغان، كېيىن يۇقىرىغا ئەھۋال ئېيتىپ داۋاملىق ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. بۈگۈنكى پېشكەلچىلىكتە ئۇنىڭ ئىمتىھاندىن قېپقېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ھاۋاخان بۇ يىلقى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسە، يېشى ئېشىپ كېتىپ، ئالىي مەكتەپكە كىرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمايتتى.

— ئابدۇراززاق ئاكا، — دېدى ئابلاجان كۈلۈپ، — ماڭا نېمانچە تەكەللۇپ قىلىدىغانسىز. سىز شۇنچىۋالا چوڭ كۆرىدىغان ئۇستازىڭىز كىم ئۇ؟

— بايا راستىنلا تونۇمىدىڭما. ئۇ ئىلگىرى سىلەر بىلەن تام قوشنا ئولتۇرغان قاسىم ئەپەندىمنىڭ قىزى ئەمەسمۇ؟

يول ئۈستىدە ئاپتوبۇسقا چىققان پاخمۇاش، جىدەلخور ئىككى يىگىت كىشىلەر بىلەن جىدەللىشىپ، قاقشىتىپ سۈرۈلۈپ، ھاۋاخاننىڭ يېنىدا بىرئاز تۇرۇپلا، كەينى ئىشىككە بېرىۋېلىپ، يولدا ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كەتكەن. ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىنى ئۆيلاپ تۇرغان قىز ھېچنېمىنى سەزمىگەن...

— مۇشۇ كۈندە ئوغرىلار يامراپ كەتتى. ئازراق بىخۇدلۇق قىلسىڭىزلا، ئۇلار سىزنى قاقسەنەم قىلىپ قويىدۇ. كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، چاچ ياساتقان پۇلىڭىزنى مەن تۆلىۋېتەي،— دەپ تەسەللى بەردى ئابلاجان ئۇنىڭ قولىدىكى سومكىنغا قاراپ.

قىزنىڭ كۆڭلى ئىزىغا چۈشكەندەك بولۇپ، چىرايى ئېچىلدى. ئۇ ئابلاجانغا قاراپ خىجىللىق بىلەن:

— رەھمەت ئاكا، مەن ئىمتىھانغا قاتنىشىش ئۈچۈن، يېزىدىن بىللە كەلگەن ساۋاقداشلىرىمغا قوشۇلۇپ بېرىپ، ئىمتىھان مەيدانىنى كۆرۈۋالاي. ئەتە ئىمتىھاننى تۈگىتىپ سىزنى ئىزدەيمەن،— دېدى ۋە خوشلىشىپ سىرتقا قاراپ ماڭدى.

— ھاۋاخان، توختاڭ،— قىز چۆچۈپ كەتتى ۋە كەينىگە بۇرۇلدى،— سىزنىڭ ھەممە پۇلىڭىز ئوغرىلانغان ئەمەسمۇ،— ئابلاجان ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، 50 يۈەنلىك پۇلنى تەڭلەپ،— ماۋۇ پۇلنى ئېلىۋېلىڭ، لازىم بولۇپ قالار،— دېدى.

سولغۇن چىرايى ئېچىلغان ھاۋاخان نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولۇپ، ئاغزىنى ئۆمەللىگەن بولسىمۇ، گەپ قىلالمىدى.

— بولدى، سۆزلىمەڭ. ئىمتىھانغا خاتىرجەم قاتنىشىش ھەممىدىن مۇھىم. سىز ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلىسىڭىز، مەنمۇ خۇشال بولىمەن. بوپتۇ، بۇ پۇلنى قەرز بەرگەن بولاي.

— ئاكا، مېنى ئەپۇ قىلىڭ،— دېدى ھاۋاخان تارتىنغان ھالدا پۇلنى ئېلىۋېتىپ،— بايا ھوشۇمنى يوقىتىپ، ئىسىم شەرىپىڭىزنى سورىماپتىمەن.

يېرىم بولدى. ئۇمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەتىۋارلىق بالىسى ئىدى. ئۇلارمۇ ھاۋاخاننى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگەن بولاتتى. لېكىن، تەقدىر ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك، ئىمتىھان باشلىنىشى بىلەن ئابلاجاننى ئەۋەتتى.

— ھاۋاخان،— تۇساتتىن بىرەيلەن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىردى، ئۇ تارتىنىپقىنا ئەجەبلىنىش، تېگىرقاش ئىچىدە بېشىنى كۆتۈردى. ئېگىز بويلۇق، بېشىغا يارىشىملىق يازلىق شىلەپە، ئۈچىسىغا يېڭى شىم - كاستۇم كىيگەن، قاڭشارلىق، قارا قاشلىق بىر يىگىت بىگگۇر، گازلىق سۇ، سامسا قاتارلىق نېمەتلەرنى كۆتۈرۈپ كۈلۈمسىرەپ كېلىۋاتاتتى. ھاۋاخان سىرتقا چىقىپ كۆزلىرى ئىمىر - چىمىر بولۇپ كەتكەچكە، ئۇ يىگىتنى دەماللىققا تونۇيالمىدى. ئۇ يىراقتىنلا سۆزلەپ كېلىۋاتاتتى.

— ھاۋاخان سىڭلىم، قانداق ئەھۋالىڭىز، مەن كېچىكىپ قالغىلى قىل قالپتىمەن- دە، ئىمتىھاندىن ھازىرلا چىققان ئوخشىمامسىز. ئۇسسىغانسىز، قورسىقىڭىز ئېچىپ كەتكەندۇ.

ھاۋاخان بۇ يىگىتنى ئالدىغا كەلگەندىلا تونۇدى. ئۇ تونۇ- گۇن ساترا شخانىدا قىيىن ئەھۋالدىن قۇتقۇزۇپ قالغان، 50 يۈەن پۇل بەرگەن ئابلاجان ئىدى. ھاۋاخاندا يېڭىلا تونۇشقان ئابلاجانغا قارىتا ھەم خۇشلۇق، ھەم خىجىللىق ئارىلاشقان ئەندىشىمۇ بار ئىدى. ئۇ ئېرىپ ئېقىشقا باشلىغان بىگگۇرنى قولىغا ئالغان بولسىمۇ، ئاغزىغا ئاپىرىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى.

— بۇ، بۇ نېمە ئىش، سىز بەك ئاۋارە...

— ھاۋاخان ئۇسساپ كەتكەنسىز،— ئابلاجان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى،— سىز كىچىككىنە قەنتنى چاينىغاندەك، بىر يولىلا بەش تال بىگگۇر يېۋەتكەنغۇ، ئۇنتۇپ قالدىڭىزما؟— ئۇ ئۆزىنى ھاۋاخاننىڭ تېزرەك تونۇۋېلىشىنى ئىزدىگەندەك، بېشىدىكى شلەپىسىنى ئېلىۋېتىپ، قاراپ تۇردى. نۆۋەتتە ھاۋاخانمۇ

— نېمە، نېمە؟— ئابلاجان لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ساتىراش ئۇستام چۆچۈپ، «ۋۇي، ۋۇي...» دېۋەتتى، قولىدىكى قايچا يەرگە چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى،— ئابدۇراززاق ئاكا، سىزگە رەھمەت ئېيتسام بولغۇدەك. بايا مەن تېلېۋىزوردا كۆرگەن ھاۋاخاننىلا تونۇغان ئىدىم.

— ھە، مەن سىنى گەپكە تۇتماي، ھا، ھا، ھا...— ئابدۇراززاق ئاكا كۈلگەن پېتى ساتىراشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

لىللا گەپنى قىلغاندا، نەچچە يىللاردىن بۇيان ئابلاجاننىڭ كۆڭلى ئىزتىراپقا چۈشكەن بولۇپ، قايسىبىر جانانىنى ئىزدىگەن، لېكىن سايىسىنىمۇ تاپالمىغان ئىدى. ئەمدى چۈشەندىكى، ئۇنىڭ ئىزدىگىنى دەل مۇشۇ ھاۋاخان ئىدى. تەقدىر ئەمدىلىكتە ئۇ قىز بىلەن ئۇچرىششنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئابلاجاننىڭ يۈرىكى ئويناپ، كۆزلىرىدە شادلىق ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى...

ئەتىسى ئابلاجان ئىمتىھان مەيدانىغا بارغاندا، ئوقۇغۇچىلار بىرىنچى قېتىملىق ئىمتىھاندىن چىققان، مەكتەپنىڭ ھويلىسى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمۈلگەن، ئىمتىھان بەرگۈچى ئوقۇغۇچىلار-دىن ئاتا ـ ئانىلار نەچچە ھەسسە كۆپ ئىدى. راست، خەلقىمىز ئىلىم ـ پەن ئىگىلەشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇرۇن ئۇلار بىلىم ئالالمىغان، ھازىر كىيىم ـ كېچەك، قورساق غېمىدىن قۇتۇلۇپلا پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇشقا كۆڭۈل بۆلمەكتە. مانا بۇ ئادەملەر ئىمتىھان بەرگۈچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانا، ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرى ئىدى. ئۇلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئىمتىھاننى ياخشى بېرىشى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن مەدەت بېرىشكە كەلگەن. ھاۋاخان بىرقانچە ساۋاقدىشىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى، ئاكىسىنى تونۇدى، قالغان كىشىلەر ناتونۇش ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى چېچىلغاندەك بولدى، «ھەي، ئاتا ـ ئانامنىڭ سالامەتلىكى يار بەرگەن بولسا، ئۇلارمۇ كەلگەن بولاتتى». ھاۋاخان مۇشۇلارنى ئويلاپ كۆڭلى

ئارىسىغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇ سىنىپقا كىرىپ ئورنىدا ئولتۇر-غاندىن كېيىنمۇ، يۈرىكىگە ئۇسۇپ كىرگەن تاتلىق سېزىم ۋە ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىكى كۆكۈللۈك كارتىنىلار ئىچىگە غەرق بولدى. گوياكى ئابلاجان ئۇنى ھاياتىنىڭ ئالتۇن تەخت ئالدىغا باشلاپ بارغاندەك، ئىككىسى تەنتەنە بىلەن ئاخىرلىشىدىغان ساما كۈيىنى ئاڭلاۋاتقاندەك، ئىككىسىنىڭ روھىنى نۇرلۇق يالقۇنغا يېقىنلىشىشقا ئىلھام بېرىۋاتقان سىرلىق كۈچتەك ھېس - تۇيغۇغا چۆمۈلدى. ئۇ شىرەگە قاچانلاتىن ئىمتىھان قەغىزى قويۇپ قويۇلغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى.

— قەلىمىڭىزنىڭ سىياھى قالمىدىمۇ- نىمە؟

ھاۋاخان چۆچۈپ ئالدىغا، ئەتراپىغا قارىدى- دە، ئىمتىھان نازارەتچىلىرىنى، ئالدىدىكى ئىمتىھان قەغىزىنى كۆردى.

— ياقەي، قەلىمىمنىڭ سىياھى بار،— ئۇ زېھنىنى يىغىپ ئىمتىھان قەغىزىنى ئالدىغا تارتتى. بۇ سائەتتە ئېلىنىدىغىنى ماتېماتىكا ئىمتىھانى ئىدى. ھېساب ۋە فورمۇلىلارنى نەق مەيداندا ئىشلەپ، قايتا تەكشۈرگەندىن كېيىن جاۋابىنى يېزىشقا بولاتتى. ئەگەر نەزەرىيىدىن بېرىلىدىغان ئىمتىھان بولغان بولسا، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئېسىگە ھېچنېمە كەلمىگەن بولاتتى. ھېلىمۇ ياخشى، بىرقانچە خاتالىقنى ۋاقتىدا سېزىپ تۈزىتىۋالدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنى ۋاقىت كۈتۈپ تۇرمايدۇ- دە. ساۋاقداشلار ئىمتىھان سوئاللىرىغا جاۋاب يېزىپ بولۇپ، ئارقا - ئارقىدىن سىنىپتىن ئايرىلماقتا، ئۇزاق ئۆتمەي سىنىپتا ساناقلىقلا ئوقۇغۇچى قېپقالدى. ھاۋاخان ئالدىرىغانسېرى، يېڭىلايتتى، تۈزىتەتتى، يەنە يېڭىلايتتى، نىمە بولغانلىقىنى بىلمەيتتى. ھېلىمۇ ياخشى، ھاۋاخان ۋاقىت توشۇشتىن بۇرۇن ئىمتىھان قەغىزىنى تاپشۇردى. سىنىپتا شامالدۇرغۇچنىڭ رولى بىلەن راھەتلىنىپ ئولتۇرغان ھاۋاخان سىرتقا چىقىشى بىلەن پىژغىرىم ئىسسىق شىپۇن كۆڭلىكىدىن ئۆتۈپ، تېنى ئۇتتەك

ئۆسمۈرلۈكىدە ئابلاجان بىلەن بىڭگۈر يېپىشتە مۇسابىقىلىشىپ، ئۇنى يېڭىۋالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى ۋە سىنچىلاپ قاراۋېتىپ:

— سىز ئابلاجان ئاكاما، بۇ ئوڭۇممۇ - چۈشۈممۇ،— دەپ تۇۋلاپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ھاياجانلانغانلىقى چوغدەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن، ئەندىكىپ نەپەس ئېلىشىدىن مەلۇم ئىدى.

— بۇ چۈش ئەمەس ھاۋاخان، بىز قايتا دىدارلاشتۇق، قېنى مۇشۇ بەش تال بىڭگۈرنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىڭا،— دېدى ئابلاجان قولىدىكى قالغان بىڭگۈرلارنى ھاۋاخانغا سۇنۇپ.

— بولىدۇ، ئەكېلىڭ،— ھاۋاخان ئابلاجاننىڭ ئالدىدىلا بىڭگۈرلارنى چايناپ بولدى ۋە باتنىغانىدەك،— ئەجىبا، تۈنۈگۈن سىز ماڭا تونۇشلۇق بەرمىدىڭىزغۇ؟— دەپ سورىدى.

— دەسلەپتە مەن سىزنى تېلېۋىزوردا كۆرگەن ھاۋاخان دەپلا تونۇغان ئىدىم. سىز ساتىراشخانىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، قاسىم ئەپەندىمنىڭ قىزى ھاۋاخان ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇقتۇم. سىزنى ئاران تاپقاندا قاچۇرۇپ قويماي دەپ، بۈگۈن ئەتىگەندىلا يېتىپ كېلىشىم،— دېدى ئابلاجان.

ئابلاجان ھاۋاخانغا بولغان سېغىنىشىنى ئۈنچە - مەرۋايىتنى يىپقا تىزغاندەك سۆزلەپ ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ھاۋاخانغا خۇددى ئۆسمۈرلۈكىنىڭ ناخشىلىرىنى ياڭرىتىپ، ۋۇجۇدىغا خۇشاللىق ئۇرۇقى چاچقاندەك بىلىنىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكىدە تاتلىق سېزىم، يېڭىچە تۇيغۇ قوزغالغاندەك قىلاتتى، بىراق تىلى قېتىپ، لەۋلىرى چاپلىشىپ، كۆزلىرىنى ئابلاجانغا مىقتەك تىكىپلا تۇراتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا 2- قېتىملىق ئىمتىھانغا كىرىش سىگنالى چېلىندى. يېمەكچى، ئىچمەكچى بولغان نەرسىلەر ئابلاجاننىڭ قولىدا قالدى. ھاۋاخان ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي، بىر يەرلەرگىچە كەينىچە ماڭدى ۋە ئاندىن سىنىپقا ئالدىرىشىپ كىرىپ كېتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ

بىرنگە تونۇشتۇرۇشتى، تۇرمۇش تەسىراتىنى بايان قىلىشتى. ئاشخانىدا غىزالىنىۋېتىپمۇ ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئېيتىدىغان ھېكايىلىرى تۈگىمەي، بىردەم ھاياجانلىنىپ، كۈلۈشۈپ كېتەتتى؛ بىردەم مۇڭلىنىپ كۆز يېشى قىلىشاتتى.

4

كىشىلەر ئىمتىھاننى ھايات ـ ماماتلىق جېڭىدىنمۇ قىيىن دېيىشىدىكەن. بۇنى ئىمتىھانغا قاتنىشىپ باققان ئادەم ئوبدان بىلىدۇ. ئۇرۇشتىغۇ جەڭچىنىڭ دۈشمەنگە قەھر ـ غەزىپى تولسا، ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ ـ دە، ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان باتۇرلۇقى، تاغنى تالقان قىلىدىغان جاسارىتى بىلەن جەڭ قىلىپ، دۈشمىنى ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. ئۇرۇشتا دۈشمەن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئىمتىھاندا باتۇرلۇق، پىداكار-لىق ئەمەس، بەلكى كىچىككىنە مېڭىگە قاچىلانغان چەكسىز بىلىم، يۇكسەك ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى نامايان قىلىنىدۇ. سورى-لىدىغان سوئال ئېنىق ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن غالىب قوماندانمۇ ئىمتىھان دېسە يۈرىكى پوكۇلدىماي، جىددىيلەشمەي قالمايدۇ. ئىمتىھان ئالدىراقسانلىقنى، ساختىلىقنى، بىپەرۋالىقنى كۆتۈر-مەيدۇ، بەلكى مېڭىنىڭ قاتتىق مەركەزلىشىشى، سوئاللارغا توغرا جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

چۈشتىن كېيىن، ئابلاجان ئىمتىھان ئورنىغا ھاۋاخان بىلەن بىللە كېلىپ سىرتتا ساقلاپ قالدى. ھاۋاخان ئىمتىھان مەيدانىغا تولىمۇ روھلۇق، خۇشال ـ خۇرام كىرىپ كەلدى. سىنىپ ئىمتىھانغا قاتنىشىدىغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن لىق تولغان، ھېچكىم يوقتەك تىپتىنچ. ھاۋاخان ئوتتۇرىدىكى جوزىدا خۇددى ئۇستا رەسسام پۈتكۈل زېھنىنى بېرىپ سىزغان رەسىمدەك قېتىپ ئولتۇراتتى.

لاۋۇلداپ كەتتى، كۆزلىرى ئىمىر - چىمىر بولۇپ بېشى قايدى.

— ھاۋاخان، قانداق بولۇۋاتىسىز،— ئابلاجان يەردىن ئۇنىڭەندەكلا ئۇنىڭ قېشىدا پەيدا بولۇپ بىلىنكىدىن تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ھاۋاخانغا خۇددى تاشۋاي مۇزىكىسىدەك يېقىملىق ئاڭلىنىپ، ۋۇجۇدىغا جان كىرىپ، چىرايى گۈلدەك ئېچىلدى.

— ئابلاجان ئاكا، بۇ يەردە تېخى بارمىدىڭىز، سىزنى بەكمۇ ساقلىتىۋېتىپتىمەن- دە،— ھاۋاخان ۋىلىقلاپ كۈلۈپ قارىدى.

— ئۇنداق دېمەڭ، ئىمتىھاندا ھېچكىم چوڭ گەپ قىلالمايدۇ، سىز ئىمتىھاننى ياخشى بەرسىڭىزلا ھەرقانداق جاپا تارتسامۇ مەيلى. سىزنىڭ غەلىبە بىلەن چىققانلىقىڭىزنى تەبرىكلەيمەن،— دېدى ئابلاجان. ئۇ ئىمتىھان بەرگۈچى سىنىپتىن قانچە كېچىكىپ چىقسا، ئىمتىھاننى شۇنچە ياخشى بەرگەن بولىدۇ دەپ قارايتتى. ھاۋاخاننىڭ چىرايى ئاناردەك قىزىرىپ كەتتى.

— ئابلاجان ئاكا، مېنى تەبرىكلىشىڭىز تولىمۇ بالدۇرلۇق قىلىدۇ. ئىمتىھان نومۇرى ئېلان قىلىنغاندا ھېساب. ۋىيەي، قولىڭىزدىكى بېگىگور ئېرىپ كېتىۋاتىدىغۇ. ئۇنى ماڭا بېرىڭ.

ئابلاجان گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ، قولىدىكى ئىچىملىك - يېمەكلىكلەرنى ھاۋاخانغا بېرىشنىمۇ ئۇنتۇغان ئىدى. ساۋاقداشلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ ئۇزاقتىن بۇيان ئايرىلىپ كېتىپ ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك، باللىرىنى ئولاش - چولاش ئورىۋېلىپ، ھال سوراپ، قولىغا يېمەكلىك - ئىچىملىكلەرنى تۇتقۇزۇپ، ئىچىشكە، يېيىشكە زورلاۋاتاتتى.

— دۆتلۈكۈمنى قاراڭ، مەن تونۇگۈن تاماق يېگەنچە، قورسىقىم ئېچىپ تارتىشىپ كەتتى. يۈرۈڭ، تاماق يەيلى.

ھاۋاخان تارتىنىشىپ تۇرمىدى. قايتا دىدارلىشىشتىن ھەر ئىككىسى تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئۇلار شەھەر كوچىسىدا بىللە كېتىۋېتىپ، ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى، ئائىلە ئەھۋالىنى بىر -

كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، كۈلدۈرۈپ، خېلى كۆپ تاماق يېدۈردى، بىرنېمىلەرنى قىلىپ ئۇخلاتتى. ئەتىسى ھاۋاخان خېلى يېنىكلىشىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە كۆزىنى قىزارتىپ ئولتۇرغان ئابلاجاننى كۆرۈپ:

— ئابلاجان ئاكا، كېچىچە قېشىمدا ئولتۇرۇپ چىقتىڭىزما، مەن ھېچنېمىنى سەزمەي ئۇخلاۋېرىپتىمەن... — دېدى.

— ئۇخلىغىنىڭىز ياخشى بولدى. بۈگۈنكى ئىمتىھانغا قاتنىشالايدىغان بولدىڭىز، — ئابلاجان ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىكىدەك، ھاۋاخاننىڭ بۇرنىنى يېنىك چىمدىپ قويدى.

ساۋاقداشلارنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا ئىمتىھانغا قاتنىشىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغان چاغدىكى ھېسسىياتىنى سۆز بىلەن ئىپادىلەش تەس. لېكىن، شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ چىرايىدا خۇشاللىقنىڭ ئىزناسى كۆرۈنمەيتتى، بەلكى ۋەھىمە، قورقۇنچلۇق روھىي ھالەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ھەممەيلەن ئىمتىھان نەتىجىسىنى ئاڭلاشقا تەقەززا ئىدى. ئارىلىقتا بىرەر ئاي ئۆتۈپ، ئىمتىھان نەتىجىسى ئېلان قىلىندى. ئەپسۇسكى، ھاۋاخاننىڭ نەتىجىسى ئىزچىل ئېلىۋاتقان نەتىجىسىگە سېلىشتۇرغاندا، كىشىنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىدە چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. ھەرھالدا ئۇ تۆۋەن نەتىجە بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتكەن بولسىمۇ، شاللىنىپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قاسىم ئەپەندىم ھاسىسىنى تولدۇلىتىپ، ھاۋاخانغا زەردە قىلدى:

— ھەي ھاۋا، باشقا بالىلىرىمغا بىر كۆزۈم بىلەن قارىسام، ساڭا بىر كۆزۈم بىلەن قارىغان ئىدىم، سەن ئالىي مەكتەپكە چىقساڭلا بالىلىرىمنىڭ ھەممىسى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن بولاتتى. سەن ئاتاڭ بىر ئۆمۈر، ئاپاڭ 30 يىل مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغان ئائىلىدە چوڭ بولغان. ئادەتتە نەتىجەڭ شۇنچە ياخشى تۇرۇقلۇق، ئەمدى بۇ ئىمتىھاندا قانداق قىلىپ تۆۋەن نومۇر ئېلىپ قالدىڭ، دەپ باقە، سەۋەب نەدە؟

ئۇنىڭ چىرايىدىن خۇشال تەبەسسۇم تۆكۈلۈپ تۇرۇۋاتقان بولسـ ـمۇ، جىددىيلىكنى باسالمايۋاتاتتى. ئۇ تارقىتىلغان سوئال قەغىزىـ ـنى ئېلىۋاتقاندا، قوللىرى يېنىك تىترىدى ۋە ئالدىراپ سوئاللار- نى ئوقۇپ چىقتى- دە، يۈزىدە خۇشاللىق نۇرى چاقنىدى. زەمزەم بۇلاقتىن تاتلىق سۇ بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقاندەك، ھاۋاخاننىڭ مېڭىسىدىن جاۋاب ئېتىلىپ چىقىپ قەغەز يۈزىگە قونۇشقا باشلىدى. قەلەم ئاق قەغەز ئۈستىدە ئۆمۈچۈك تور تارتقاندەك بىمالال ۋە يېنىك يۈرۈپ كەتتى.

ھاۋاخان ئىمتىھان سوئاللىنى قايتا - قايتا ئوقۇپ كۆرۈپ، جاۋابنى توغرا بەرگەنلىكىگە قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئىمتىھان قەغىزىنى تاپشۇرۇپ سىنىپتىن چىقتى. ئەمما، كېيىنـ ـكى قېتىملىق ئىمتىھاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر سوئالىغا جاۋاب يېزىۋاتقاندا، ھاۋاخاننىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى قېيىپ تولىمۇ قىينالدى، قولىنىڭ قاتتىق تالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، قەلىمىنى جوزىغا قويۇپلا ھوشىدىن كەتتى. سىنىپ ئىچى پاتىپاراق بولدى، شۇ ۋاقىتتا ئابلاجان پەيدا بولۇپ، ھاۋاخاننى ھاپاش قىلىپ دوختۇرخانىغا ئاپاردى، دوختۇرلار «قاتتىق چارچىـ ـغان، نېرۋىسى ئاجىز» دەپ دىئاگنوز قويدى. ھاۋاخان دوختۇر- لارنىڭ ئوكۇل سېلىپ، دورا بېرىشى بىلەن ھوشىغا كەلدى، «ھەي كېچىكىپتىمەن، بىر سوئالغا جاۋاب بېرەلمىگەن. مەن ئىمتىھاندىن قالسام بولمايدۇ، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسەم ئاتا - ئانامغا يۈز كېلەلمەيمەن». ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، كارىۋاتتىن چۈشۈپ سىرتقا قاراپ يۈگۈردى. بۇ ۋاقىتتا جاھانغا گۇگۇم پەردىسى يېيىلغان ئىدى. ھاۋاخاننىڭ پۇتلىرىدا جان قالمىدى، ئورنىغىلا يىقىلىپ چۈشمەكچىدى، كەينىدىن يۈگۈرۈپ چىققان ئابلاجان ۋە بىر دوختۇر ئۇنى تۇتۇۋالدى- دە، ياتاققا ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويدى. ئابلاجان ئۇنىڭ

تەۋەككۇلچىلىكىڭىزنى ئۈيدىكىلەرگە ھېكايە قىلىپ بەرگەن. مەنمۇ خۇشاللىقىمدا سىزنى سۆيۈپ قويغانلىقىمنى ئۆيدىكىلەرگە سۆزلەپ بەرگەن. ھەممىمىز مۇشۇ ئىشنى ئەسلەپ سىزنى سېغىناتتۇق، ماختىشاتتۇق. ئاشۇ ئىشلار ئېسىڭىزدە بارمۇ؟

ئابلاجان ئۇ ئىشلارنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالالىسۇن. ئۇ ۋاقىتتا ئابلاجان سۆيگۇ، مۇھەببەت دېگەنلەرنى ئانچە ھېس قىلمىغان بولسىمۇ، بالىلىق چىرايىدا قورۇنۇش پەيدا بولغان. ھازىرچۇ، ھاۋاخان سۆيۈشنى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئېرىپ، يۈرىكى ئويناپ، يۈزى ئوت بولۇپ ياندى. سۆيگۇ ئېقىنى ئۇنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىۋەتتى. ئۇ ھاياجىنىنى ئاران بېسىپ:

— ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەتكىنىڭىزگە رەھمەت. شۇ ۋاقىتتا، كىشىلەر «قاسىم ئەپەندىمگە ئۇۋال بولدى» دېيىشكەن. مەن ئۇ كىشىنى ئاسراشنى ئۆزۈمنىڭ بۇرچى دەپ قارىغان. ھازىرمۇ ئاشۇ ئېتىقادىم بىلەن...

— ماڭا ياردەم بەردىڭىز، شۇنداقمۇ؟— دېدى ھاۋاخان.

— ھازىر ئاساسەن... سىز ئۈچۈن دېسەك بولار.

ئابلاجان كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇپ قالالمىدى، ھاۋاخان بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئىللىق ھېسسىيات ئۇرغۇدى... ئارىلىقتا ھاۋاخان شەھەرگە بىرقانچە قېتىم كېلىپ ئابلاجان بىلەن ئۇچرىشىپ، مۇڭدىشىپ قايتتى. ئۇ ئۇرۇمچىگە ماڭىدىغان چاغدا، ئابلاجان قاتناش بېكىتىگىچە چىقىپ ئۇزاتتى.

— ھاۋاخان، بىز كىچىكىمىزدىنلا بىر - بىرىمىزگە ئامراق ئىدۇق، چوڭ بولغاندا سىزنى يوقىتىپ قويۇپ سەكپارە بولدۇم. ئاخىر سىز قەدىرلىكىمنى تاپتىم...

ئابلاجان ھاياجانلىنىپ قالدى. ئۇ تۇنجى قېتىم ئېغىز يېرىپ مۇھەببەت پۈرىقىنى ئالغان سۆزلەرنى قىلىۋاتاتتى. ھاۋاخانمۇ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان ئىشق - مۇھەببەت سۆزىنى تۇنجى

ھاۋاخان چەكچىيىپ تۇرغان ئاتىسىغا جاۋاب بەرمىسە قۇتۇلالمايتتى، جاۋاب بەرگەن تەقدىردىمۇ قانائەتلەندۈرەلمەيتتى. قورقۇنچ ئىلكىدە ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، يۈرەكنى ئەزگۈدەك ئاۋازدا يىغلىغان پېتى ئۆيدىن چىقىپ كەتتى ۋە توپىلىق يېزا يولىدا پوسۇرلاپ يۈگۈرۈپ شەھەرگە كېلىپ، ئابلاجاننى ئىزدىدى. ئۇنى يا ئىدارىسىدىن ـ يا ئۆيىدىن تاپالمىدى، ئەلياتقۇ ۋاقتىدىلا ئىلاجسىز ئاچىسى پاتىگۈلنىڭ ئىشىكىنى چەكتى.

ھاۋاخاننىڭ نەتىجىسى تۆۋەن بولۇپ قالغانلىقىدىن ئابلاجان تولىمۇ ئەپسۇسلاندى. ئۇ ئەسلىدە ھاۋاخاننىڭ كەيىندىن ئىمتىھان مەيدانىغا بارماسلىقى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى چاچماسلىقى كېرەككەن. بۇ ئىشتا ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلىك ھېس قىلىپ ۋىلايەت، ئۈرۈمـ ـچىگىچە باردى، ئۇقۇغۇچى قوبۇل قىلغۇچىلارنى ئىزدەپ ھال ئېيتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھاۋاخاننى شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىغا كىرگۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولدى. ئابلاجان قايتىپ كېلىپلا بۇ خۇش خەۋەرنى ھاۋاخانغا يەتكۈزۈشكە ئالدىرىدى، ئۇ ئاچىسىنىڭكىدە خەۋەر كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇدۇللا كىرىپ كەلدى. ھېلىمۇ ياخشى، ھاۋاخان ئۆيدە يالغۇز ئىكەن. ئۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئابلاجاننى قۇچاقلاپ مەڭزىگە سۆيدى.

— ۋۇي... ۋۇي، نېمە قىلىۋاتىسىز؟

پاتىگۈلنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئۇلۇغ ئوچۇق ئىدى. ئابلاـ جان بىرى كۆرۈپ قالمىغىيدى دەپ ئەنسىرەپ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئىشىككە قارىۋېتىپ، مەڭزىنى تۇتۇپ قىزىرىپ كەتتى. ھاۋاخان بۇنىڭغا ئىرەن قىلماي پىخىلداپ كۈلۈۋاتاتتى.

— ئابلاجان ئاكا،— دېدى ئۇ كۈلكىدىن توختاپ،— مەن بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئاتامغا ئۇچمە يېگۈزگەن ۋاقتىنكى ئۆسمۈرلۈكىمىزگە يانغاندەك ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتىمەن. نېمانچە تەمترەيسىز، خەق كۆرسە كۆرمەمدۇ. ئاتام ئاشۇ ۋاقىتىنكى

بولىدۇ، بەلكىم تەقدىر دېگىنى مۇشۇدۇر. مەيلى قاندىلا بولسۇن، ئابلاجاننىڭ تەلىيى ئۇگدىن كەپتۇ.

— بارىكاللا ئابلاجان، مەن سېنى تەبرىكلەيمەن، ئۆزۈڭگە ئوبدان لايىق تېپىپسەن،— گايىت ئۇستام سۆزلەۋېتىپ ئويلىنىپ قالدى،— ھەي ئابلاجان، قىزنىڭ ئاتا- ئانىسى سىلەرگە كونا قوشنىلاردىن ئىكەن. نېمىشقا مۇھەببەت ئىشىڭلارنى ئاتا- ئاناڭدىن يوشۇرۇپ، ئۇلارنى خاپا قىلغانسەن؟— دەپ سورىدى.

— راست ئېيتىسىز ئاكا،— دېدى ئابلاجان،— سىزمۇ بىلىسىز، مەن خىزمەتكە كىچىك قاتناشتىم، ئالدىراپ بىرسىگە كۆڭۈل بەرمىدىم. ئاپام مېنى بالدۇرراق ئۆيلەپ نەۋرە كۆرگۈسى كېلىدۇ. ئۇ شەھەر باشلىقىنىڭ گۈزەل قىزى ئەزىزەنى ماڭا سايە قىلىۋىدى، ئاتام نېمە سەۋەبتىنكىن، «مەن ھاياتلا بولسام، ئوغلۇمغا ئەزىزەنى ئېلىپ بەرمەيمەن» دەپ قېتىۋالدى، ھەتتا مېنى ئۆيلىۋەتمەكچى بولدى. شۇ ئەسنادا ھاۋاخان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم- دە، ئاتامنىڭ تاپقىنىغا ئۇنىماي، بېشىمنى سېلىپ ئۇچ يىلنى ئۆتكۈزدۈم. گەپنىڭ قىسقىسى، مەن ئاتا- ئانامنى ئۇشتۇمتۇت خۇشال قىلىۋېتەي دېدىم، ھا، ھا، ھا...

ئابلاجان رازىمەنلىك، ئىشەنچ بىلەن كۈلدى. گايىت ئۇستام ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۈلۈپ، مۈرىسىگە يېنىك شاپىلاقلاپ قويدى.

— ئۇكام، سېنىمۇ ئەيىبلىگىلى بولمىغۇدەك، ئەمدى قالغان ئىشلارنى ماڭا قويۇۋەت، خۇش خەۋەر كۈت.

قېتىم ئاگلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى مۇھەببەت ھارارىتىدىن جىمىرلاپ، يۈرىكى ئوينىاپ كەتتى. لېكىن ئۇ، ئاتىسىنىڭ تەلىپىنى ئويلىسا، ئۆزىنى تۇتۇۋالمىسا بولمايتتى.

— ئابلاجان ئاكا، سىزنى تېپىشىپ كۆڭلۈم سۆيۈندى، ئايرىلغۇم يوق. لېكىن، مەن ياۋا كەپتەردەك ئۇچۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرىمەن. سىزنى ئۈمىدسىز قالدۇرىدىغان بولدۇم.

— ياق سىڭلىم، ياۋا كەپتەرمۇ بەربىر ئۇۋىسىغا قايتىدۇ. مەندە ئۈچ يىل كۈتۈش سەۋرچانلىقى بار. خاتىرجەم بېرىۋېرىڭ.

ئىككىلەن ئۇچۇق بىرنىمە دېيىشمىگەن بولسىمۇ، ھەر ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە كۆڭلى بارلىقى روشەن ئىدى. ھاۋاخان ئىنىستىتۇتقا بېرىپلا ئابلاجانغا خەت يازدى، ئۆزئارا مۇھەببەتلىك سالام خەتلەر، سوۋغا ـ سالاملار ئۈزۈلمەي داۋاملاشتى. ھاۋاخان ئىنىستىتۇتنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇ-چىلىقىغا ئورۇنلاشتى. ئۇلار ئەمدى توي قىلىشقا پۈتۈشتى...

× × ×

... گايىت ئۇستام ئابلاجاننىڭ ھاۋاخان بىلەن بولغان مۇھەببەت ھېكايىسىنى ئاڭلاپ، بۇ ئىككى ياش تاسادىپىي ئۇچرىشىشتىن كېيىن، ئۆز ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت بولغان سىرلىق نەرسىنى سەزگەنلىكىنى، ئۇلار خاتىرە قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ، ئۇنتۇلۇشقا يۈزلەنگەن ئۆسمۈرلۈكىگە قايتىپ، ۋۇجۇدىدىكى ئاشۇ سىرلىق نەرسىنىڭ مۇھەببەت ۋولقانىغا ئايلىنىپ غەلىيان كۆتۈرگەنلىكىنى، ئۇنى ئۈچ يىل كۈتۈش ئارقىلىق ۋايىغا يەتكۈزگەنلىكىنى، مانا ئەمدى ئىككى تەنىنىڭ قوشۇلۇش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. شۇنداق بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. بەزىدە مۇبارەك ئىشلار مۇشۇنداق تاسادىپىيلىق ۋە ھېكمەتكە تولغان

توختىمەت شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى. بۇ زاماندا ئادەم كۆرۈمسىز، ئىسكەتى يوق بولسىمۇ هوقۇق، ئەمەلى بولسىلا ئەتىۋارلىق، مەشھۇر ئادەمگە ئايلىنالايدىكەن. چۈنكى، ئاشۇ هوقۇق، ئەمەل كىشىلەرنى ئۇنىڭغا چەمبەرچاس باغلايدۇ، پەرزەنتلىك بولغان ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭغا باش ئۇرماي قالمايدۇ، يېلىنمايمەن دېيەلمەيدۇ. لېكىن، توختىمەت هوقۇق، ئەمەلنى دەستەك قىلىپ كىشىلەرنى قاقشىتىدىغان زومىگەر ئەمەس، بەلكى خۇش مۇئامىلىلىك، ئادىل ئىش يۈرگۈزىدىغان پاك ئەمەلدار. ئۇنىڭدا قىلچە ھاكاۋۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق يوق، ئۆزى دېھقان مىجەز، كىشىلەر ئالدىدىن سالامسىز ئۆتمەيدۇ، نەزىر-چىراغدىن قالمايدۇ. ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇس، ئۇنىڭغا بارلىق ئامەت، ھۇزۇرلىنىشلارنىڭ ئېتىكى كەڭ بولسىمۇ بەھرە ئالالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ تاماكا چەكمەيدۇ، ھاراق - شاراب ئىچمەيدۇ، كۆچلۈك ھاراقنىڭ ئادەتتىكى پۇرىقىمۇ ئۇنى مەست قىلىۋېتەلەيدۇ. شۇڭا ئۇ زىياپەت، ئولتۇرۇش، بەزمىلەرگە ئىشتىراك قىلالمايدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىنمىكىن، ئۇ 20 نەچچە يىلدىن بۇيان يۇقىرىغىمۇ ئۆسمەي، يۆتكىۋېتىلمەي، ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىدا ئىزچىل ئولتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ كىشىلەر ئاغزىدا قالغان بىرلا نۇقسانى—ئوغلى ئابلاجاننى ۋاقتىدا ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىۋېتەلمىگەنلىكى ئىدى. مانا ئەمدى بۇ ئىشمۇ ھەل بولۇش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئابلاجاننىڭ گايىت ئۇستامنى ئەلچى بولۇشقا تەكلىپ قىلىشىدىكى مۇھىم سەۋەبمۇ، ئۇ دادىسى بىلەن بىر مەھەللىلىك ھەم تەگتۇش ئاغىنىلەردىن ئىكەنلىكىدە. ئابلاجان ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ، توي ئىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

گايىت ئۇستام خاسىيەتلىك بىر كۈننى تاللاپ، توختىمەتنىڭ ئىشىكىنى چەكتى.

# ئىككىنچى باب

1

ئابلاجاننىڭ ئائىسى توختىمەتچوڭنى بۇ شەھەردە بىلمەيدىغىنى يوق. يۇرتتا كىشىلەر بىر - بىرىنى چاقىرغاندا، فامىلىسىنى قوشۇپ چاقىرىشنى ئادەت قىلمىغان. نېمە سەۋەبتىندۇر، كىشىلەر ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «چوڭ»نى قوشۇۋالغان. ئاشۇنداق چاقىرسا، توختىمەتمۇ «ھە» دەپ كېتىۋېرەتتى.

توختىمەتنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدە باشقىلاردا ئاز ئۇچرايدىغان ئۈچ خىل ئالاھىدىلىك بار. بىرىنچىدىن ئۇنىڭ كۆزى تولىمۇ كىچىك، ئادەتتە كۆزىنىڭ يۇمۇق ياكى ئوچۇق تۇرغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. شۇڭىسى ئۇنىڭ كۆزى لاچىنىڭكىدەك ئۆتكۈر، گېزىت - ژۇرناللارنى سۇدەك ئوقۇۋېرەتتى. ئىككىنچىدىن توختىمەتنىڭ بويى پاكار، ۋىجىك ھەم ياداڭغۇ، پاقالاندەكلا يەڭگىل، قاتتىقراق بوران چىقىپ قالسا، ئۇنى ۋېلىسىپىتنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇرۇپ كېتەمدىكىن دېگۈسى كېلىدۇ كىشىنىڭ، لېكىن مۇنداق ۋەقە ھازىرغىچە يۈز بەرمىدى. شۇ تاپتا ئۇ 50 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بولسىمۇ، تېخىچە باللىق چىرايى بىلەن يۈرۈۋاتىدۇ. ئۈچىنچىدىن توختىمەت بوي - بەستىگە قارىماي، سۆزىنىڭ جۇشقۇنلۇقى، ئاۋازىنىڭ جاراڭلىقى ئۇنىڭ ئاشۇ نۇقسانلىرىنى بىمالال بېسىپ كېتىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا «چوڭ» لەقىمىنى مەسخىرە قىلىپ ياكى تەنۇر تاناسىپلىقىغا قاراپ قويغان بولسۇن بەرىبىر.

كىرىۋېلىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

— ھەي بىپەزەڭ، شۇ باھانىدە ماڭا كۆيۈپ قالغاندەك قارىۋالدىڭغۇ. بولدى، ئۆيگە كىرمىسەڭ بولمىغۇدەك، مەن خوراپ كەتمەي يەنە!— دەپ تۇرسۇنخان كۈلدى.

گايىت ئۇستام بىلەن توختىمەتمۇ قوشۇلۇپ كۈلدى. ئۇلار ئۆيگە كىرىشتى، تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتى.

— قېنى ئاغىنە كاڭغا چىق،— گايىت ئۇستام كاڭغا چىقىپ ئولتۇرۇپ بولمايلا توختىمەت تۇرسۇنخانغا قاراپ،— ئۇنىڭغا ئىككى ياستۇق ئېلىپ بەر، گايىت تۇلۇمچاشقاندەك سەمرىپ قورسىقى چىققىلى تۇرۇپتۇ، ئولتۇرغاندا قىينىلىپ قالمىسۇن،— دەپ چاقچاق قىلدى.

— بولدى ئاۋارە بولماڭ تۇرسۇنخان، مەن تېنىمگە سىغمىغۇدەك بولۇپ كەتكىنىم يوق، ماڭا ياستۇق لازىم ئەمەس. ھازىر نامازدىمۇ رۇكۇغا بىمالال چۈشەلەيمەن، بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرالايمەن،— دېدى گايىت ئۇستام سۆزىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇردى.

— بولدى كۆردۇم ئاداش، ئۆزۈڭنى قىيناۋەرمەي ئازادىرەك ئولتۇرساڭچۇ،— دېدى توختىمەت ئۇنىڭ چىڭقىلىپ، چىرايى قىزىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ.

— ياق، ئۇ شۇنداق ئولتۇرسۇن. مەن گىلەمنى تونۇگۈن ئاران قاققان، ئۆتۈكى بىلەن كىرىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، گىلەمنى پاسكىنا قىلىۋېتىدۇ،— تۇرسۇنخان داستىخان سېلىپ نازۇ نېمەتلەرنى قويۇۋېتىپ چاقچاق قىلدى.

— مەنچۇ، ئاللىقاچان جامائەتكە قوشۇلۇۋالغان، بەش ۋاخ نامازدىن قالمايمەن، بۇنداق ئولتۇرۇشقا كۆنۈپ قالدىم،— گايىت ئۇستام چىنىنى ئېلىپ چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ،— تۇرسۇنخان سىزنى ماگىزىندا كۆرمەيمەنغۇ، دەم ئېلىشقا چىقىۋالمىغانسىز،—

— ئاپلا، تۇلۇمدەكلا بىر خېنىم ئىشىكنى ئاچتىغۇ، مەن ئىشىكنى خاتا چەكتىممۇ نېمە، ها، ها، ها،— توختىمەتنىڭ سىمىز ئايالى تۇرسۇنخان ئىشىكنى ئېچىۋىدى، ئۇ گەپنى چاقچاقتىن باشلاپ ئۆيگە كىردى.

تۇرسۇنخان بويى خېلىلا ئېگىز، قەددى - قامىتى كېلىشكەن، يەلكىلىرى كەڭ، مۇسكۇللۇق، سىمىز، ئىشتىمۇ - گەپتىمۇ بار، ئوچۇق - يورۇق ئايال ئىدى. ئۇ چاقچاقتا بوش كەلمەيتتى.

— توختا!— دەپ بۇيرۇق قىلدى ئۇ گايىت ئۇستامغا چىرايىنى تۈرۈپ،— ئاڭلا، مەن سېنىڭ نورمىلىق گۆشۈڭنى يەپ سەمرىمىدىم. مېنى توختىمەت بېقىپ سەمرىتسە، سەن پايىنەكۋاش نېمىشقا ئىچى قوتۇرلۇق قىلىسەن، ئاغىنەڭنى يوقلاپ كېلىپ، دەيدىغان گېپىڭ شۇ بولسا ئۆيگە كىرمە،— دېدى.

گايىت ئۇستامنىڭ بېشىدىكى تۈكلەر بالدۇر چۈشۈپ كېتىپ بېشى پارقىراپ قالغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى. تۇرسۇنخاننىڭ ئۆزىدىن ئەيىب تېپىپ ئايىماي دەككىسىنى بېرىدىغانلىقىنى سېزىپ:

— ۋاي بولدىلا، كىشىنى تەڭلىكتە قويدۇڭغۇ، كۆتۈرەلىسەڭ گۆشنىمۇ بېرەي — دېدى ئۇ پەسكويغا چۈشۈپ.

توختىمەتمۇ ئۆيدىن چىقىپ ئىككىسىنىڭ ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل تۇرۇشقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ھەي، ھوي سىلەر بېشىڭلارنى بىر يەرگە قىلىپ نېمىگە كېلىشىۋاتىسىلەر، تۇرسۇنخان مېنىڭ گۆشۈمنى يېمەي نېمىشقا سېنىڭكىنى يەيدىكەن، سەن ئۆيگە كەلمەي - كەلمەي ئەمدى بىر كېلىپلا نىيىتىڭنى بۇزۇۋاتامسەن، كەل ئۆيگە كىر،— دېدى ئاغىنىسىنىڭ كەلگەنلىكىگە خۇش بولۇپ.

— ماۋۇ بىر نېمەڭ ئۆيگە كىرمە دەپ تۇسۇۋالدى، قانداق قىلىمەن،— گايىت ئۇستام تۇرسۇنخاننىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە

— ئۇنداق ئەمەس ئاداش، ئابلاجان بىرەر قىزنى ئۆيگە باشلاپ كىرمىدى. تۇرسۇنخان ئىككىمىزمۇ ئۇنىڭغا لايىق تاللاشتا كېلىشەلمەيۋاتساق، سىېنى قانداق ئىزدەيمىز؟ سەن قاسساپ بولغىنىڭ بىلەن ئىناۋىتىڭ يوقىرى، خىزمىتىڭنى قىلىش بىزگە تەگمەيدىكەن، دېگىنە.

— بولدى، بولدى ساڭا چاقچاق قىلىپ قويدۇم، گەپنى بۇراپ باشقا ياققا ئەكېتىۋاتىسەن،— دەپ توختىمەتنىڭ سۆزىنى چورت كەستى گايىت ئۇستام،— مەن سىلەرنى قۇرۇق پاراڭ قىلىشقىلى ئىزدەپ كەلمىدىم، راستىنى ئېيتسام ئابلاجان ئۆزىگە خېلى بۇرۇنلا لايىق تاپقان ئىكەن.

— راست شۇنداقمۇ،— توختىمەت جانلىنىپ كەتتى.

— ئۇ بىزگە خۇش خەۋەر ئەكېلىدىغان ئادەممۇ؟ شۇنداقـ ـتىمۇ بالامغا مۇناسىۋەتلىككەن، ئاڭلاپ باقاي.

گايىت ئۇستام تۇرسۇنخاننىڭ گەپلىرىنى ئېغىر ئالمىدى، مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ئۇ ئابلاجاننىڭ ھاۋاخاننى تويۇقسىز قانداق ئۇچرىتىپ قالغانلىقىدىن تارتىپ، ھاۋاخان ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگىچە كۆتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھازىر شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە ئورۇنلاشقانلىقىنى، ئىككىسىنىڭ توي قىلىشقا كېلىشكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى، ئاخىرىدا ئۇ:

— ئابلاجان ئىككىڭلارنىڭ كېلىشەلمەي ئۇياققا - بۇياققا تارتىپ ئاۋارە قىلماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىدۇ،— دېدى.

توختىمەت گايىت ئۇستامنىڭ سۆزىگە ئىپادە بىلدۈردى:

— ھاۋاخان مېنىڭ كۆڭلۈمگە ياقىدۇ، ئۇلار كىچىكىدىلا بىر جۈپ قوشماقلار ئىدى. تۇغۇلۇشتىنلا پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئىكەن دېسە، مۇشۇنى دېسە بولىدۇ. ئابلاجاننىڭ ھېچكىمگە كۆڭلىنى بەرمەي يۈرگىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىگە كىرمىگىنى بىكار ئەمەسكەن، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ھاۋاخان بار

دەپ سورىدى.

— ھەي ئاداش،— دېدى توختىمەت،— خوتۇن كىشى 40 تىن ئاشقاندىن كېيىنلا ئۇ يانچۇقىدا بىر، بۇ يانچۇقىدا بىر كېسەلنى ھەمراھ قىلىۋالىدىكەن. ھازىر تۇرسۇنخاننىڭ تولۇمدەك تولغان بەستىگە قاراپ ئۇنى ساقمىكىن دەپ قالما. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىزدەك ئادەملەرنىڭ ھاجەتمەنلىرى كۆپ، ئىشخانىدا ئىزدىگىنى ئازلىق قىلىپ ئۆيگىمۇ كېلىشىدۇ. لايىقىدا داستىخان سېلىپ چاي بېرىپ ئۇزاتمىساق، كۆڭلىنى ئېلىپ ماڭدۇرمىساق، ئۇلارنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىپ ماڭدۇرالايمىز...

— گەپنىڭ قىسقىسى،— دەپ تۇرسۇنخان ئېرىنىڭ سۆزىنى بۆلدى،— ئۇ ئىدارە باشلىقلىقىنى قىلسا، مەن ئۇنىڭ مۇلازىمىتىنى قىلىۋاتىمەن، شۇڭا كېسەل نامى بىلەن ئۆيدە بولۇپ قالدىم.

— ئۇنداقتا، ئابلاجاننى ئۆيلەپ ئۆيگە كېلىن ئەكىرمەمدۇق،— دېدى گايىت ئۇستام.

— ھەي بىز ئۇنى ئۈچ يىل بۇرۇنلا ئۆيلىۋەتمەكچى ئىدۇق.يا ئۆزى بىرسىنى تاپمىدى،يا بىز تاپقان لايىقىغا كۆنمىدى.

— ئۇنداق ئەمەس،— تۇرسۇنخان ئۇنىڭ سۆزىنى يەنە بۆلدى،— ئەر - ئايال ئىككىمىزنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقماي، ئوغلىمىزنى قىيناپ قويدۇق.

— بوپتۇ، بۇ سەۋەبلىكنى مەن ئۇستۇمگە ئالاي. گايىت ئاداش، شۇ تاپتا بېشىمىزنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قاتتى دېگىنە. بۈگۈن ئويدانمۇ كەپسەن، بىزگە قىزنى تەگلەپ تۇرغانلار خېلى بار، مەسلىھەتنى پىشۇرغاندىن كېيىن ئابلاجاننى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ بەرمەمسەن، سېنىڭ «ئەلچى»لىكتە داڭقىڭ بارغۇ؟

— ئادەتتە بىزنى كۆزۈڭگە ئىلىپمۇ قويمايسەن، ئەمدى ئالدىڭغا كەلسەم، مېنى ئىشىڭغا سالامسەن؟

تۇرۇڭلار، مەن كەتتىم،— دېدى گايىت ئۇستام ۋە ئۇلارنىڭ تۇتقىنىغا قارىماي ئۆيدىن ئۇزاپ چىقتى.

2

ئابلاجاننىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغانلىقى باشقىلار ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس، لېكىن قاسىم ئەپەندىم ئائىلىسى مۇشۇ سەۋەب بىلەن ئۇنىماي تۇرۇۋالسا، قايىل قىلىش تەسكە توختايتتى. گايىت ئۇستام مۇشۇنى ئويلاپ، قاسىم ئەپەندىمنىڭ بوسۇغىسىنى ئاتلاپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي بىرقانچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئويلا - ئويلا، ئاخىر تەۋەككۈل كېمىسىگە چىقىپ، ئۆزىنىڭ «ئەلچى»لىك ماھارىتىگە ئۈمىد باغلاپ، يېزىغا قاراپ يولغا چىقتى.

گايىت ئۇستام «كەپتەر» ماركىلىق كونا ۋېلىسىپىتىنى تېپىپ، ساي - ئېدىر، مەھەللەردىن ئۆتكۈچە ۋېلىسىپىتىنى بەزىدە يېتىلەپ - بەزىدە مىنىپ، كەچ بولغاندا تېتىرلاك مەھەللىسىگە كەلدى. ئۇچراشقانلاردىن سوراپ قاسىم ئەپەندىمنىڭ ئۆيىنى بىلىۋالدى. ئۇ ئادەتتىكى دېھقان ئائىلىسى بولسىدى، كەلگەن پېتى ئۆيگە كىرىپ، ئاندىن ئۇستۇپىشىنى تازىلايتتى. لېكىن، ئۇ كىرمەكچى بولغان ئۆي ھۆرمەتكە سازاۋەر پېشقەدەم زىيالىي ئائىلىسى- دە. گايىت ئۇستام مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتكەن كارىزنىڭ لېۋىگە چۈشۈپ، كىيىمىنى قېقىپ، يۈزىنى يۇيۇپ، ئۆزىنى تۈزەشتۈردى.

قاسىم ئەپەندىم مەھەللە كوچىسىنى بويلاپ، قاتار - قاتار سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بىر ھويلىدا ئولتۇراتتى. ئۇ 20 نەچچە يىلدىن بۇيان مۇشۇ مەھەللىگە يەرلىكلىشىپ، يەتتە پۇڭلۇق ھويلىسىغا 5 — 6 ئېغىز ئۆي سېلىپ، ئالدى - كەينىگە دەل - دەرەخ تىكىپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا

ئىكەن- دە، ها، ها، ها...

تۇرسۇنخان بېشىنى يەردىن ئالماي، جىددىي ئويلانماقتا ئىدى. ئۇ بىرھازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— هاۋاخانغۇ بولىدۇ، لېكىن ھەببىبە ئاپپاينىڭ بالىلىرىمىز كىچىك ۋاقتىدا ھېلىقى قىلغانلىرى زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ، ئاشۇ نەشتەردەك گېپى بىلەن ئابلاجاندىن ئايرىلىپ قالغىلى قىل قالغان ئىدۇق. قوشۇلماي دېسەم ئوغلىمىز چوڭ بولۇپ كەتتى، ئۆيلىمىسەك بولمايدۇ. ھەي،— دېدى.

— قويغىنا كونا خامانىنى سورىماي. دەپ باقە، هاۋاخان ساڭا يارامدۇ؟— دېدى توختىمەت.

— ئۇنىغۇ بىلىمەن، مەن ئالدىنقى كۈنى هاۋاخانىنى كوچىدا ئۇچراتتىم، تونۇمىغان ئىكەنمەن، ئۇ مېنى تونۇپ تولىمۇ قىزغىن مۇئامىلە قىلدى، ئەدەپ- قائىدىلىك، چىرايلىق قىز بوپتۇ. شۇ ۋاقتىدىلا كېلىن قىلغۇم كەلگەن، ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزدۈم دەپ ئۇقۇرى ئېگىزلىك قىلماس- ھە.

— قاسىم ئەپەندىم، ھەببىبە ئاپپايلار پېشقەدەم مائارىپچى، پەرزەنتلىرىنىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇپ ئالىي مەلۇماتلىق قىلغان. ئۇلار ئوغلىمىزنىڭ مەلۇماتىغا نەزەر ئاغدۇرماي قويمايدۇ، ئوغلىمىز-نى ئاران تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەن دەپ تۇرۇۋالسا قانداق قىلارمىز،— توختىمەت كەڭ ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتەلمەي قالغان ئادەمدەك گايىت ئۈستامغا قارىدى.

— ۋاي بولدىلا، ئەلچىمىز تۇرغان يەردە، بۇنىڭغا بىز باش قاتۇرۇپ نېمە قىلىمىز. ئۇ ئالدىمىزغا كېلىپ بىزگە ئوت تۇتاش-تۇردى، ئاخىرىنىمۇ شۇ چىقارسۇن،— دېدى تۇرسۇنخان گايىت ئۇستامغا ئۈمىد بىلەن قاراپ.

— بۈگۈن سىلەر ماڭا ئۈمىد بىلەن قاراۋاتىسىلەر، مۇشۇلا ماڭا زور مەدەت. ئۇنداقتا، سىلەر توينىڭ تەييارلىقىنى قىلغاچ

يېگەن. مەن ئاجىزلاپ كەتتىم، يىراق - يېقىنغا بارالمايمەن، پەقەت ئۆرنىمدىلا يېتىپ كونا دوستلارنى، سىلەرنى سېغىنىمەن، بىر كۆرۈشۈۋالسام دەپ ئارزۇ قىلىمەن. سېنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟

قاسىم ئەپەندىمنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ تەسىرلەنگەن گايىت ئۇستام ئورنىدىن تۇرۇپ، چىنىنى قوش قوللاپ ئالدى ۋە ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ:

— ئەپەندىم، سىلىگە كۆپ رەھمەت، ئۇبدان تۇرۇپسىلا، كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلمىسىلا،— دېيەلىدى.

— جان بار يەردە قازا بار بولىدۇ. بىزنىڭ ئالدىمىزدا نۇرغۇن ئوغلانلار ۋەتەننىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن جەڭ قىلىپ، جېنىنى پىدا قىلىپ كېتىپ قالدى. بىزنىڭ ئامىتىمىز بار ئىكەن، ھايات قالدۇق. ئۇلارنىڭ جەڭ مېۋىلىرىدىن قانغۇدەك ھۇزۇرلاندۇق، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تەر تۆكتۇق. بىز كەينىدىرەك بارساقمۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا خىجىللىق تارتىدىغان يېرىمىز يوق. قېنى ئۇسسۇغانسەن، چاي ئىچ، مەزىگە باق.

— بىللە ئىچەيلى،— دەپ گايىت ئۇستام ئالدىدىكى چىنىنى ئېلىپ سۇندى. قاسىم ئەپەندىم چىنىنى قولىغا ئېلىپلا چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ قايتۇرۇپ بەردى.

— سەن ھازىرمۇ قاسساپلىق قىلىۋاتامسەن؟ سېنىڭ قولۇڭ تاتلىق، مەن سېنىڭ دۇكىنىڭدىن گۆش ئالاتتىم.

— شۇنداق ئەپەندىم، مەن سىلى بىلەن مۇنداق ئۇچرىشىپ قېلىشىمنى ئويلىمىغان. ئەينى يىللاردا ياشلىق قىلىپ خىزمەتلىرىدە بولالماپتىمەن. مەن سىلىدىن خىجىل،— گايىت ئۇستامنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلدى. قاسىم ئەپەندىم گۆش ئالغىلى كەلگەندە قوپاللىق قىلىپ كۆڭلىنى رەنجىتكەنلىكى ئۇنىڭ ئېسىگە كېلىپ قالدى...

كۆكتات ۋە گۈل تېرىپ، چىمەنزارلىق، ساپ ھاۋالىق قىلىۋالغان ئىدى. گايىت ئۇستام كىرگەندە، قاسىم ئەپەندىم ھويلىدىكى سۇپىدا، ئۈزۈم بارىگىنىڭ ئاستىدا يېتىپ، ئۇنى يەلپۈپ ئولتۇرغان ھەببە ئاپپاي بىلەن مۇڭدىشىۋاتقان ئىكەن.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

قاسىم ئەپەندىمنىڭ تېنى ئاجىزلاپ ئۇستىخانلا بولۇپ قالغان، كۆزلىرى خىرەلەشكەن بولسىمۇ، زېھنى ئوچۇق، سۆزى ئۆتكۈر ئىدى. ئۇ گايىت ئۇستامنىڭ چىرايىدىن ئىلغىيالمىغان بىلەن ئاۋازىدىن تونۇۋالدى.

— ۋۇي، ۋۇي، بۇ گايىت ئۇستامغۇ، مېنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇڭا،— دەپ ئورنىدا قىمىرلاپ بېشىنى كۆتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلدى. ھەببە ئاپپاي تۇيۇقسىز كەلگەن مېھماننى كۆرۈپ تېنەپ قالدى، قاسىم ئەپەندىمنىڭ بېشىغا قوشلاپ ياستۇق قويۇپ، ئۇنى يۆلىدى.

— مەن كېلىپ ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇممۇ،— دەپ گايىت ئۇستام ھەببە ئاپپايغا ياردەملىشىپ، قاسىم ئەپەندىمنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى.

— گايىت ئىنىم، مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇر، ئەكەل قولۇڭنى،— قاسىم ئەپەندىم جۇدەپ، كۆپكۆك تومۇرلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ قالغان قوللىرىنى سۇندى.

گايىت ئۇستام ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېتىپ كۆرۈشتى، ھەببە ئاپپاي بىلەنمۇ تىنچلىق سوراشتى. شۇ ئارىدا ھەببە ئاپپاي ئۇسسۇلۇق تەييارلاپ سۇپىغا داستىخان سېلىشقىمۇ ئۈلگۈردى، ئۇ چىنىلەرگە چاي قۇيۇشى بىلەن قاسىم ئەپەندىم تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن بىر چىنىنى قولىغا ئېلىپ:

— گايىت ئۇستام، سەن بىزنى يوقلاپ كېلىپ تولىمۇ خۇش قىلىۋەتتىڭ. بىز سېنىڭ قولۇڭدىن نۇرغۇن قېتىم گۆش ئېلىپ

ئىدى. ئۇ گايىت ئۇستامنىڭ بىرەر ئىش بىلەن يوقلاپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن:

— گايىت ئۇكام،— دېدى قاسىم ئەپەندىم،— شۇنچە ئالدىراش تۇرۇقلۇق، شەھەردىن مېنى يوقلاپ كەلگىنىڭگە كۆپ رەھمەت. بىرەر ئىشىڭ باردەك قىلىدۇ، بىزگە ئېغىز يېرىپ دېيەلمەيۋاتىسەنغۇ دەيمەن. دەۋەرگىن، سېنىڭ ئاغزىڭدىن ھەرگىز كۆڭلىمىزنى ئاغرىتىدىغان گەپ چىقمايدۇ، دەپ ئويلايمەن.

قاسىم ئەپەندىم راست ئېيتىدۇ، ئاتا-ئانىغا نىسبەتەن ئوغۇل ئۆيلەش، قىز چىقىرىش پەرز. بۇنى ئادا قىلالمىسا، ئاتا-ئانىلارنىڭ كۆزى يۇمۇلدى دېگەندىمۇ قەبرىسىدە تىنچ ياتالمايدۇ. ھاۋاخانغا «ئەلچى» بولۇپ كېلىش ئەلۋەتتە خۇشاللىق ئىش.

— توغرا مۆلچەرلىدىلە ئۇستاز، مەن ھاۋاخانغا ئەلچى بولۇپ كەلدىم،— دېدى گايىت ئۇستام.

— بىزمۇ شۇنداق پەرەز قىلغان،— دېدى ھەببە ئاپپاي قاسىم ئەپەندىمنىڭ پايپىقىنى پۇتىغا كىيگۈزۈۋېتىپ،— بىزمۇ، بالىلىرىمىزمۇ ئەركىن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغان، ھاۋاخانمۇ شۇنداق قىلىدۇ. بىز ئۇنىڭ كىمنىڭ بالىسى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيمىز، لېكىن قىزىمىز ياخشى كۆرگەن يىگىتنىڭ ئىسمىنىلا بىلىمىز. پىشىپ يېتىلگەندە، يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسى بىزگە ئەلچى ئەۋەتىدۇ، دەپ كۈتۈپ كەلدۇق،— ئۇ پايپاقنى كىيگۈزۈپ بولۇپ، قاسىم ئەپەندىمنىڭ ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن ئاغزى ئېچىلغان لىپاپىنى ئېلىپ گايىت ئۇستامغا سۇندى،— سىز ئاۋۋال بۇ خەتنى كۆرۈڭ. مۇشۇ يىگىتكە ئەلچى بولۇپ كەلگەن بولسىڭىز، «ئەلچى»لىكىڭىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ.

گايىت ئۇستام لىپاپىتىن خەتنى چىقىرىپ ئوقۇدى:

بىر كۈنى ئۆچرەت نۆۋىتى كەلگەن قاسىم ئەپەندىم پۇل بىلەن گۆش بېلىتىنى رۇجەكتىن سۇندى. گايىت ئۇستام ئۇنىڭغا قويىنىڭ بويىنىنى جىڭلاپ بەردى. قاسىم ئەپەندىم گۆشكە قاراپ تولىمۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا: «قاسساپ ئۇكام، بويۇن گۆشىنىڭ تاتلىق بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن. بىراق، ھەممىسىنى مەن يېۋالسام بولماس، باشقىلار بىلەن تەڭ يېسەك بولاتتى» دېدى. گايىت ئۇستام بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويماي، «ئالسىڭىز شۇ گۆش، ئالمىسىڭىز ئۆچرەتتىن چىقىڭ، كەينىدىكىلەر گۆش ئالىدۇ» دېۋىدى، قاسىم ئەپەندىم ئاغزىنى ئۇپراتماي كېتىپ قالغان. بەلكىم بۇ ئىشلار قاسىم ئەپەندىمنىڭمۇ ئېسىدە بولغىيدى، لېكىن ئۇ ھېچقانداق كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرمىگەندەك، قاسساپ ئۇنىڭغا گۆشنىڭ ياخشى يېرىنى بېرىپ كەلگەندەك سۆزلەۋاتاتتى. گايىت ئۇستام ئاشۇ ۋاقىتدا ياخشى قىلمىغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ، ئىسەدىشىنى تۇتالماي قالدى.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ ئۇستام،— دېدى ھەبىبە ئاپپاي،— ئۇستازىڭىز يېقىندىن بۇيان يوقلاپ كەلگەن دوست - بۇرادەر، ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن مۇشۇنداق كۆڭۈلنى بىئارام قىلىدىغان بولۇۋالدى. ئادەم قېرىغاندا بۇ دۇنياغا تارتىشىپ، ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى، ئىنسانىيەت قوينىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئادەمگەرچىلىك قىلالمىغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولىدىغان ئوخشايدۇ. سىزنىڭ يىغىڭىز ئۇستازىڭىزغا ئۆتۈپ كەتمىسۇن، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ.

ھەبىبە ئاپپاينىڭ ئەسكەرتىشى بىلەن گايىت ئۇستام ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، گەپنى يۆتكەپ، قاسىم ئەپەندىمنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە، جىددىيلىكنى پەسەيتىشكە تىرىشتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ كېچە ئۇ قاسىم ئەپەندىمنىڭكىدە قونۇپ قالدى. قاسىم ئەپەندىم تولىمۇ سەزگۈر، چېچەن ئادەم

چىقارسىز ھەم كىتاب قويىدىغان ماكان تەييارلاپ قويارسىز. مەن بۇ كىتابلارنى يېزىدىكى ئۆيۈمگە ئېلىپ كەتمەيمەن. ئاتام - ئاپاملارغۇ بۇ كىتابلارنى كۆرسە چەكسىز خۇشال بولىدۇ، لېكىن ئۇلار «پۇلنى نەدىن تاپتىڭ» دېسە خىجىل بولۇپ قالىمەن. مەن ئىككىمىزنىڭ مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەنلىكىمىزنى سىزگە ئوخشاشلا ئاتا - ئانامغا ئېيتماي، ئۇلارنى تۇيۇقسىز خۇش قىلىۋېتەي دەيمەن. مېنىڭ ئۆيلىگەنلىرىمنى ياقتۇرامسىز، سىزنى سۆيىمەن.

ھاۋاخان»

گايىت ئۇستام چالا ساۋات ئىدى، خەتنى تولىمۇ ئاستا ئوقۇپ بولۇپ، بېشىنى كۆتۈردى.

— قارىماسەن بۇ قىزنى. ئۇ بىرلا ۋاقىتتا بىزگىمۇ، يىگىتكىمۇ خەت يېزىپ لىپپىدا سالغاندىن كېيىن، ئادرېسىنى ئالماشتۇرۇۋەتكەن ئوخشايدۇ، يىگىتكە يازغان خېتى بىزگە تەگدى. ھە، راست، ئابلاجان كىمنىڭ بالىسى؟ سەن شۇ بالىغا «ئەلچى» بولۇپ كەلدىڭمۇ؟— دەپ سورىدى قاسىم ئەپەندىم.

— شۇنداق، شۇنداق،— گايىت ئۇستام ئالدىراپ جاۋاب بەردى،— ئابلاجان توختىمەتچوڭنىڭ ئوغلى، مەن توختىمەتنى ئەۋەتكەن ئەلچى.

— ئۇنداق بولسا، بىلىمىز،— دېدى ھەببىبە ئاپپاي قاسىم ئەپەندىمگە قاراپ،— شەھەرلىك ھۆكۈمەت قورۇسىدا قوشنا ئولتۇرغان توختىمەتنىڭ ئوغلى ئابلاجان ھاۋاخاننى ئىتقا چىشلىتىپ قويغان ئەمەسمىدى، يادىڭىزغا كەلدىمۇ؟

— ھە ئېسىمگە كەلدى، كەلدى. ئۇ ھاۋاخاننى دائىم ئۇيىنىتىدىغان، ھېلىقى قارا بوران يىللىرى مېنى كالا قوتىنىغا سولىۋالغانىدا، ئابلاجان ھاۋاخاننى يېتىلەپ مېنى كۆرۈشكە ۋە تاماق

«كۆرۈشكىلى ئارزۇلۇق، جانجىگەر، سۆيۈملۈك ئابلاجان ئاكا. سىزگە ئوتلۇق قەلبىمدىكى يالقۇنلۇق سالامىمنى ئىزھار قىلىپ، ئاخىرقى خېتىمنى يېزىۋاتىمەن. مەن ئۈچ يىل ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ، دىپلوم ئېلىش ئالدىدا تۇرماقتىمەن. شۇنداق، بۇ نېمىدېگەن ئۇزاق ۋاقىت-ھە. ئۈچ يىل كۈتۈش سىزگە ئېغىر چۈشكەندۇ، ماڭىمۇ ئاسان چۈشمىدى. سىز ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھان مەيدانىدا قەلبىمگە بۆسۈپ كىرگەندىن بۇيان بىر كۈنمۇ ئېسىمدىن چىقىپ كەتمىدىڭىز، سىزنى قەلبىمدە، يېنىمدا ھەمراھ قىلىپ كەلدىم. مەن بۇ ئۈچ يىللىق ئوقۇشنى سىزنىڭ ئۈزۈلدۈرمەي يېزىپ تۇرغان ئىلھام ۋە مەدەتكە تولغان خەتلىرىڭىز ۋە پاك، سەمىمىي مۇھەببىتىڭىزنىڭ كۈچى بىلەنلا ئاخىرلاشتۇرالىدىم. بىز بىر-بىرىمىزنى باشقىچە شارائىتتا سىناشتۇق، مۇھەببىتىمىزنى ۋايىغا يەتكۈزدۇق. مەن سىزنى شۇنداق تەقەززالىق بىلەن سېغىنىدىمكى، ھازىرلا ئۇچۇپ بېرىپ ئۆزۈمنى باغرىڭىزغا ئاتسام، بىزنىڭ تېنىمىز، تىنىقلىرىمىز، قانلىرىمىز بىرلىشىپ مۇھەببەت ئېقىنى بولۇپ ئاقسا، باھار گۈللىرى ئېچىلسا دەيمەن. سۆيۈملۈكۈم — مەن ئەمدى سىزنى جۈرئەت بىلەن مۇشۇنداق ئاتايمەن، سىزمۇ شۇنداق ھېسسىياتتىمۇ؟ بىلىمەن، سىز مېنى سېغىنىدىڭىز، ماڭا باغرىڭىزنى ئېچىپ كۈتۈۋاتىسىز، مەن پات ئارىدا ئالدىڭىزدا ھازىر بولىمەن. ھە راست، سىزگە دېيدىغان يەنە بىر ئىش، سىز ھەر ئايدا خىراجەت قىلسۇن دەپ ئەۋەتكەن 30 يۈەن پۇلنى مەن خەجلىمەي بانكىغا قويۇپ كەلگەن ئىدىم، خېلى جىق پۇل بولۇپ قاپتۇ. مەن ئۇ پۇلغا سىزدىن سورىمايلا نۇرغۇن كىتاب سېتىۋالدىم، شۇڭا يۈكۈم ئېغىرلاپ قالدى. مەن قايتقاندا ئېغىر كۆرمەي ئالدىمغا

كۆندىن بۇيان جاڭ ئۇرۇۋاتقىنىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ. قورقماڭ، بۇ قېتىم خەۋپ يوق،— دېدى ئابلاجان كۈلۈپ.

ئېكسپېدىتسىيىچىلار نەدىن ئويلاپ تاپتىكىن، ئېپىتاۋۇر تارتىپ چىقىرىلىپ قالىپاق كىيدۈرگەنلەرنى يىغىپ، چۈشتىن بۇرۇن شەھەرنىڭ تۆت كوچا ئېغىزىدىن جەنۇبىغىچە بولغان 4 — 5 كىلومېتىرلىق يولدا جاڭ ئۇرغۇزۇپ، كىيگەن قالپىقى نېمە بولسا شۇنى دېگۈزۈپ ماگدۇراتتى. ھەر بىرىنىڭ ئارىلىقى 100 مېتىر ئەتراپىدا ئىدى، يولنىڭ ئۇ بېشىدا بىر، بۇ بېشىدا بىر ئېكسپېدىتسىيىچى نازارەت قىلاتتى، جاڭ ئاۋازى قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ تۇرسىلا، نازارەت قىلىۋاتقانلار خاتىرجەم ئولتۇراتتى. ئابلاجان بۇ «ئۇنسۇر»لارنىڭ جاڭ ئۇرۇپ كوچا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى تۇنۇگۈن كۆرگەن، شۇڭا ئىشەنچ بىلەن ھاۋاخانغا ئىلھام بېرىۋاتاتتى.

ئابلاجان قاسىم ئەپەندىمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈپ جان - پىدالىق كۆرسىتىۋاتقان يەردە، ھاۋاخان قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋالسا بولامدۇ؟ ھاۋاخان ئابلاجانغا ئىشىنەتتى، ئۇنىڭ شۇنچە تەمكىن ۋە جىددىيلىكىگە قاراپ ئىچىدە ئۆزىنى ئەيىبلىدى ۋە ئابلاجانغا ئەگىشىپ شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئابلاجان شەھەردىكى بىردىنبىر ئۇزۇن كوچىنى ئوبدان بىلەتتى، قاسىم ئەپەندىمگە ئۆچمىنى يىدۇرۇۋېلىش پۇرسىتىنى ئويلاپ، ئارقا كوچىلاردىن ئايلىنىپ بىر قەۋەتلىك ئىمارەتنىڭ يېنىغا كەلدى. ھاۋاخاننى قالدۇرۇپ، ئۆزى ئىمارەتنىڭ ئارىلىقىدىن چوڭ كوچىغا چىقىشىغا بىر «ئۇنسۇر» جاڭ ئۇرۇپ: «مەن ئىككى يۈرەك، چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر!» دەپ ۋارقىراپ ئۆتتى. ئابلاجان يول بويىدىكى سېمىتاناپ تۇۋرۇكنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ:

— نامان دادا، جاڭنى قاتتىقراق ئۇرۇپ، ئاۋازلىرىنى قويۇۋېتىپ ۋارقىراپ تۇرسىلا...— دېدى.

يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئاپارغان، ئۈجمە يېدۈرۈپ قويغان.
گايىت ئۇستام بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئابلاجان قايسى كۈنى سۆزلەپ بەرگەن تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئەسلىدى...
1967- يىلى ماي ئېيىنىڭ بىر كۈنى ئابلاجان ھاۋاخاننى باشلاپ يېزىدىكى تۇغقانلىرىنىڭكىگە ئېلىپ باردى. ھويلىدىكى ئۈجمىلەر پىشقان ئىدى. ئابلاجان دەرەخ ئۈستىگە چىقىپ ئۈجمە ئىرغىتتى، تۆۋەندە ھاۋاخان بىلەن يەنە بىر قىز شالدىرشاپنى تۇتۇپ بەردى، يېرىم سائەت ئىچىدىلا بىر سېۋەت ئۈجمە يىغىلدى. ھاۋاخان ئۈجمە يەپ ئولتۇرۇپ ئاتىسىنى ئەسلەپ قالدى بولغاي:
— ئاتام ئۈجمىگە بەك ئامراق ئىدى. بۇ يىل ئۇ ئۈجمە يېيەلمەيدىغان بولدى،— دېدى مەيۈسلىنىپ.
— نېمىشقا يېيەلمەيدىكەن، يېدۈرىمىز،— دېدى ئابلاجان كەسكىنلىك بىلەن.
— ياق، ئابلاجان ئاكا، ئىسيانچىلارنىڭ پەيلى بەك يامان، نەيزىنى بېقىنغا تىرەپلا تۇرىدىكەن، ئەمدى بارمايلى. مەن شۇنداقلا دەپ قويدۇم.
— مېنىڭ ئامالىم بار، سىز قورقماڭ. قېنى، بىز قاسىم ئەپەندىم تويغۇدەك ئۈجمىنى ئىلغىۋالايلى،— ئابلاجان مەي باغلىغان ئۈجمىلەردىن تاللاپ بىر گەردىنگە سالدى ۋە ئۇنى ھاۋاخانغا سۇنۇپ،— مانى ئېلىڭ، ياغلىققا چىگىڭ،— دېدى.
— ئابلاجان ئاكا، مۇنداق تەۋەككۈل قىلماڭ، ئۇلار بىزنى تۇتۇۋالىدۇ...— بىرقانچە كۈن بۇرۇن ئابلاجان بىلەن ھاۋاخان كالا قوتىنىغا تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ قاسىم ئەپەندىمگە تاماق ئەكىرىپ بەرگەن ۋاقىتتا، ئىسيانچىلار سېزىپ قېلىپ نەيزىلىرىنى پارقىرىتىپ، ئىككىيلەننىڭ ئارقىدىن قوغلىغان. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇلار سوڭگۈچتىن چىقىۋېلىپ قۇتۇلغان ئىدى.
— ھەي ئەخمەق قىز، قاسىم ئەپەندىملەر ھازىر بازاردا، ئۈچ

— پېشانىگە پۈتۈلگەن دېگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ،— قاسىم ئەپەندىم ئاسمانغا قارىدى،— ئۇلار 20 يىلدىن بېرى كۆرۈشمىگەن تۇرسا، قانداقمۇ تېپىشىپ قالغاندۇ، سەن بىلەمسەن؟— دەپ، گايىت ئۇستامدىن سورىدى.
— ئەلۋەتتە بىلىمەن،— دەپ، ئۇ ئابلاجاننىڭ ھاۋاخاننى قانداق ئۇچراشتۇرغانلىقىدىن تارتىپ، ھاۋاخاننىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى تۆۋەن بولۇپ قالغاندا، ئابلاجان ئۇرۇمچىگىچە يول ماڭغانلىقىنى، ھاۋاخان ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە دائىم ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم بېرىپ تۇرغانلىقىنى، قالغان ئەھۋاللارنى خەتتىن بىلگىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. گايىت ئۇستام ئاخىرىدا،— ئابلاجان بىلەن ھاۋاخاننىڭ مۇھەببىتى تاھىر - زۆھرە، غېرىب - سەنەملەردىن قېلىشمايدۇ. لېكىن، ھازىرقى دەۋر ئوخشىمايدۇ، ئاتا - ئانىلارمۇ ئوخشىمايدۇ،— دېۋىدى، ئۇچەيلەن بىر - بىرىگە قارىشىپ يېنىك كۈلۈشتى.
— گايىت ئۇكام،— دېدى قاسىم ئەپەندىم كۈلكىسىدىن توختاپ،— ئاخىرقى گېپىڭ بىلەن ئاغزىمىزنى تۇۋاقلاپلا قويدۇڭ. راست ئېيتىسەن، دەۋر ئوخشىمايدۇ، ئاتا - ئانىلارمۇ ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، بىز خۇشاللىق بىلەن رازىلىق بىرىشىمىز كېرەك،— ئۇ قىزىدىن نارازى بولغاندەك سۆزلىدى،— بۇ قىزنى راستچىل، ۋىجدانلىق تەربىيىلىدۇق دېسەك، ئابلاجان قىلغان ياخشىلىق-نىڭ بىرىنىمۇ بىزگە تېنىپ قويمىغىنىنى قارا. ئۇنى بىزمۇ بىلسەك، تونۇشمەتلەرگە رەھمەت ئېيتماسمىدۇق.
— ئەپەندىم، بۇنىڭدىن رەنجىمىسىلە. ھاۋاخاننى ئۇلارغا بەرمەكچى بولغانلىقلىرىدىنمۇ ئارتۇق ئادەمگەرچىلىك بولامدۇ،— دېدى گايىت ئۇستام، ئاندىن ھەببە ئاپپايغا بۇرۇلدى،— ئۆزلە نېمە دەيدىلىكىن. بالىنى ئانا تۇغىدۇ، ئاق سۈت بېرىپ باقىدۇ، تەربىيىلەيدۇ، ئۆزلەنىڭ رازىلىقى بولمىسا بولمايدۇ.

بۇ «ئۇنسۇر» ئابلاجاننىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ كەينىدىن قاسىم ئەپەندىم كەلدى. ئۇ جۈدەپ، مۈكچىيىپ قالغان، كۆزلىرى نۇرلۇق بولسىمۇ، روھى سولغۇن ئىدى. ئابلاجان ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدى ۋە ئىتتىك - ئىتتىك سۆزلەپ:

— سىلى ياندىكى تامنىڭ ئارىسىدىن ئارقىغا ئۆتسىلە، ھاۋاخان سىلىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ،— دەپلا ئۇنىڭ قولىدىن جاڭنى ئېلىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. قاسىم ئەپەندىم ئىككىلىنىپ تۇرمايلا، ئابلاجان كۆرسەتكەن يول بىلەن ئارقىغا ئۆتتى.

— ئاتا، مەن بۇ يەردە، بىز ئۆزلەنى ئۈچمە يېۋالسۇن دېگەن، ئېغىز تەگسىلە،— دەپ ھاۋاخان گەردىنىدىكى ئۈجمىنى سۇندى.

— رەھمەت قىزىم، مۇنداق ئىشنى ئەمدى قىلماڭلار. ئىشپىيون-چىلار كۆرۈپ قالسا، سىلەرنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ،— دېدى قاسىم ئەپەندىم ئۈجمىنى بىر تال - بىر تالدىن ئاغزىغا سېلىۋېتىپ.

— ئابلاجان ئاكام قورقمىغان يەردە، مەن نېمىدىن قورقاتتىم.

— قىزىم، مەن قېرىغان ئادەم، يازنىڭ مېۋىسىگە مۇشۇن-چىلىك ئېغىز تەگسەم بولدى، رەھمەت،— دەپ قىزنىڭ پېشا-نىسىگە، مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپ، ئائىلىدىكىلەرگە سالام ئېيتىش-نى تاپىلاپ خوشلاشتى. ئۈجمىنىڭ يېرىمى ئېشىپ قالدى.

قاسىم ئەپەندىم بالىلىرىغا قاتتىق تەلەپچان، سۆز - ھەرىكىتى ئەستايىدىل ئىدى. ئۇنىڭ سۆيۈپ قويۇشى ھاۋاخان ئۈچۈن چوڭ ئىنئام ۋە قىممەتلىك سوۋغىدەك بىلىندى، ھاياجانلىنىپ، خۇشال-لىقىدىن ئاغزى ئېچىلىپ تۇرۇپ قالدى. ئابلاجان ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ھاۋاخان ئاتىسىنىڭ سۆيۈشىدىن پەيدا بولغان خۇشال-لىقىدا، ئابلاجاننى قۇچاقلاپ مەڭزىگە، يۈزىگە سۆيۈپ: «مەن ئاتامنى بۈگۈن تازىمۇ خۇش قىلدىم، ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى مەنمۇ سىزگە تەقدىم قىلدىم» دېدى. ئەتراپتا ئادەم بولمىغاندىكىن ئابلاجان يەرگە قاراپ جىم تۇردى. ھاۋاخاننىڭ يۈزى قىزاردى...

ـنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالغاندەك، ھاۋاخان ئۇلارنىڭ كۈلكىسى،
يىغىسى، قايغۇسى ۋە خۇشاللىقىنىڭ سەۋەبكارىدەك، ھاۋاخان
كۈلسە ئۇلارمۇ كۈلەتتى، ھاۋاخاننىڭ قاپىقى تۈرۈلسە ئۇلارنىڭمۇ
قاپىقى تۈرۈلەتتى. ھاۋاخان ئۆيدە بولماي قالسا، ئائىلىدىكىلەرنىڭ
كۆڭلىدىن غىزا ئۆتمەيتتى، ئۇخلىيالمايتتى...

ھاۋاخان ئۆسمۈرلۈكىدىن تارتىپلا ئىشقا، خىزمەتكە ئۆزىنى
ئۇنتۇغان ھالدا بېرىلەتتى، ئىچى كۆچلۈك، يەڭگىل، تىنىمسىز
ئىدى. ئۇنىڭ كېلىشكەن، تەمكىن قەددى ـ قامىتىگە ئاشۇ
سىرلىق ئىچكى دۇنياسى پۇختا يوشۇرۇنۇپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ
ۋۇجۇدىدا توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان ئېلىشىش روھى، باشقىـ
ـلارنى بېسىپ چۈشىدىغان كۈچلۈك ئىستەك يېتىلگەن ئىدى. ئۇ
بىر يىل ئىچىدىلا ئوقۇتۇش سۈپىتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاپ،
رەھبەرلىكنىڭ نەزىرىگە چۈشتى، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ماختىشىغا ئېرىشتى. مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن
قاراپ، ۋىلايەتلىك ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش مەركىزىگە ئۈچ
ئايلىق كۇرسقا ئەۋەتتى. خۇشاللىقتىن ھاۋاخاننىڭ روھى ئۇرغۇپ
تاشتى، ئىچكى دۇنياسى يورۇق ۋە ئىللىق بولۇپ كەتتى.

تۇرمۇش سائەت ئىستېرېلكىسىدەك بىر خىل ئايلىنىپ
تۇرغان ۋاقىتلاردا، كىشىلەر ئۇنىڭ رىتىمىنى، تەرتىپىنى مەڭگۈ
بۇزۇۋەتكۈسى كەلمەيدۇ، «كۆڭۈل پۈچۈلىنىدىغان ئىشلار يۈز
بەرمىسىكەن، ئۆمۈر سۇدەك سۈزۈك ۋە تىپتىنچ ئۆتۈۋەرسىكەن»
دەپ ئارزۇ قىلىشىدۇ. لېكىن، قانداقتۇر بىر ئېھتىياج ياكى زىددىـ
ـيەت تۈپەيلىدىن تۇرمۇش رىتىمى، تەرتىپى بۇزۇلسىلا، ئۇنى
بەزىلەر ھامان قوبۇل قىلالمايدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇنى ئۆزىگە روھىي
يۈك قىلىپ ئارتىۋالىدۇ، پۈچۈلىنىدۇ، ئازابلىنىدۇ.

ھاۋاخاننىڭ ئۈچ ئايلىق كۇرسقا كېتىشى بىلەن بۇ ئائىلىدە
يۇقىرىقى ھالەتلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى. ئائىلىدىكىلەر مەكتەپـ

— مەن نېمە دەيتتىم، قىزىمىزنى تالاغا چىقىرىش بىزنىڭ قەرزىمىز. ئالدىمىزغا قىز سوراپ كەلگىنىگىزگە رەھمەت. ئۇستا- زىڭىزنىڭ نام - ئابرۇيى بار ئادەم، دوست - دۈشمەنىنىڭ ئالدىدا بېشىمىز يەرگە ساڭگىلاپ قالماي، توينى ئوبدان ئۆتكۈزۈۋالساق مىرادىمىزغا يەتكەن بولىمىز.

گايىت ئۇستام ئۇلارنىڭ ئۆز پەرزىنى ئېنىق تونۇپ، قىزنى چىرايلىق چىقىرىپ بېرىدىغانلىقىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىدى، توينى كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتكۈزۈشكە ۋەدە بېرىپ، چۈشتىن كېيىن شەھەرگە قايتىپ كەلدى.

3

شۇنداق قىلىپ، بۇ «ئەلچى» كۆپ جاپا چېكىپ يۈرمەيلا ئىككى ئائىلىنىڭ بېشىنى بىر يەرگە كەلتۈرۈپ، ئىككى ھەپتە ئىچىدە توي رەسمىيەتلىرىنى تۈگەتتى. ئۈچ كۈن كۆڭۈللۈك توي مەرىكىسى بولۇپ، ئىككىلا تەرەپ تويدىن رازى بولۇشتى. گايىت ئۇستام «ئەلچى»لىكنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ھاردۇقى چىقتى.

ئابلاجان بىلەن ھاۋاخاننىڭ تۇرمۇشى تويدىن كېيىن گويا باھار پەسلىدىكى ئويغىنىش خۇشاللىقىغا غەرق بولغان دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ، دەريا - ئېقىن، قۇرت - قوڭغۇز ۋە جانىۋار- لاردەك شاد - خۇرام، بەئەينى ھېيت كۈنلىرىدەك ئۆتتى. ھاۋاخان بۇ يېڭى ئائىلىدىكى قېيىناتا - قېينانا ۋە ئابلاجانلار ئارىسىدا كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىشى، يېمەك - ئىچمىكى، يۈرۈش - تۇرۇشى ھاۋاخاننى دەۋرىي قىلغان ھالدا بولاتتى، خۇشاللىقى ۋە كېلەچەك ئۈمىد - ئارزۇلىرى ھاۋاخانغا باغلانغان ئىدى. ئۇلار ھاۋاخان ئۈچۈن پايىپېتەك بولاتتى، ھاۋاخان ئۈچۈن ياشايتتى. ھاۋاخان گويا ھاياتلىق-

جان هاراققا بېرىلگەندىن كېيىن، بىرقانچە قېتىملىق ئولتۇرۇشتا ئۇ ئەخمەتنى هاراققا زورلىدى، ھەتتا «خوتۇنىدىن قورقىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىچمەيدۇ، خوتۇنىدىن قورقمىسا بىزگە ئۆيىدە ئولتۇرۇش قىلىپ، ئۆزىمۇ بىز بىلەن تەڭ ئىچىپ خوتۇنىدىن قورقمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىسۇن» دەپ تۇرۇۋالدى. بۇ ئولتۇرۇشتا ئەخمەت ئۆزىنىڭ خوتۇنىدىن قورقمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى، ئابلاجاننىڭ ئىشتىراك قىلىشى شەرت قىلىنغان ئىدى، بۇنى ئەلىمۇ بىلەتتى. ئۇ ئەلىگە يېلىنىشقا باشلىدى:

— جېنىم ئاغىنە، سېنىڭدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئابلاجاننى ئىزدەپ تاپالمىدىم دېگىن، مەن بۇ ئولتۇرۇشقا بارماي، بولامدۇ؟

— ياق، بولمايدۇ،— ئەلى يول قويىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئابلاجاننىڭ بىلىكىدىن تۇتتى،— مەن نېمىشقا يالغانچى بولىدىكەنمەن، سېنى بەرىبىر تاپتىمغۇ مانا، باھانە- سەۋەبلىرىڭنى قوي ئاداش.

— ۋۇي ئاداش، مېنى قويۇۋەتسەڭچۇ،— ئابلاجان قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋېلىپ يېلىندى،— زۆرۈر ئىشىم بار، بولمىسا ئىشىمنى قىلىۋېلىپ كەينىڭدىن باراي،— ئۇ ئەلىنى ئالداپ باقماقچى بولدى، ئەلى ئۇنىڭغىمۇ قويماي ئېلىپ ماڭدى.

هاراق ئۇلپەتچىلىكى، كەچلىك ئولتۇرۇشلار كۆڭۈل ئېچىشنى مەقسەت قىلىپ ئىختىيارلىق، كۆڭۈل خاھىشىنى ئىزدىسە، كۆڭۈلدىن كۆڭۈل سۇ ئىچىپ روھنى ئۇرغۇتىدۇ، ھارغىنلىقنى چىقىرىدۇ، خۇشاللىق تاجىنى كىيگۈزىدۇ. لېكىن، ئولتۇرۇش قىزىغانسېرى، گرادۇس ئۆرلىگەنسېرى، «خوش كەتتى» داۋاملىشىدۇ، رومكا سوقۇشتۇرۇش، زورلاش ئەۋج ئالىدۇ- دە، ئۇزاققا بارماي سورۇندىكىلەر ھوشىنى يوقىتىپ، مەست بولۇشقا باشلايدۇ، ئابلاجان بىرئاز ئولتۇرۇپ ئۆيگە قايتماقچى ئىدى. لېكىن، شۇتاپتا ئايالىنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنىمۇ، ئۆيگە قايتىشنىمۇ

سىنىڭ قارارىدىن نارازىلىقىنى ئىپادىلىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن هاۋاخان بولمىسا بۇ ئائىلىدە خۇشاللىق، خاتىرجەملىك هۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى، تۇرسۇنخاننىڭ ئۆي ئىشلىرىنى كۆڭۈللۈك قىلغۇسى، تاماق ئەتكۈسى كەلمىدى، ئۆزىمۇ خېلىلا جۇدەپ قالدى، ئۆيدىن سىرتقا چىقماي يېتىۋالدى. كۆڭلەرنى ساناشقا باشلىدى. توختىمەتمۇ بىر گۆش ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتتى، ئاۋازىمۇ ئۆچۈپ، پاراڭدىن قالدى. ئابلاجان خۇددى چىۋىن يېۋالغاندەك گاراڭ يۈردى، ياش تۇرۇقلۇق بىرنېمە ئېسىدە تۇرماي، قويغىنىنى ـ ئالغىنىنى بىلمەيدىغان، هۇجرىسىغا كىرگۈسى كەلمەي كوچىدا لاغايلاپ يۈرىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ ئۆلپەتداشلىرىغا ئۇچراپ قالسا، ئىچىش سورۇنلىرىغا كىرىپ ئاچ قورساق ئىچىۋېرىپ، ئاسان مەست بولىدىغان بولۇپ قالدى.

«هاۋاخاننىڭ ئوقۇشى توگەپتۇ، بۈگۈن كەچتە قايتىپ كېلىدىكەن» دېگەن خەۋەر ئائىلىدىكىلەرنى جانلاندۇرۇۋەتتى. تۇرسۇنخان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، توختىمەتچوڭنىڭ گېپى چوڭىيىشقا باشلىدى. ئابلاجان بىر كۈن ئىشقىمۇ بارماي هۇجرىسىنى تازىلاپ، كەچ پېشىنغىچە پاك ـ پاكىز قىلىۋەتتى. ئۇ هاۋاخاننى ئۆيدە باردىكىدەك كۈتۈۋالماقچى بولدى، ئارىلىقتا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەكىرمەكچى بولۇپ كوچىغا چىقىپ مال بازىرىغا كىرگەندە، ئۇنى بىرى چاقىرغاندەك قىلدى، كەينىگە بۇرۇلۇپ ساۋاقدىشى ئەلىنى كۆردى.

— ۋاي جېنىم ئاداش، بۈگۈن نەگە يوقالدىڭ، ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى. جۇر ئاداش، كەچتە كونىشەھەردىكى ئەخمەت ئولتۇرۇش قىلماقچى، سېنى چوقۇم ئېلىپ كېلىشىمنى تاپىلىغان، ماڭمامسەن، يەنە نېمە ئىككى يېنىڭغا قارايسەن.

ئەسلىدە ئابلاجانمۇ، ئەخمەتمۇ خىزمەتداشلار ئارىسىدىكى ئولتۇرۇشلارغا بارغاندا، مۇمكىن بولسىلا هاراق ئىچمەيتتى. ئابلا-

كەينىدىن ئەلنمۇ چىقتى. جاھان گۆر قاراڭغۇلۇقىغا چۆمگەن، غۇر-غۇر شامال چىقىۋاتاتتى، ئۇلار شامالنىڭ ھۇزۇرىدىن راھەتلەنگەندەك بولدى. ئىككىيلەن يولنى بىر ئېلىپ ئۇياقتا - بۇياقتا مۇدۇرۇپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ، تۇرۇپ يىغلىشىپ - تۇرۇپ كۈلۈشۈپ، خېلى بىر يەرگىچە بىللە ماڭدى. ئۇلار ئۆزىنى سىمتاناپ تۇۋرۇكىگە، يول ياقىسىدىكى دەرەخلەرگە ئۇرۇۋېلىپ، ۋايجانلاپ توپىغا مىلىنىپ ئورنىدىن تۇراتتى، يەنە يولنى داۋاملاشتۇراتتى.

— ئابلاجان، ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت، ئۆيۈڭگە قايتمىساڭ بولمايدۇ، ھاۋاخان كەلدى.

ئابلاجان ئورنىدىن تۇرالمايۋاتاتتى. ئەلى شۇنداق دېيىشى بىلەن ئابلاجانغا ئەرشتىن كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە «ھاۋاخان كەلدى» دەپ تەكرارلىغان پېتى يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئەلنىڭ نەلەردە قېپقالغانلىقىنمۇ سەزمەي مېڭىۋەردى. ئالاھازەل ئىككى سائەت مېڭىپ، شەھەرنىڭ چېتىدىكى ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ قالغاندىلاخاتا ماڭغانلىقىنى سېزىپ كەينىگە ياندى. ئۇ ھارغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ-كىچىك تەرەتلىرىمۇ قىستاپ كەتكەن ئىدى. ئۇ مەھەللىگە كىرىپلا ياندىكى بىر ئىشىكنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى غۇۋا كۆرگەندەك بولدى- دە، ئۇنى ئامبۇي ھاجەتخانا دەپ پەرەز قىلىپ، ئىتتىك كىلىپ ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىغا يۆتلىشىپ، ئالدىغا يىقىلدى. مەستلىك بىلەن ئاغرىق قوشۇلۇپ ئۇنىڭ مادارىنى كەتكۈزدى، ھوشىدىن كەتتى...

ھاۋاخان ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيلەش كۇرسىنى تۈگىتىپ، چۈشتىن كېيىنكى ئاپتوبۇس بىلەن قايتىپ كەلدى. قاتناش بېكىتىدە ئۇنى توختىمەت بىلەن تۇرسۇنخان كۈتۈۋالدى. ئۇ ياشقا چوڭ، ھۆرمەتكە سازاۋەر قېيناتا - قېيىنانىلىرىنىڭ كۈتۈۋېلىشقا چىققانلىقىدىن تولىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى، كۆزلىرىدىن

ئۇنتۇدى. ئەلى ئاستا كېلىپ ئۇنى نوقۇدى:
— ئابلاجان، مەست بولمىغانسەن ـ ھە، بۇگۈن ئايالىڭنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇمىغىن، كېتەلمەي قالمىغىن يەنە.
ئابلاجان ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىۋاتقان ھېقىقىتىن سىلكىنىپ، خۇددى چۈشتىن ئويغانغاندەك، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى. كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ مۈرىسىدىن بېسىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ـ دە:
— ئابلاجانوي، خوتۇنىڭدىن قورقۇپ كېتىۋاتامسەن، قورقمىساڭ ئالدىڭدىكىنى ئىچىۋەت،— دەپ چالۋاقىدى.
— ھەي خالايىق،— ئابلاجان قايتا ئولتۇرۇپ رومكىنى قولىغا ئېلىپ بېشىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈۋېلىپ ۋارقىرىدى،— ئۇقۇپ قېلىڭلار جۇمۇ،— ئۇنىڭ گېپى ئاغزىدىن چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى،— پېقىر گەنجىنىڭ ئوغۇل بالا، خوتۇنىدىن قورقمايدۇ، ھۇررا، ئىچتۇق،— ئۇ رومكىدىكىنى ئاغزىغا تۆكتى، بىر قىسمى كېكىردىكىگە ئۆتكەندەك قىلدى، بىر قىسمى كالپۇكىدىن ئېقىپ كىيىملىرىگە چۈشۈپ سىڭىپ كەتتى.
ئەخمەتجان ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئابلاجانغا «سەنمۇ بىزگە ئوخشاش ئولتۇرۇش بېرەلەمسەن، چىلاشقۇدەك ئىچەلەمسەن» دەپ ئۇنىڭ يىغىرىنى تاتىلىدى، باشقىلار تۈز سېپىپ ئىچىشتۇردى. ئابلاجان ئۆزىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاندى: «خوتۇنۇم سىزنىقىمدىن چىقمايدۇ» دەپ پو ئېتىپلا قالماي، ھەيۋەتلىك ۋەدىلەرنى بېرىۋەتتى. لېكىن، دوستلىرىنىڭ دىگەن گەپلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپلەر بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ كۆڭلى ئازار يېدى. بۇ، ئۇنىڭ مەستلىكىنى كۈچەيتىۋەتتى.
ئولتۇرۇش كېچە سائەت ئىككىدىن ئاشقاندا ئاخىرلاشتى، بۇ ۋاقىتتا بەزىلەر مەست بولۇپ ئورنىدىلا چۆكۈپ قالغان، بەزىلەر جىمجىملا ئۆزىنى يانغا ئالغان ئىدى. ئابلاجان كىملەرنىدۇر دەسسەپ، مۈدۈرۈپ ـ يىقىلىپ يۈرۈپ سىرتقا چىقتى، ئۇنىڭ

ھۇجرىسىغا كىردى- دە، پەرىشان كۆڭلى يورۇپ كەتتى، ھۇجرا ئۆزى باردىكىدەك پاك - پاكىز، ھەممە نەرسىلەر رەتلىك، ئۆيدىكى ئېلېكتىر سايمانلىرى، قاچا - قۇچىلار پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ پەردىنى قايرىۋەتتى. ئۆيگە يورۇقلۇق بېرىپ چۇشكەن قۇياشنىڭ ئولتۇرۇش ئالدىدىكى نۇرى ھۇجرىنى خۇددى ئۇياتچان قىزنىڭ يۈزىدەك قىزىللىققا پۈركىگەن ئىدى، قىزىل نۇرلار ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ تومۇر - تومۇرلىرىدا ئۇرغۇماقتا ئىدى. قىزىل شەپەق ۋە ئەتىرگۈلنىڭ خۇش ھىدى ئۇنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سېلىۋەتتى. شۇ تاپتا ھۇجرىدا ئۇنىڭ ئېرى بولمىسىمۇ، ئۆينى ئۆزى باردىكىدەك تۇتۇشىدىن ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇمىغانلىقى، مۇھەببىتى سوۋۇمىغانلىقىنى كۆرگەنىدەك، كۆڭلى قانائەت ھاسىل قىلدى. «كېرەك يوق،— دەيتتى ئۇچىندە،— ئۇ مېنى تېخىمۇ خۇش قىلماقچى بولۇپ ئالدىراپ يۈرىدۇ، ئۇ ھازىرلا كېلىدۇ...»

ھاۋاخاننىڭ ئابلاجانغا ئاتاپ ئەكەلگەن سوۋغاتلىرى بار ئىدى، ئۇنى ئۇچ ئايدىن بۇيان يىغلىپ قالغان سۆيگۈ تەشنالىقى، سېغىنىش تىلەكلىرى بىلەن قوشۇپ تەقدىم قىلىش ئۇچۇن ئابلا- جاننىڭ كېلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتتى، ۋاقىت ئۆتمەكتە، گۇگۇمدىن كېيىن جاھانغا قاراڭغۇلۇق يېپىلدى، تۈن قاراڭغۇ- سىمۇ باشلاندى، سىرتتا ھېچقانداق شەپە يوق، ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان سالقىن شاماللار نەدىدۇر ئۇخلاپ قالغاندەك، شەھەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭلۇق شاۋقۇنلىرىمۇ توختاپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. ئاھ، نېمىدېگەن جىمجىت، نېمىدېگەن زېرىكىشلىك- ھە. زېرىكىش ھاۋاخاننىڭ يۈرىكىنى قاماللايتتى، گۆرىستان جىمجىتلىقى ئۇنىڭ قەلبىگە ۋەھىمە سالاتتى. ئۇ جىمجىتلىقنىڭمۇ قورقۇنچلۇق بولىدىغانلىقىنى، ئۇزاققا سوزۇلغان جىمجىتلىقنىڭ يەنىمۇ بەكرەك ۋەھىملىك بولىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس

خۇشاللىق يېشىنى ئاقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. خۇشاللىق ۋە ھاياجاندىن ھاۋاخاننىڭ بولاقتەك كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ پال - پال چاقنايتتى، ئاقىرىپ، سەمرىپ قالغان يۈزى پارقىراپ كەتكەن ئىدى. قېيناتا مەستلىكى كېلىپ كېلىنىگە ياندىن بىرھازا قاراپ تۇرۇپ، قولىدىكى سومكىنى ئۇنىڭ ئۆنىمغىنىغا قويماي كۆتۈرۈۋالدى.

— رەنجىمەسسىز قىزىم، ئابلاجان ئالدىڭىزغا چىقالمىدى، — توختىمەت كېلىنى ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك، بېشىنى كۆتۈرمەي سۆزلەيتتى.

— ئۇ يېرىم سائەت بۇرۇنلا بار ئىدى، يەر يۇتۇپ كەتتىمـ ـكىن، غايىب بولدى، — دېدى تۇرسۇنخانمۇ قاتناش بېكىتىدىن چىقىۋېتىپ.

— ئاتا، ئانا، بىئارام بولۇشمىسىلا. ئۇ نەگە باراتتى، بەلكىم بىرەر ئىشى چىقىپ قالغاندۇ. سىلەرمۇ ئاۋارە بوپسىلەر، مەن خىجىل بولۇپ كېتىۋاتىمەن. ئەكەلسىلە ئاتا، سومكىنى ئۆزۈم كۆتۈرەي.

ھاۋاخان توختىمەتنىڭ ئۇنىمغىنىغا قويماي سومكىنى كۆتۈرۈۋالدى. قېيناتا - قېينانىلىرى بىلەن مۇڭداشقاچ چوڭ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. تۇرسۇنخان كېلىنىگە ئاتاپ چۆچۈرە تۈگۈپ قويغان ئىدى، ئۇنى ئاشكۆكى بىلەن پىشۇرۇپ بەردى. ھاۋاخان قېينانىسىنىڭ مەززىلىك تاماقنى سېغىنغان ئىدى، ئۈچەيلەن خۇشال - خۇرام ئولتۇرۇپ چۆچۈرىنى تويغۇچە ئىچتى. قۇياش قورۇق تاغنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشقا كۆزى قىيماي تارتىشىپ تۇرۇۋاتقاندا، ھاۋاخان ئۈچ ئايدىن بۇيان ئايرىلىپ كەتكەن ھۇجرىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىشىكنىڭ ئېتىكلىك تۇرغانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى. ئۇ ئىشىككە بىرھازا قاراپ تۇرۇپ، يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ قۇلۇپنى ئاچتى. ئۇ مۇبارەك

ـنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ، ۋۇجۇدى تىترەپ، ھوشىدىن كېتىۋات-
ـقاندەك ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدى.
— مۇئەللىم تېز بولسىلا، جامائەت مەسچىتكە چىقىشتىن
بۇرۇن ئابلاجان ئاكامنى ئەكېلىۋالمىساق بولمىغۇدەك.
ھاۋاخان تېزلا ئەكسىگە كەلدى، ئەركىن دېگەن سۆزلەرنى
غۇۋا ئاڭلىدى، ئۇ ھوشىنى يىغىپ:
— ئۇقتۇم ئۇكام، مېنى باشلاپ بارغىن،— ھاۋاخان ئەركىن
بىلەن تەڭلا ئۆيدىن چىقتى. «بۇ نېمە ئىشتۇ، ئۇ نېمە ئۈچۈن
شۇنداق مەست بولۇپ كەتكەندۇ؟ ئۇ ئابلاجان ئەمەستۇ، ياق،
ئاق ساقال ئادەم يالغان ئېيتمايدۇ، ئەمسە...»
ھاۋاخان يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ئويلايتتى، سەسكىنەتتى،
يىرگىنەتتى، لېكىن نومۇس قىلمايتتى، يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.
ھاۋاخان ئاخشامقى پېتى چىرايلىق كىيىنگەن ئىدى، مەسچىتنىڭ
ئالدىغىمۇ تويغا بارىدىغاندەك يېتىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا مەسچىت
ئالدىغا 50— 60 جامائەت يىغىلىپ، مەست ياتقان كىشىنى ئاغىز-
ـغا كەلگىنىچە تىللاپ ـ ھاقارەتلەپ نەپرەت ئوقۇۋاتاتتى.
— بۇ ھاراقكەش ئولتۇرىدىغان يەر تاپالمىغاندەك، ئىمان
كەلتۈرىدىغان مەسچىتىمىزنى بۇلغاپتۇ...
— ئۇنىڭ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتەمەي بولمايدۇ، 60 دەررە
ئۇرۇش كېرەك.
— چالما ـ كېسەك قىلايلى.
— جەرىمانە تۆلىسۇن! كادىرمىش تېخى.
— ئىمانىمىزنى بۇلغاپ، بىر ۋاخلىق نامىزىمىزدىن قويىد-
ـغان بولدى. بۇ زادى كىمكەن، بىرەيلەن قاراپ باقايلىچۇ.
— قانۇن جازالاپ بەرسۇن، چېقىلماڭلار.
جامائەت ھەر خىل سۆزلەيتتى، ھەممىسىلا غەزەپلەنمەكتە،
ھەممىسىلا نىجاسەتكە يېقىن يولىمايتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا

قىلىۋاتاتتى، دۇنيادىكى قورقۇنچلۇق نەرسىلەر، ئىشلار ئاز ئەمەس
شۇ تاپتا ھاۋاخان زارىقىپ كەتكەن تەشنالىقىغا لايىق سۆيگۈگ
ئېرىشەلمەسلىكتىن پەيدا بولغان قورقۇنچتىن دەھشەتلىك
نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى ئازاب بىلەن ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ
كارىۋاتتا يېتىپ باقتى، ئولتۇرۇپ باقتى، ئابلاجاننى كۈتتى،
جىمجىت يېتىپ كۈتتى، شېرىن خىياللارنى سۈردى...
— تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى، تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۇششاق يامغۇر
يېغىپ تۇراتتى، بوشلۇقتا بۇلۇتلار قايىنىمى ئۆرۈپ يۈرەتتى. بۇ،
ھاۋا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان چاغلار ئىدى. ھېلى ئاسماننى ئاپئاق
ماموق بۇلۇتلار قاپلىسا، ھېلى بۇلۇتلار بىرنەچچە يېرىدىن بىردىنلا
تارىلاتتى- دە، تەرەپ - تەرەپكە سۈزۈلگەن بولۇتلار ئارىسىدىن
غۇبارسىز، يېقىملىق، گۈزەل كۆزلەردەك كۆكۈش ئاسمان ئېچىلات-
تتى. ھۇجرىغا غۇۋا يورۇقلۇق چۈشتى، يامغۇرنىڭ بىر خىلدا
سىلىق چۈشۈشى بىلەن غۇۋا يورۇقلۇق ھاۋاخاننىڭ بىھوشلانغان
قەلبىگە ئۈمىد ئوتلىرىنى تۇتاشتۇرغاندەك بولدى. ئۇنىڭ
سەزگۈرلەشكەن كۆڭلى قانداقتۇر بىر شەپىنى سەزگەندەك، خۇما
كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ بېشىنى ياستۇقتىن قىيا كۆتۈردى،
تۇيۇقسىز ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلدى. ئۇ ئاجايىپ بىر ھېسسىياتنىڭ
كۈچى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇرغۇچىنىڭ كىملىكىنىمۇ
سورىماي ئىشىكنى ئاچتى.
— سالام، ھاۋاخان مۇئەللىم،— كۈتمىگەن ۋاقىتتا، ئىشىك-
نىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئەركىن تۇراتتى، ئۇ پىلموت
ئوقىدەك تېز - تېز سۆزلەيتتى،— دادام ئۆستەڭبويى مەسچىتى-
نىڭ مەزىنى ئىدى. ئۇ بايام ئەزان تووۋلىغىلى مەسچىتكە چىقسا،
بوسۇغىدا بىر مەست ئۆزىنىڭ پوق - سۈيدۈكىگە مىلىنىپ
ياتقۇدەك، چىرايىدىن مەلۇم بولۇشىچە ئۇ ئابلاجان...
— ئاھ!— خۇددى بېشىدىن مۇزدەك سۇ قۇيغاندەك ھاۋاخان-

ئەمدىلىكتە غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى، قۇياشمۇ ئۇپۇقنى يېرىپ چىقتى، لېكىن ئۇنىڭ كۈچلۈك نۇرى بىلەن ھاۋاخاننىڭ ئۆتكۈر تىنىقلىرى قوشۇلۇپ ھوشىغا كەلگەن ئابلاجاننىڭ كۆزىنى ئاچتۇرمىدى، بېشىنى كۆتۈرتمىدى. ئۇ نومۇستىن، ئىزا - ئاھانەتتىن ئۆلۈم ئازابىنى تارتىۋاتاتتى...

ھاۋاخان، ئابلاجاننىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، يۇيۇندۇردى، ناشتىلىق بەردى. مەسچىتنىڭ ئىمام، مەزىنلىرىگە ناماقۇل بولۇپ ئالدىدىن ئۆتتى، مەسچىتنى تازىلىۋېلىش ئۈچۈن 100 يۈەن بېرىپ قۇتۇلدى. ئابلاجان ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن، بىرقانچە كۈن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. ھاۋاخان رەنجىپ، سوقۇشۇپ يۈرەمدىكىن دەپ قورققان ئىدى، لېكىن ھاۋاخان نومۇسنى ئىچىگە يۇتۇپ ئابلاجانغا ئارتۇقچە تاپا - تەنە قىلمىدى. بۇ ئائىلىدىكى كۆڭۈللۈك، شاد - خۇرام مۇناسىۋەتكە دەخلى يەتمىدى. بۇنىڭدىن قېيناتا - قېينانىسى قەۋەتلا خۇش بولدى.

ئابلاجان ھاراق ئىچىشنى تاشلىدى. ئۇنىڭ ھاۋاخانغا بولغان ئامراقلىقى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ، يېڭى ئۆي خۇشاللىقىنىڭ ھۇزۇرىنى سۈردى.



ھاۋاخان جامائەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يېرىپ ئۆتۈپ، مەسچىتنىڭ بوسۇغىسى ئىچىدە قۇسۇققا مىلىنىپ، خورەك تارتىپ ئۇخلا-ۋاتقان ئابلاجاننى چالا - بۇلا ئۇيغىتىپ يۆلەپ قوپۇردى. دە، ئوقۇغۇچىسى ئەركىن يېتىلەپ كەلگەن ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ ماڭدى. ئابلاجان يەنىلا ئەس - ھوشىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ تېنى، كىيىم - كېچەكلىرىدىكى پاسكىنچىلىق ھاۋاخان-نىڭ تېنىنى، كىيىم - كېچەكلىرىنىمۇ بۇلغىۋەتتى، بۇنىڭغا ئۇ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپمۇ قويمىدى. ھاۋاخان توختىماي كوتۇلداپ تىللاۋاتقان جامائەتكە يۈزلەندى ۋە تەمكىنلىك بىلەن:

— جامائەت، بۇ كىشى مېنىڭ ئېرىم ئابلاجان بولىدۇ. ئۇ تولىمۇ سەت ئىش قىپتۇ، مەن ئۇنىڭ ئورنىدا ھەربىرلىرىگە ناماقۇل، قىلمىشىمىزنى بويىنىمىزغا ئالىمىز، ھازىر ئېرىمنى ئۆيگە ئەكېتىپ تازىلىقىنى قىلىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىشقايلا.

ھېچكىم ھېچ نەرسە دېيەلمىدى. ھاۋاخاننىڭ سەممىي، ھۆرمەت تۇيغۇسىغا يۇغۇرۇلغان سۆزى كىشىلەرنىڭ ئاغزىنى يۇمدۇردى. شۇنداقلا ئېرىنىڭ رەسۋاچىلىقلىرىدىن نومۇس قىلماي، خەقتىن قورۇنماي مەسچىتكە كەلگەن بۇ جۈرئەتلىك، غەيرەتلىك ئايالغا ئىچىدە ئاپىرىن ئوقۇشتى. تەگرى بۇلغانغان، سېسىپ، بەتبۇي پۇراق تارقىتىۋاتقان ئىنسانىنى قۇياش كۆتۈ-رۈلۈشتىن بۇرۇن تازىلىۋەتمەكچى بولغاندەك، بىردىنلا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلىپ، شارىلداپ يامغۇر يېغىپ كەتتى. ئابلاجاننىڭ تېنىدىن، كىيىم - كېچەكلىرىدىن ئاجراپ يامغۇر سۈيى بىلەن چۈشكەن نىجاسەت يۇندىلىرى يولغا تولۇپ ئېقىۋاتقان يامغۇر سۈيىگە قوشۇلۇپ كەتتى...

بىردىنلا يامغۇر توختىدى، ئاسمان سۈزۈلۈپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا ھاۋاخان خالتا كوچىلاردىن ئۆتۈپ، پاتقاق يوللارنى بېسىپ ھۇجرىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەن ئىدى، ئابلاجانمۇ

ـۋالسمۇ، گويا گۆشنى قاسساپ ھەدىيە قىلىپ بېرىۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا تەشەككۇر ئېيتىشاتتى. ئەنە، دۇكاننىڭ ئالدىدىكى چوڭ يولدا قارا رەڭلىك پىكاپ توختىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن شەھەر باشلىقى خالىق چىقىپ، گۆش دۇكىنىغا قاراپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭمۇ بورداق قوينىڭ گۆشى بىلەن يېڭى چىققان كۆدىدە مانتا ئەتكۈزۈپ يېگۈسى كەپتۇ- دە.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، گايىت ئۇستام، بەرىكەتلىك قولىرى تالىمىسۇن، ئەزىز تەنلىرى سالامەت تۇرغاندۇ،— ئۇ قاسساپتىن ھال سورىغان پېتى دۇكانغا كىرىپ كەلدى.

قارىماسىلەر، چىللاپ كەلتۈرگىلى بولمايدىغان شەھەر باشلىقىمۇ قاسساپنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىلىنى ئېگىپ، تاتلىق گەپلەرنى قىلىپ سالام بېرىۋاتقان. بۇ، «مىڭ يىلدا بىر ئېشەك ئويۇنى» دېگەندەك، قاسساپ قانداقمۇ ھاياجانلانماي تۇرالىسۇن. بۇ، گايىت ئۇستامغا كەلگەن ئامەت ھەم پۇرسەت. «ئېگىلگەنگە تەزىم ئەت» دەپتىكەن. ئۇ شەھەر باشلىقىغا خۇشامەت قىلىشقا تەييارلىنىپ، سىرتتىكى خېرىدارلارنى ئۇنتۇدى ۋە ئىشنى توختىتىپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام شەھەر باشلىقى، دۇكىنىمىزغا قەدەملىرى يەتكىنىگە رەھمەت، دۆلەتلىرىنىڭ سايىسىدا باياشاتلىق بولۇۋاتىدۇ. ماڭغان يوللىرى گۈل بولسۇن، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن،— دېدى قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ.

— ئۇستام، شۇ تاپتا يېزىغا ماڭىدىم،— شەھەر باشلىقى سۆزلەۋېتىپ يانچۇقىدىن 50 يۈەنلىك پۇلنى چىقاردى- دە، گايىت ئۇستامغا سۇندى،— كەچتە بىرئاز گۆش لازىم بولىدىغاندەك قىلىدۇ. ماۋۇ پۇلنى تاشلاپ قوياي، بىرئازدىن كېيىن ئۆيدىكىلەردىن بىرسى كېلىپ...

— ياقەي، نېمە دېگەنلىرى بۇ، ھېچكىم كەلمىسۇن،— دېدى

# ئۈچىنچى باب

## 1

گايىت ئۇستام ئۆز كەسپىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. بازارنىڭ مەركىزىي كوچىسىغا جايلاشقان 8 كۋادرات مېتىرلىق دۇكىنىغا كىرسىلا، خۇددى شاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ شانۇ-شەۋكىتى ۋە ھۆكۈمرانلىقىنى نامايان قىلىۋاتقان پادىشاھدەك ھۇزۇرلىنىپ كېتەتتى. گۆش پارچىلايدىغان ئەمبەل، دۆشە ئۇنىڭ تەخت - راۋىقى، ئايپالتا بىلەن ئۆتكۈر پىچاق بولسا سەلتەنەتلىك قورالىدەك بىلىنەتتى.

لىللا گەپ قىلغاندا، ئۇ جىگدا ھارام يېمىدى. لېكىن، «ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت» دەپتىكەن، بەزىدە نەپ بەرگەنگە ئۇمۇ نەپ بەردى، قالغىنىنى پىچىقىنىڭ ئىنساپىغا قويدى. ئۇ دۇكانغا كىرىپ قاسساپلىق پىچىقىنى ئالسىلا ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم بولۇپ كېتەتتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر، شەھەر ئاھالىسى، ھەتتا سالاپەتلىك زىيالىي، ساھىبجامال خېنىملارمۇ ئۇنىڭ دۇكىنى ئالدىغا كەلمەي قالمايتتى. بۇ كىشىلەر ئۇنىڭ ئانچە ئىسكەتى بولمىغىنىغا قارىماي، مۇلايىم چىراي ئېچىپ، تەلمۈرۈپ قارىغان ۋاقىتتا، ئۇ قاسساپ بولۇپ قالغانلىقىنىڭ پەيزىنى سۈرەتتى. بۇ، «خۇدا بەرسە پەيغەمبەر غىڭ قىلالمايتۇ» دېگەندەك بىر ئىش ئىدى.

مانا بۈگۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ دۇكىنىغا بوردالغان قوينىڭ گۆشى سېلىندى. بۇ گۆشنى خېرىدارلار يېنىدىن پۇل تۆلەپ سېتىـ

خىجىللىق ئىچىدە قېلىپ، قاققان قوزۇقتەك ئورنىدىلا تۇرۇپ قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىغا نەزىمە چىقىۋاتاتتى.

نەزىمە 45 ياشلارغا كىرگەن، ياشلىقىدىكى چىرايلىق، گۈزەللىكى ئۆچمىگەن، سېمىزمۇ - ئورۇقمۇ ئەمەس، قەددى - قامىتى كېلىشكەن، ئوتتۇرا بويلۇق، قاپقارا كۆزلىرى چاقناپ، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان ئايال ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن يەتكۈدەك كىبىرمۇ - مۇلايىم ۋە كەمتەرلىكمۇ تېپىلاتتى، تىلىدىن زەھەرمۇ - ناۋاتمۇ تاماتتى. چىرايىدىن گاھ قەھر - غەزەپ ياغسا، گېزى كەلگەندە خۇشخۇيلۇق، مېھىر - شەپقەتمۇ ئېشىپ - تېشىپ تۇراتتى. گايىت ئۇستام نەزىمە ھەققىدىكى سۆز - چۆچەكلەرنى ئاڭلىغان، ئۆزىمۇ مۇئامىلە قىلىپ باققان ئىدى. ئۇ بايا شەھەر باشلىقىنىڭ ئالدىدا قۇللۇق بىلدۈرۈش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، نەزىمە ئۇنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان ئىدى. نەزىمە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشىنى ئويلاپ يەتكەن بولسا، ھەرگىزمۇ بۇ ھويلىغا كەلمىگەن بولاتتى. چۈنكى، نەزىمە گۆش ئالغىلى كەلگەن كۈنى ئۇنى ئاسانلىقچە رازى قىلالمايتتى، ئىززەت- ھۆرمىتىنى قىلىپ بەرگەن گۆشى نەزىمەگە يارىمايتتى. مەسىلەن، بۇلتۇر «8- مارت» ھارپىسىدا ئۇ گۆش ئالغىلى كەلدى. گۆش ئېلىش ئۈچۈن ئۆچىرەتتە تۇرغان كىشىلەر كۆپ ئىدى.

نەزىمەنىڭ مىجەز- خۇلقىنى بىلىپ تۇرغان بىلەنمۇ ئادەم دېگەندە قۇلچىلىق، خۇشامەتگۈيلۇق بولىدىكەن، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئۆزىنى باشقىلارنىڭ بېقىندىسى، باشلىقلىقى ئاستىغا قويۇۋالىدىكەن. گايىت ئۇستام شەھەر باشلىقىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئۇنىڭغا بوي سۇنۇشى ھەقلىق، لېكىن شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالىغا ئۆچىرەتتە تۇرغانلارغا قىلغاندەك مۇئامىلە قىلسا بولۇۋېرەتتى. گايىت ئۇستام يەنىلا شەھەر باشلىقىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، نەزىمەنى دۇكىنىغا چاقىرىپ،

گايىت ئۇستام ئالدىراپ ـ تېنەپ،ــ ئۆيلىرىگە ئۆزۈملا يەتكۈزۈپ بېرىمەن، خىزمەتلىرىگە خاتىرجەم ماڭسىلا.

گايىت ئۇستام «ھەممىلا ئادەم گۆشكە ئېھتىياجى چۈشۈپ ئالدىمغا كېلىدۇ» دەپ ماختانغىنى بىلەن شەھەر باشلىقىنىڭ خىزمىتىگە داخىل بولۇش ئاسان ئەمەستە. مۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بېرىۋېتىشكە بولمايتتى، دۇكاننىڭ ئالدىدا نۇرغۇن خېرىدار ئۇلارغا قارىشىپ تۇراتتى. شەھەر باشلىقى خۇرسەن بولۇپ، چىرايىدىن كەمتەرلىكنى ئىپادىلەپ:

— ئۇنداقتا سىلىنى ئاۋارە قىلغۇدەكمەن،ــ دېدى ـ دە، دۇكاندىن چىقىپ كەتتى.

گايىت ئۇستام ھاياجانلىنىپ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. شەھەر باشلىقى پىكاپىغا ئولتۇرۇپ بولغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا روھى قاچقان ئەرۋاھلاردەك قاراپ قالغان ئىدى.

— ئۇستام، شەھەر باشلىقى كەتتى، ئەمدى بىز بىچارىلەرگە نەزەر ئاغدۇرسىلا،ــ دەپ كولدى خېرىدارلاردىن بىرسى.

باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كولكە كۆتۈرۈلگەندىلا، گايىت ئۇستام ھوشىغا كېلىپ خېرىدارلىرىغا مۇلازىمەت قىلىشقا باشلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كەيپى چاغ بولۇپ، پىچاق تۇتقان قولى كۈچكە تولغان ئىدى. گۆش جىگىلىغان ۋاقىتىدىكى ھەرىكەتلىرىمۇ چاققانلىشىپ كەتتى. دۇكانغا ئەتىگەن كەلتۈرۈلگەن بىر تونىنا گۆش سائەت 11گە قالمايلا تۈگەي دەپ قالدى. گايىت ئۇستام شەھەر باشلىقىنىڭ پۇلىغا تۇشلۇق گۆشنى تاللاپ جىگىلىۋالدى-دە، قالغان گۆشنى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا سېتىپ تۈگەتتى.

گايىت ئۇستام گۆشنى ۋېلسىپىتنىڭ ئارقىسىغا تېڭىپ شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، دەل سائەت 12 بولغان ئىدى. ئۇ قوش قاناتلىق ئىشىكنى ئېچىپ ھويلىغا كىرىپلا گويا بېقىنىغا يەل تۇرۇپ ماڭالماي قىلىۋاتقاندەك ئۇڭايسىزلىنىش،

ئۇنىڭغا بېرىۋەتتى.

قاسساپ نەزىمە تەلەپ قىلغان يەردىن 3 كىلوگرام جىڭلاپ بەردى. بۇ ئەلۋەتتە ئاۋۋالقى گۆشكە يەتمەيتتى. ئۇ گۆشنى تۇتۇپ كۆرۈپلا: «ھەي قاسساپ، مېنىڭ كىملىكىمنى تونۇيدىغانسىز-ھە، بىزنى لايىقىدا رازى قىلىپ يولغا سېلىشنى بىلىڭ، خىجىل بولماي ماڭا مۇشۇنداقمۇ گۆشنى بېرەمسىز؟» دەپ غوۋغا كۆتۈردى. گايىت ئۇستام نەزىمەنى چوڭ كۆرۈپ ئۆچىرەتتە تۇرغۇزمىغان، گۆشنىڭ ياخشى يېرىنى بەرگەن ۋە ئۇنىڭ دېگىنىنى رايىش بالىدەك بەجا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ قانائەت قىلماي، قاسساپنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى. گايىت ئۇستام ئۆچىرەتتە تۇرغان شۇنچە كۆپ خېرىدار ئالدىدا خىجىل بولۇپ، گويا ھاۋا بۇزۇلۇپ سوغۇق ئېقىمغا دۇچ كەلگەندەك سەسكىنىپ كەتتى- دە، ھۆرمەت، ھايا دېگەنلەرنى بىر ياققا قايرىۋېتىپ، نەزىمەگە بۇركۈتتەك قادىلىپ، ئاغزىنى قويۇۋەتتى: «ماگاۋوي، مەن سېنىڭ سىزىقىڭدىن چىقمايدىغان چاكىرىڭمىدىم؟! شۇنچىلىك ھۆرمىتىڭنى قىلدىم، بىلمىدىڭ. سەنمۇ بىلىپ قوي، يولدىشىڭ شەھەر باشلىقى بولۇشتىن بۇرۇنلا مەن قاسساپ ئىدىم، مېنى ئۇ قاسساپ قىلىپ قويغىنى يوق. ئالساڭ گۆش شۇ، ئالمىساڭ دۇكاندىن چىق» دېدى.

قاسساپنىڭ نەزىمەگە قارىتىپ ئېيتقان ئاچچىق سۆزلىرى سىرتتا ئۆچىرەتتە تۇرغانلارنىمۇ ئاپتاپتا قالغان سازاڭدەك سەكرىتىۋەتتى. ئۇلار تۇشمۇتۇشتىن زەھەرلىك سۆزلەرنى ياغدۇردى. نەزىمەنىڭ چىرايى تامدەك تاتاردى، ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترەپ كەتتى- دە: «بۇ جاھان ئۇزاق جاھان، رىزقىمىز بولسا يەنە قايسىبىر تار كوچىدا ئۇچرىشارمىز» دەپ گايىت ئۇستامغا ئالىيىپ قويۇپ، دۇكاندىن چىقىپ كەتتى. ئاشۇ كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەندىن كېيىن، نەزىمە قايتا ئۇنىڭ دۇكىنىغا گۆش ئالغىلى كەلمىدى، كوچىدىمۇ ئۇچرىشىپ قالمىدى، گايىت ئۇستام بۇ

قانچىلىك گۆش ئالىدىغانلىقىنى سورىدى.

— 3 كىلوگىرام ئالاي، قېرى قوينىڭ، ئۆچكىنىڭ گۆ
بولمىسۇن،— نەزىمە كىشىنىڭ چىشىغا تېگىپ، سېتىلىۋاتـ
قوينىڭ گۆشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئارتۇقچە ئەسكەرتـ
بېرىۋاتاتتى. قاسساپ پىچىقىنى شارت - شۇرتلا بىلىۋېلىپ:

— سىلى خاتىرجەم بولسىلا،— دېدى ۋە قوينىڭ ئارقا پـ
تەرەپتىن كېسىپ، بىرئاز ئۇستىخان بىلەن لوق گۆش جىگلـ
بەردى.

— ئۇستام، خىجىل بولماي ماڭا مۇشۇنداق گۆشنى بېرەمسـ
ساپلا ياغقۇ بۇ،— دېدى نەزىمە گۆشنى قولىغا ئېلىپ ئۇياقتىن
بۇياققا ئۆرۈپ، بىرھازا مىجىقلاپ تۇرۇپ.

گايىت ئۇستامنىڭ ئەرۋاھى يەتتە گەز ئۇچتى، باشقا بىرسى
باشقا ۋاقىت بولسىدى، ئۇنى دۇكاندىن ھەيدەپ چىقىرىپ
زەھەر تېمىپ تۇرغان سۆز ئوقلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن ئېتىپ
بېشىنى كۆتۈرەلمەس قىلىۋەتكەن بولاتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى
ئاران بېسىپ تۇرۇپ:

— مەن سېتىۋاتقان گۆشتە ئۇستىخانمۇ - مايمۇ بار، ماينى
گۆشتىن شىلىۋەتسەك بولمايدۇ- دە، جىگلاپ بەرگىنىمنى ئالسىل
زىيان تارتمايلا،— دېدى چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈشكە تىرىشىپ.

نەزىمە كىشىلەر ئالدىدا گايىت ئۇستامنىڭ قىسىلىپ
قېلىۋاتقىنىغا قارىماي:

— ئالماشتۇرۇپ بېرىڭ، بەل گۆشىدىن بولسۇن، ئۆيگـ
يۇقىرىدىن مېھمان كەلگەن، پولۇنىڭ ئۇستىگە باسىمەن،—
دېۋىدى، ئىشچى سىياقىدىكى ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى قولىنى
سۇنۇپ: «ئۇستام، خەق ياراتمىغان بۇ گۆشنى مەن ئالاي»
دېدى. مۇنداق ياخشى گۆشنى بېرىشكە قاسساپنىڭ كۆڭلى
ئۇنىمىسىمۇ، جېدەل چىقىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ

قويغان ئۇسسۇزلۇقنى ئۇتلاۋېتىپ بېشىنى قارشى تەرەپتىكى تامغا قاراتتى- دە، ئۇنىڭ كۆزى رامكىغا ئېلىنىپ تامغا ئېسىپ قويغان سۈرەتكە چۈشتى. بۇ سۈرەت شۇنداق ئۇچۇق، ھەيۋەتلىك، جەلپ قىلارلىق ئىدى. سۈرەتتىكى بىر كېلىشكەن يىگىت بولۇپ، چىرايى قاسساپقا تونۇشتەكلا بىلىنىدى- دە، بىر خىل قىزىقىش بىلەن سۈرەتنىڭ ئالدىغا كەلدى. سۈرەتتىكى يىگىت كىيىۋالغان ھەربىي فورما ئۇنىڭغا تولىمۇ ياراشقان، ئۇنىڭ قامەتلىك، باتۇرلۇقىنى نامايان قىلغان، مەيدىسىدىكى مېدال، ئوردېنلار ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنىڭ گۇۋاھچىسىدەك چاقناپ تۇراتتى.

— گايىت ئۇستام، بۇ سۈرەتتىكى ئادەمنى تونۇمسىز؟— دېدى نەزىمە قاسساپنىڭ يېنىغا كېلىپ،— ئۇ مېنىڭ ئاكام زۇنۇن. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا تۇرپان پارتىزانلىرى تەركىبىدە ئېلىخوغا ئۆتۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي قوشۇنىدا جەڭ قىلغان.

— ھە، ئەمدى تونۇدۇم، زۇنۇن كانتۇ[1] نى،— دېدى قاسساپ. ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ ئۆيۈلۈپ كەتتى ۋە تېزلا گېپىنى ئۇلاپ،— زۇنۇن ئاكامنى 1947- يىل 9- ئايدا ئاخىرقى قېتىم پىچانتۇر جاڭگىلىدا ئۇچراتقان،— دەپ كۈلدى.

— شۇنداق،— دېدى نەزىمە مىيىغىدا كۈلۈپ،— ئۇ ۋاقىتلاردا ئاكام داڭلىق ئات ئوغرىسى ئىدى. «زۇنۇن كانتۇ» دېسە، يۇرتتىكىلەردىن ئۇنى تونۇمايدىغىنى يوق.

گايىت ئۇستام زۇنۇننى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ ئاق- قارىنى ئىلغىماي قارا- قويۇق ئوغرىلىق قىلمايتتى، مەھەللىداشلىرىنىڭ، كەمبەغەللەرنىڭ ئاتلىرىغا چېقىلمايتتى، باي، ئەمەلدار، ھەتتا ئاتلىق چېرىكلەرنىڭ ئاتلىرىنى توپ- توپى بىلەن ئوغرىلايتتى- دە، شېرىكلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى ھېچ ئىش يوق بەرمى

[1] كانتۇ— تۇرپان شېۋىسىدە ئوغرى دېگەنلىك.

ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ نەزىمەنى كۆرۈپلا ئان
ئىشلار يادىغا كېلىپ كەيپى بۇزۇلغان ھالدا تۇرۇپ قالدى، لېك
نەزىمە چىرايىنى ئېچىپ:

— ۋوي گايىت ئۇستامغۇ بۇ، قانداق ئەھۋالىڭىز، ھېلىم
ۋېلىسىپىت مىنىپ يۈرۈۋېتىپسىز- دە، بىزنى ئۇنتۇپ قالما
يوقلاپ كەپسىز. ھە، بۇغچىمىڭىز چوڭغۇ تېخى،— دېدى.

— بايا شەھەر باشلىقى گۆشكە پۇل تاشلاپ قويۇپ يېزىغ
كەتكەن ئىدى، شۇ گۆشنى ئەكەلدىم، كۆرۈپ باقسىڭىز، يارام
دۇ؟— دېدى گايىت ئۇستام قىزىرىپ- تاتىرىپ، ۋېلىسىپىتىك
گۆشنى يېشىۋېتىپ.

— يارايسىز ئۇستام، سىزنى ئاۋارە قىپتىمىز،— نەزىمە گايىت
ئۇستامنىڭ قولىدىن گۆشنى ئېلىپ، ئېچىپ قاراپمۇ قويماي
ھويلىدىكى كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى،—
كۆرمىسەممۇ بىلىمەن، سىز بىزگە گۆشنىڭ ياخشى يېرىنى
ئەكېلىسىز. قېنى، ئۆيگە كىرىپ ئۇسسۇلۇق ئىچىڭ.

نەزىمەنىڭ مۇنداق ئوچۇق چىرايى، قىزغىن مۇئامىلىسىنى
گايىت ئۇستام ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇ ھويلىدىن
تېزرەك چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، نەزىمە زادىلا ماڭدۇرماي،
مېھمانلىق ئۆيگە باشلىدى. ئۇ ئۆيگە قورۇنۇپراق كىردى، ساپادا
ئولتۇرۇۋېتىپ، ئۆيدىكى جاھازىلارغا قىزىقىش بىلەن نەزەر
سالدى. ئەپسۇس، شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆيىمۇ ئادەتتىكى ئىشچى-
خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆيىدىن ئارتۇقچە پەرقلەنمەيدىكەن. بۇ
مېھمانلىق ئۆينىڭ ئالاھىدىرەك يېرى — ئۆي جاھازىلىرى بولۇپمۇ
ساپا، ئورۇندۇقلىرى باشقىلارنىڭكىدىن كۆپرەك ئىدى، خالاس
شەھەر باشلىقىنى ئىزدەپ كېلىپ- كېتىدىغانلار كۆپ، بۇ
جاھازىلار ئۇلار ئۈچۈن زۆرۈر- دە، قاسساپ بۇ ئاددىي- ساددا
كۆرۈنۈشلەردىن ئۆزىنى ئازادە ھېس قىلدى ۋە نەزىمە ئالدىغ

قىلىشقا مەجبۇر قىلغان، كېيىن ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي قوشۇنى ئۇنى ياخشى ئادەم قىلىۋېتىپتىكەن،— ئۇنىڭ چىرايى مىسكىن تۈسكە كىردى،— ھە، بۇ ئىنقىلابقا، ئازادلىققا ھەسسىسىنى قوشقان بولسىمۇ، يېڭى زامانىنىڭ راھىتىنى كۆرەلمەي بۇ ئالەمدىن كېتىپ قالدى،— نەزىمەنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، كۆزىگە ياش ئالدى.

— مۇنداق دەڭ،— گايىت ئۇستامنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بولدى،— مەن ئاڭلىمىغان ئىكەنمەن. نەزىمە، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، بۇمۇ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى. ئادەم ئۆلۈپ كېتىدۇ، لېكىن ھاياتلىق ئەبەدىي ئۆلمەيدۇ.

— ئېيتقانلىرىڭىز توغرا، مەنمۇ شۇنداق قارايمەن، ئاكامنى ھەردائىم ياد ئېتىمەن،— نەزىمە قايتىدىن جانلىنىپ، سۇرەتتىن كۆزىنى ئۈزمەي، خاتىرە قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ، ئۇنتۇلغۇسىز كۆلپەتلىرىنىڭ ئەسلىمىسى ئىچىگە كىرىپ كەتتى...

2

سېخىي تەبىئەت كۆرۈمسىز، تىكەنلىك دەرەختە قىپقىزىل ئانارنى ياراتقاندەك، ئىككى ئېغىزلىق كېسەك ئۆيىدىن باشقا يەر-زېمىن، مال-مۈلكى يوق، كونىدە ياپقىنىنى كونىدە يەيدىغان، تاپالمىسا قازان ئاسالمايدىغان بىر ئائىلىدە نەزىمەنى ئاپىرىدە قىلغان، يەنە كېلىپ ئۇنىڭغا گۈزەل ھۆسن-جامال ئاتا قىلغان ئىدى. ئۇ ئۆسمۈرلۈكىنى ئوقۇشسىز، توپىغا مىلىنىپ، ئاچ-توق ياشاپ ئاخىرلاشتۇردى. سەككىز ياشقا كىرگەندىلا، ئۇنىڭ ئۇچىسىغا ماتا كۆڭلەك چىقتى، بۇ كۆڭلەكنىمۇ ئاكىسى زۇنۇن ئوغرىلاپ ئەكېلىپ بەرگەن ئىدى.

زۇنۇن ئائىلىنىڭ نىجاتكارى ئىدى. ئۇ ئۆيگە ئۇنسىلا،

سكەندەك ئۆيدىن چىقماي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ شېرىكلىر ئوغرىلانغان ئاتلارنى تاغ ئارقىسىغا ئەكېتىپ ئىز - دېرەكس يوقىتىۋېتەتتى. ئات ئىگىلىرى ئوغرىلانغان ئاتلىرىنى ئىزدە ئارقىدىن قوغلاپمۇ تاپالمايتتى ھەم ئوغرىنى تۇتالمايتتى. زۇنۇننىڭ شېرىكلىرى كىملەر، ئۇلار ئاتلارنى ساتقاندىن كېيىن زۇنۇنغا پۇل ئەكېلىپ بېرەمدۇ - يوق، بۇنىسى نامەلۇم. يامۇل تەرىپىدىن زۇنۇننىڭ كەينىگە پايلاقچى قويۇلغان بولسىمۇ، ھېچبىر نەتىجە چىقىرالمىغان ئىدى. بۇ قېتىم ئۇ تۇرپان پارتىزانلىرىغا قوشۇلۇپ سىڭگىم ئېغىزىدىكى قاتتىق جەڭلەرگە قاتناشقان، جەڭدە بىر دوستىنىڭ ئېتى ئاقساپ قالغان، ياخشىراق ئات بولمىسا ئۇ سەپتىن چۈشۈپ قېلىپ دۈشمەنگە ئەسىر چۈشۈپ قالاتتى شۇڭا، پىچانتۇر ئات يايلىقىغا كېلىپ گايىتقا ئۇچراپ، ئۇنىڭ رازىلىقى بىلەن يۈگۈرۈك، بېجىرىم ئېتىغا ئاسقاق ئاتنى ئالماشتۇ- رۇۋالغان. بۇ ياش ھەم ئوبدان بايتالنى كۆرۈپ، گايىتنىڭ ئاتىسى تازا خۇشال بولۇپ كەتكەن ئىدى.

گايىت ئۇستام يۇقىرىقىلارنى نەزىمەگە سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنى خۇشال قىلىۋەتتى، ئاخىرىدا سۈرەتكە يەنە بىر قاراۋېتىپ:

— زۇنۇن ئاكام ئىنتايىن كېلىشكەن، ۋۇجۇدىدا كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان ۋە مەپتۇن قىلىدىغان سېھىرلىك كۈچ بار يىگىت ئىدى. ئۇنى پىچانتۇردا ئايرىلغاندىن كېيىن كۆرمىگەن ئىدىم ئۇنىڭ سۈرىتىنى بۇ ئۆيدە كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، سىز ئۇنىڭ سىڭلىسى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى.

— راست دەيسىز ئۇستام، — نەزىمە ئۇنىڭ ئاكىسىنى ماختاشلىرىدىن ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇ گايىت ئۇستامنى ساپاد ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — زۇنۇن ئاكا قەيسەر، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، چىدامىلىق يىگىت ئىدى كەمبەغەللىك، يوقسۇزلۇق، ئادالەتسىزلىك ئۇنى يامان ئىشلارنى

سەھەردە ئورنىدىن تۇردى-دە، شەھەرگە قاراپ ئۇچتى. جەڭچىلەر چۈشكەن پاختا زاۋۇتىنىڭ ئالدىدا پوستتا تۇرغان جەڭچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كۆزلىرىدىن مۆلدۈردەك ياش ئاقتۇرۇپ:

— جەڭچى ئاكا، سىلىدىن بىر ئادەمنىڭ دېرىكىنى قىلماقچى، — ئۇ جەڭچىنىڭ ماقۇللۇق بىلدۈرۈشىنىمۇ كۈتۈپ تۇرماي گېپىنى داۋام قىلدى، — زۇنۇن كانتۇ ھاياتمۇ، ماڭا دەپ بېرەلەمسىلا، — دېدى ئۇ دىر-دىر تىترەپ تۇرۇپ.

— سىڭلىم يىغلىماڭ، — دېدى جەڭچى ئىللىق چىراي ئېچىپ، — زۇنۇن ئەمدى كانتۇ ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ئاغىنەم، خىزمەت كۆرسەتكەن مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى. ئۇ ئۈرۈمچىدىكى بىر ھەربىي قىسىمدا بار. سىز زۇنۇننىڭ نېمىسى بولىسىز؟

نەزىمە 15 ياشقا كىرگۈچە ئائىلىسىدە، جەمئىيەتتە ھېچكىم بۇ جەڭچىدەك چىراي ئېچىپ گەپ قىلىپ باقمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ تولىمۇ شادلىنىپ كەتتى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ جاۋاب قايتۇردى:

— مەن ئۇنىڭ سىڭلىسى نەزىمە بولىمەن. مەن ئاكامنىڭ قېشىغا بارسام بولامدۇ؟ جېنىم ئاكا، ماڭا يول كۆرسەتكەن بولسىلا، — دەپ جەڭچىنىڭ بىلىكىگە ئېسىلىپ يېلىندى.

— نەزىمە سىڭلىم، ئاكىڭىزنى كۆرگۈڭىز كېلىپ كەتكىنىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. لېكىن، ئۈرۈمچى بەك يىراق، — دېدى جەڭچى مۇلايىملىق بىلەن.

— ياق، مەن چوقۇم ئاكامنى كۆرگىلى بارىمەن، يولنىڭ يىراقلىقىدىن قورقمايمەن. ئاكا، ماڭا دەپ بەرسىلە، ئۈرۈمچىگە قانداق ماڭىدۇ؟ — نەزىمە يىغلامسىراپ سۆزلەپ جەڭچىنىڭ ئېچىنى ئاغرىتىۋەتتى.

— ئەستا سىڭلىم، مېنى بەك قىستاپ تۇرۇۋالدىڭىزغۇ. سىز دېگەن قىز بالا تۇرسىڭىز، — جەڭچى نەزىمەگە قاراپ سۆزلەۋېتىپ،

مورىدىن ئىس چىقاتتى، «بارىدا پولدۇرۇك - پولدۇرۇك، يوقىدا قاراپ ئولتۇرۇك» دېگەندەك، بۇ ئائىلىدىكىلەر زۇنۇن تېپىپ ئەكېلىپ بەرگەننى يەپ تۈگىتىپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار بارغىمۇ - يوققىمۇ كۆنۈك ئىدى. زۇنۇن كىچىكدىنلا ئەقىللىق، شوخ، ئىنتىلىشچانلىقى كۈچلۈك، جۈرئەتلىك ئىدى. ئۇ بەزى كىشىلەرنىڭ باي، بەزى كىشىلەرنىڭ خار - زار ياشاۋاتقانلىقىغا نارازى بولۇپ، بەخت يولى ئىزدەپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، ئاخىر ئوغرىلىق يولىغا مېڭىپ قالغان. نەزىمە ئاكىسى زۇنۇننى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلاتتى، ھەر قېتىم ئاكىسى ئۆيدە پەيدا بولسىلا، توختىماي ئۇنى - بۇنى سورايتتى، ئاكىسىنىڭ ئوغرىلىق، قاراملىق، تەۋەككۇلچىلىكلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلايتتى، ئاكىسىنىڭ ھاياتىدىن زوقلىناتتى. «مەنمۇ ئوغۇل بالا بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغان بولسام، ساڭا ئوخشاش جاھاننى مالىماتاڭ قىلاتتىم، بايلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، ئۆزىمىزگە بەخت يارىتاتتىم» دەيتتى.

نەزىمەنىڭ بۇ ئاكىسى 1947- يىل 9- ئايدىكى سىڭگىم ئېغىزى ئىنقىلابىدىن كېيىنلا ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتتى. بەزىلەر ئۇنى «پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ ئىلىخوغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ» دېيىشتى؛ بەزىلەر ئۇ «ئىلىخوغا يېقىن بېرىپ كەينىگە يېنىپتۇ، يۇلتۇزنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلاردا بولغان ئۇرۇشتا قۇربان بوپتۇ» دېگەن سۆزلەرنى تارقاتتى. بۇ خەۋەر نەزىمەگە ناھايىتى ئېغىر كەلدى. ئائىلىسىدە زۇنۇنغا ماتەم تۇتۇپ يىغلىغىنىمۇ نەزىمە بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاكىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئىشەنگۈسى كەلمەي، ئائىلىدە نەزىر ئۆتكۈزۈشكە قارشى چىقىپ تۇرۇۋالدى.

«شەھەرگە ئىلىخودىن جەڭچىلەر كەپتۇ» دېگەن خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغان نەزىمە تولىمۇ قۇۋۇنۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئاكىسى زۇنۇن ھاياتتەك، جەڭچىلەرنىڭ ئىچىدە باردەك بىلىنىپ، ئەتىسى

ئېگىز بويلۇق بىرسى نەزىمەنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— هەي قىز، بۇ يەردە نېمە قىلىپ ئولتۇرىسەن؟ ماڭ يوقال!— دەپ ۋارقىرىدى.
— ياق، مەن سىلىگە ئەگەشكىنىم ئەگەشكەن،— دېدى نەزىمە ئەتراپقا بىغەم قاراپ ئولتۇرۇپ.
— ئەگەشكىنىم ئەگەشكەن؟ نەگە بارىسەن ـ هە؟
— چەگچى ئاكام ئېيتتى، سىلى ئۈرۈمچىگە بارىدىكەنلا، مەنمۇ ئۈرۈمچىگە بارىمەن.
— سەن تېخى بىزگە ئەگىشىپ ئۈرۈمچىگە بارامسەن؟ ها، ها، ها، ۋۇي ئاغىنىلەر،— دېدى ئېگىز بويلۇق ئېشەكچى كۈلۈۋېتىپ،— مۇنۇ قىز بىزگە ئەگىشىپ ئۈرۈمچىگە بارغۇدەك.
— ئۇنىڭ كىيىمى بەك يىلىڭكەن، تاغدىن ئارتىلسا سوغۇقتا توڭلاپ قالمامدۇ، ئۇنى قوغلىۋەت، ئەتىگەندە شەھەرگە بېرىۋالسۇن،— دېدى تەمبەلرەك، شاپ بۇرۇت بىر يىگىت زاغرىسىنى تەتۈر چايناپ ئولتۇرۇپ.
— مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن. مەن سىلەرگە ئېغىر ـ چىلىقىمنى سالمايمەن، سوغۇققىمۇ چىدايمەن، ئەگىشىپ ماڭسام ماڭسىلا بولدى، مېنى قوغلىمىسىلا ئاكا،— دەپ ئېگىز بويلۇق كىشىگە قاراپ يىغلامسىرىدى نەزىمە.
— ياق بولمايدۇ، تۇر ئورنىڭدىن، هازىرلا كەينىڭگە قاراپ ماڭمايدىغان بولساڭ، سېنى يوغان تاشقا باغلاپ تېڭىۋېتىمەن.
ئېگىز بويلۇق كىشى قولىدىكى ئارغامچىدا نەزىمەنى باغلايدىغان ئەلپاز بىلەن هەيۋە قىلىپ يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. نەزىمە قورقۇپ جان ـ پېنى چىقىپ كەتتى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ قاچتى، 100 مېتىردەك قېچىپ بېرىپ كەينىگە قارىۋىدى، ئۇ كىشى هەمراھلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ زاغرىسىنى غاجىلاۋاتاتتى. نەزىمە ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قورقۇتۇپ كەتكۈزۈۋەتمەكچى بولۇۋاتقانلىـ

سارايدىن ئاشلىق ئارتىپ چىقىۋاتقان ئېشەك كارۋىنىنى كۆردى،—
ئەنە قاراڭ، ئاشۇ ئېشەك كارۋىنى ئۈرۈمچىگە بارىدۇ، لېكىن...،—
ئۇ ئالدىغا قارىغاندا نەزىمە ئاللىقاچان ئېشەك كارۋىنىنىڭ
ئارقىسىغا چۈشكەن ئىدى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ:
— رەھمەت جەڭچى ئاكا، مەن كەتتىم!— دەپ ۋارقىرىدى.
ئۈرۈمچىگە ئاشلىق يۆتكىگەن ئېشەك كارۋىنى 30 دىن ئارتۇق
ئېشەكتىن تەركىب تاپقان، ئېشەك ھەيدەپ ماڭغۇچىلار ئوتتۇرا
ياشلىق كىشىلەر ئىدى. بىرسى ئالدىدا ئېشەككە مىنىۋالغان،
ئىككىسى كەينىدە ئېشەكلەرنى ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار خېلى
ئۇزاقتىچە نەزىمەنىڭ ئۆزلىرىگە ئەگىشىۋالغانلىقىنى سېزىشمىدى،
كەڭ سايغا چىققاندا بىر قىزنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان-
لىقىنى سەزگەن بولسىمۇ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلىشمىدى. نەزىمە پۇتىغا
ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن، چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشىمايدىغان
يەكپاي ئاياغ كىيىۋالغان ئىدى، بىر ئايىغىنىڭ تاپىنى تۆشۈك
بولۇپ، ئاياغقا شېغىل كىرىۋېلىپ ئۇنى تېز ماڭدۇرمايتتى. نەزىمە
ئېشەكچىلەرگە يېتىشىپمۇ ئالماي، بەك ئارقىدىمۇ قالماي
كېلىۋاتاتتى. چىڭقى چۈش بولۇپ، قۇياش ئۇلارنىڭ بېشىدا تىك
تۇرۇۋېلىپ ئىسسىق نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن سەپمەكتە ئىدى.
شامالدىن دېرەك يوق، جاھان تىمتاس، ئوتتەك قىزىپ
كەتكەچكە، كارۋانغىمۇ ھاردۇق يېتىپ سەپەر ئاۋۇمايۋاتاتتى. شۇڭا،
ئېشەكچىلەر تاغ باغرىدىكى سۇلۇق، تەبىئىي ئوتلاقتا كېلىپ
چۈشكۈن قىلدى، ئېشەكلەرنىڭ يۈكىنى چۈشۈرمەيلا ئوتلاقتا
قويۇۋەتتى، ئۆزلىرى بېلىدىكى توگۈنچەكلىرىنى يېشىپ زاغرا
نانلىرىنى سۇغا چىلاپ يۇمشىتىپ غاجىلاشقا باشلىدى. ئۇلار شۇ
ۋاقىتتىلا ئۆزلىرىدىن 20 نەچچە مېتىر نېرىدا ھالسىزلىنىپ ئولتۇر-
غان نەزىمەگە نەزىرىنى بۇراپ، ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە ئەگىشىۋالغانلى-
قىنى ھېس قىلىشتى- دە، چۆچۈپ كېتىشتى. ئېشەكچىلەردىن

نەزىمە چاچلىرىنى پاخپايتىپ، ئايىغىنى ئاران يۆتكەپ كېلىپ چىراغ تۈۋىدە ئولتۇردى ۋە ئېگىز بويلۇق كىشى سۇنغان قاچىنى قولىغا ئېلىپ يوبدان ئاشنى سۈمۈرۈشكە باشلىدى. كەكە ساقال كىشى سومكىسىدىن بىر پارچە زاغرىنى ئېلىپ سۇندۇرۇپ، نەزىمەنىڭ قاچىسىغا چىلاپ بەردى.

— قىزىم، سەن كىمنىڭ قىزى، ئىسمىڭ نېمە، ئورۇمچىگە نېمە قىلغىلى بارىسەن؟— دەپ سورىدى.

نەزىمە قاتتىق زاغرىنى چايناۋېتىپ:

— مېنىڭ ئىسمىم نەزىمە، زۇنۇن كانتۇنىڭ سىڭلىسى،— ئۇ كىشىلەرنىڭ ئاكىسى زۇنۇننى ئۇبدان تونۇيدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئاكىسىنىڭ ئىسمىنىلا ئېيتتى،— ئورۇمچىگە ئاكامنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن،— دېدى.

— مەن زۇنۇننى ئۆلۈپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىغاندەك قىلىۋىدىمغۇ،— ئېگىز بويلۇق كىشى شۇنداق دېيىشىگە، نەزىمە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئۇنىڭغا يېۋېتىدىغاندەك قاراپ:

— ياق، ئاكام هاياتكەن، بۇنى جەگچى ئاكام دەپ بەردى،— دەپ دومسايدى.

ئېشەكچىلەر نەزىمەنىڭ بۇ ئۇماق قىلىقىغا قاراپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئېگىز بويلۇق كىشى:

— بىلەمسەن، زۇنۇن مېنىڭ ئاغىنەم، ئۇ هايات بولسا ياخشى بوپتۇ. بايىلا مۇشۇ گەپنى دېگەن بولساڭ مۇنداق ئاچ قالمايتتىڭ،— دېدى.

— هەربىرلىرىگە كۆپ رەهمەت،— نەزىمە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇچەيلەنگە تەزىم قىلىپ قايتىدىن ئولتۇردى،— ئاكامنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ بەرسىلە،— دېدى ئۇلارنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرۈپ.

ئېشەكچىلەر ئوبدان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار شۇنىڭدىن باشلاپ

ـقىنى ھېس قىلىپ، غېپىدە ئارقىدىكى دۆڭدىن پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈپ، كارۋاننىڭ يولغا چىقىشىنى كۈتتى.

ئېشەكچىلەر ئېشەكلىرىنى بىرەر سائەتتەك بېقىۋېلىپ، يەنە يولغا چىقتى. بۇ قېتىم نەزىمە ئۇلاردىن بىرەر كىلومېتىر كەينىدە قارا كۆرۈنۈپ ماڭدى، ئۇ ھېچقانداق تەييارلىقسىز سەپەر قىلغان ئىدى، ئۇنىڭدا غاجىلىغۇدەك زاغرا ياكى ئۇسسۇلۇق يوق ئىدى، يولدا سو ئىچكەن، شۇ تاپتا ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، ماغدۇرسىزلىنىپ ئارانلا قەدەم ئالاتتى. ئېشەكچىلەر كۈن پېتىشتىن بۇرۇن پاسساغالغا كېلىپ دەڭگە كىرىپ غىزالىنىشقا ئۈلگۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندىلا يېتىپ كەلدى ۋە ھېلىقى ئېگىز بويلۇق كىشى بىلەن روبىرو ئۇچرىشىپ قالدى۔ دە، چۆچۈپ كەتتى.

— ھەي سىڭلىم، راستىنلا بىزگە ئەگىشىپ كەپسەندە. بۇرە ئۆيگە كىر، قورسىقىڭ تازا ئېچىپ كەتكەندۇ.

ئېگىز بويلۇق كىشى تۇيۇقسىزلا نەزىمەگە ئىچ ئاغرىتىپ مېھرىبانلىق كۆرسەتتى، ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ سارايغا باشلاپ كىردى. ياتاقتىكى جىنچىراغ غۇۋا يورۇقلۇق چېچىپ تۇراتتى. ئېگىز بويلۇق كىشىنىڭ ئىككى ھەمراھى قوناق ئۇنىدا ئەتكەن يوبدان ئاش ئىچىۋاتقان ئىدى، قاچىنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ قالاي دېگەندە، ئېگىز بويلۇق كىشى ئالدىراپ ـ تېنەپ ھەمراھلىرىنىڭ قولىدىكى ئاشنى ئېلىپ، ئىككى قاچىدىكى ئاشنى بىرلەشتۈردى.

— قارىماسىلەر، بۇ قىز بىزگە ئەگىشىپ كەپتۇ، مۇسۇلمانـ ـچىلىقتا ئاچ قويساق بولماس، قالغان رىزقىڭلاردىن كېچىڭلار.

— بولىدۇ، بەرگىن. ھەي قىز، چىراغ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئىچ، بولمىسا چىۋىن يېۋالىسەن،— دېدى تەمبەلرەك كىشى چىرايىنى ئېچىپ، ئورنىنى بوشىتىپ بەردى.

ئىدى. كىشىلەر كوچىدىن باپكارنىڭ موكىسىدەك ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرسىمۇ، بۇ ئەسكى كىيىملىك، زۇۋانسىز يېتىمچىگە ھېچكىم نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ قويمىدى. نەزىمە «مەن كوچىدىلا ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم، مېنى قۇتقۇزۇۋالساڭ بولاتتى ئاكا، نەدىسەن جېنىم ئاكا، مېنى قۇتقۇزۇۋال» دەپ ۋارقىرىماقچى بولاتتىيۇ، ئەمما ۋارقىرىيالمايتتى. بۇ كېچىسى قاتتىق يامغۇر ياغدى، نەزىمەنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ھۆل بولۇپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى. ئۇ توڭلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى- دە، بارلىق مادارىنى يىغىپ، يەر بېغىرلاپ سۈرۈلدى، ناھايىتى ئۇزاق سۈرۈلدى. ئۇ جاھان تاڭ قاراڭغۇلۇقىغا پاتقۇچە 3 مېتىر نېرىدىكى ئىشىكنىڭ ئالدىغىمۇ سۈرۈلۈپ بارالماي، يول بويىدىكى يۇندى كۆلچىكىنىڭ يېنىدا ھالسىزلىنىپ يېتىپ قالدى...

بۇ دۇنيادا كىشىنىڭ رىزقى تۈگىمىسىلا ئادەم ئۆلمەيدىكەن. قايسىبىر مەسچىتتىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇ كېچىدە تىنىقى توختاپ قالىدىغاندەك بىلىنگەن نەزىمە ھاياتىنىڭ ئەزانغا ئۇلىشىۋالغانلىقىنى سېزىپ، خۇشاللىقىدا ئۈن سېلىپ يىغلىدى. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ مىسكىن، ئاجىز ئاۋاز ئۆيىدىن چىقىپ مەسچىتكە ماڭغان بوۋاينى يولىدىن توختاتتى. يۇندى كۆلچىكىنىڭ يېنىدا پاتقاققا مىلىنىپ، ئىڭراپ ياتقان قىزنى كۆرۈپ، گەپ - سۆزسىزلا ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ كىردى ۋە خوتۇنىغا ئۇنى مەينەتچىلىكتىن تازىلاپ، ئىسسىق تائام بېرىشنى تاپىلاپ مەسچىتكە چىقىپ كەتتى. بۇ ئانا نەزىمەنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ - تاراپ، ياتلىق قىلغان قىزىنىڭ ئۆيىدىكى گۈللۈك تامبىلىنى كىيدۈرۈپ، تويغۇچە تاماق بېرىۋىدى، نەزىمەنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، تەبىئىي گۈزەللىكى ئاشكارىلاندى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئاجىزلىشىپ كەتكەن تېنى قەددىنى كۆتۈرەلمەيۋاتاتتى. ئانا ئۇنىڭغا ئورۇن راسلاپ ياتقۇزۇپ قويدى. نەزىمە شۇ ئۇخلىغان پېتى كەچ پېشىندە ئويغاندى.

نەزىمەگە غەمخورلۇق قىلىپ، يولدا ئۆزلىرى نېمە يېسە، ئۇنىڭغىمۇ شۇنى بېرىپ قورسىقىنى توقلىدى، دەڭگە چۈشكەندە يېنىدا ياتقۇزدى، سەپەردە ھېرىپ قالسا ئېشەككە مىندۈرۈۋالدى. شۇنداقتىمۇ، نەزىمەنىڭ ئايىغى تۆشۈك بولغانلىقتىن، تاپىنىنى تاش تىلىۋەتتى، كىيىمى يېلىڭ بولغانلىقتىن زۇكام تەگدى. سايۇپىدا ئۇنى قارا بوران ئۇچۇرۇپ كەتكىلى قىل قالدى. مۇشۇ سەۋەب بىلەن ئۈرۈمچىگە 6- كۈنى يېتىپ باردى. بۇ ۋاقىتتا نەزىمەنىڭ جېنى تومشۇقىغا كېلىپ قالدى، سارايغا چۈشۈپلا ھوشىدىن كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى ئېشەكچىلەر ئۇنىڭ ساقىيىشىنى كۈتۈپ بىرقانچە كۈن ئارتۇق تۇردى. ئېگىز بويلۇق كىشى ئاغىندارچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ، زۇنۇننى ئۈرۈمچىدىن ئىزدىگەن بولسىمۇ دېرىكىنى ئالالماي، نەزىمەنى سارايدا قالدۇرۇپ كېتىپ قالدى. بىرقانچە كۈن ئۆتۈپلا ئۇنى سارايۋەن «ياتاق پۇلىنى بەرمىدىڭ» دەپ ھەيدەپ چىقىرىۋەتتى.

نەزىمە ناھايىتى تەس كۈنگە قالدى. ئۇ كوچىدا تىلەمچىلىك قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىشىكىدە يېتىپ بىرەر ئاينى تولىمۇ تەسلىكتە ئۆتكۈزدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئادەم سىياقى يوق، چاچلىرى پاخپايغان، چىرايى پاسكىنىلىشىپ، كۆزلىرى ئارانلا پىلدىرلاپ تۇراتتى، كۆڭلىكىنىڭ بىرنەچچە يېرى يىرتىلىپ تېنى ئېچىلىپ قېلىۋاتاتتى، ئاچلىق تېخىمۇ قىينايتتى. ئۇ ئاكىسىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈمىدىدە ھەر كۈنى ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرىنى ئايلىنىپ، كۆزلىرىنى كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن ئۈزمەيتتى. نەزىمە ئاكىسىنىڭ مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ تۇرىدىغان يېرىنى كىشىلەردىن سوراپ باقتى، لېكىن ئۇنى بىلىدىغانلار ئۇچرىمىدى. ئۇنىڭ ئاكىسىنى ئىزدىشى نەتىجىسىز قېلىپ مادارىدىن كەتتى- دە، كوچىدا يىقىلىپ قالدى. تولا يىغلاپ ئۇنىڭ ياشلىرى قۇرىغان، مىدىرلىغۇدەك ھالى يوق

قېنى سەن، سىڭلىڭ نەزىمە سېنى ئىزدەپ كەلدى» دەپ ۋارقىراپ يىغلاش كېرەكمۇيا. ئۇ كۆچىنىڭ بارىچە ۋارقىرىماقـچى بولۇپ تۇراتتى، ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ كۆزىگە ئاكىسىنىڭ تونۇش چىرايى كۆرۈندى.

— زۇنۇن ئاكا، زۇنۇن ئاكا!— نەزىمە كىشىلەر ئارىسىدىن چىقىپلا ۋارقىرىغان، يىغلىغان پېتى ئاتلىق ئەسكەرلەرگە قاراپ يۈگۈردى. ئاتلىق قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ كېلىۋاتقان كوماندىر ئېتىنى چاپتۇرغانچە كېلىپ، خۇددى لاچىن ئولجىنى يەردىن يۇلۇۋالغاندەك، نەزىمەنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپلا، ئېتىنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى.

— قىزچاق نېمە قىلغىنىڭىز بۇ، كىمنى ئىزدەيسىز؟

— ئاكامنى، ئۇ ئەنە، ئاق قاشقا ئات مىنىۋالغان ئاكام، زۇنۇن كانتۇ شۇ،— دېدى قورقۇپ كەتكەن نەزىمە دۇدۇقلاپ.

كوماندىر قوماندانلىق ئورنىدا كېتىۋاتمىغان بولسا، تازا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەن بولاتتى. ئۇ ئۆزىنى ئاران بېسىۋېلىپ:

— سىڭلىم نەزىمە، ئاكىڭىز زۇنۇن ھازىر كانتۇ ئەمەس، بەلكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جەڭچىسى،— دېدى.

— سىز مېنىڭ ئىسمىمنى بىلەمسىز، ئاكام دەپ بەرگەنما؟

— شۇنداق، زۇنۇن سىزنى ھەر ۋاقىت ياد ئېتىپ تۇردى. ئەمدى تىنچ ئولتۇرۇڭ، گازارمىغا بارغاندا ئاكىڭىز بىلەن كۆرۈشـسىز،— دەپلا ئۇ ئەسكەرلەرگە نېمىلەرنىدۇر دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ئاتلىق قوشۇن تەكشىلىكنى ساقلىغان ئاساستا ئاتلىق ئەسكەرلەر مارشىنى ياڭرىتىپ، شەھەرنى زىلزىلىگە سالدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كىشىلەر ھاياجاندا قىزغىن چاۋاك چېلىپ، ئۆز قوشۇنىدىن سۆيۈنگەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى. نەزىمەمۇ ئاكىسىنى ئىزدەپ بىر ئايدىن بۇيان چەككەن جەبىر - جاپالىرىنى ئۇنتۇپ، ئاكىسىنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جەڭچىسى

## 3

بۇ كۈنى ئۈرۈمچى بايرام تۈسىگە كىرىپ، قاينام - تاشقىنلىققا چۆمۈلگەن ئىدى. شىمالىي قوۋۇق (بېيمىن)تىكى تەنتەربىيە مەيدانىدا ھەربىي كۆرەك بولۇپ، ھەر خىل ئارمىيە تۈرلىرى شىنجاڭ خەلقىگە ئۆزىنىڭ ھەربىي ماھارىتىدىن نەمۇنە كۆرسىتىۋاتاتتى. شۇ قاتاردا ئۇلامبايدا تۇرۇشلۇق مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاتلىق قىسمىمۇ ئاتلىق قىلىچۋازلىق، توسالغۇلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈش قاتارلىق ماھارەتلىرىدىن دوكلات بەردى.

نەزىمە ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا، ھەربىي كۆرەك ئاخىرلىشىپ، كۆرەك قاتناشچىلىرى تارقاپ، شەھەر كوچىسى سۈرەن - شاۋقۇن، ئۇپۇر - توپۇرغا تولغان ئىدى. ئۇ سەگەكلىشىپ ئۆزىنى كوچىغا ئاتتى، كىشىلەر قاينامى ئىچىگە كىرىشىگە، كوچا بېشىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر سەپ تارتىپ كېلىشكە باشلىدى. ئات ئۈستىدە تولۇق قوراللىنىپ، قېتىپ ئولتۇرغان ھەربىيلەر شۇنچە سۈرلۈك، ھەتتا ئاتلارنىڭ تۇۋىقىدىن چىققان ئاۋازمۇ شۇنچە ھەيۋەتلىك بولۇپ، كىشىنىڭ تېنى شۈركۈنەتتى. نەزىمەنىڭ ۋۇجۇدىنى شۇنداق قورقۇنۇش چۇلغىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تەۋەككۈل قىلىپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىكنى ئويلىدى. چۈنكى، بۇ ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئىدى، ئاكىسى زۇنۇننىڭ مۇشۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئىچىدە بارلىقىغا ئىشەندى.

ئاتلىق ئەسكەرلەر تۆت رەت ئىدى، ھەممىسى ئالدىغىلا تىكىلگەن، ئىككى يانغا قاراپمۇ قويمايتتى. نەزىمە ئوخشاش كىيىم كىيىۋالغان ئەسكەرلەر ئىچىدىن ئاكىسىنى قانداقمۇ تونۇيالىسۇن. ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئالدى نەزىمەنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ بولدى، لېكىن ئۇنىڭ ئاكىسى كۆرۈنمەيتتى، «زۇنۇن ئاكا،

بىرادەمدە تۇگەيدىكەنغۇ، ئەمدى چاينىماي شورايمەن. ئاكا، بۇنى پادىشاھ، ۋەزىرلەر يەمدۇ؟ سىز ۋەزىرمۇ، ئەمەلدارمۇ، سىزنىڭ يەيدىغىنىڭىزنى يېۋالغىنىم ئۈچۈن مېنى جازالىمايدىغانسىز.

نەزىمەنىڭ گەپلىرى كوماندىرغا تولىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلدى. شۇ تاپتا ئۇ چىرايىنى تۈرۈپ، ئاتنىڭ ئۈستىدە جىم ئولتۇرغىنى بىلەن ئىچىدە نەزىمەنىڭ تارتىنمايدىغان ئوچۇق - يورۇقلۇقىدىن سۆيۈندى. ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۇلامبايدىكى ھەربىي گازارمىغا يېتىپ كەلگەندە، كوماندىر قىسمىنى تارقىتىۋېتىپ، ئاتتىن چۈشمەيلا ئېرزۈوت كوماندىرى زۇنۇننى يېنىغا چاقىردى. شەھەر ئىچىدە سىڭلىسى نەزىمەنىڭ ئۆزىنى چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىمىغان، ئۆزىنگە قاراپ يۈگۈرگەنلىكىنىمۇ كۆرمىگەن زۇنۇن ئاتتىن چۈشۈپ، ئېتىنى بىر جەڭچىگە بېرىۋېتىپ، كوماندىرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، تىك تۇرۇپ چاس بەردى.

— ئېسكادرون كوماندىرى، بۇيرۇقىڭىزغا تەييارمەن، سىزنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ قويىمەنمۇ؟

— مۇنۇ ئالدىمدىكى قىزچاقنى ئال.

زۇنۇن ئەمدى كۆزىنى يۆتكەپ، كوماندىرنىڭ ئالدىدا كۈلۈپ ئولتۇرغان سىڭلىسىغا قارىدى - دە:

— نەزىمەمۇسەن؟ — دەپ، ئالدىغا قاراپ ئېتىلدى.

— ئاكا، بۇ مەن، — دەپلا نەزىمە ئۆزىنى ئاكىسىنىڭ قوينىغا ئاتتى. ئۇ خۇشاللىقىدا كىچىك بالىدەك ئۇنىنى قويۇۋېتىپ يىغلاپ كەتتى.

زۇنۇننىڭ بويى خېلىلا ئېگىز بولۇپ، مۇسكۇللۇق، كۆكرەك ۋە يەلكىلىرى كەڭ، قوللىرى كۈچلۈك يىگىت ئىدى. ئۇنىڭغا ھەربىي فورما قالتىس ياراشقان بولۇپ، قىياپىتىدىكى سۈرلۈك، كەسكىنلىك ئىپادىلىرى ۋە قامىتى ئۇنىڭغا قەھرىمانلىق ۋە جەڭگىۋارلىق ھۆسنى قوشقاندەك تەسىرات قالدۇراتتى. ئۇ

بولۇپ يېتىشكەنلىكىدىن مەغرۇرلۇق ھېس قىلىپ، ئاكىسىغا، ئاتلىق ئەسكەرلەرگە قاراپ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى.

نەزىمە ئاكىسى زۇنۇننىڭ ھاياتلىق ئۇچۇرىنى بەرگەن، ئۈرۈمچىگە بارىدىغان ئىشەك كارۋىنىنى كۆرسىتىپ قويغان جەڭچى ئاكىسىنى ئۇنتۇپ قالمىغان ئىدى. ئۇ قانداق ئوچۇق چىراي، مۇلايىم بولسا، ئۆزىنى ئېتىنىڭ ئالدىغا مىندۈرۈۋالغان مۇنۇ كوماندىرمۇ شۇنداق ئوبدان، كۆيۈمچان ئادەمكەن، گومىنداڭنىڭ يۇلاڭچى چېرىكلىرىدەك ئەمەسكەن. مۇنداق ياخشى ئادەم ئۇچراشقاندا، ھېمايىسىگە ئالغاندا، ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشمىسە كۆڭۈل ئۇنىمدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسكەرلەر ناخشىنى ئېيتىپ ئاخىرلاشتۇرغان، شەھەرنىڭ سىرتىغىمۇ چىقىپ بولغان، ئۆزئارا سۆزلىشىپ، چاقچاقلىشىپ كېتىپ باراتتى، پەقەت كوماندىرلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ نېمىنىدۇر ئويلاپ كېتىۋاتاتتى. نەزىمەنىڭ ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇسى كەلدى، نېمە دەپ گەپ قىلسا بولىدىغاندۇ؟ نەزىمە قورسىقىنىڭ ئېچىپ، تارتىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى- دە، كوماندىردىن نان سورىغۇسى كەلدى.

— ئاكا، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، نېنىڭىز بارمۇ؟ — ئۇنىڭ چىرايى قىزىرىپ، خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋالدى.

— بار، ئېلىپ يەڭ، — دېدى كوماندىر قولىنى كۆتۈرۈپ يانچۇقىنى كۆرسەتتى.

نەزىمە ئەمدى تارتىنىپ تۇرمىدى، كوماندىرنىڭ يانچۇقىغا قول سېلىپ، چاقماق قەنتتىن تۆتنى ئالدى- دە، ئۇنىڭ نېمىلىكىنى سورىمايلا ئاغزىغا سېلىپ چاينىدى.

— پاھ، پاھ، نېمىدىگەن تاتلىق نەرسە بۇ، — ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى دانە چاقماق قەنت ئۇنىڭ ئاغزىدا ئېرىپ تۈگىدى. چاقماق قەنتنى چاينىغىنىغا پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك، كوماندىرغا كۈلۈپ قاراپ قويۇپ، يەنە بىرىنى ئاغزىغا سالدى، — چاينىسا

قايمۇققان كىشىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ تاغدا قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولۇۋاتاتتى. ئۇلارنى باستۇرۇش، يوقىتىش كېرەك، شۇنىڭدەك دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋەزىپىسىنى تەلتۆكۈس ئورۇنداش ئۈچۈن نۇرغۇن كادىرلار قوشۇنى بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ھەربىي سەپتىن چېكىنىشى، ئائىلىسىگە قايتىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنى كوماندىر ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇ زۇنۇننىڭ سىڭلىسىنى سېغىنغانلىقىدىن پەيدا بولغان ھالەتنىڭ جەڭچىلەر ئىچىدە يۇرتنى، قوۋم - قېرىنداشلىرىنى سېغىنىش دولقۇنى پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. شۇڭا ئۇ، جەڭچىلەرنى تېزلىكتە گازارمىغا قايتىپ، ئىشلىرىنى تۈگىتىپ تاماققا بېرىشقا بۇيرۇدى ھەم زۇنۇننى يېنىغا چاقىرتىپ:

— زۇنۇن، سىڭلىڭنىڭ سېنى ئىزدەپ تېپىۋالغانلىقىدىن مەنمۇ خۇشال بولدۇم. قالغان گەپلىرىڭلارنى كېيىن قىلىشىۋالاسىلەر، — كوماندىر مەيدە يانچۇقىدىن بىر قىسىم پۇلنى ئېلىپ، — مە، ماۋۇ پۇلنى ئال، سىڭلىڭغا كىيىم - كېچەك ئېلىپ بېرىپ، يېڭى تۇرمۇشقا ئېرىشكەنلىكىمىزدىن بەھرىمەن قىل. مە، ئالمامسەن، مەن ساڭا بۇيرۇق قىلىۋاتىمەن، — دېدى.

— يېنىمدا پۇل بار، بولدىلا كوماندىر، — دېدى زۇنۇن.

— بىلىمەن. ئۇ تۇرمۇش پۇلى ئازلىق قىلىدۇ، سىڭلىڭنى ئىزدەپ كەلگىنىڭگە تۇشلۇق كىيىندۈرمىسەڭ بولمايدۇ. مەن ئۇنىڭ ئەتىلا گۈلدەك ئېچىلغان قىياپىتىنى كۆرۈشۈم كېرەك.

كوماندىر پۇلنى زۇنۇنغا زورمۇزور تۇتقۇزدى. نەزىمە بىر چەتتە تۇرۇپ، كوماندىرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، سۆيۈندى. زۇنۇن ئەتىسى ئىسكادرون كوماندىرىدىن رۇخسەت ئېلىپ، نەزىمەنى شەھەرگە ئەكىرىپ، ئېسىل كىيىم - كېچەكلەرنى ئېلىپ كىيدۈردى، مەززىلىك تائاملار بىلەن غىزالاندۇردى. ئويۇنخانا - كىنوخانىلارغا ئەكىردى. مۇشۇ ئارىدا، ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەھۋالى، ئۆزىنىڭ

جۇدەپ، ئاجىزلاپ كەتكەن سىڭلىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئامراقلىق بىلەن پېشانىسىگە سۆيدى، بېشىنى، پاخپايغان چاچلىرىنى، يۈزىنى سىيلىدى، كالپۇكىنى ئەركىلەتتى. سىڭلىسى خۇشاللىق يېشىنى مۆلدۈردەك ئاقتۇرۇپ، ئۈن - تىنسىز هالدا ئاكىسىنى قۇچاقلايتتى، يۈزىنى، مەيدىسىدىكى قەھرىمانلىق مېداللىرىنى سىيلايتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە بولغان ئامراقلىقىنى، سېغىنىشىنى تولىمۇ قىزغىن ھەم كىشىنى تەسىرلەندۈرگۈدەك ھەرىكەت بىلەن ئىپادىلەشمەكتە ئىدى.

ئاكا - سىڭلىنىڭ بۇ خىل سېغىنىشلىق ئۇچرىشىشى كوماندىرنى، جەڭچىلەرنى ئىختىيارسىز تەسىرلەندۈردى. ئۇلارنىڭ كازارمىغا قايتقۇسى كەلمەي، ئاتلىرىنى يېتىلىشىپ كېلىپ، ئاكا - سىڭىل ئىككىسىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، جىمجىت تۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە قوۋم - قېرىنداشلىرى كۆرۈنۈپ، بەزىلىرى ھاياجانغا چۆمۈلسە، بەزىلىرى ئىچىدە يىغلىدى، بەزىلىرى ھەتتا ئۆزىنى تۇتالماي ئۆكسۈشكە باشلىدى. ئاكا - سىڭلىنىڭ ئامراقلىقىغا مەستلىكى كېلىپ، بىر چەتتە قاراپ تۇرغان كوماندىر جەڭچىلەردە يۈز بېرىۋاتقان ھالەتنى كۆردى.

ئاتلىق قىسمىدىكى بۇ ئەسكەرلەر ئەينى ۋاقىتتىمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يۇرتىدا تۇرالماي، ئىلىخوغا ئۆتۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان ئىدى. ئۇلار ئۇرۇمچىدە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن قوشۇلۇپ ئازادلىق تېگىنى بىرلىكتە تەنتەنە قىلىپ، جەڭگىۋار ۋەزىپىمىزنى ئاخىرلاشتۇرىمىز، ئاندىن يۇرتقا قايتىپ، قوۋم - قېرىنداشلىرىمىز بىلەن جەم بولىمىز دەپ ئويلاشقان، يۇرتىغا قايتىشقا، قوۋم - قېرىنداشلىرى بىلەن ئۇچرىشىشقا تەلمۈرۈپ تۇرۇشقان ئىدى. لېكىن، دەل شۇ ۋاقىتتا بىر ئوچۇم گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ يەرلىك باندىتلىرى پاجىئەلىك مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرگۈسى كەلمەي،

— ئۇنى تونۇدۇم، مېنى ئېتىنىڭ ئالدىغا مىندۇرۇۋالغان ئەمەلدار شۇكەن ئاكا، — دېدى.

نەزىمەنىڭ نەزىرىدە ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى قاپىقى يامان، شەپقەتسىز، رەھىمسىز ئىدى. ئۇ كوماندىرنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئەمەلدار-لىق كىبىرىنى كۆرمىدى. زۇنۇن بىلەن كوماندىر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— سىڭلىم، قاسىم ئەپەندىم كونا جەمئىيەتنىڭ ئەمەلدارى ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ كوماندىرىمىز، ئۇستازىمىز، بىزدەك جەڭچى، — دېدى زۇنۇن سىڭلىسىنىڭ بېشىنى سىيلاپ.

— ساڭا ئوخشاش بولسا، ئۇ ئەجەب تاتلىق نەرسە يەيدىكەن-غۇ. مەن ئۇنىڭ يانچۇقىدىن ئۇ نەرسىنى ئېلىپ يېگەن.

— ئۇ قەنت مېنىڭ يانچۇقۇمدىمۇ بار، كولاپ باقە سىڭلىم، — زۇنۇن قولىنى كۆتۈرۈۋىدى، نەزىمە ئۇنىڭ يانچۇقىغا قولىنى تىقىپ چاقماق قەنت بارلىقىنى سەزدى، قولىنى چىقىرىپ ئاكىسىغا خىجىل بولغاندەك قاراپ قويدى، — سەن ئالدىنقى كۈنى كوماندىرنىڭ يانچۇقىدىن ئېلىپ يېگەن قەنتنى بىزمۇ يەيمىز. مۇھىمى ئۇنى جەڭ ئاتلىرىغا بېرىش ئۈچۈنلا يانچۇقىمىزغا سېلىپ قويىمىز. يانچۇقتا قەنتنىڭ بار- يوقلۇقى جەڭچىلەرنىڭ ئېگىز - پەسلىكىنى چۈشەندۈرمەيدۇ، بىلدىڭمۇ؟ يۈر، كارنۇۋاتقا بېرىپ ئولتۇرايلى، — دېدى زۇنۇن كۈلۈپ.

قاسىم ئەپەندىم ساددا، ئاق كۆڭۈللۈكى چىقىپ تۇرغان نەزىمەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە يىغلاۋاتاتتى. ئېكسپىلا-تاتسىيە ۋە زۇلۇم دەستىدىن مىللىتىنىڭ قەد كۆتۈرەلمەي نادانلىق-تا، زامانىنىڭ ئارقىسىدا قېلىۋاتقانلىقىدىن يۈرىكى ئېچىشىپ تېپىچەكلەپ كەتتى. «نەزىمە دۆت ئەمەسكەن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر ئىنتىلىش بۇرقۇپ تۇرىدۇ، لېكىن ئۇ تەربىيىلەنمىگەن، دۇنيا-دىن خەۋەرسىز. ئۇ نامراتلىقتا ئاران تېپىپ يەۋاتقان زاغرا نان

ھەربىي تۇرمۇشىدىن تارتىپ ئىككىسىنىڭ كېلەچەك تۇرمۇشىغىچە مۇڭداشتى. ئۇ ئاكىلىق بۇرچىنى ھەقىقەتەن ئادا قىلىپ، سىڭلىسىنى ئازادلىق تېگىدىن پۇخادىن چىققۇچە بەھرىمەن قىلدى. نەزىمە ئاكىسىنى ئىزدەپ ئوبدان قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇلار شەھەردىن ئۇلامبايغا قايتىپ چىقىپ، ئاۋۋال ئېسكادرون كوماندىرىنىڭ ئالدىغا سالام بەرگىلى كىردى.

ئېسكادرون كوماندىرى ئىشخانىسىدا تامغا ئېسىلغان خەرىتىگە قاراپ، نېمىلەرنىدۇر ئويلاۋاتاتتى. ئۇ زۇنۇننىڭ كىرىپ سالام بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىككى تەرەپكە قاراپ تېگىرقىغاندەك تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زۇنۇندىن باشقا، تولىمۇ چىرايلىق، ئۆزىگە يارىشىملىق كىيىم كىيىپ، ھۆسن - جامالىنى ئېچىلدۇرغان، بىر قاراشتىلا كىشىدە ھەقىقىي ساھىبجامال ئۇيغۇر قىزى ئىكەن دېگەن تەسىرات قوزغايدىغان نەزىمە تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى. كوماندىر ئۇنى نەچچە كۈن بۇرۇن كۆرمىگەن بولسا، تونۇيالمىغان بولاتتى، «تەبىئىي گۈزەللىكنى يوقسۇزلۇق، بىچارىلىك، مەينەتچىلىك يوشۇرۇپ خارابلاشتۇرۇۋەتكەن ئىكەندە، نەزىمە ئېگىز پاشنىلىق توپلەي كىيىپ، بويىمۇ ئۆسۈپ، بويىغا يەتكەن قىزلاردەك بولۇپ قاپتۇ».

— پاھ، نەزىمە قىز، ئاكىڭىزنى تېپىۋېلىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كېتىپسىز. سىزنى تەبرىكلەيمەن. قېنى كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇرۇڭلار.

نەزىمە كوماندىرنىڭ چاقچىقىدىن خىجىل بولۇپ بېشىنى يەرگە ساڭگىلىتىۋالغان ئىدى. زۇنۇن ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ:

— سىڭلىم بېشىڭنى كۆتۈر. بۇ، مەن نەچچە كۈندىن بېرى گېپىنى قىلىپ بەرگەن، مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋالغان يۇرتدىشىم قاسىم ئەپەندىم. ئۇمۇ ئۆز ئاكاڭ، تارتىنمىغىن. ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيت، تېز بول،— دېدى.

نەزىمە غىل - پال قاراپلا، يەنە بېشىنى سېلىۋالدى- دە:

نەزىمە ئاكىسىنى سۆيلەپ تۇرۇۋالدى. زۇنۇنىنىڭ قۇربان بولغانلىقنى دېمەي بولمىدى، بۇ مۇسىبەت نەزىمەگە تولىمۇ ئېغىر كەلدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ ھىمايىسىدە قەددىنى كۆتۈرۈشكە، تۇرمۇشتىن لەززەت ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان. مانا ئەمدى نەزىمە بۇ دۇنيادا يۆلەنچۈكسىز قالغاندەك، كېلەچەكى ھاڭغا تاشلانغاندەك تۇيۇلۇپ ئازابلاندى، زار-زار يىغلاپ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتتى. قاسىم ئەپەندىم زۇنۇنىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، نەزىمەگە غەمخورلۇق قىلدى، ئۆز سىڭلىسىدەك قاراپ ساۋاتىنى چىقىرىشقا ياردەم بەردى.

1951- يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىيۇرو كادىرلار مەكتىپى ئېچىلىپ، ئاساسىي قاتلامدا يېتىشىپ چىققان ئاكتىپلار ۋە جەمئىيەتتىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرمەكچى بولدى. قاسىم ئەپەندىم يول مېڭىپ، نەزىمەنى ئۆلكىلىك بىيۇرو كادىرلار مەكتىپىگە كىرگۈزدى، ئۇ تەرجىمانلىق سىنىپىدا ئوقۇدى. نەزىمە ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ئۈرۈمچىدىن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندە، قاسىم ئەپەندىم يەنە ئۇنى شەھەرلىك پارتكومغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى...

× × ×

— مەن ھەربىيلەرنى ياخشى كۆرىمەن، ھەربىيلەرگە ئالاھىدە مۇھەببىتىم بار. مەنمۇ ھەربىي باشلىقنىڭ خانىمى بولۇشنى ئارزۇ قىلغان، نېسىپ بولماي قالدى،— دېگەندە، نەزىمەنىڭ چىرايى شاپپىدە سارغايدى، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. ئۇ شۇ خىلدا ئالدىنغا تىكىلىپ بىرھازا تۇرۇۋېتىپ، ئاستا-ئاستا ئۆز ھالىتىگە كەلدى،— ئەمدى قىزىمنى بولسىمۇ ھەربىيگە بەرمەكچىمەن، ئۇلار ھازىر مۇھەببەتلىشىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ،— ئۇ بايىقى ئېغىر بىلىنگەن ئەسلىمىلەرنى شۇنچە تېز ئۇنتۇپ،

بىلەن ئۇماچتىن باشقا ئېسىل يېمەكلىكلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇ شۇنچە يىراق يۇرتتىن ئاكىسىنى ئىزدەپ كېلىشكە جۈرئەت قىپتۇ، جىگەرلىك قىزدەك قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش، ئوقۇتۇش كېرەك...»

قاسىم ئەپەندىم زۇنۇن بىلەن نەزىمەنىڭ ئالدىغا ئۇسسۇلۇق قويدى ۋە ئويلىغانلىرىنى ئۇلارغا ئېيتتى. نەزىمە تولىمۇ خۇش بولۇپ كەتتى. زۇنۇن ئۇنى يۇرتقا يولغا سېلىۋېتىش ئويىدىن ياندى ۋە شۇ كۈنى قاسىم ئەپەندىم بىلەن شەھەرگە كىرىپ، نەزىمەنى قاسىم ئەپەندىمنىڭ بىر ئوقۇتقۇچى ساۋاقدىشىنىڭ ئۆيىدە تۇرغۇزۇپ ئوقۇتۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپلا، قىسىم بىلەن يۈرۈپ كەتتى. قاسىم ئەپەندىمنىڭ ئاتلىق ئىسكادرونى چەكسىز تاغ-دەريا، چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ، نۇرغۇن جاپالارنى چەكتى، بىرمۇنچە تالاپەتكىمۇ ئۇچرىدى. باندىت تازىلاش كۈرىشى مۇنتىزىم ئۇرۇشقا ئوخشىمايتتى، دۈشمەن ئاز ساندىكى بىر ئۇچۇم باندىتلار بولۇپ، كۆپچىلىكى قايمۇققان چارۋىچىلار ئىدى. قارا- قويۇق «هۇررا» تووۋلاپ، ئۇلارنى قىرىۋەتكىلى بولمايتتى. بىر قېتىملىق قاتتىق جەڭدە، ئېزۋوت كوماندىرى زۇنۇن باتۇرلۇق بىلەن هۇجۇمغا ئۆتۈپ، بىرقانچە باندىت تايانچلىرىنى يەر چىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ قارا ئۇۋۇسىنى چۇۋۇۋەتتى، ئۆزىمۇ شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. شۇ قېتىمقى جەڭگە ماڭغۇچە ئۇ قاسىم ئەپەندىمگە «قايتىپ كېلەلمەي قالسام، سىڭلىمنىڭ بېشىنى سىيلاپ قويۇڭ، ئۆز سىڭلىڭىزدەك كۆرەرسىز» دېگەن ئىدى.

قاسىم ئەپەندىم ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتۇرۇپ، قىسىمنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندە، تۇنجى قىلغان ئىشى نەزىمەنى يوقلاش بولدى. ئۇ نەزىمەگە رەھمەتلىك ئاكىسىنىڭ نەپىقە پۇلىدىن باشقا، ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ كىيىم-كېچەك ۋە تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ بەردى. لېكىن،

ئالغان. مانا ئەمدى پەلەك تەتۈر كېلىپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئالىي مەكتەپكە چىقىش ئىمتىھانىدا ياخشى نومۇر ئالالماي ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالدى. قاسساپنىڭ زور باش قېتىنچىلىقى شۇ ئىدى.

— ئۇستام، بېشىڭىز چۈشۈپ كەتتىغۇ، سىز مېنى ئاشۇ ۋاقىتتىكى ئىشنى تەگىگىلى تۇردى دەپ قېلىۋاتامسىز؟ ياق، ئۇ ۋاقىتتا سەۋەنلىك مەندە، سىزنىڭ تىلىڭىزنى ئىشتىشكە لايىق ئىدىم. ھازىردىن باشلاپ ئۇ كۆڭۈلسىزلىكنى ئۇنتۇپ كېتەيلى. بالىڭىزنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مەن ئۈستۈمگە ئالاي، شۇ ئارقىلىق سىزگە كۆڭلۈمنى بىلدۈرۈپ، مەندىن قالغان كۆڭلىڭىزنى ئالغان بولاي، قانداق دەيسىز؟

نەزىمەنىڭ نەزىرىدە دوست ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى يۇرتداشلىق، ساۋاقداشلىق، خىزمەتداشلىق، تەڭتۇشلۇق ياكى كۆزقاراش ۋە مىجەز - خۇلقىنىڭ ماس كېلىشى، ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى بىلەن شەكىللىنىدىغان دوستلۇق، بۇ خىل دوستلۇقتا تەڭ - باراۋەرلىك ئاساس قىلىنىدۇ، ئارىلىقتا مەلۇم چېگرا ساقلىنىدۇ، سىرلىق بولىدۇ. تىپتىنچ شارائىتتا، ئۇ زىددىيەتسىز يېتىلگەن بولىدۇ، شۇڭا ئاساسى مۇستەھكەم ئەمەس، ھېچكىم ھېچكىمگە باغلانمايدۇ. تۇرمۇشتا مۇنداق دوستلۇقمۇ زۆرۈر. لېكىن، نەزىمە مۇنداق دوستلۇقنى ئانچە قەدىرلەپ كەتمەيدۇ، ئېتىبارسىزمۇ قارىمايدۇ.

ئىككىنچى خىل دوستلۇقنى ئۇ ناھايىتى ئەتىۋارلايدۇ، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ مىجەز - خۇلقى، ئورنى، تەسىرىگە قاراپ، ئۇلارنى چېكىپ تاللاپ، بۇ دوستلۇقنى ئۆزى يېتىلدۈرىدۇ، ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ، يەنى ئۇ پايدىلانماقچى، ئىشلەتمەكچى بولغان كىشىلەرگە تۇنجى قېتىم قاتتىق قوللۇق قىلىپ نارازىلىقىنى قوزغايدۇ ياكى قەستەن ئاۋارىچىلىك تېپىپ يامانلىشىدۇ-دە، گىنە تۇتۇۋاتقاندەك ئىككىنچى ئۇچراشمايدۇ، مۇئامىلە

گېپىنى قىزىغا يۆتكەپلا بىر خىل مەپتۇنلۇق ئىچىدە ئاغزىنى كالاچتەك ئېچىپ كۈلۈپ كەتتى،— ئۇستام ئىش پىشقاندا، مەن سىلىنى ياردەمگە چاقىرىمەن جۇمۇ،— دېدى.

— بولىدۇ. بىز شەھەر باشلىقىنىڭ خىزمىتىنى قىلماي كىمنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتۇق. تارتىنماي، مېنى ئىشقا بۇيرۇۋېرىڭ،— دېدى گايىت ئۇستامۇ مىيىغىدا كۈلۈپ.

گايىت ئۇستام نەزىمەنىڭ ئائىلە ئىچىدىكى سىرىنىمۇ ئۆزىگە ئاشكارا دەپ بېرىۋاتقىنىغا قاراپ، «ئارىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن ئازارچىلىقنى كەت خۇدا قىلىۋەتكەن ئوخشايدۇ. ئۇ مېنى يېنىغا تارتىپ يېقىنچىلىق قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئىچ - ئىچىدىن خۇش بولدى. نەزىمە ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىشەنچ ئاتا قىلدى.

— سىزگە كۆپ رەھمەت. ئوچۇقراق ئېيتسام، باللىرىمنىڭ كەنجىسى قىز، ئۇنى جېنىمىزدىن ئەزىز كۆرىمىز، شۇڭا ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ ئەزىزە قويغان، مېنىڭ يېتەلمىگەن ئارزۇيۇمغا ئۇ يېتىدىغان ئوخشايدۇ. قارىماسىز، ئەزىزە بىر ئوفتىسىر بىلەن يۈرۈۋېتىپتۇ،— ئۇ ۋىلىقلاپ كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى،— سىزنىڭ ئەلچىلىككە ئېپىڭىز بار، بالىنىڭ دادىسى بۇنداق ئىشلارنى ئەپلەشتۈرەلمەيدۇ، شۇڭا سىزگە ئالدىنئالا دەپ قويۇۋاتىمەن. سىزنىڭ باش قېتىنچىلىقىڭىز، ئىش - كۈشىڭىز بولسا تارتىنماي دەۋېرىڭ، قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىمىز. ھە راست، بىر ۋاقىتتا بالىڭىزنىڭ ئوقۇۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالغان ئىدىڭىز، ئۇنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇۋالغانمىدىڭىز؟— دەپ سورىدى نەزىمە خۇددى گايىت ئۇستامغا كۆيۈنۈۋاتقان تەلەپپۇزدا.

گايىت ئۇستامنىڭ يۈزى قىزىرىپ ئوت بولۇپ ياندى، چۈنكى نەزىمەنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ئازارچىلىقلارنى ئۇنتۇپ كەتمىگەنلىكىنى سەزگەن ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا قاسساپ نەزىمەگە ھەرگىز يېلىنمايدىغان ئەلپازى بىلەن ئوغلىنىڭ ئوقۇۋاتقانلىقىنى تىلغا

ئاپىرىپ بېرىشنى ئامەت ۋە شەرەپ دەپ بىلىپ، مانا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. بۇ ئىسكەتى يوق بەندە نەزىمەنىڭ چىراي ئىپچىنى، ئۇلتىپات قىلىشى بىلەن شېرىن تۇيغۇغا چۆمۈلۈپ، ئۆزىنى نەزىمەنىڭ ئىختىيارىغا ئاتىۋەتتى. ئۇنىڭ نەزىمەگە ئامراقلىقى تۇتۇپ، مۇڭداشقانسېرى مۇڭداشقۇسى كېلىپ ئولتۇر-دى. ئاخىر نەزىمە ئەسنىگەن ۋاقىتتىلا ئۇ ئورنىدىن تۇردى.

قۇياش غەربكە قايرىلغان ئىدى. گايىت ئۇستام ئۆزىنى نەزىمەنىڭ دوستلۇق زەنجىرىگە چىڭ باغلاپ، خىيال كەپتىرىنى ئۇچۇرۇپ، كوچىدا ۋېلىسىپىتنى بىر خىلدا تېپىپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. «شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالى مېنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ، ئالدىغا يېلىنىپ بارمىساممۇ بالامنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرمەكچى بولدى. ھەي، بالامنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغۇسى بار ئىدى. مەندەك قاسساپنىڭ ئۆيىدىنمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇ-چىسى چىقسا بولاتتى. بالام ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسىمۇ نەزىمەنىڭ بالامنى ئالىي مەكتەپكە كىرگۈزۈپ قويۇش ھوقۇقى بولسا، قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە. ۋاي، بولدىلا، بالام ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ كەلسە، يەنىلا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىدىغان گەپ. گايىت، كەم ئەقىللىق قىلما، ئالدىڭغا كەلگەن ئامەتنى قولۇڭدىن چىقىرىۋەتمە، ئامەت ھەمىشە كېلىۋەرمەيدۇ...»



قىلمايدۇ. شۇ جەرياندا قارشى تەرەپنىڭ گىنەسى يەڭگىل بولۇپ،
ئىزدەپ كېلىپ ئەپۇ سورىسا، نەزىمە ئۇنى ھەرگىز دوست
تۇتمايدۇ، بەلكى «يەڭگىل مىجەزكەن» دەپ ئۇنىڭدىن
يىراقلىشىدۇ. ئەگەر قارشى تەرەپنىڭ گىنەسى قاتتىق، غۇرۇرى
كۈچلۈك بولۇپ، ئالدىغا بىرەر قېتىممۇ باش ئۇرۇپ كەلمىسە،
نەزىمە ئۇنى قوغلاپ يۈرۈپ دوست تۇتىدۇ. مۇنداق كىشىلەرنىڭ
كۆپچىلىكى ئورنى توۋەن ھەم ھاجەتمەنلەر بولۇپ، قايتا يارىشىپ
دوستلاشقاندىن كېيىن، نەزىمە ئۇلارنىڭ بىرەر - يېرىم ھاجىتــ
ــدىن چىقىپ قويسىلا، قارشى تەرەپ ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى
ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ. ئۇلار نەزىمەنىڭ مىجەز - خۇلقىنى، قەھر -
غەزىپىنى بىلگەنلىكتىن ئىككى يېنىغا بېقىپ، پايدا - زىيان
بىلەن ھېسابلىشىپ، ئۇنىڭ سىزنىقىدىن چىقالمايدۇ، سىر
ساقلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن نەزىمە شەھەر باشلىقىنىڭ ھەم
چىرايلىق، ھەم مېھرى ئىسسىق ئايالى، ئۇنىڭمۇ كىشىلەرگە
ئېيتقىلى بولمايدىغان ئارزۇ - ھەۋەس، سىرلىرى بار. بۇنى شەھەر
باشلىقى ئۇقسا، جەمئىيەتكە چىقىپ كەتسە بولمايدۇ، ئۆزى ئوتتۇ-
رىغا چىقىپ يۈرۈشكىمۇ قولايسىز. يا ئەمەلدار ئەمەس، چىراي -
ئىسكەتمۇ يوق بۇ بەندىلەرنى نەزىمە ئۆيىدە قوندۇرۇۋالسا ئېرى
گۇمانلانمايدۇ، كىشىلەرمۇ سۆز - چۆچەك قىلمايدۇ. نەزىمەنىڭ ھەر
ساھەدىن مۇشۇنداق سادىق دوستلىرى خېلى بار. ئۇ ئىشارەت
قىلسىلا، ھەممە نېمىنى ئالدىدا تەل قىلىدىغان مۇنداق
دوستلارنىڭ كۆپ بولغىنى ياخشى.

نەزىمە خېلى بۇرۇنلا گايىت ئۇستامنى چېكىپ كۆرۈپ،
ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن بولسىمۇ، مۇۋا-
پىق پۇرسەت كەلمەيۋاتاتتى. بۈگۈن ئۇ ئۆيگە گۆش ئېلىش
ئۈچۈن، گايىت ئۇستامغا پۇل تاشلاپ قويۇشنى يولدىشىغا
تاپىلىدى. گايىت ئۇستام شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆيىگە گۆش

بىر شەنبە ئاخشىمى ئابلاجان بىلەن ھاۋاخان ياسىنىپ، بىر ياش ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆيىگە باردى، مېھماندارچىلىق ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولدى. نازۇنېمەتلەر تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ياشلار ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشتى، نەغمە ـ ناۋا ئەۋجىگە چىقتى، كېيىن تانسا ئولتۇرۇشنى تولىمۇ قىزىتىۋەتتى، بولۇپمۇ مۇزىكىغا جۆر بولۇپ كەلگەن ئېلېكتر نۇرلىرىنىڭ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ، كىرىشىپ ھاسىل قىلغان مەنزىرىلەر بۇ كەڭ ۋە ئازادە ئۆيگە ئالاھىدە زىننەت ئاتا قىلغان ئىدى، يەنە كېلىپ ئۆينىڭ مەركىزىدىكى دېرىزىدە ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن مودەنگۈلنىڭ يارقىن، كۆركەم كۆرۈنۈشى تانسا سورۇنىغا ئالاھىدە ھۆسن ئاتا قىلغان ۋە ئولتۇرۇشتىكىلەرنىڭ ياشلىق باھار تۇيغۇ-سىنى ئويغىتىپ شوخ كۆڭۈللىرىنى كۆتۈرۈۋەتكەن ئىدى. بۇ گۈلنىڭ زوقى ئالاھىدە تەسىر قالدۇرغان ھاۋاخان تانسا مۇزىكىسى ئاخىرلىششى بىلەن ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا كۆپچىلىككە قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— دوستلار، كەسپداشلار، شۇ تاپتا مەن ھاياجىنىمنى باسالماي قېلىۋاتىمەن. بۇ كەچلىك ئولتۇرۇشىمىز تولىمۇ كۆڭۈل-لۈك بولدى، بولۇپمۇ ئاشۇ مودەنگۈل ئولتۇرۇشىمىزنىڭ كەيپىيا-تىنى بەكلا جانلاندۇرۇۋەتتى، سىلەرگە قانداقكىن، ماڭا شۇنداق تۇيۇلۇۋاتىدۇ. مېنىڭچە بىر ھۆجرىدا، مېھمانخانىدا ئۆي جاھاز-لىرى، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، گۈل تەشتەكلىرىنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۆينى تولىمۇ ئېچىلدۇرۇپ، كىشى كۆڭلىنى راھەتلەندۈرۈۋېتىدىكەن. بۇ ئۆي ئىگىلىرىگە بارىكاللا ئېيتسا بولغۇدەك،— ئۇ ئابلاجانغا بۇرۇلۇپ،— مەنمۇ ئۆيىمىزنىڭ مۇشۇن-داق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى خالايتتىم، ماڭىمۇ ئاشۇنداق گۈل تېپىپ بېرەلەرسىزمۇ؟ سىزدە باشقىلارنىڭ ئەرلىرىدىن قېلىشماي-دىغان جاسارەت بارمۇ؟...

# تۆتىنچى باب

## 1

شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىن ئۆي تەقسىم قىلىنىپ، ئابلاجان ئۆي ئايرىپ چىقىۋالدى. ئەتىگىنى بۇ ياش ئەر - خوتۇن بىر - بىرىنىڭ ئوتلۇق سۆيۈشلىرىنى ھەمراھ قىلىپ ئىشقا كەتسە، كەچلىكى بىر - بىرىنى سېغىنىپ جەم بولۇشاتتى.

ئابلاجان ئۆيگە كىرىشى بىلەن سۆيۈملۈك ئايالىنىڭ ئالۇچەدەك لەۋلىرىگە سۆيۈپ: «مەن كەچكىچە سىزنىلا ئويلىدىم، سىز مېنىڭ كۆز نۇرۇم، قۇياشىم» دەپ ھاۋاخانغا مەدھىيە ياغدۇرسا؛ ھاۋاخان كۆزلىرىدىن بەخت ئۇچقۇنلىرىنى چاقنىتىپ، گۈلدەك ئېچىلغان ھالدا تەبەسسۇم ياغدۇرۇپ: «مەنمۇ شۇنداق پالۋىنىم» دەپ جاۋاب بېرەتتى. «كۆز نۇرۇم»، «پالۋىنىم» دېگەن بۇ ئىككى سۆز ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش لۇغىتىدىكى مەخسۇس ئاتالغۇغا ئايلىنىپ، بىر - بىرىنىڭ ئىسمىنىڭ ئورنىنى ئالدى، ھەر ئىككىسى مۇشۇنداق ئاتاشنى ياقتۇراتتى. دەم ئالغان ۋاقىتلىرىدا، ئۇلار بىر - بىرىدىن ئايرىلمايتتى، يا ئاتا - ئانىلىرىنىڭكىگە، يا كەچلىك ئولتۇرۇشلارغا باراتتى. تەڭتۇشلىرىنىڭ بوۋاقلىرىنى كۆرسە، ئۇلارمۇ ئۆزىنىڭ بوۋىقى بولۇشنى ئارزۇ قىلىشاتتى، دوستلىرىنىڭ بوۋاقلىرىنى ئەركىلىتەتتى. دوستلىرى: «سىلەرنىڭمۇ بالدۇرراق پەرزەنت يۈزى كۆرۈشۈڭلارغا تىلەكداشمىز» دېسە، ئۇلار شادلىنىپ كېتەتتى.

ئادەم بولغاندىكىن، ماڭا قاراپ تۇرماي تاماق ئىچىپ قويسىڭىز بولمامدۇ، ئىسسىقتا ئۇسساپ ئاران كەلگەندە، بىر چىنە سوغۇق چاي بېرىشكە يارىمايدۇيۇ، تۆت تامنى كۆز دەيدا. لەگمەن ئىچىمەن، سىز سەي ئادالاڭ.

«بىرقانچە سائەت تىك تۇرۇپ دەرس ئۆتۈشمۇ ئاسان ئەمەس، بەلكىم هاۋاخان هېرىپ كەتكەندۇ، ئۆينى تۈزەپ قويدۇم، بەربىر مېنىڭدىن رازى بولۇپ، كۆڭلۇمنى ئالىدىغۇ، دېگىنىنى قىلاي» دەپ ئويلىغان ئابلاجان سەيلەرنى ئادالاپ، يۇيۇپ، توغراشقا تەمۇتەق قىلىپ قويدى. هاۋاخان تاماققا قولى ئەپچىل، تېز ئىشلەيتتى. هاۋاخان يۇغۇرغان خېمىرنى جىزا قىلدى، گۆش - سەيلەرنى توغرىدى، سەي قورۇۋېتىپ كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولدى. ئۇ لەگمەننى سوزۇپ ئالدىيۇ، ئۆزى يېمىدى، بەلكى چۆپنىڭ سۇيىگە نان چىلاپ يەپلا ئىشقا كەتتى. ئابلاجان نېمە قىلارىنى بىلمەيلا قالدى. «بۇ زادى نېمە گەپ، لەگمەننى ئىچىپ، يەنە نېمىشقا بىر تالمۇ ئاغزىغا سالمايدۇ، هاۋاخاندا مۇنداق غەلىتە مىجەز يوق ئىدى، نېمىشقا مۇنداق بولىدىغاندۇ ياكى ئۆزىنىڭ قولىدا ئەتكەن تاماق ئۆزىگە تېتىماي قالدىمۇ؟»

ئىنساننىڭ مىجەزىدىكى ئۆزگىرىش خۇددى تەبىئەت ئۆزگىرىشلىرىدەك بەزىدە تولىمۇ ئۇشتۇمتۇت، هېچكىم سەزمىگەن هالدا يۈز بېرىدۇ. بۇ مىجەز ئۆزگىرىشمۇ؟ ئۇنى كۆزىتىپ يۈرگەن كىشىمۇ سەزمەي قالىدۇ. هاۋاخاننىڭ تەبىئىتىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، دەسلەپتە ئاسان چېچىلىدىغان بولۇپ قالدى، ئابلاجاننىڭ ئەركىلىتىشىنى ياقتۇرمايلا قالماستىن، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، هەتتا ئابلاجاننى يامان كۆرىدىغان بولۇۋالدى، ئابلاجانغا قويىدىغان تەلەپلىرى كۆپەيدى. ئابلاجان دەسلەپتە هاۋاخاندىكى بۇ ئۆزگىرىشنى پەقەت مۇھەببەتنىڭ چوڭقۇرلۇشىشى ۋە ئامراقلىقىدىن ئۆزىگە ئەركىلىگەنلىك دەپ چۈشەندى. لېكىن، هاۋاخاننىڭ

ھاۋاخان ۋالاقتەگكۈر ئايالدەك سۆزلەپ كەتكەن ئىدى، ئابلاجان شۇ تاپتا قىزىرىپ - تاتىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنى ئەيىبلەپ يۈرمىدى، بەلكى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن:

— ھاۋاخان خاتىرجەم بولۇڭ، باشقىلاردا بولغان نەرسە سىزدىمۇ بولىدۇ، — دېدى.

ئابلاجان گېپىدە تۇردى. ئۇ ھاۋاخاننى تېزرەك خۇش قىلغۇسى كېلىپ، بازاردىن ھۇپپىدە ئېچىلغان مودەنگۈلنى تەشتەكى بىلەن ئېلىپ ئۆيگە ئەكەلدى، بىرقانچە ئاغىنىسىنى چاقىرىپ مېھمانخانا ئۆينى چىرايلىق زىننەتلەپ مودەنگۈلنى دېرىزىگە قويدى، گۈل بەرگلىرىگە سۇ پۈركۈپ تېخىمۇ كۆركەم، پارقىراق قىلىۋەتتى-دە، خۇشاللىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن، تويدىكىدەك ياسىنىپ ھاۋاخاننى كۈتۈشكە باشلىدى.

بۈگۈن ھاۋاخان چۈشلۈك تاماققا كېچىكىپرەك كەلدى. ھويلىغا كىرگەندە، ئۇنىڭ كەيپىياتى يامان ئەمەس تۇراتتى. ئۇ مېھمانخانىغا كىرىپلا تۇمشۇقىنى پۈرۈشتۈرۈپ، مۇرىسىدىكى سومكىسىنى يوتقاننىڭ ئۈستىگە ئېتىۋېتىپ، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. ئابلاجان ساپادا ئولتۇرۇپ، ھاۋاخاننىڭ مېھمانخانا ئۆينى ئۆزگەنلىكىنى تېزرەك بىلىشىنى، بولۇپمۇ مودەنگۈلنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا ئۆزىنى قۇچاقلاپ، سۆيۈشىنى كۈتتى. ھاۋاخان كۆزىنى ئاچتى، ئۆيدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سەزدى، مودەنگۈلنىمۇ كۆردى، لېكىن ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ، سىرتقا قاراپ ماڭدى.

— ئامرىقىم، مېھمانخانا ئۆيىمىزدىكى يېڭى ئۆزگىرىشنى سەزمىدىڭىزمۇ؟ مودەنگۈلى سىزنى خۇش قىلمىدىمۇ؟ — ئابلا-جان ئۆزىنىڭ قىلغىنىنى سەزدۈرمەكچى بولغاندەك گەپ قىلدى.

— ئوھوش، ئۇ جاھازىلار، گۈللىرىڭىزنى چىككىڭىزگە قىستۇرۋې-لىڭ، بۇ بىرنېمىلەر ماڭا تاماق ئېتىپ بېرەمتىمۇ؟ ھەي، سىزمۇ

يىرتىۋەتتى، يۈزلىرىنى تاتىلىدى. تۇرسۇنخان ئۇلارنى ئاجرىتىمەن دەپ، بېشى قېيىپ هالىدىن كېتىپ يىقىلىپ قالدى. ئۇ ئىڭراپ تۇرۇپ ، ئوغلىغا نەسىهەت قىلدى:

— ئابلاجان ئۇنى ئۇرما، كۆڭلىكىڭ يىرتىلىپ كەتسە مەيلى.

ئابلاجاننىڭ قولى قىچىشىپ، غەزىپى تېشىپ، بىرقانچە قېتىم ئۇرۇۋېتىشكە تەمشىلىپ قولىنى كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى. ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆتۈنۈشىنى ئاڭلاپ ئۇزىنى ئۆزىنى چەتكە ئالدى. هاۋاخان يېرىم سائەتچە تېپىرلاپ، ئېلىشىپ مادارى كېتىپ، ئاخىر كارىۋاتتا يېتىپ قالدى، بىر ۋاقىتچە ختىلداپ ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. ئابلاجان نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەپلا قالدى، ئانىسىنىڭ ئالدىدا يۈز كېلەلمەيدىغان بىر ئىش قىلىپ قويغاندەك بېشى سېلىنىپلا كەتتى. تۇرسۇنخان كۆپنى كۆرگەن، ئۆيدىكى ئىشلارنى سىرتقا يېيىپ يۈرمەيدىغان، ئوغلىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلالايدىغان خوتۇن. شۇڭا، ئۇ هاۋاخان بېسىلىشى بىلەن ئۇنىڭ كەيپىياتىمۇ ئورنىغا چۈشكەندەك بولۇپ، يەنە ئوغلىغا نەسىهەت قىلدى:

— ئوغلۇم ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، يەنە ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشۇپ يۈرمىگىن جومۇ.

— ئانا، ئۆزلەگە... مەن...

— بۇ كېلىن مۇنداق ئەمەستەك قىلىۋىدى، بۇنىڭمۇ بىر سەۋەبى باردۇ. بىزدىن كۆڭلى قالدىمىكىنىيا، سۆزلىشىپ باق، سەنمۇ ئىشقا بارما، تۇتقاق كېسەللىكىمۇ يوقتۇ ؟

— ياقەي، مەنمۇ بىلەلمەي قالدىم، ئانا خاپا بولمىسىلا ـ هە.

— ئوغلۇم قورۇنما، مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئايايمەن دەپ ئۆزۈڭگە ئىش تېپىۋالما. مەن كەتتىم، نېمە بولمىسۇن كەچتە كىرىپ مېنىڭ كۆڭلۈمنى تىندۇرۇپ قويارسەن.

تۇرسۇنخان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئابلاجان هاۋاخانغا

ئۆيدە تاماق ئېتىشكىمۇ خۇشياقماي، تاماقمۇ يېگۈسى كەلمەيۋا
قانلىقى ئابلاجاننى بىئارام قىلدى. شۇڭا، ئۇ چوڭ ئۆيگە بېرىپ
ئانىسىدىن ھاۋاخاننىڭ ئاغزىغا تېتىغۇدەك تاماق قىلىپ بېرىش
نى ئۆتۈندى. تۇرسۇنخان ماقۇل بولۇپ، ئۇلارنىڭكىگە كېلىپ
ھاۋاخان ياخشى كۆرىدىغان چۆچۈرە تۈگۈپ، ئۇ ئىشتىن كەلگۈچ
تەخمۇتەخ قىلدى. ھاۋاخان ئىشتىن كېلىش بىلەنلا چۆچۈرنى
پىشۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى، مەززىلىك تائامنىڭ لەززەتلىك
ھىدى ھاۋاخاننىڭ بۇرنىغا بېرىشى بىلەن ئۇ سەسكىنىپ
ئولتۇرالماي قالدى:
— ئۆزلەنى كىم بۇ نېمىنى ئېتىپ بەر دەپتۇ، ئاپپارسىلا
نېرىغا،— دەپ قاچىنى قوپاللىق بىلەن ئىتتىرىپ، تاماقنى
ئۈستەلگە تۆكۈۋەتتى.
— ھاۋاخان، سىز چۆچۈرىگە ئامراقتىڭىزغۇ؟ نېمە يەيسىز،—
تۇرسۇنخان چۆچۈرىلەرنى بىر - بىرلەپ تەخسىگە ئېلىۋېتىپ،—
تاماق ئېتىپ بېرىپ ياخشى بولالمايمىزمۇ سىزگە قىزىم،— دېدى.
— مەن ئۆزلەنىڭ تاماق ئېتىپ بېرىپ ياخشى كۆرۈنۈشلە
رىنى تەلەپ قىلمىدىمغۇ. تولا كوتۇلدىماي، ئەتكەن تاماقلىرىنى
كۆزۈمدىن يوقاتسىلا...
— ھەي ھاۋاخان،— ئابلاجان ئۇنىڭ گېپىنى چورت
كەستى،— ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ ھە، سىز كىمگە مۇنداق سۆزلەۋا
تىسىز؟ ئۇ مېنىڭ ئانام. سىزنى خۇش قىلارمىزمىكىن دەپ
ئانامنى مەن چىللاپ كەلگەن.
ھاۋاخان قېينانىسىنىڭ يۈز - خاتىرىسىنىمۇ قىلماي، كۆزلى
رىنى چەكچەيتىپ، ئابلاجاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ كېكىر
دىكىدىن بوغدى:
— ئۇرامسەن؟ مانا مەن ئۇرە،— ئۇ سەنلەپ چۇشۇپ
يىغلىغان پېتى ئابلاجاننىڭ كىيىملىرىنى تارتىپ كۆڭلىكىنى

بازارغا كېلىپ بىر پىيالىدىن قېتىق ئىچتى. شۇ تاپتا چوڭ ئۆيدىكىلەر يېتىپ قالغان ئىدى، شۇڭا ئابلاجان قىزىق - قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ، ھاۋاخاننى ئۆيگە قايتۇرۇپ كەتمەكچى بولدى. لېكىن، ئۇ چوڭ ئۆيگە بىرىشتا چىڭ تۇردى، ھەتتا چوڭ ئۆيگە بىرىپلا ھېچبىر ئىش يۈز بەرمىگەندەك، تۇرسۇنخاننى قۇچاقلاپ، ئامراقلىق قىلىپ، ئۇنىڭ قوينىدا ياتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چوڭ ئۆيدە قېپقالدى، ئابلاجان ئۆيگە يالغۇز قايتىپ كەلدى.

ئابلاجان ياكى ئۇنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بولسۇن، «ھاۋاخان ناھايىتى تېز ئۆزگىرىپ، تېزلا ئۇگىنىپ قالدى، زىيالىي ئائىلىسىنىڭ بالىسى تەربىيە كۆرگەن، ئاسانلا ھوشىنى تېپىۋالىدىكەن، ئالدىمىزغا كېلىپ ناماقۇل دېمىگىنى بىلەن كۆڭلىمىزنى ئۇتتۇۋالدى، يەنىلا ئائىلىمىز بۇرۇنقىدەك شادلىققا چۆمۈلدى، ئەمدى خەقنىڭ كۆزى تەگمىسۇن» دېيىشتى. بىر كۈنى ئابلاجاننىڭ ئىدارىدە زۆرۈر ئىشى چىقىپ قېلىپ، ئۆيگە كېچىكىپ كەلدى. ھاۋاخان ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغان ئىكەن.

— ھەي، سائەت نەچچە بولدى، نېمىشقا ۋاقتىدا ئىشتىن چۈشۈپ كەلمەيسىز؟ قايسى خېنىم بىلەن مۇڭدىشىپ قالدىڭىز؟..

ھاۋاخان ئارقا - ئارقىدىن سوئال ياغدۇرۇپ، قوشىنىلاردىنمۇ ئۇياتماي ۋارقىرىدى. ئابلاجان ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

— ھاۋاخان، كوچىدا ۋارقىرىماڭ، سەت بولىدۇ. مانا مەن كەلدىم، نېمە ئىشىڭىز بولسا ھازىر قىلىپ بېرەي،— دېدى.

— سىز ماڭا بايا لازىم ئىدىڭىز، ھازىر كىرىڭىز يوق، يوقىلىڭ كۆزۈمدىن،— ھاۋاخان بىخۇد تۇرغان ئابلاجاننى كەينىگە ئىتتىرىۋەتتى، ئۇ گۈپپىدە ئارقىسىغا يىقىلىپ، كىيىملىرى توپىغا مىلىنىپ كەتتى.

— ھەي، مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟— ئابلاجان ئورنىدىن تۇرۇپلا ھاۋاخاننىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق سالدى، قوڭىغا بىرنى

قاراپ ئۆلتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئىشقا بارالمايتتى، كىتاب كۆرسە مېڭىسىگە چۈشمەيتتى، ھاۋاخان ئەتىگەندە قورۇق نان غاجىلىغان، شۇ ۋاقىتچە تاماق يېمىدى. «ئۇنى ئۈيغىتىپ تاماققا زورلاپ باقسا قانداق بولار، ياق، ئۇخلاپ باقسۇن، ھاردۇق يەتكەندۇ، ھاردۇقى چىقسا ياخشى بولۇپ كېتەر».

خۇپتەنگە ئەزان چىققان ئىدى، ئەزان بىلەن تەڭ ھاۋاخانمۇ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ بايىلا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى، ئۆزىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان قىلىقلىرىنى ئويلاۋاتامدىكىن، خېلى ئۇزاققىچە تورۇسقا تىكىلىپ ئورنىدا مىدىرلىماي ياتتى.

— ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ تاماق يېۋېلىڭ،— ئابلاجان ئۆزىنى زورىغا بېسىپ، بىر گەردىن مۇزدەك چۆچۈرىنى ئۈستەلگە قويدى.

ھاۋاخان ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇدى، ئەينەككە قاراپ قاپاقلىرىنىڭ ئىششىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ ئاستا ئۈستەلگە كېلىپ، مۇزدەك چۆچۈرىنى بىردەمدىلا ئاچ قالغان بازارچىدەك ئىچىپ بولدى.

— پالۋىنىم سىزگە قالدۇرمايلا يېۋالدىم، رەنجىمەسسىز، تاماقنىڭ كەينىدىن بىر قاچا قېتىق بولغان بولسىدى، سىز بازاردىن ئەكىرىپ بېرەمسىز. ياق، ئىككىمىز بىللە چىقايلى، بىللە ھاۋا يېگەچ ئانامالارنى يوقلاپ كېلەيلى. بىرئاز تۇرۇپ تۇرۇك ئۆزۈمنى تۈزەشتۇرۇۋالاي،— ھاۋاخان كىيىملىرىنى يۆتكىدى، ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈزىگە ماي سۈركەۋېتىپ،— ئابلاجان قارىڭا، مەن نېمىدېگەن سەت، قاپاقلىرىم خۇددى...— ئۇ پىخىلداپ كۈلدى، ئابلاجانمۇ كۈلۈۋەتتى.

— خۇددى توخۇنىڭ پۇرۇكىگە ئوخشايدۇ دېمەمسىز.

ھاۋاخان نېمىنىدۇر دېمەكچى بولۇپ تۇراتتى، ئۇشتۇمتۇت ئۇ ياندۇرۇپ بايا يېگەنلىرىنى قۇسۇۋەتتى. قاڭسىق قۇسۇق ئۆينىڭ ھاۋاسىنى بۇزۇۋەتتى. ئۇلار ئۆيدىن چىقىپ، كەچلىك

چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ، رىسالەتكە چىرايىنى سۈرۈن قىلىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، چالۋاقىدى:

— هەي رىسالەت، مېنىڭ ئېرىم بىلەن قاچان تېپىشۋالدىڭ، ئېرىمنى مەندىن تارتىۋالاي دەمسەن؟ مەنمۇ ئۇنىڭغا ئۈچ بولۇپ كەتتىم. ماڭ ئەكەت، ئۇنى ئۆيىڭگە ئەكەت، كۆزۈمدىن يوقىلىڭلار،— دەپلا يەرگە ئېگىشىپ توپا، داڭگالنى سىقىمداپ ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستۈپىشىغا چاچتى.

رىسالەت قاچتى، ئابلاجان هاۋاخاننى توسماقچى بولدى. لېكىن، هاۋاخان ئۇنىڭغا بوي بەرمەي، رىسالەتنى قوغلايتتى. ئابلاجاننىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى- دە، نومۇسقا چىدىماي، شۇ يەردىلا هاۋاخاننى ئۇرۇپ - تېپىپ يەرگە چاپلاشتۇرۇۋەتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ يېنىغا بىر قارا پىكاپ كېلىپ توختىدى، پىكاپتىن شەهەر باشلىقىنىڭ ئايالى نەزىمە چۈشۈپ كەلدى- دە:

— ئابلاجان قولىڭىزنى تارتىڭ!— دەپ ۋارقىرىدى.

ئابلاجان ئۇنى تونۇپ، هاۋاخاننى ئۇرماقچى بولغان قولى هاۋادا توختاپ قالدى، خىجىل بولۇپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇردى. نەزىمە ئۆزىنىڭ سالاپىتىنى بۇزماي، چىرايىنى تۈرۈپ:

— سىز كوچا لوكچىكى ئەمەس، بەلكى دۆلەت كادىرى، چوڭ كوچىدا، خەلقئالەمنىڭ ئالدىدا نېمىشقا ئايالىڭىزنى ئۇرىسىز؟— دەپ چەكچەيدى.

— بۇ پەس ئاۋۇ ساۋاقدىشىمنى...

— كۆردۈم،— نەزىمە ئابلاجاننىڭ سۆزىنى چورت كەستى ۋە رىسالەتكە «تېز كېتىڭ» دەپ ئىشارەت قىلدى. چۈنكى، بۇ يەرگە ئادەملەر يىغىلىشقا باشلىغان ئىدى،— ساۋاقدىشىڭىزنىڭ ئۈستۈپىشىنى بۇلغىۋەتكەن بولسا، ئۆيىگە بېرىپ يۇيۇۋالسا بولىدۇ. هە، ئۆزىڭىز نېمىگە قاراپ تۇرىسىز، ئايالىڭىزنى كۆتۈرۈپ پىكاپقا سېلىڭ، ئۇنى شوپۇر ئۆيىگە ئاپىرىۋەتسۇن،— دەپ بۇيرۇدى.

تەپتى، — ماڭ ئۆيگە كىر.

— ئۆيگە كىرمەيمەن، سەن يامان بولغاندىكىن مىشە ئۇر، — ھاۋاخان ئۈنىنى قويۇۋېتىپ يىغلاپ، ئاغزىغا كەلگەنچە تىللاپ، ئابلاجاننىڭ كۆڭلىكىنى يىرتىپ، يۈزىنى تاتىلىدى.

بۇ جېدەلنى قولۇم - قوشنىلارنىڭ ھەممىسى كۆردى. بەزىلەر ئارىغا چۈشۈپ، ئۇلارنى ئاجرىتىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇرۇش - جېدەل يۈز بېرىشكە باشلىدى، يا ئۇنىڭ ئاخىرى چىقمايتتى، ھەش - پەش دېگۈچە جاڭجاللىشاتتى ھەم تېز بېسىقاتتى. ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، ھاۋاخان ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك يۈرۈۋېرەتتى، مەكتەپكە بېرىپ دەرسكە كىرەتتى. ئۇ بەزىدە ئوقۇتقۇچىلار بىلەنمۇ تاكاللىشىپ، ئوقۇغۇچىلىرىنى سەۋەبسىزلا تىللايدىغان بولۇۋالدى. ھاۋاخاننىڭ مىجەزىدىكى ئۆزگىرىشلەر ھازىر تەرەققىي قىلىپ، چىنە - قاچا، ئۆي جاھازلىرىنى چاقىدىغان، ھەتتا ئابلاجان مىنگەن ۋېلىسىپىتنى جاراقلىتىپ ئۆرۈۋېتىدىغان بولۇپ قالدى. ھاۋاخاننىڭ بۇ قىلىقلىرىنى باشقىلار يۈزىگە سالسا، ئابلاجان نومۇس قىلىپ بېشىنى كۆتۈرەلمەيتتى، شۇڭا تونۇش - بىلىشلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدىغان بولدى.

## 2

بىر كۈنى ئابلاجان كەچتە بالدۇرراق ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىش خۇشياقمايۋاتقاندەك ئېغىر خىياللارغا پېتىپ كېتىۋا- تاتتى. ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭغا پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان ساۋاقدىشى، ھاۋاخاننىڭ يىراقراق تۇغقىنى رىسالەت روبىرو ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار يولنىڭ بىر بۇرجىكىگە سۈرۈلۈپ، ئۆزئارا ئەھۋال سورىشىپ تۇرغان ئىدى، ھاۋاخان ئاسماندىن

يېنىدا توختىدى. نەزىمە ئابلاجاننى پىكاپقا چىقىرىۋالدى. ئۇ تېگىرقىدىيۇ، جىمجىتلا پىكاپقا چىقىپ ئولتۇردى. نەزىمە ئۇنى پىكاپقا چىقىرىۋېلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمايلا بايىقى ماجىرانىڭ گېپىنى قىلدى:

— ئىككىڭلار بىر جۈپ قوشماقلاردەك يۈرەتتىڭلار، كىشىنىڭ مەستلىكى كېلەتتى، — دېدى ئۇ ئابلاجانغا مىيىغىدا كۈلۈپ قاراپ، — نېمىشقا كوچىدا سەتلىشىپ يۈرىسىلەر؟

نەزىمەنى ئۆزىگە كۆيۈنۈۋاتىدۇ دەپ ئويلىغان ئابلاجان باش-ئايىغىنى بىلگىلى بولمايدىغان، ھاۋاخان بىلەن تۇرۇپ جېدەللىشىپ-تۇرۇپ ھەشقىپىچەكتەك ئىرمىشىپ-چىرمىشىپ كېتىدىغان ئىشلىرىنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە سۆزلەشكە باشلىدى. نەزىمە سالاپەت بىلەن ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ تولىمۇ سىرلىق ھېكايىسىنى ئاڭلاۋاتاتتى. پىكاپ شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ ئارقا دەرۋازىسىدىن كىرىپ، نەزىمەنىڭ ئۆيى ئالدىدا توختىغاندىمۇ ھېكايىنىڭ ئاخىرى تۈگىمىدى.

شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھويلىسى 15 مودەك دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كاتتا باغ ئىدى. ھويلا غەربتىن شەرققە سوزۇلغان، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت بىناسى ھويلىنىڭ غەرب تەرىپىدە، چوڭ يولغا تۇتاشقان بىنانىڭ كەينى تەرىپى چىمەنزارلىق باغ، ھويلىنىڭ جەنۇبىنى 4 — 5 مېتىر ئېگىزلىكتىكى كونا سېپىل توسۇپ تۇرىدۇ. شىمال تەرىپىدىن سۈپسۈزۈك ئۆستەڭ ئېقىپ تۇرىدۇ. باغنى ھەر ۋاقىت سۇغارغىلى بولىدۇ. شەھەر باشلىقلىرىنىڭ ئۆيىمۇ مۇشۇ باغدا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىمۇ تۆت چاسا تام بىلەن قورشالغان، شەھەر باشلىقى خالىقنىڭ ھويلىسى باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ. قوش قاناتلىق ئىشىكتىن كىرسىلا ئىككى قەۋەتلىك چاققانغىنە بىر بىنانى كۆرگىلى بولىدۇ. بىنا-

ئابلاجان بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئەتراپىدا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ توپلىشىپ، قارىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى- دە، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئاغرىق ئازابىدا ئىڭراپ ياتقان ھاۋاخاننى كۆتۈرۈپ پىكاپقا سالدى، ئۆزىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرماقچى بولدى.

— سىز قېلىڭ، ئۆيگە بېرىپ ئايالىڭىزنى يەنە ئۇرماقچىمۇ؟ ئۇنى شوپۇر ئۆيگە ئاپىرىپ، قوشنىلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرسۇن،— دەپ نەزىمە شوپۇرغا ھاۋاخاننى ئۆيگە ئاپىرىۋېتىشنى تاپىلاپ يولغا سالدى، ئاندىن ئابلاجانغا بۇرۇلۇپ،— ئۇستۈېشىڭىزنى قېقىۋېتىپ، مەن بىلەن يۈرۈڭ،— دېدى.

شەھەر باشلىقى خالىق بېيجىڭدىكى ئالىي پارتىيە مەكتىپىگە بىر يىللىق ئوقۇشقا كەتكەن. ئۇ يوق بولسىمۇ نەزىمە توي-تۆكۈن، نەزىر- چىراغ ۋە باشقا ئىشلىرى چىقىپ قالسىلا «يۈزۈمنىڭ قېلىنلىقى جېنىمنىڭ راھىتى» دېگەندەك، ھۆكۈمەتنىڭ پىكاپىنى ئىشلىتىۋېرەتتى. نەزىمە چۈشتىن كېيىن شەھەر ئەتراپىدىكى بىر باغقا بېرىپ، ئۆيگە قايتىپ كېلىۋېتىپ بۇ ۋەقەگە ئۇچراپ قالغان ئىدى. ئۇ ئابلاجان بىلەن بىر ئىدارىدە ئىشلىمىسىمۇ، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ ھويلىسىدا بىرگە بولغانلىقتىن، ئابلاجان بىلەن ھاۋاخاننىڭ ئائىلە تۇرمۇشىدىكى سۈركۈلۈشتىن خەۋەردار، لېكىن ئۇرۇش - تىللاش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، ماجىرانى ئۇلغايتىۋەتمەي، ئۇستىلىق بىلەن بىرتەرەپ قىلدى. شۇڭا، ئابلاجاندا نەزىمەگە نىسبەتەن ياخشى تەسىرات پەيدا بولۇپ، يول ياقىسىدىكى ئېرىقتا ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇدا يۈز - كۆزلىرىنى يۇدى ۋە چىرايىنى ئېچىپ:

— نەزىمە ئاچا، سىز كېلىپ مېنى بىر سەتچىلىكتىن قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز، سىزگە رەھمەت،— دېدى.

پىكاپ ھاۋاخاننى ئۆيگە ئاپىرىۋېتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ

لېكىن، سىزنىڭ ئايالىڭىزنى ئۇرۇشىڭىزنى مەنمۇ قوللىمايمەن. ئۇنىڭ بىر يېرى سۇنۇپ كەتسە، بۇنىڭدىنمۇ چوڭ بالادا قالمامسىز؟ ئۇ ئەرز قىلىپ سىزنى سوتلىتىۋېتىشتىن يانمايدۇ، — نەزىمە ئابلاجانغا سىناش نەزىرىدە قارىدى.

— ھاۋاخان ئۇنداق قىلالمايدۇ. مېنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ياخشىلىقىم كۆپ. كىچىكىمىزدە قىلغانلىرىمنى سۆزلىمەيلا قوياي، يېقىنقىسىنى دېسەم، مەن ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىشىگە ئاز يول ماڭمىدىم. ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا مەن پۇل ئەۋەتىپ تۇردۇم.

— ھە، مۇنداق ئىشمۇ بار دەڭ، — دېدى نەزىمە، — شۇڭا، ھاۋاخاننىڭ تىلى تۇتۇقكەندە.

يىگىت - قىزلارنىڭ مۇھەببىتى پاك، سەممىي، تەمەسىز بولغاندىلا، ئۇ ھەر ۋاقىت ياشلىق باھارىنى ساقلاپ، قارىغايدەك مەزمۇت، ياپيېشىل تۇرالايدۇ. ئۇ ئۆز ئارا كۆيۈنۈش، مېھىر - شەپقەت، خالىسانە ياردەملەرنى چەتكە قاقمايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى خاتىرجەم، تىنچ داۋام قىلغاندا، بىر - بىرىنىڭ نۇقسان، ئاجىزلىقلىرىنى سېزىشمەيدۇ، مۇھەببەتكىمۇ دەز كەتمەيدۇ. لېكىن، نەدىمۇ بىر سىزىقتا داۋام قىلىدىغان تۇرمۇش بولسۇن، ئۇ تۇيۇقسىز چىققان شامالغا يولۇقۇپ سىلكىنىش بولغاندىلا، مۇھەببەت جىددىي سىناققا دۇچ كېلىدۇ. تۇرمۇش ئۇلارنى سىنايدۇ، چېنىقتۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتەلىگەنلەر تۇرمۇشتىن لەززەت ئالغان غالىبلاردۇر. ئەگەر ئابلاجاندەك سۆيگىنىگە ئۆتكەندە قىلغانلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقسا ۋە ئۇنىڭدىن ياخشىلىقنى بىلمىدى دەپ ئاغرىنسا، بۇ خىل مۇھەببەت ساپلىقىنى يوقىتىدۇ-دە، ئۇزاققا بارماي قىممىتىنى يوقىتىدۇ، ۋەيران بولىدۇ. نەزىمە ئابلاجان بىلەن ھاۋاخاننىڭ مۇھەببىتىنىڭ بىر - بىرىدىن سوۋۇشىنى، ئائىلىسىنىڭ ۋەيران بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

نىڭ كەينى كىچىك باغ، بىنانىڭ ئالدىدا پېشايۋان بولۇپ، پېشايۋانغا ئۈزۈم تاللىرى سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. پېشايۋانغا بىر سۇپا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، 3- ئايدىن 10- ئايغىچە سۇپىنى هاۋالىق، شاماللىق دەپ، بارلىق مەشغۇلاتلار مۇشۇ سۇپىدا بولىدۇ. ئالاھىدە مېھمان كەلگەندە، مېھمانخانا ئۆيگە باشلىنىدۇ. بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىگە مېھمانخانا، ئاشخانا، تازىلىق ئۆيلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، كۈندۈزدىكى بارلىق پائالىيەتلەر مۇشۇ ئۆيلەردە داۋام قىلىدۇ.

نەزىمە پىكاپتىن چۈشۈپلا ئابلاجاننى پېشايۋاندىمۇ ئولتۇرغۇزماي مېھمانخانا ئۆيگە باشلىدى، ئۇنىڭ ئالدىغا نازۇنېمەت، پېچىنە - پىرەنىكلەرنى تىزىپ مېھمان قىلدى ۋە ئابلاجاننىڭ تۇرمۇش شىكايىتىنى داۋاملىق ئاڭلىدى.

— راست، بۇ زادىلا ئوڭ - تەتۈرى يوق جېدەلكەن. هاۋاخان نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغاندۇ،— دېدى ئۇ ئابلاجانغا كۆيۈنگەن قىياپەتتە، ئاندىن ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى،— خۇش چاقچاق، بوي - بەستىڭىز قاملاشقان يىگىت ئىدىڭىز، هازىر جۇدەپلا كېتىپسىز. هەي نېمىدېگەن بەختسىزلىك. ئۇكام، بۇنى ئانىڭىز ئاڭلىسا قانچىلىك ئازابلىنىپ كېتەر.

ئابلاجان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بېشىنى كۆتۈردى، ئۇنىڭ پېشانىسى تەرلىگەن ئىدى.

— ئاناممۇ، هاۋاخانىنىڭ ماڭا ئەمەس، ئۆزىگىمۇ يولسىزلىق قىلغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ماڭىمۇ ئىچ ئاغرىتقان، لېكىن ئۇ ئاتامنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقالمايدۇ. ئاتام «هاۋاخانىنى ئۇرما» دەپ تۇرىدۇ، مېنىڭ ئۇنى ئۇرغانلىقىمنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، تەكشۈرمەيلا يەنە مېنى ئەيىبلەيدۇ. شۇڭا، مەن ئۇلارغا كۆرۈنمەي يۈرۈشكە مەجبۇر بولۇۋاتىمەن.

— شۇنداق، سىزگە قاتتىق ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ ئابلاجان.

مەن تاماق قىلاي، ئابلاجان مىشەدىلا تاماق يېسۇن.
— ياق، مەن ئۆيگە قايتىمىسام، ئۇ...— ئابلاجان ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشىلىۋېتىپ، نەزىمەگە قارىدى.
— ئۇ ئۆيگە كىرگۈزمەيدۇ، شۇنداقمۇ ئابلاجان ئاكا، ھا، ھا، ھا... ھەي سىلەر ئەرلەرزە...
— ئەزىزە، ئابلاجاننى مەسخىرە قىلما، ئۇنىڭ ئۆيگە قايتىشى ئورۇنلۇق. ئابلاجان خىجىل بولماڭ، ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارنى ئاتا - ئانىلارغا دېيىش ئەپسىز، دوست - بۇرادەرلەرگىمۇ دەپ يۈرگىلى بولمايدۇ. مەن ئۇقتۇم، كۆردۈم، كۆڭلىڭىز تارتسا ماڭا دەڭ، ياردىمىم تېگىپ قالار. بىرىنىڭ، ھاۋاخانىڭىزمۇ ئەقلى - ھوشى ئەسلىگە كېلىپ قالغاندۇ.
— بولىدۇ ئاچا، ماڭا كۆڭۈل بۆلگەنلىرىگە كۆپ رەھمەت. سىلىبىلەن مۇڭدىشىپ ئىچىم خېلى بوشاپ قالدى. دائىم كېلىپ مەسلىھەتلىرىنى ئېلىپ تۇرىمەن،— دەپ ئابلاجان ئۆيدىن چىقتى.
— ئۇنىڭغا قىزغىنىۋاق بولۇپ ئۇزىتىپ قوي،— دەپ نەزىمە قىزىنى ئابلاجاننىڭ ئارقىسىدىن چىقاردى.
— ئابلاجان ئاكا،— دېدى ئەزىزە ھويلىغا چىقىپ،— مېنىڭ بايىقى چاقچاقلىرىمنى ئېغىر ئالماڭ - ھە. سىزنى كۆرسەملا گەپ قىلغۇم كېلىدۇ، ھى، ھى، ھى...— ئۇ ئابلاجاننىڭ بىلىكىگە ئېسىلىپ، يېقىملىق كۈلدى.
— ئېغىر ئالمايمەن، مەن بەرىبىر سۆز - چۆچەككە قالدىم، يۈزۈم تۆكۈلدى،— ئابلاجان خۇرسىنىپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.
— بۇ، يىگىت ئۇچۇن قانچىلىك ئىشتى. كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ ئابلاجان ئاكا. بىز ياش، تېخى ئويناپ - كۈلىدىغان ۋاقتىمىز، ئۆيدىن زېرىكسىڭىز بىزنىڭ سىپىمىزگە قوشۇلۇڭ. ھە، مەن شەنبە كۈنى كەچتە دوستلارغا ئولتۇرۇش قىلىپ بەرمەكچى. سىز مېنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلغان مېھمىنىم، چوقۇم كېلىڭ.

ئابلاجاننىڭ ھەرىكىتىدىن، سۆزلىرىدىن بۇ ئۈمىدنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرگەندەك بولدى. «ئۇت تۇتىشىپتۇ، ئەمدى ئۇنىڭغا ماي قۇيۇش كېرەك، ھازىرلىمامدۇ؟— نەزىمە ئويلىنىپ قالدى،— ئىش بۇ دەرىجىگە يېتىپتۇ، يەنىمۇ تەرەققىي قىلسۇن، زىددىيەت چوڭقۇرلاشسۇن». ئۇ ھازىرچە ئۆزىنى تۇتۇۋالماقچى بولدى. چۈنكى، ھازىرلا قىپيالىڭاچ ئوتتۇرىغا چىقسا، ئابلاجاننى ھاۋاخانىدىن ئاجرىتىشقا دەۋەت قىلسا، بايا ئۇنىڭغا قىلغان نەسىھەتلىرىنى باشقىچە ئويلاپ قالىدۇ-دە، ئۇنىڭدا قالدۇرغان ياخشى تەسىرىگە گۇمان تۇغۇلۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقارمىدى. شۇ ئەسنادا نەزىمەنىڭ قىزى ئەزىزە ئىشتىن چۈشۈپ كىرىپ كەلدى.

— قىزىم ئىشتىن كەلدىغۇ،— دېدى نەزىمە ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇرۇپ،— ئابلاجان ئاكاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قوي.

ئابلاجان ئورنىدىن تۇرۇپ ئەزىزە بىلەن تىنچلىق سوراشتى.

— تونىشىمىز،— دېدى ئەزىزە شوخلۇق بىلەن چاقچاق قىلىپ،— ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلىنى بۇ شەھەردە تونۇمايدىغانلار بولمىسا كېرەك. ئۇلارنىڭ كوچىدىكى جېدەل - ماجىرالىرىدىنمۇ خەۋەردارمەن تېخى.

— سېنىڭمۇ قۇلىقىڭغا بېرىپ بوپتۇ-دە.

— مەن سىزنىڭ ئابلاجان ئاكامنى پىكاپىقا سېلىپ ئېلىپ كەتكەنلىكىڭىزنىمۇ ئاڭلىدىم. لېكىن، سىلەرنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىۋاتقىنىڭلارنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن،— دېدى ئەزىزە بېشىنى سىلىپ ئولتۇرغان ئابلاجانغا قاراپ پىخىلداپ كۈلۈپ.

— توۋا قىلدىم، بۇ شەھەردە خەۋەر نېمىدېگەن تېز تارقىلىدۇ-ھە،— نەزىمە تېگىرقىغاندەك مەيدىسىنى تۇتتى،— مەيلى خەق نېمە دېسۇن، مەن سوقۇشۇۋاتقان ئەر - ئايالنى ئاجرىتىپ قويدۇم شۇ. سەن ئابلاجان ئاكاڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىن،

ئۇتتۇرا ياشلىق بىر ئايال تۇرسۇنخاننى كۆرۈپ قالدى بولغاي، ئەتراپىدىكى ئاياللارنىڭ بېشىنى بىر يەرگە يىغىپ پىچىرلىدى. تۇرسۇنخاننىڭ يۈرىكىگە بىگىز سانجىلغاندەك تولغىنىپ كەتتى، گۆش ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇدى، ئۆيگە قايتماقچى بولۇپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قەدىمىنى تېزلەتتى. ئۇ تار كوچىنىڭ ئاغزىغا كەلگەندە، يەنە بىرنەچچە ئايالنىڭ پارىڭىنى ئاڭلىدى.

— كۈنداشلىق دېگەن يامان كېسەل جۇمۇ، ئابلاجان ئاياللىنىڭ بىرنەۋرە ئاچىسى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرۇپتىكەن...

— شۇنداقمۇ، ئابلاجاننى ئايالى ئۆزىنىڭ ئاچىسىدىن كۈنلەپتىما. ئۇنداق بولسا، ھاۋاخانغىمۇ تاياق دورىكەن.

تۇرسۇنخان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، كۆڭلى تەسكىن تاپقاندەك بولدى، مۇشۇنداق گەپنى يەنە ئاڭلىغۇسى بار ئىدى. لېكىن، سۆزلىشىۋاتقانلار تۇرسۇنخاننى كۆرۈپلا تارقىلىپ كېتىشتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا، ئۇننى قويۇۋېتىپ، يىغلاپ كەتتى:

— ئابلاجان، جېنىم بالام، يالغۇز بالام، توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ ئاران تۇغقان بالام، ئۇماقلىقىڭدا قولدىن - قولغا ئۆتەتتىڭ، ئالتۇن بۆشۈكتە ياتاتتىڭ، ئاق سۈت بىلەن باقاتتىم، يىغلىمايتتىڭ، كۈلەتتىڭ بالام، ئاتاڭ ۋېلىسىپىتتىگە مىندۈرۈپ، كوچا ئايلاندۇرۇپ ھارمايتتى، ۋاي بالام، جېنىم بالام، قەدرىڭ ئالەمچە ئىدىغۇ، كۆرگۈلۈكۈڭ بارمىدى...

— بولدى، بالاڭ نېمە بوپتۇ؟

توختىمەتنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن تۇرسۇنخان يىغىدىن بېسىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ھېقىقلايتتى.

— ھاۋا دېگەن جۇۋاينىمەك، ئابلاجاننى تىللاپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى يىرتىۋەتكىنىنى ئاز دەپ، ماڭىمۇ ھاقارەت قىلدى. ئۇنىڭ ھاقارىتىگە مەن چىدىمسام، باشقا قېينانا چىدىمايدۇ. مەن «ھاۋاخان كىچىكىدىلا يامان ئىدى، ئېلىپ بەرمەيلى»

ئابلاجان نېمە دېيىشىنى بىلمەي بېشىنى سىلىپ مېڭىپ قوش قاناتلىق ئىشىكنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى. ئەزىزە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، كۆزىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى.

— مەن سىزنى چوقۇم خۇش قىلالايمەن، كېلەمسىز؟— ئەزىزە قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، ئەركىلىدى.

— كېلىمەن، رەھمەت،— دېدى ئابلاجان چىرايىنى ئېچىپ.

× × ×

بۈگۈن كەچقۇرۇن تۇرسۇنخان گۆش - سەي ئۈچۈن بازارغا چىقىپ، تۆت كوچىدىكى گۈللۈكتىن ئۆتتى. گۆش دۇكىنىنىڭ غەربىي بۇرجىكىدە غۇژمەك بولۇپ پاراڭلىشىۋاتقان بىرنەچچە ئايال تۇرسۇنخاننى كۆرمىدى، 10 نەچچە مېتىر قالغاندا، ئۇلارنىڭ قىلىشىۋاتقان گەپلىرى ئاڭلاندى.

— ئابلاجانچۇ، تۆت كوچىدىلا ئايالىنى ئۇرۇپ - تېپىپ، قوۋۇرغىسىنى سۇندۇرۇۋەتتى، ئايالى نەچچە دەلدۈگۈنۈپ ۋايجانلاپ كەتتى، خوتۇنىغا ئىچى ئاغرىمايدىغان ئاشۇنداق شەپقەتسىز ئەرلەرمۇ باركەن...

تۇرسۇنخان تەستەك يېگەندەك ئەلەم چەكتى، قاققان قوزۇقتەك ئورنىدىلا تۇرۇپ قالدى، يۈرىكى چىمىلداپ، مېڭىسى زىڭىلداپ كەتتى. ئۇ «بۈگۈن بولغان ئىشمىدۇ» دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا، يەنە بىر ئايال گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى.

— مەنمۇ تۆت كوچىغا كېلىپ تۇراتتىم، ئالا - توپىلاڭ بولۇپ كەتتى، ئۇ ئىككىسى يوق خوتۇندەك ئۇرۇۋەردى، ئاتىسى باشلىقتە، ھەي نېمە دېگۈلۈك.

— نېمە دېگۈلۈك دەپ يۈرۈۋەرسەك، ئەرخەقلەر بېشىمىزغا مىنىدۇ.

قاتتىقمىكىن دەيمىنا. دەسلەپكى تۇغۇتۇڭدا، سەنمۇ سىېزىكتىن چىقالماي، بەش ئاي قىينالدىڭ. غورىغا سىېزىك بولدۇم دېۋىدىڭ، خەقنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ تۇتۇلۇپ قالدىم، خەققە يېلىنىپ يۈرۈپ غورا تېپىپ كەلدىم، ئۇنى يەپ باقتىڭ، ئۈچكە سۈتىنىمۇ ئىچىپ باقتىڭ.

— بولدى قىلسىلا،— تۇرسۇنخان شىپپىدىلا يىغىدىن توختاپ، ئالىقىنى بىلەن ئېرىنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالدى

— تۇرمۇشنىڭ بۇ تەجرىبىلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ،— توختىمەت ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتى،— ھېلىمۇ ياخشى، سەن 5- ئايدىكى كەلكۈننىڭ سېرىق پاتقىقىغا ئېغىناپ، سېغىز توپا يەپ سىېزىكىڭدىن چىققان، ھا، ھا، ھا...

— ماڭسۇنا، كىشىنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرمەي، بۇنى ئۆزلەلا بىلىلا، ھېچكىم بىلمەيدۇ.

— شۇنداق، شۇ ۋاقىتتا ئايال كىشىنىڭ مۇشكۈلاتىنى مەن چوڭقۇر چۈشەنگەن ئىدىم. ئۆزۈڭ بېشىڭدىن كەچۈرگەن تۇرۇقلۇق، كېلىنىڭنىڭ بۇ ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرەلمەمسەن؟

— ئابلاجان ئاشۇ سىېزىكىمدە تۇغۇلغان. ھاۋاخانىڭمۇ قەي قىلىشى، يەيدىغان نەرسىسىنى تاپالمايۋاتقانلىقى، سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ئۆتكۈرلىشىپ كېتىشى سىېزىكنىڭ ئالامىتى، ئەمما...

— نېمە ئەماكەن. ئابلاجانغا ئېيت، ھاۋاخانىڭ خاھىشىغا ھۆرمەت قىلسۇن، كەمسىتمىسۇن، ئۇرمىسۇن. ئۇ نېمىنى يەيمەن دېسە، شۇنى تېپىپ بەرسۇن، پۇلى يەتمىسە بىز بېرەيلى،— توختىمەت ئاچچىقىدىن تىترەپ كەتتى، ھويلىدا قولىنى ئارقىغا تۇتۇپ مۇشتلىرىنى تۈگۈپ ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭدى،— بالاڭ ھوشىنى تاپسۇن. ماڭ ئۇنىڭغا ئېيت،— دېدى.

تۇرسۇنخان ئوغلىدىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى، ئۇنى ئىزدەشكە توختىمەتنىڭ ئۇنۇماسلىقىدىن ئەنسىرەيتتى. مانا ئەمدى

دېسەم ئۇنىمىدىلا، ئوغلىمىزمۇ يېپىشىۋالدى، مانا ئەمدى...

— ھەي زادى نېمە بوپتۇ، ئېنىقراق دېگىنە،— توختىمەت تۇرسۇنخاننى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ كۆز ياشلىرىنى ئېرتتى، تۇرسۇنخان خىتىلداشتىن توختىدى.

— ئاۋۇ كۈنى ئابلاجان «ھاۋاخانغا نېمە بولدىكىن، ئۆزىنىڭ ئەتكەن تامىقى ئاغزىغا تېتىماي قاپتۇ. ئۇ چۆچۈرىگە ئامراق ئىدى، ئېغىر كۆرمەي ئېتىپ بەرسەڭ» دېدى. يېرىم كۈن ھەشەم قىلىپ چۆچۈرە ئەتسەم، ھاۋاخان مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈچۈن بولسىمۇ بىرەر تالنى ئاغزىغا سېلىپ تېتىپ قويماي، ئالدىغا قويغان تاماقنى ئىتتىرىپ جوزىغا تۆكۈۋەتتى. ئۇ تېخى مېنىڭ ئالدىمدا ئىزا تارتماي: «كىم ئاناڭنى چۆچۈرە ئېتىپ بەر دەپتۇ» دەپ، ئابلاجانغا بىشەملىك قىلىپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى يىرتىۋەتتى. ئۇنى سىلىگە دېمەي ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، كېيىن «كەچ كەلدىڭ» دەپ قوشنىلىرى ئالدىدا جېدەل قىپتۇ، ئۆيدىكى قاچا - قۇچا، ئۆي سايمانلىرىنى چېقىپ، ۋېلىسىپىتنىڭ پولات چىۋىقلىرىنى ئۈرۈپ ئېگىۋېتىپتۇ. بۈگۈن يەنە كوچىدا سوقۇشۇپتۇ.

— توختا ۋالاقتەگكۈر، جىم تۇرسام كاپىلداپلا كەتتىڭغۇ.

— مەن ۋالاقتەگكۈرمۇ؟— تۇرسۇنخان يەنە كۆز يېشى قىلغىلى تۇردى،— ھازىر ئۆيىمىزدىكى بۇ ئىشلار شەھەرگە پۇر كەتتى، سىلى دېگەن ئابرۇيلۇق باشلىق تۇرسىلا.

— سەن نېمىشقا ئەقلىڭنى ئىشلەتمەيسەن- ھە، ھاۋاخاننى نېمىشقا دوختۇرغا كۆرسەتمەيسىلەر.

— ۋاي، مەنمۇ دېدىم، ئابلاجان مەجبۇرلاپمۇ كۆردى. لېكىن، ھاۋاخان دوختۇرخانىغا بېرىشقا زادى ئۇنىمىدى.

— ھەي، ھاۋاخاننىڭ قورسىقىدا...

— ئۇھۇش...

— ئۇنداق دېمە خوتۇن، ھاۋاخانىڭمۇ ساڭا ئوخشاش سىزىكى

بېشىدىن مۆزدەك تەر چىقىپ كەتتى. ئۇ ئورنىغا چۆكۈپلا يوتقىنىغا يۆگىنىپ يېتىۋالدى. ھاۋاخان باياتىن قورقۇنچىدا ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك قىلىۋىدى، ئەمدىلىكتە قورسىقىدا بىرنېمىنىڭ مىدىرلىشى بىلەن پەيدا بولغان ۋەھىمە ۋە سەكپارە-چىلىقتا، تۈنۈگۈن كوچىدا ئابلاجاننىڭ مۇشت، تېپىكلىرىدىن زەخملەنگەن تېنىنىڭ ئاغرىقى قوشۇلۇپ يۈرىكى خۇددى پىچاق يېگەندەك بولۇپ كەتتى. يالغۇزلۇق، بۇرۇقتۇرمىلىق، پەرىشانلىق ئىسكەنجىسىدە قىيىنىلىپ، قوي كۆزلىرىدىن مارجاندەك ياش تۆكۈپ، بىردەمدىلا ياستۇقنى ھۆل قىلىۋەتتى. ھاۋاخان كىچىكى-دىنلا كۆڭلى پۈتۈن، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، غالىبكارلىقى كۈچلۈك ئىدى، ئاسانلىقچە كۆز يېشى قىلمايتتى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجىز، يۆلەنچۈككە موھتاج مەزلۇم ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىپ، كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولدى.

«يېتىلگەن ئادەت ئۆلگۈچە چىقماپتۇ» دېگەندەك، ھاۋاخان غەپلەتتە يېتىۋېرىشنى خالىماي ئورنىدىن تۇردى، چىراغنى ياندۇرۇپ كىيىندى، يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ، چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تارىدى، ئاندىن ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ چىرايىغا سەپسالدى - دە، ياش ئېقىپ تۇرغان كۆزلىرى تىكىلىپلا قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاپئاق يۈزىنىڭ سۇزۇك تېرىلىرى بوشاپ قالغان، چىرايى جۇدەپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ئۇچىسىدىكى كۆڭلىكىمۇ ئۆزىنىڭ ئەمەستەك بىلىنەتتى. ھاۋاخان يېقىنقى كۈنلەردىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ بىر خىل قايغۇ - ھەسرەت ۋە ئەجەبلىنىش تۇيغۇسى بىلەن خىيال سۈردى، «مەن نېمانچە جۇدەپ كەتكەنى-دىمەن، زادى نېمە بولدۇم، نېمىشقا تاماق يېگۈم كەلمەيدىغاندۇ، يېگىنىم نېمىشقا تېنىمگە سىڭمەيدىغاندۇ. مەن ئەزەلدىن خەقنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشنى بىلمەيتتىم، يامان گەپ پەقەت ئاغزىمدىن چىقمايتتى. ھە دېگەندىلا قېينانامنى سەتلەپ،

توختىمەتمۇ ئوغلىنى ئىزدەشنى دەۋاتىدۇ. تۇرسۇنخان سەمرىپ كەتكەن تېنىنى ئاران كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىشىغا، ئابلاجان ئىشىك ئالدىدا ئۇچراشتى- دە، كەينىگە ياندى...

3

هاۋاخان تۇيۇقسىز ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ قانداقتۇر بىرنېمىنىڭ تەسىرى بىلەن ئويغانغاندەك قىلىۋىدى، ئۇ نېمە بولغىنىدى. ئۆينىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ ۋە تىپتىنچ، تېخى تاڭ ئاتمىغاندەك قىلىدۇ، هاۋاخان ئىتتىكلا يېنىغا قاراپ باقتى، ئابلاجان ئاخشام ئۆيگە قايتىپ كەلمىگەن، ئۇنىڭ ئورنى بوش ئىدى. ئۇ قالايمىقان چۈشمۇ كۆرمىگەن، بىرەر شەپىنىمۇ ئاڭلىمىغان. ئۇنداقتا، ئۇنى قانداق بىر كۈچ ئويغىتىۋەتكەندۇ، ياق، بەلكىم ئۇيقۇسىغا قېنىپ ئۆزلۈكىدىن ئويغانغاندۇ.

هاۋاخان گادىرماچ خىياللارنى سۈرۈۋېتىپ، ئۇشتۇمتۇت ۋۇجۇدىدا يۈز بېرىۋاتقان بىر خىل تولىمۇ نازۇك، ئەزەلدىن يۈز بەرمىگەن ئالامەتنى سەزدى، ئۇنىڭ قورسىقىدا بىرنېمە تولىمۇ ئاجىز ۋە توختاۋسىز مىدىرلاۋاتاتتى. ئۇ شۇ ۋاقىتتا تورۇسقا قاراپ ياتاتتى، ئەمدى تېنىنى سول يانغا باستى، قورساقتىكى مىدىرلاش داۋام قىلىۋەردى، هاۋاخان ئوڭغا بۇرۇلدى، مىدىرلاش توختىمىدى. ئۇ ئۇشتۇمتۇت ئورنىدىن تۇردى، قورساقتىكى نەرسە يەنە مىدىرلىدى. «ۋىيەي، مەن نېمە بولدۇم، قورسىقىمدىكى نېمىدۇر، قۇرت پەيدا بولۇپ قالدىمۇيا، بىرنەچچە كۈندىن بۇيان قەي قىلىپ قورسىقىمغا تۈزۈكرەك بىرنېمە يېمىگەن ئىدىم. قۇرتنىڭمۇ قورسىقى ئېچىپ، مېنىڭ گۆشۈمنى يېگىلى تۇردىمۇيا، ۋىيەي، قورقۇۋاتىمەن، ئابلاجان نەدىسىز؟»

هاۋاخاننىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ پۇت - قولىدا جان قالمىدى،

پاتىگۈل سىڭلىسى بىلەن ئابلاجاننىڭ قوشۇلۇشىدىن، ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇشىدىن رازى ئىدى، ئۆيگە دائىم بېرىپ ئۇلارغا ئەقىل ئۆگىتىپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارايتتى. ئۇ ئاخشام ھاۋاخان بىلەن ئابلاجاننىڭ كوچىدا سەتلىشىپ سوقۇ-شۇپ قالغانلىقىنى، ئابلاجاننىڭ ھاۋاخاننى قاتتىق ئۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، كېچىچە تۈزۈكرەك كىرپىك قاقمىدى، تاڭ يورۇشى بىلەن سىڭلىسىنى يوقلاپ كېلىشى ئىدى. ئۇنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئىككىيلەن قۇچاقلاشقان پېتى خېلىغىچە يىغلاشتى. بىرھازادىن كېيىن، پاتىگۈل كۆز يېشىنى ئېرتىۋېتىپ، سىڭلىسىنى ساپاغا ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزدى.

— سىڭلىم، بولدى يىغلىما، زادى نېمە بولدۇڭلار، ئابلاجان يوققۇ؟ ئۆيدىكى نەرسىلەرنى چېقىپ، ئىككىڭچى ئۆي تۇتمايدىغاندەك ئىغىل قىلىۋېتىپسەنغۇ. بولدى، يىغلىما سىڭلىم، ماڭا ئەھۋالنى دەپ بەرگىنە، ئاڭلاپ باقاي،— پاتىگۈل سۆزلەۋېتىپ، سىڭلىسىنىڭ كۆز ياشلىرىنى ئېرتتى، چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى. ھاۋاخان يىغىدىن توختىغان بولسىمۇ، ھېقىقلىشى تېخى تۈگىمىگەن ئىدى.

— مەن سېنى ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ توي قىلدى، تۇرمۇشتا تەمكىن، ئۆي تۇتۇشنى، ئەرنى كۆتۈشنى بىلىدۇ، دەپ پات-پات يوقلاپ تۇرالمىدىم. سىڭلىم، ياخشى ئۆتۈۋاتاتتىڭلارغۇ، قانداقسىگە كوچىغا چىقىپ سوقۇشۇپ قالدىڭلار،— دېدى پاتىگۈل بېشىنى يەرگە ساڭگىلىتىۋالغان سىڭلىسىنىڭ ئېگىكىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ جۇدەپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى يېرىم بولدى. ھاۋاخان ئاچىسىغا قاراپلا ۋوجۇدىغا يەنە يىغا تۇتتى.

— ھەممە گۇناھ مەندە، مەن ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشايمەن،— دېگىنىچە ئۆكسۈپ يىغلاپ، ئۆزىنى ئاچىسىنىڭ قوينىغا ئاتتى. ئۇ ئاچىسىنى قۇچاقلىغاندا، ئۇڭ قولى ئاچىسىنىڭ سول

رەنجىتىپ قويدۇمغۇ، ئۆزۈمنى نېمىشقا تۇتۇۋالمايدىغاندىمەن، ئوك - تەتۈرۈمنى ئۆزۈممۇ بىلەلمەيدىغان بولۇپ قالدىمغۇ، نېمىشقا ئابلاجاننى كۆرسەملا ئاچچىقىم كېلىپ سوقۇشىدىغاندىمەن. بۇ سارائىلىق ماڭا قانداق چاپلاشتى. ئۇنى كوچىدا تىللاپلا قالماي، بىر نەۋرە ئاچامنىڭمۇ يۈز - كۆز، كىيىم - كېچەكلىرىگە توپا چېچىپ تولىمۇ سەت ئىش قىلدىم. ئاھ، خۇدا! سەن مېنى قانداق بىر كۇلپەتكە مۇپتىلا قىلدىڭ».

ئىنسان ئېغىر مۇشكۇلاتقا، تىلسىماتتەك قىيىن ئىشقا دۇچ كېلىپ، تەدبىرسىز قالغاندا، خۇدادىن ئەقىل - پاراسەت، مەدەت تىلەيدۇ. هاۋاخان ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدى، ئەقىل - ئىدرىكى، ھەتتا نېرۋىلىرى ئەسەبىيلىشىۋاتقاندەك، كۆزلىرىگە قىزىللىق تىقىلدى؛ پۇتكۇل ئەزايى تولگاپ كېتىۋاتقاندەك جالاقلاپ تىترىدى، ئىككى قولىنى ئەينەك تومپۇچكىسىغا تىرەپ، بېشىنى ساڭگىلاتقانچە، چاچلىرىنى يۇلۇپ تاشلايدىغان ئەلپازدا مەھكەم قاماللىدى. شۇ ۋاقىتتا بەدەنىنىڭ يىغىلىشى بىلەن قورساقتىكى تۆرەلمە يەنە مىدىرلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مېڭىسى تېخىمۇ جىددىيلەش- تى- دە، ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كۆزىگە نېمە چېلىقسا، شۇنى قولىغا ئېلىپ ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى، چاقتى، دېرىزە پەردىلىرىنى تارتىپ يىرتتى...

دەل شۇ ۋاقىتتا ئىشىك ئۇلۇغ ئېچىلدى- دە، تاڭ ئاتقانلىق- تىن بېشارەت بېرىپ، ئۆيگە نۇر ۋە يورۇقلۇق كىرىپ كەلدى. هاۋاخان چۆچۈپ كەتتى، دېرىزە پەردىسىنى كۆچەپ تارتىۋاتقان ئىككى قولى بوشلۇقتا قېتىپلا قالدى. ئۇنىڭ ئاچىسى پاتىگۈل كىرىپ:

— جېنىم سىڭلىم بارمۇسەن؟— دېدى.

— ئاچا!— هاۋاخان قوللىرىنى كېرىپ، يىغلىغان پېتى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاچىسىنى قۇچاقلىدى.

بالا بولۇپ چىقتى، لېكىن مېنىڭ مىجەزىم...

شۇتاپتا ھاۋاخاننىڭ كۆزلىرى خۇنۇكلىشىپ، نەپەسى توختاپ، تومۇرلىرىدىكى قان ئۇيۇپ قالغاندەك، مىڭ جىڭ تاش جىسمىنى بېسىپ تۇرغاندەك بولۇپ قالغان ئىدى. ئاشۇ مىجەزى، سارالىلىقىدىن ئۇنىڭ كېلەچىكى، پۈتكۈل ئۇمىدى، ئارزۇ - ئارمانلىرى بەربات بولغاندەك، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئائىلىسى، مۇھەببىتى ۋە بارلىقى ئۆز قىممىتىنى، ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقاندەك بولۇپ قالغان ئىدى. پاتىگۈل سىڭلىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ پەننىي جەھەتتە بىلىملىك، ئىقتىدارلىق بولغىنى بىلەن تۇرمۇش بىلىمى جەھەتتە ساۋاتسىز قالغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ تېنىدە، روھىي ھالىتىدە يۈز بەرگەن، بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشلەرنىمۇ چۈشىنەلمەي ئۆزىنى ئازابقا سېلىۋاتقانلىقىنى، روھىي زەئىپلىشىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندى، سىڭلىسىغا ئىچى ئاغرىپ، كۆڭلى يېرىم بولدى، ئۇنىڭ روھىي ئازابىنى يەڭگىللىتىشكە ئالدىراپ:

— ياق سىڭلىم،— دەپ، ھاۋاخاننىڭ سۆزىنى بۆلدى،— تېنىڭدىكى ئۆزگىرىش، روھىي ھالەتلەر سېنىڭ مىجەزىڭ ئەمەس، بەلكى بويۇڭدا قالغاندىن كېيىنكى سېزىكنىڭ ئالامىتى.

— سېزىك؟— ھاۋاخانغا بۇ گەپ غەلىتە ئاڭلاندى. ئۇ قايسىبىر دەرسنى غۇۋا ئەسلىگەندەك قىلدى،— ئاچا، سېزىك بولسا قانداق بولىدۇ؟— دەپ سورىدى.

— ۋاي بىچارە سىڭلىم، سەن ئىنسانلار ئارىسىدا ياشاۋېتىپ، مۇشۇنداق ئەقەللىي ساۋاتنىمۇ بىلەلمەي قالدىڭما؟ راست، ئاتام سېنى كەنجى قىزىم دەپ ئەركە قىلىپ قويدى، ئوقۇشۇڭغىلا كۆڭۈل بۆلۈپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىڭغا، ئانامنىڭ قېشىدا تۇرۇشۇڭغا پۇرسەت بەرمىدى. ئۆزۈڭمۇ بېشىڭنى چۆكۈرۈپ ئوقۇشقا، خىزمەتكە بېرىلىپ كەتتىڭ...

ھولىنى تۇتۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىنىڭ قورسىقىغا باستى. ھاۋاخاننىڭ قورسىقىدىكى مىدىرلاشنى سەزگەن پاتىگۈل لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ھاۋاخان، مۇبارەك بولسۇن، — ئۇ خۇش بولغانچە ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى، — سىڭلىم بويۇڭدا قاپتۇ، يىغلىما، كۈل، خۇشال بول، كۈل دەۋاتىمەن. سەن بۇنى سەزمىدىڭما؟ — پاتىگۈل سىڭلىسىنى چىڭ قۇچاقلاپ خۇشاللىقىنى باسالمايلا قالدى.

ھاۋاخان بويىدا قالغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىدى، ئاچىسىنىڭ كەسكىن ھۆكمىنى ئاڭلاپ، يا خۇشال بولۇشىنى، يا ئازابلىنىشىنى بىلەلمەيلا قالدى. ئۇ ئاچىسىنىڭ قۇچىقىدىن چىقىپ، ئاچىسىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى، تىلى گەپكە كەلمەيۋاتاتتى.

— ھەي ھاڭۋاقتى، بويۇڭدا قالغىنىنى سەزمىدىڭمۇ دەۋاتىمەن؟ — پاتىگۈل سىڭلىسىغا تىكىلىپ قاراپ جاۋاب كۈتتى.

— مەن تېخى تۇغۇپ باقمىسام نەدىن بىلەي، قورسىقىمدا مىدىرلىغاننى سېزىپ، نېمىلىكىنى بىلەلمەي قورقۇپ كەتتىم. ئاچا سەن بىلمەيسەن، يېقىندىن بۇيان مېنىڭ مىجەزىم ئۆزگىرىپ ئوڭ - تەتۈرىنى ئۆزۈممۇ بىلەلمەي قالدىم، — ئۇ ئۆيدە تاماق ئەتكۈسى كەلمەي، تاماق يېيىشمۇ قەي قىلىۋاتقانلىقىنى، ئابلاجان بىلەن كۆپ قېتىم سوقۇشۇپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى يىرتىۋەتكەنلىكىنى، ھەتتا ئابلاجاننى كوچىدا سەتلەپ، ئۆزىمۇ تاياق يېگەنلىكىنى، قېيىناتىسىنىڭمۇ كۆڭلىنى رەنجىتكەنلىكىنى، مەكتەپتە دەرس ئۆتۈۋېتىپمۇ ئۆزىنى تۇتالماي ئوقۇغۇچىلىرىنى تىللاپ، ئۇرۇپ قويغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ ئاخىرىدا، — ساراڭلىقىم تۈزەلمەي تۇرۇپ ئەمدى قورسىقىمدىن چاتاق چىقامدىكىن دەپ قورقتۇم، پەرىشان بولۇپ يىغلىدىم، يەنە ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم - دە، قولۇمغا نېمە چىقسا شۇنى چاقتىم، يىرتتىم، بۇنىڭ ئۈستىگە سەن كەلدىڭ. ئاچا دەپ باقە، قورسىقىمدىكى

كەلتۈرسە تۇغمايلا قوياي، بالىنى تۆرەلمە ۋاقتىدىلا چۈشۈرۈۋېتىڭ، بولامدۇ؟

هاۋاخان سېزىكتىن بىزار بولۇپ، ئۆزىنىڭ بېشىغا قانداقتۇر بىر خىل پېشكەللىك كەلتۈرىدىغاندەك بىلىنىپ بىئارام بولۇپ، ئاچىسىغا يېلىنىش، ئۈمىد بىلەن قارىدى. پاتىگۈل ئويلىنىپ تۇرمايلا ئۇنىڭ تەلىپىنى كەسكىن رەت قىلدى.

— ياق، تۇغۇشۇڭ كېرەك. سىڭلىم، ئايال كىشى ئالىم، شائىر، ئىنژېنېر، پروفېسسور بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئاياللىق بۇرچىنى ئادا قىلىشى، ئېرىنى كۈتۈشنى بىلىشى، ئۆي ئىشىنى قىلىشى، پەرزەنت كۆرۈشى لازىم. بۇ ئاياللارنىڭ شەرەپلىك مەجبۇرىيىتى. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ئاياللار تۇغمىسا ئانا نامىنى ئالالمايدۇ، ئانىلىق سالاھىيىتى يوق ئايال — ئەڭ بىچارە، مىسكىن، مۇھەببەتسىز، گاداي ئايال بولۇپ قالىدۇ.

هاۋاخانىنىڭ تىلى گەپكە كەلمەي قالدى، ئاچىسىنىڭ گېپى ئۇنىڭ يۈرىكىگە بازغاندەك تەگكەن ئىدى. ئۇ بىرھازادىن كېيىنلا بېشىنى كۆتۈردى.

— ئاچا، مەن بەزىدە خۇدۇمنى بىلمەي قالسام قانداق قىلارمەن، سەن دوختۇر بولغانىدىن كېيىن ئامالىڭ يوقمۇ؟ تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان بىمەنە قىلىقلىرىمدىن بىزار بولدۇم. ئابلاجانىڭمۇ كۆڭلىنى رەنجىتتىم. سەن ماڭا ياردەم قىل.

— سىڭلىم، قولۇمدىن كېلىدىغانكى ياردىمىمنى سېنىڭدىن ئايىمايمەن. مىدىتسىنا ئىلمى سېزىكنى داۋالاش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس، لېكىن ئىنسانىيەت شۇنى ئوبدان بىلىدۇكى، سېزىك — خۇشاللىقنىڭ بېشارىتى. شۇڭا، ئەرلەر ئەلمىساقتىن تارتىپ ئاياللىنىڭ سېزىك ۋاقتىدىكى كۆڭلىنى چۈشىنىپ كەلگەن. مېنىڭ بايىقى كەپپىياتىم باشقىچە ئىدى، سەن ئابلاجاندىن ھوشۇڭدىن كەتكۈچە تاياق يەپمۇ يەنىلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ

— ۋاي ئاچا، مېنى ھېچنېمە بىلمەسكە چىقىرىۋەتمە، كىچىكىمدە قازان بېشىغا كېلىپ باقمىغان بىلەن، ھازىر ئانام ئەتكەن تاماقلارنىڭ ھەممىسىنى ئېتەلەيمەن، باشقا كەلگەندە باتۇر بولۇپ كېتىدىغان كىشى. لېكىن، سېزىك دېگەن بىرنېمە...

پاتىگۈل سىڭلىسىنىڭ گۆدەكلەرچە گېپىنى ئاڭلاپ، كۈلۈپ قويدى. ھاۋاخانمۇ چىرايىنى ئېچىپ ئاچىسىغا قاراپ تەبەسسۇم قىلدى. پاتىگۈل ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— شۇنداق، سېزىك دېگەن بىرنېمە ئاياللارنىڭ تۇغۇت ئالدىدا يۈز بېرىدىغان پسىخولوگىيىلىك ھادىسە. سېزىك بولغاندا ئايال كىشى تولىمۇ نازۇكلىشىپ كېتىدۇ، نېمىلەرنىدۇر يېگۈسى كېلىدۇيۇ، يەيدىغىنىنى بىلمەيدۇ. بەزىلەر ئېرىگە ئامراقلىشىپ كېتىدۇ، بەزىلەر ئېرىگە ئۆچ بولۇپ سوقۇشىدۇ، ئۆزىنى تۇتالمايدۇ. سېزىك كۈچىيىپ كەتكەندە، نېرۋا قالايمىقانلىشىپ، كۆتمىگەن، ئويلىمىغان كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بېرىدۇ. سېزىك ئاياللاردا ھەر خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ، بەزى ئاياللارنىڭ سېزىكى يەڭگىل بولىدۇ، بەزىلەر تېخى سېزىك بولغانلىقىنى سەزمەيدۇ ياكى سېزىك بولمايدۇ. بەزى ئاياللارنىڭ سېزىكى قاتتىق ھەم ۋاقتى ئۇزاق بولىدۇ. قارىماسەن، بىز بىر ئاتا - بىر ئانىدىن تۇغۇلغان بولساقمۇ سېزىكىمىز ئوخشىمايدىكەن. ئۆزۈڭ بىلىسەن، مېنى ئاكاڭغا ئۆيدىكىلەر مەجبۇرىي چېتىپ قويغان. تۇنجى تۇغۇتۇمدا ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالغان ئىدىم، بۇ سېزىك ماڭا ئامەت ئاتا قىپتۇ. بۇنىڭ تەتۈرىسىچە سەن ئابلاجاننى يامان كۆرۈپ قاپسەن، بۇ سىلەرگە بەختسىزلىك كەلتۈرمەس، ئابلاجانمۇ سېنى چۈشىنىپ قالىدۇ، سېزىكىڭدىن چىقساڭلا ياخشى بولۇپ كېتىسەن.

— ھەرنېمە بولسا شۇنداق بولسۇن، لېكىن ئۇ ئاخشام ئۆيگە كەلمىدى. ئاچا، سېزىك مۇشۇنداق قاتتىق، ئۆيگە بالايىئاپەت

سىغىنىش بىلەن ئويلىدى، ئۇنىڭ بىلەن تېزرەك ئۇچرىشىپ بويىـ
ـدا قالغانلىقىنى ئېيتىپ، جاراھەتلەنگەن ۋە مۇزلىغان كۆڭلىنى
ئېرىتىپ ھەم خوش قىلىپ، ئىناق ئۆتۈشكە بەل باغلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ھاۋاخاننىڭ قەلبىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتـ
ـقان ۋەھىمە ۋە ئەندىشە توساتتىن يوقاپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ
مەكتەپتە دەرس باشلاش قوڭغۇرىقى چېلىنىشى بىلەن خوش
كەيپ ھالدا چىرايىدا تەبەسسۇم ياغدۇرۇپ، تېتىك قەدەم ئېلىپ
سىنىپقا كىردى. ئوقۇغۇچىلار لىككىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ،
ھۆرمەت بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئولتۇرۇشتى. ساۋاقداشلار-
نىڭ بىلىمگە تەشنا كۆزلىرى ھاۋاخانغا تىكىلگەن، سىنىپ
تىمتاس ئىدى. شۇ تاپتا ھاۋاخانمۇ ئاچىسىنىڭ «ئاياللار تۇغمىسا،
ئانا نامىغا ئېرىشەلمەيدۇ، سىزنىڭ پەيدا بولىدىغان روھىي
زەئىپلىكتىن ساقلان، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىش» دېگەن
نەسىھىتىنى ئەسلەپ، ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا
تەبەسسۇم بىلەن تەكشى قارىۋېتىپ، يېڭى دەرسنى باشلىدى. ئۇ
ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى ۋە ئىجا-
دىي ئەمگىكىنى زور قىزىقىش ۋە جەلپكارلىق بىلەن سۆزلىدى،
«يىللارغا جاۋاب» شېئىرىنى جاراڭلىق دېكلاماتسىيە قىلدى
ھەمدە ئۇنىڭدىن ئالغان تەسىراتىنى بايان قىلىۋېتىپ، ئىختىيار-
سىز مۇنبەردىن چۈشۈپ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىغا كىردى. بۇ
ۋاقىتتا كۆپچىلىك ساۋاقداشلار ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزىگە زېھنىنى
بەرگەن ئىدى. كەينى پارتىدىكى بىر ساۋاقداشنىڭ پوستى
ساپسېرىق، يۇمىلاق بىرنېمىنى پۇراپ ئولتۇرغانلىقىنى
كۆرگەن ھاۋاخاننىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلىپ، كۆزلىرى چەكچە-
يىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتالمىغان ھالدا ئالدىغا ئوقتەك ئېتىلـ
ـدى. ساپسېرىق بىرنېمىنى ئويناپ ئولتۇرغان ساۋاقداش بېشىنى
كۆتۈرگەندە، ھاۋاخاننىڭ ئوڭ قولى ئالدىغا سوزۇلغان ئىدى.

ئولتۇرۇپسەن. ئۇ سېنى چۈشەنمىسە، ئەپۇ قىلمىسا، مەن سېنى ئۆيگە ئېلىپ كېتەيمىكىن دەپ كەلگەن. مەيلى مەن بىلەن كەت ياكى قال، سېنىڭ سىزىكىڭ تېخى يېشىلمىدى، يەنە نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ، بىلگىلى بولمايدۇ. ھازىرچە مەن سېنىڭ سىزىكتىن ئۈگۈشلۈق چىقىشىڭنىلا تىلىيەلەيمەن. دۈمبەڭدىكى كۆكەرگەن، جاراھەتلەنگەن يەرلەر ساقايماپتۇ، مەن بىلەن دوختۇرخانىغا بارغىن، مەن دورىلاپ قوياي.

— رەھمەت ئاچا، — ھاۋاخان سائىتىگە قارىۋېتىپ، — ھازىر مەكتەپكە بارمىسام بولمايدۇ، ئىككى سائەتلىك دەرسىم بار.

— سىڭلىم، بۈگۈندىن كېيىن سىزىكتىن پەيدا بولىدىغان روھىي زەئىپلىكتىن ساقلان، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىش، كۆڭلۈڭ نېمىگە تارتسا شۇنى يەپ كۆر. مە، ماۋۇ پۇلنى.

— ياق، ئاچا، — دېدى ھاۋاخان قىزىرىپ، — ئالدىنقى كۈنلا قېينانام 1000 يۈەن بېرىپ كەتكەن. ئىشىڭغا بېرىۋەرگىن، ساڭا چايمۇ دەملەپ بېرەلمىدىم، رەنجىمە.

## 4

ھاۋاخان ئۆز تېنىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش كەلتۈرۈپ چىقارغان كۆڭۈلسىزلىك، جېدەل - ماجىرالارنىڭ مەنبەسىنى چۈشەندى. ئۇنىڭدىكى روھىي چۈشكۈنلۈك، قايغۇلۇق كەيپىيات كۆتۈرۈلۈپلا قالماستىن، بەلكى ئائىلىلىق تۇيغۇسىمۇ ئويغىنىپ، پەرزەنتلىك بولۇشنىڭ خۇشاللىقى ۋە لەززىتىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. پەرزەنت — ئەر بىلەن ئايالنى چەمبەرچاس باغلايدىغان ئۇل ۋە زەنجىرسىمان مۇھەببەت رىشتىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، قەلبىدە شادلىق ئۇرغۇدى. ئۇلارنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشى بەخت نۇرىغا چۆمۈلىدىغانلىقىغا ئىشەندى. ئۇ مەكتەپكە كېتىۋېتىپ ئابلاجاننى

قويۇپ، يىغلاۋاتقان ساۋاقداشنى بەزلىدى، ھاۋاخان بىر بۇلۇڭدا
تام تەرەپكە قاراپ، ئاپپېلسىننىڭ سۈيىنى كۆڭلەكلىرىگە ئاقتۇرۇپ
يەۋاتاتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا مەكتەپنىڭ ئايال مۇدىرى سىنىپقا
كىرىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا ئاپپېلسىننى يەپ بولغان ھاۋاخان
بۇياققا بۇرالدى.

— ئۇھ،— ئۇ قاتتىق ئىشلەپ ھاردۇق يەتكەن ئادەمدەك
ئۇزاق دېمىنى ئېلىۋېلىپ،— مۇدىر، مەن تولىمۇ سەت ئىش
قىلىپ قويدۇم، ھەرقانداق جازاغا رازىمەن. مەن ئاپپېلسىنغا
سېزىك بولۇپ قالغان ئوخشايمەن. ئۇنى يەپ يېنىكلەپ
قالدىم،— دېدى قىزارغان ھالدا.

— شۇنداقمۇ تېخى،— ئايال مۇدىر ئاچچىقىدا تىترەپ
كەتتى،— مەكتەپتە ئالتوپىلاڭ چىقىرىۋەتتىڭ، ئوقۇتقۇچى
ئوقۇغۇچىنىڭ نەرسىسىنى بۇلاپ يېۋالدىغان ئىش مەكتەپ
تارىخىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان. قانداق سېزىككەن ئۇ
مەكتەپنىڭ تەرتىپىنى بۇزىدىغان. سەن قائىدىنى بۇزدۇڭ،
دەرسكە كىرىشكە لايىق ئەمەسسەن. سەن مەكتەپنىڭ نامىشە-
رىپىگە داغ چۈشۈردۈڭ. بۇ قىلىقىڭنى مەكتەپ رەھبەرلىكى
جىددىي بىر تەرەپ قىلىپ ساڭا ئۇقتۇرىدۇ.

— بولىدۇ، خوش ئەمىسە مۇدىر،— ھاۋاخان بېشىنىمۇ
كۆتۈرمەي سىنىپتىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى. ئوقۇتقۇچى-
ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭغا قارىشىپ، يول ئېچىپ بەردى.

ھاۋاخان كوچىغا چىقتى، يەنە بىر قېتىم ساپ ھاۋادىن
نەپەس ئېلىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى. ئۇنىڭ دەرس ئۆتۈۋاتقان
ۋاقىتتا پەيدا بولغان تەلۋىلىك، ئاچ كۆزلۈك، كۆزىگە بىرنېمە
تىقىلىپ خۇدىنى يوقاتقان ھالىتى بىر يولىلا تارقاپ، روھىي
كەيپىياتى نورماللاشتى. ئۇ كېتىۋېتىپ بايىلا بولۇپ ئۆتكەن
ئىشلارنى، ئۆزىنىڭ قىلىقلىرىنى، مەكتەپتە كۆتۈرۈلگەن چۇقان-

ھېلىقى ساۋاقداش قولىدىكى نەرسىنى ئېتىتلىك يانچۇقىغا سالدى.
— يانچۇقۇڭدىكىنى چىقار، ماڭا بەر، چاپسان بول،— ھاۋا-خان قولىنى تىقىپ ھېلىقى ساۋاقداشنىڭ يانچۇقىنى يىرتىۋەتتى.
— ياق، يانچۇقۇم يىرتىلىپ كەتتى، بويىنۇمنى قايرىۋەتتىلە.
بۇ ۋاقىتتا سىنىپتىكى ساۋاقداشلار ئوپۇر - توپۇر بولۇشۇپ، ھاۋاخان بىلەن ھېلىقى ساۋاقداشنى قورشاپ كەلدى. ساۋاقداش-لارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭغا «نەرسەڭنى مۇئەللىمگە بەر» دېسە، بەزىلىرى چۇقان كۆتۈردى.
— بەرسەڭمۇ- بەرمىسەڭمۇ ئالىمەن!— ھاۋاخان تەرلەپ-پىشىپ، ئاخىر ساۋاقداشنىڭ قولىدىن سېرىق پوستلۇق نەرسىنى ئېلىۋالدى.
ھاۋاخاننىڭ كۆزىگە چۈشكىنى دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىي ئۆلكە-لىرىدىن چىقىدىغان ئاپېلسىن ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئاپېلسىن بۇ شەھەرنىڭ بازىرىدا سېتىلمايتتى. ئاپېلسىننى بۇ ساۋاقداشنىڭ دادىسى گۇاڭجۇدىكى يىغىنغا بېرىپ ئالغاچ كەلگەن. ئانىسى ئەتىگەندە يانچۇقىغا سېلىپ قويغان ئىككى دانە ئاپېلسىن ئۇنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ، ئاياپ يېمىگەن، ھاۋاخان دەرس ئۆتۈ-ۋاتقاندا، ئاپېلسىننى پۇرىماقچى بولۇپ، يانچۇقىدىن چىقارغان ئىدى. ھاۋاخان سىنىپنىڭ بۇلۇڭىغا بېرىۋېلىپ، ئۇنىڭ پوستى-نىمۇ سويۇۋەتمەي، خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەندەك شالاپشىتىپ يېگىلى تۇردى. بۇ ساۋاقداش ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلاپ، كارىدورغا چىقتى.
— ھە، ھە مۇدىرغا ئېيتىمەن، ھى، ھى، مۇدىر ھە، مۇدىر...
سىنىپتىكى ساۋاقداشلارمۇ چۇرقىرىشىپ ئوقۇتۇش بىنا-سىنى بېشىغا كىيدى. باشقا سىنىپلارمۇ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇ-رالماي قالدى. بەزى ئوقۇغۇچىلار يۈز بەرگەن ۋەقەنى كۆرۈشكە ئالدىراپ سىنىپتىن چىقىشتى. ئۇلار ئاپېلسىننى تارتىشۇرۇپ

ـدىن تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىدى. لېكىن، ھاۋاخان قېتىپ قالغان ھەيكەلدەك زۇۋان سۈرەلمەيتتى، ئورنىدىن قوزغىلالمايتتى.

— ھاۋاخان سىڭلىم،— دەپ ئوقۇغۇچىنىڭ ئانىسى سۆز باشلىدى،— بىز سىزنى يوقلاپ كەلدۇق. بالىمىز ئەخمەتجان مەكتەپتە ئەدەپسىزلىك، ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ يانچۇقىدىكى ئاپېلسىننى بەرمەيمەن دەپ مالىمان تېرىپتۇ. سىز خەقنىڭ قولىـدىكى نەرسىگە نەزەر سالىدىغان ئايال ئەمەس. ئاياللار سېزىك بولۇپ قالغاندا مۇشۇنداق ئىشلار بوپقالىدۇ. بالىنىڭ ئانىسى بۇنى ئاڭلاپ، ئەخمەتجانغا قاتتىق كايىدى، ئۇچىمىز سىزدىن ئەپۇ سورايمىز.

ھاۋاخان ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن تولىمۇ قورقۇپ، نېمە دېيىشىنى، قانداق قىلارىنى بىلمەي بولۇڭغا كىرىۋالغان ئىدى. ئۇ ئاچىسىدىن كېيىن، ئۆزىنى، «سېزىك»نىڭ مۇشكۇلاتىنى چۈشىنىدىغان ياخشى كىشىلەرگە ئۇچراۋاتاتتى. ئۇنىڭ زەربە يېگەن، يېتىمسىراپ، گاڭگىراپ قالغان كۆڭلى بۇ ئانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھاياجانلاندى، تەسىرلەندى، قورۇنۇش، غەم ـ ئەندىشىلىرى يوقالدى- دە:

— بۇ دۇنيادا مېنى چۈشىنىدىغان كىشىلەرمۇ باركەن، جېنىم ئاچا،— دەپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئانىنى قۇچاقلاپ، يىغلاپ كەتتى. بۇ ئانىمۇ كۆز يېشى قىلدى، ئۇ تېزلا يىغىدىن توختاپ:

— ھاۋاخان، بىز ئەر ـ ئايال ئىككىمىز قاسىم ئەپەندىمنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى. سىزنى كىچىكىڭىزدىن ئوبدان بىلىمىز. سىز تىرىشچان، غەيرەتلىك، پەزىلەتلىك يېتىلگەن. تۇنجى تۇغۇتىڭىزدىكى سېزىك سىزنى ھالسىرىتىپ قويۇپتۇ. لېكىن، نېمىگە سېزىك بولغىنىڭىزنى بىلگەندىن كېيىن، قالغىنى ئاسان.

— سىڭلىم،— دېدى تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قولىدىكى چوڭ سومكىنى كۆرسىتىپ،— بىز سىز يەپ كېكىـ

سۈرەتلەرنى ئەسلەپ، يەنە ئۆزىنى تۇتالماي قالغانلىقىنى، كىشىنى نەپرەتلەندۈرىدىغان، مەكتەپنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكىدىغان ئىش تېرىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئەمدىلىكتە ئۆز - ئۆزىدىن قورۇنۇپ، خىجىللىقتا بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا ئېتىپ يىغلاپ كەتتى. ئالاھازەل بىرەر سائەت يىغلاپ، ئۆكسۈپ ھېقىقداپ، ھېرىپ ئۇيقۇغا كەتتى...

ھاۋاخاننىڭ ئۆيى شەھەردىكى مەسچىتكە يېقىن ئىدى. ئۇ پېشىنگە ئەزان ئېيتقان مەزىننىڭ لەرزان، جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ئويغىنىپ كەتتى. ئويغىنىپلا چۈشتىن بۇرۇنقى سەتچىلىكى ئېسىگە كېلىپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ يەنە يىغلىغىلى تۇردى. ئۇ يالغۇزچىلىقتا تولىمۇ غېرىبسىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا كۆڭلىنى ياسايدىغان نە ئابلاجان، نە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولمىغانلىقتىن، يېتىمسىراپ، ئۇلارنى كۆزىگە سۈرتكۈدەك بولۇپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇت ئىشىك چېكىلدى، ھاۋاخان ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇشىغا، ئىشىك ئېچىلىپ ھېلىقى ئاپېلسىنىنى تارتتۇرۇپ قويغان ئوقۇغۇچى كىرىپ كەلدى:

— ئاتا، ئانا، ھاۋاخان مۇئەللىم بار ئىكەن، كىرىڭلار، — دېدى ئۇ ئۆيدىكى چېقىلىپ، يىرتىلغان نەرسىلەرگە قاراپ.

ھاۋاخان ئوقۇغۇچىسىنى كۆرۈپلا ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى باشلاپ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىدىن چىقىپ كېتەي دېدى - دە، ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا ئۆملەپ بېرىپ، كۆزىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

چىرايىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆيگە كىردى. ئۇلار ئۆيدىكى قالايمىقانچىلىقلار ئارىسىدىن پۇتلىرىنى قويىدىغان يەرنى ئىلغاپ دەسسەپ، كارىۋاتنىڭ بۇرجىكىگە كېلىپ ئولتۇردى. دۇئاغا قول كۆتۈرگەندىن كېيىن ھاۋاخان

# بەشىنچى باب

1

ئەزىزەگە ئۆگچە قالغان ھويلا ئەتىگەندىن باشلاپ جانلىنىپ كەتتى. ئۇ كەچتىكى ئولتۇرۇشتا مېھمانلىرىنىڭ ئالدىغا قويىدىغان نازۇ نېمەت ۋە تائاملارنى ئائىلىسىدە مەززىلىك، كۆركەم تەييارلاپ، دوستلىرىنىڭ رازىلىقىنى ئالماقچى، شەھەر باشلىقىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ ھەممىنى بېسىپ چۈشمەكچى ئىدى. يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ قولى ئەپلىك، خۇش چاقچاق قىز ـ يىگىت دوستلىرى ياردەمگە كېلىپ ئىشنى باشلىۋەتكەن ئىدى.

يىگىتلەر سىرتتىكى ئىشلارغا چاپاتتى. ئۇلار گۆش، كۆكتات، ھاراق ـ شاراب ۋە باشقا ئىچىملىكلەرنى تەييارلىسا؛ قىزلار ئۆيدە پېچىنە ـ پىرەنىكلەرنى پىشۇرۇش، كۆكتاتلارنى يۇيۇپ توغراش بىلەن ئالدىراش بولدى. ئۆيدە خۇش چاقچاق، ناخشا ـ ناۋا ئەۋج ئالدى. چۈشتىن كېيىن، قىزلار مېھمانخانا ئۆينى رەتلەپ، تەخسە ۋە ئەينەك ۋازىلارغا نان، نازۇ نېمەت، قەنت ـ گېزەكلەرنى تىزىپ، زىياپەت ئۈستىلىنى تولدۇرۇۋەتتى. يىگىتلەر ھويلا ۋە مېھمانخانا ئۆيگە رەڭدار چىراغ، پارقىراق بايراقچىلارنى ئېسىپ زىننەتلىدى؛ ھەر خىل ساز، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ ۋە جازلارنى تەخمۇتەخ قىلىپ قويدى. سائەت 4كىچە ئۇلارنىڭ ئۇھ دەپ ئارام ئالغۇدەك ۋاقتى بولمىدى. ئەمدى مېھمانلارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولغان ئىدى. بەزمە قىزىپ، مېھمانلار رازى بولسىلا، ئۇلارنىڭ ھاردۇقى چىقاتتى.

ئۇيغۇرلار قورسىقى كەڭ، مېھماندوست خەلق، ئۆيگە مېھمان

ىرىپ كەتكۈدەك ئاپپلسىن ئېلىپ كەلدۇق، خالىغانچە يەڭ،— ئۇلار كۈلۈشتى، ھاۋاخانمۇ كۈلۈۋەتتى.

— ھە، مانا چىرايىڭىز ئېچىلدى، بىز سىزگە ئۆيىڭىزنى تازىلىشىپ بېرەيلى،— ئانا سۆزلەۋېتىپلا ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار بىردەمدىلا ئۆينى يىغىشتۇرۇۋەتتى.

ھاۋاخان تېتىكلىشىپ چاي دەملىدى. ئۇستەلگە ئۆيدە بار نازۇنېمەتلەرنى قويۇپ، بۇ قەدىرلىك كىشىلەرنى مېھمان قىلدى. ئۇلار بىلەن ئۇزاققىچە مۇڭدىشىپ، ھاۋاخاننىڭ كۆڭلى خېلى ئېچىلىپ قالدى.



— ھەي ئىش تۈگىمىسە، بەك ھېرىپ كەتتىم. مېھمان چاقىرىشنىڭ مۇنچىلىك جاپالىقلىقىنى بىلگەن بولسام...

— ئۇنداق دېمە، — نەزىمە قىزىنىڭ گېپىنى چۇرت كېسىپ ئىككى يېنىغا قاراپ قويدى، ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۆزۈڭمۇ كۈندە دېگۈدەك مېھمانغا بارىمەن دەپ يۈگۈرەيسەنغۇ. دوستلىرىڭنىڭكىدە ئوينىدىڭ، يېدىڭ. سەنمۇ ئۇلارنى چىللىمىساڭ، يېدۈرمىسەڭ بولامدۇ. ھە، راست قىزىم، بۇ ئولتۇرۇشقا ئابلاجاننىمۇ تەكلىپ قىلدىم دېگەندەك قىلىۋىدىڭ، ئۇنى بىر نەچچە كۈندىن بۇيان ھۆكۈمەت قورۇسىدا كۆرمىدىم، نەگە كەتكەندۇ، ئۇ كېلەلەرمۇ؟

— ئاپا، ئۆزلەنگمۇ بىلمەي قالىدىغان ئىشلىرى بولىدىكەن - ھە، — ئەزىزە پىخىلداپ كۈلۈپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئويلىمىغان بولغىيتىلە، ئۇ ئاشۇ كۈنى كوچىدا خوتۇنى بىلەن يامانلىشىپ قالغاندىن كېيىنلا ئۆيىگە قايتماپتىكەن. ئەتىسى ئىدارە باشلىقى ئۇنى يېزىغا خىزمەتكە بۇيرۇپتىكەن، يېزىغا كېتىۋېتىپ سەھەردە ماڭا ئۇچراپ، ئولتۇرۇشقا ئۈلگۈرۈپ كېلىشىنى ۋەدە قىلغان. ئۇ چوقۇم كېلىدۇ.

ئابلاجاننىڭ ھاۋاخاندىن يىراقلىشىش تەرەپكە قاراپ ماڭغانلىقى نەزىمەنىڭ ئارزۇسىدىكى ئىش ئىدى. ئۇ خوتۇنىدىن قانچە تېز ئاجرىشىپ كەتسە شۇنچە ياخشى بولاتتى، كۈتكەن يېرىدىن چىقاتتى. ئەمدى قىزىغا ئىلھام بېرىپ ئابلاجاننى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك ئىدى. شۇڭا، ئۇمۇ قىزىغا قوشۇلۇپ خوش بولۇپ:

— ياخشى، ئابلاجان كەلسە ئۇنىڭغا ناھايىتى قىزغىن بولغىن، ئۇنى ئۆزۈڭگە رام قىلىۋال، بولامدۇ؟

— ئۆزلە نېمە دەپ بۇيرۇق قىلسىلا، مەن شۇ بويىچە ئىشلەيمەن، مەن بۇرۇنمۇ شۇنداق قىلغان، ھازىرمۇ... — ئەزىزە سۆزلەۋېتىپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى، — ئەنە ئۇ كېلىۋاتىدۇ،

چاقىرغاندا ئەستايىدىل قارايدۇ. ئۆيدە ئوبدان تەييارلىق قىلى... تائام، نازۇ نېمەتلەرنى مەززىلىك، پاكىز تەييارلايدۇ، ھەرگ... قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەپ قويمايدۇ؛ تائام، قورۇما، نا... نېمەتلەرگە ئۆزگىچە تەم كىرگۈزىدۇ، يېپىشلىك، سىڭىشلى... قىلىدۇ، ئۆينىمۇ پاكىز، ئازادە، كۆركەم بېزەيدۇ، بىر خىل مىللى... شەكىل، كۆركەملىك، ئازادىلىك بىرلەشكەن ھەيۋەت پەيد... قىلىدۇ. مېھمان ئۆيگە ئوڭ پۇتىنى ئېلىپ بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىپلا بىر خىل يېقىملىق، گۈزەل مەنزىرىنى كۆرىدۇ، خۇش ناۋا، شېرىن تائامنىڭ ھىدىنى ھىدلايدۇ. بۇ مەمۇرچىلىق كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرماي، مەستلىكىنى كەلتۈرمەي قالمايدۇ.

چوڭ ئۆي تەخمۇتەخ قىلىنىپ بولۇشىغا نەزىمە سىرتتىن كىرىپ كەلدى. ئۇ قىزىنىڭ ياخشى تەييارلىق قىلالماي، مېھمانلىرى ئالدىدا يەرگە قاراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇرۇنراق ئىشتىن چۈشۈپ كەلگەن ئىدى. ئەزىزەمۇ ئۇيغۇر قىزى- دە، ئۇ تېخى ئۆيدە مۇنداق ھەشەمەتلىك مېھماندارچىلىق ئۆتكۈزۈپ باقمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاتا - ئانىسىنىڭ قېنى بار، كىچىكىدىنلا ئۆي تۇتۇشنى، تائام، قورۇمىلارنى تەييارلاشنى ئۆگەنگەن. نەزىمە بىر قاراپلا قىزىنىڭ ئۆزى ئويلىغاندىنمۇ ئارتۇق قىلىۋەتكەنلىكىنى سەزدى- دە، قىزىغا مەستلىكى كەلگەندەك مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ، كەينىگە ياندى.

— ئاپا، كەلدىلىما، كۆردىلىمۇ، تەييارلىقىم قانداق بوپتۇ؟— دېدى ئەزىزە ئاپىسىغا ئەركىلەپ. ئۇ تېخى ئالدىغا پەرتۇق تارتىپ يۈرەتتى، پېشانىسىدە تەر تامچىلىرى پارقىرايتتى.

— مېھمان سېنىڭ قىزىم، تەييارلىقىڭغا ئۆزۈڭ رازى بولساڭلا مەنمۇ رازى. سەن تېخىچە مۇنداق يۈرسەڭغۇ، مېھمانلىرىڭنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، كىيىملىرىڭنى تېز ئالماشتۇ- رۇۋال،— دېدى نەزىمە جىددىي تۇس ئېلىپ.

قىلمايدۇ، ئوغۇل باللىق غۇرۇرىنى نامايان قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ، ئۆيگە قايتماسلىق قارارىغا كەلدى. «ئەمىسە نەگە بېرىپ يېتىش كېرەك؟ چوڭ ئۆيگىما، ياق». ئابلاجان ئۇ ئۆيگە بارسىلا ئاتا-ئانىسى «نېمىشقا ئۆيۈڭگە بارماي بۇ يەردە ياتماقچى بولىسەن؟» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ بېشىنى سىلىپ، تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرىدىغان گەپ. «ئۇرۇشۇپ قالدۇق» دېسە، ئاتىسى ئۇنى ئۆيگە ھەيدەپ كېلىپ، ھاۋاخانىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ناماقۇل بولۇشقا قىستاشتىن يانمايدۇ. «ئەڭ تىنچ، پىنھان ئورۇن ئىشخانا. شىرەگە سالىدىغان بىرنەرسە بولمىسىمۇ، ئۆستىدە ياتقاندا بەدەننى ئاز-تولا ئاغرىتىسىمۇ، لېكىن قۇلاق تىنچ، ئارامخۇدا ئۇخلىغىلى بولىدۇ». ئابلاجان كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشكەندە ئىشخانىدا قېلىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋالدى.

ئەتىسى ئىدارە باشلىقى ئۇنى يېزىغا بېرىپ بىر ئىشنى بېجىرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. بۇ ئىش ئابلاجاننىڭ كۆڭلىگە ياغدەك ياقتى. ئۇ ھەش-پەش دېگۈچە تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ يولۇچىلار بېكىتىگە كېتىۋاتقاندا ئەزىزە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ئابلاجاننى يولۇچىلار بېكىتىگە ئۇزىتىپ باردى ۋە تولىمۇ قىزغىن، مەنىلىك مۇڭداشتى. ئەزىزە ئۇنى ئولتۇرۇشقا يەنە بىر قېتىم تەكلىپ قىلدى. ئابلاجان ۋەدىسىدە تۇرۇپ، يېزىدىن ئۇدۇللا شەھەر باشلىقىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلگەن ئىدى. ئەزىزەنىڭ بىر دوستى ئۇنى كۈتۈۋېلىپ، بىرئاز گەپكە تۇتۇپ تۇردى. شۇ ئەسنادا ئەزىزە ھۇجرىسىغا كىرىپ كىيىم-كېچەكلىرىنى يۆتكەپ، زىبۇزىننەتلىرىنى تاقاپ، ئۆزىنى پەردازلاپ، ئابلاجاننىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئەزىزە گۈزەل قىز ئىدى. ئۆزىگە يارىشىملىق يېڭى كىيىم، جۇلالىنىپ تۇرغان زىننەت بۇيۇملىرى ئۇنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىگە ئالاھىدە ھۆسن قوشۇپ، تېخىمۇ چىرايلىق، سۆيۈملۈك قىلىۋەتكەن ئىدى. بۇ ئابلاجانغا چاقماق

ئاپا، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قويامدىلا؟
— ياق، ئۇ مېنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىمنى بىلمىسۇن،— نەزىمە قىزىنىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپ ئىتتىردى،— سەن ئۇنى ھۇجراڭدا ئايرىم كۈت، كېيىن مېھمانخانىغا باشلاپ چىق، مەن دېگەندەك قىل- ھە،— دەپلا، يان ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

ئابلاجان ھاۋاخاننى كوچىدا ئۇرغان ۋاقىتتا، ئۇستىگە چۈشۈپ قالغان نەزىمە ئۇنى ھاۋاخان بىلەن ئۆيگە قايتىشقا يول قويماي پىكاپقا سېلىپ ئېلىپ ماڭغاندا، ئۆزىنى ئۇدۇللا ساقچىغا تاپشۇرۇپ بېرەمدىكىن دەپ قورققان ئىدى. لېكىن، نەزىمە ئۇنداق قىلماي ئۆيگە ئاپىرىپ مېھمان قىلدى. بۇنىڭدىن نەزىمە-نىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقى، ئۆزىگە كۆيۈنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ نەزىمەگە بولغان ھۆرمىتى ئېشىپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى، نەزىمە ئۇنى قوللاۋاتقاندەك بىلىندى. كېيىن ئەزىزە كىرىپ قىزغىن مۇئامىلە قىلدى، ئۇنى سەتلىمەكتە يوق، ئۆي ئولتۇرۇشىغا تەكلىپ قىلدى. ئەزىزەنىڭ تولىمۇ خۇشخۇي، مېھىر - شەپقەتكە تولغان مۇئامىلىسى ئالدىدا ئايالى ھاۋاخاننىڭ بىر سوۋۇپ - بىر قىزىپ ھەم سوقۇشۇپ، ياقا يىرتىپ ئەسكىلىك قىلىۋاتقان مىجەزى ئابلاجانغا تولىمۇ يات، قەبىھ، كۆڭۈلسىز تۇيۇل-دى- دە، ئۇنىڭدىن يىرگىنىۋاتقانلىقىنى، بىزار بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ نەزىمە بىلەن ئەزىزەنىڭ ئالدىدىن ئۆيۈمگە قايتىمەن دەپ چىققان بولسىمۇ، سىرتقا چىقىپ ئۆيگە زادىلا قايتقۇسى كەلمىدى. ئۇ، ئۆيگە قايتسىلا ھاۋاخاننىڭ تاياق زەربىدىن ئىڭراپ ياتقىنىنى، مۇڭلىنىپ يىغلاۋاتقىنىنى كۆرەت-تى- دە، يەنىلا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ يېلىنىشقا، كۆڭلىنى ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ھاۋاخاننى ئۇرۇپ قويغانلىقىغا ناماقۇل بولۇشقا توغرا كېلەمدۇ تېخى. ياق، ئابلاجان ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا يۇمشاق قول بولمايدۇ، ئۇرغىنىغا ھەرگىز پۇشايمان

دىكى يېشىللىق ئەينەكنىڭ كارامىتى بىلەن سېترېپتولوق كۆرۈ-نۈشنى جانلاندۇرۇپ، خۇددى يېشىل تەبىئەتتە، كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىسىز.

ئەزىزە ئۇنىڭ قورۇنۇپ تۇرۇشىغىمۇ ئىمكان بەرمەي، ھۇجرى-سىنىڭ تۆرىگە ئولتۇرغۇزدى. قىزلار كىرىپ ئابلاجاننىڭ ئالدىغا ئېسىل ھەم مول مەزەلەرنى كەلتۈرۈشكە باشلىدى. ئەزىزە ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭغا پەتنۇستا چاي تۇتتى. شۇ تاپتا ئەزىزەنىڭ تولىمۇ سۆيۈملۈك ۋە مېھىر - شەپقەتلىك چىرايىدا كۈلكە - ناز جىلۋە قىلاتتى. ئابلاجان بۇنى ئەزىزەنىڭ ئۆزىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى دەپ چۈشىنەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى ئابلاجاننىڭ تېنىدىن ئۆتۈپ يۈرىكىگىلا تېگىپ، ئۇنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى ۋە بۇرۇنقى ئۆچۈپ كەتكەن كۆيۈك ئوتىنى بىردىنلا قايتىدىن ياندۇرۇۋەتكەندەك بولدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە ھاۋاخان تولىمۇ سەت، ئەزىزە بولسا پەرىشتىدەك كۆرۈندى.

— ئابلاجان ئاكا،— دېدى ئەزىزە ئورنىدىن تۇرۇپ،— يېزىدىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلدىڭىز، تارتىنماي مەزەگە بېقىڭ.

— رەھمەت،— دېدى ئابلاجان لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئەزىزەنىڭ قولىدىكى چاينى ئالدى،— ماڭا بۇ يەردە ئايرىم داستىخان سېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا قىزلار ھۇجرىدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئەزىزە ئىتتىكلا ئابلاجان ئولتۇرغان ساپانىڭ ئارقىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ مۈرىسىدىن يېنىك بېسىپ ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئاندىن يۇمران قوللىرىنى ئۇنىڭ چېچىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ ئويناپ تۇرۇپ:

— ئابلاجان ئاكا، نېمانچە كەمتەرلىك قىلىسىز، بۈگۈن سىز مېنىڭ ئەڭ ئەزىز مېھمىنىم، مېنىڭ سىز بىلەن ئايرىم كۆپرەك ئولتۇرۇۋالغۇم، مۇڭدىشىۋالغۇم بار. مەن يەنە سىزگە ئاتاپ ئايرىم بىر نەچچە خىل قورۇما، كاۋاپ، پېتىر مانتا تەييارلاتتىم. سىز

تەگكەندەك ناھايىتى كۆچلۈك تەسىر قىلىدى. دە، لىككىد
ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ش
تاپتا مۇھەببەت كەلكۈنى ئىچىدە ئادەتتىن تاشقىرى ۋە سۆز بىلەر
چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان بىر ئىقىمنى باشتىن كەچۈرمەكت
ئىدى، «بۇ يەردە ھېچكىم بولمىسىدى ئەزىزەنى باغرىمغا بېسىپ
بىرنى سۆيۈۋالغان بولسام».
— ۋوي، ئەزىز مېھمان كېلىپ قاپتىكەنغۇ، — دېدى ئەزىز
چىرايىنى گۈلدەك ئېچىلدۇرۇپ، نازلىنىپ ئابلاجاننىڭ ئالدىغ
كېلىپ، يۇمران قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — قېنى
يۈرۈڭ، مېنىڭ ھۇجرامغا كىرەيلى، — دېدى.
ئابلاجان ئەزىزەنىڭ ھۇجرىسىدا ئولتۇرۇشقا مۇيەسسەر
بولىدىغانلىقىنى ئويلىماي، يېزىدا كىيگەن، توپا باسقان ئايىغى
كىيىم - كېچەكلىرى بىلەنلا كەلگەن ئىدى. ئۇ ھۇجرىنىڭ بوسۇغ
سىغا كېلىپ توختاپ، كىرىشتىن ئەيمىنىپ، ئاغزىنى ئېچىپ
تۇرۇپ قالدى. دە، ھۇجرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا سەپسالدى.
ئەزىزەنىڭ ھۇجرىسى كەڭ، ئازادە ئىدى. دېرىزىگە قوش پەرد
تارتىلغان بولۇپ، سىرتتىكى يېپىپ قويۇلغان ئاق ئىلمە پەرد
ئۆينى يورۇق كۆرسىتەتتى ھەم قۇياش نۇرىنى توساتتى، ئىچىد
كى يېشىل پەردە دېرىزىنىڭ ئىككى يېنىغا تۈرۈپ قويۇلغان
ئىدى. ئۆينىڭ ئوڭ تېمىغا گېرمانىيىنىڭ دەل - دەرەخ، ئوت
چۆپلۈك باغ كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن رەسىم چاپلانغان؛ سول
تەرەپتىكى تامغا پۈتۈن كۆرۈنۈشلۈك ئەينەك ئورۇنلاشتۇرۇلغان
بولۇپ، ئوڭ بۇلۇڭدىكى كارىۋاتتا ياتسىڭىزمۇ، ھەرىكەتلىك گىرى
ئۈستىلىگە كېلىپ ئۆزىڭىزنى ياسىسىڭىزمۇ، ياندىكى ساپاد
ئولتۇرسىڭىزمۇ، بەش ئۇيۇقلۇق ئىشكاپنىڭ ئۈستىدىكى تېلېۋ
زور، ئۈنئالغۇنىڭ يېنىغا كەلسىڭىز، ھەتتا ئۆيدە تانسا ئويناس
ڭىزمۇ، پۈتكۈل كۆرۈنۈشىڭىز جەۋلان قىلاتتى. پەردە، رەسىملەر

مەن سىزنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىمەن،— ئۇ شۇنداق دەپلا ئابلاجاننىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى.

ئابلاجان ساپادا ئولتۇرۇپ ئەزىزەنىڭ ئامراقلىق قىلىپ بېشىنى، يۈزىنى سىيلاپ، ئەركىلەشلىرىنى قانغۇچە قوبۇل قىلىپ بەخت ھۇزۇرىنى سۇردى. ئەمدىلىكتە ئوچۇق- ئاشكارا مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ، بارلىقىنى ئۆزىگە بېغىشلاۋاتاتتى. بۇ، ئابلاجاننىڭ چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغان ئامەت ئىدى. ئۇ يەنە مۇھەببىتىنى بىلدۈرۈپ سۆيۈۋاتاتتى. مۇنداق ئەھۋالدا ئابلاجان ئىنكاس قايتۇرماي ئولتۇرۇۋەرسە، ئەزىزە «كۆڭۈل بەرگەننى بىلمەيدىغان لامزەللىكەن» دەپ قالارمىكىن دەپ ئويلاپ، ئۇنى باغرىغا باسماقچى بولۇپ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇشىغا ئىشىك چېكىلىپ، قىزلار ھەر خىل قورۇما، كاۋاپ، پولۇ، پېتىرمانتىلارنى كۆتۈرۈپ كىردى. ئەزىزە قىزلارنىڭ قولىدىكى تائاملارنى ئېلىپ ئابلاجاننىڭ ئالدىغا قويدى، قىزلار چىقىپ كەتتى. ئەزىزە ئەتىگەندىن بېرى ئولتۇرۇشنىڭ تەييارلىقى بىلەن بولۇپ، ئىسسىقراق تاماق يېيەلمىگەن ئىدى. ئىككىيلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ غىزالاندى.

شۇ ئەسنادا بىر قىز كىرىپ، چاقىرىلغان مېھمانلار تولۇق كېلىپ، تاماقلارنىڭ تارتىلىپ بولغانلىقىنى، ئەزىزەنىڭ مېھمانلار ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى غىزاغا تەكلىپ قىلىشىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن بۇ يەردىكى چوتلىرىنى قويۇشتى. شەھەر باشلىقىنىڭ كەڭ ۋە ئازادە مېھمانخانىسى مېھمان بىلەن لىق تولغان ئىدى. بىر - بىرىدىن چىرايلىق، رەڭگارەڭ كىيىنگەن ئەر - ئايال، يىگىت - قىزلار چۆرىدەپ قويۇلغان ئۈستەللەردە بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇشقان، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تەبەسسۇم ياغاتتى. ئەزىزە ئابلاجان بىلەن بىللە كىرىپ، چىرايىنى گۈلدەك ئېچىلدۇردى.

مىشەدە مېنىڭ بىلەن بىللە قورسىقىڭىزنى توقلىۋېلىڭ، بولامدۇ؟ ئابلاجان ئاكا، ماڭا قارىڭا، — ئۇ چىرايىغا ئاجايىپ بىر خىل سۆيۈملۈك تەبەسسۇم يۈگۈرتۈپ، ئابلاجاننىڭ بېشىنى يۇقىرىغا قارىتىپ تولغاپ، يۇمشاق كۆكسىگە بېسىپ، يۇمران قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىنى يەڭگىل سىيلىدى. ئابلاجاننىڭ ۋۇجۇدى ئېرىپ، بارلىق ئىختىيارىنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتتى.

— بولىدۇ ئەزىزە، سىز نېمىدېگەن ياخشى. مەن سىزنىڭ ئۇرۇنلاشتۇرۇشىڭىزغا بويسۇنىمەن، — ئۇمۇ جۇرئەتكە كېلىپ ئەزىزەنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ مىجىقلىدى، — سىزنىڭ ماڭا مۇنداق كۆڭۈل بېرىشىڭىز، مېھىر - شەپقەتسىز خوتۇنۇم ھاۋانى كۆزۈمگە سەت كۆرۈنىدىغان قىلىپ قويدى.

— ئەمىسە، ئۇنىڭدىن كۆڭلىڭىز سۇ ئىچمىگەندىن كېيىن تاشلىۋەتمەمسىز. گۈل سولاشقاندا ئىچ ئاغرىتمايلا تاشلىۋەتكۈلۈك، ئۇنى كېيىن كەلگەن يولۇچى تېرىۋالىدۇ.

— ھە، نېمە دېگەنبىلەن ئىككى يىل ئۆي تۇتتۇق، دەسلەپتە ياخشى ئۆتكەن دەپ ئۇنىڭ يۈزىنى قىلىۋاتىمەن دەڭا.

— ۋىيەي، دەۋاتقىنىڭىزنى تېخى، ئۇنىڭدىن كۆرگەن كۈنىڭىز مۇشۇغۇ. ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە ئويناپ - كۈلۈپ ياشىغۇلۇق.

— مېنىڭمىغۇ ھاۋاخاننىڭ خېتىنى بەرگۈم بار، نەزىمە ئاچام قانداق مەسلىھەت بېرەركىن، — دېدى ئابلاجان ئەزىزەدىن مەدەت تىلەۋاتقاندەك قاراپ.

ئەزىزە شۇنداق شېرىن كۈلدىكى، ئابلاجاننى لەززەتلەندۈرۈپ باشقا بىر دۇنياغا كېپىقالغاندەك قىلىۋەتتى.

— ئابلاجان ئاكا، سىز، — ئەزىزە كۈلكىدىن شىپپىدە توختاپ قالدى، — ئاپامنىڭ مەسلىھىتىنى ئالماقچىمۇ؟ ئۇنداق بولسا مەن ئوچۇقلا دەي. سىز ھاۋا دېگەن بىرنېمىدىن ئاجراشسىڭىز، ئاپام ماڭا سىزنىڭ پېشىڭىزگە ئېسىل دېگەن. بىلەمسىز،

سورۇندىكىلەرنىڭ چىرايىنى قىزىرىپ، كۆزلىرى خۇمارلاشتى؛ چېچىلغان كۆڭۈل، تۇگىمەس غەم - غۇسسە، قايغۇ - ھەسرەتلەر ئاستا - ئاستا ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ، تىرىككەك ۋە قاپىقى ئېچىلماس بولۇپ قالغانلارمۇ گەپدان، خۇش چاقچاق كىشىلەرگە ئايلىنىپ سورۇننى قىزىتىشتى. بەزىلەر بېشىنى بىر يەرگە قىلىشىپلا مۇشۇ يەردىن قوپۇپ كەتسە ئەستىن چىقىپ كېتىدىغان تۈگىمەس پاراڭلارغا چۈشۈپ كەتتى. يەنە بەزىلەر پاراڭ - چاقچاقلارغىمۇ ئارىلاشماي، ئۆزىگە نېمە قىزىقارلىق تۇيۇلسا شۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى، ئالدىغا كەلگەن رومكىنى كېكىردىكىگە زورلايتتى. ئابلاجان مۇشۇنداقلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئىدى. ئۇ ھازىر تەڭشىلىپ، تولىمۇ خۇشال كۆرۈنەتتى.

تەربىيىلىنىشى ۋە مىجەز - خۇلقى ئوخشىمايدىغان ياشلار قاتناشقان مۇنداق ھەشەمەتلىك سورۇندا بولىدىغان گەپ - سۆزلەر ھەر خىل تېمىدا، تىزگىنسىز داۋام قىلىندۇ. ھەركىم ئاغزىغا كەلگىنىنى سۆزلەيدۇ، ئېھتىياتچان، تارتىنچاقراقلىرى ئۆزئارا پىچىرلىشىدۇ. تارتىنىشنى بىلمەيدىغان، ئىككى يېنىدىكىلەرگە پەرۋا قىلمايدىغانلىرى سورۇننى قىزىتىمىز دەپ ئوتتۇرىغا سۆز تاشلاپ، گەپچىلىكنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ، كۈلكە قوزغايدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر سورۇندىن پايدىلىنىپ، ئۆزى سەھنىگە چىقماي، ئۆزگىلەرنى قۇترىتىپ سۆز ئويۇنى قوزغاپ ياكى مۇناسىۋەتسىز مەزمۇنلارنى سورۇنغا سۆرەپ كىرىپ، خەقنىڭ يىغىرىنى ئېچىپ، يوشۇرۇن مەقسىتىگە يەتمەكچى بولىدۇ.

2

مېھمانلار خۇشال - خۇرام ئىشتەي نەغمىسى قىلىشىۋاتقاندا، نەزىمە ئىچكەركى ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ، قىزىنىڭ مۇشۇ

— سالام مېھمانلار، دوستلار، ھەممىڭلار سالامەت تۇردۇڭلارمۇ؟

مېھمانلار گۇررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ھال سوراپ، مېھماندارچىلىقتا چاقىرغانلىقىغا تەشەككۇر بىلدۇرۇشتى. ئەزىزە مېھمانلارنىڭ تەشەككۇرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۇرۇپ، ھەممەيلەننى تاماققا تەكلىپ قىلدى. مېھمانلار قولىغا چوكا - قوشۇقلارنى ئېلىپ، ئالدىدىكى مول قورۇمىلارنى ئىشتەي بىلەن يېيىشكە باشلىدى. مۇلازىمەتچىلەر ئارىلاپ يۈرۈپ، مېھمانلارنىڭ پىيالىلىرىگە چاي لىقلايتتى. ھەممەيلەننىڭ چىرايىدىن شادلىق جىلۋىلىنەتتى، كەيپىيات تولىمۇ كۆڭۈللۈك، ئۇلار ئۆزئارا شېرىن مۇڭداشقاچ غىزالانماقتا ئىدى. ئەزىزە كۆپچىلىككە ئابلاجاننى ئالاھىدە چوڭ كۆرىدىغانلىقىنى نامايىش قىلماقچى بولغاندەك، ئۇنى مېھمانخانىدىكى ئۆزىگە قالدۇرۇلغان ئورۇنغا ئولتۇرغۇزدى.

ئابلاجان خېلىدىن بۇيان مۇنداق ھەشەمەتلىك، شادلىققا تولغان مەنزىرىنى كۆرمىگەن، خۇشال بولۇپ باقمىغان ئىدى. ئۇ بايا ئەزىزەنىڭ مەخسۇس ھۇجرىسىدا ئۇنىڭ مۇھەببىتى ۋە سۆيۈشىگە ئېرىشىپ بەخت ھوزۇرىنى سۈرگەن بولسا، ئەمدى مېھمانلارنىڭ ئارىسىغا چىقىپ، كۆپچىلىك بىلەن بىللە كۆڭۈللۈك يايرىۋالىدىغان بولدۇم دەپ، ھاياجانلانماقتا ئىدى.

سورۇندىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى تونۇش چىرايلار، ئابلاجان بىلەن تەگتۈش ئەر - ئايال خىزمەتداشلار ئىدى. بىر قىسمىنى ئۇ تونۇمىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار بىلەن مۇڭدىشىپ، ناھايىتى تېزلا ئۇلارنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۈستەللەرنىڭ ئۈستىدە ھاراق بوتۇلكىلىرى، رومكىلار پەيدا بولدى. ئەمدى رومكا سوقۇشتۇرۇش باشلاندى. ئولتۇرۇشقا قاتناشقانلار 60 تىن ئاشاتتى، ھاراقمۇ مول ئىدى. رومكا سوقۇشتۇرۇش ئۈستەللەرگە بۆلۈنۈپ داۋام قىلدى، رومكىلار 4 — 5 قېتىم ئايلىنىشى بىلەن

نەزىمە گويا بۇ ئىشقا ئاچچىقى كېلىپ تۇرالماي قېلىۋاتقان ئەمەلداردەك ئۆيدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ نىمىلەرنىدۇر ئويلاپ مىيىغىدا زەھەرلىك كۈلۈپ قويدى ۋە ئۇز - ئۆزىگە پىچىرلاپ: «ياخشى، ئاتىسىدىن ئالالمىغان ئۆچىنى قىزىدىن ئالسا نىمىشقا بولمىغۇدەك. كالىنى ئۇرسا تۇۋىقى سىرقىرايدۇ، بۇ ئولتۇرۇشتىن پايدىلىنىپ، ھاۋانىڭ ئىشىنى سۈرەپ كىرسەك، ئابلاجان نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولىدۇ، ئاندىن ئۇ ھاۋا بىلەن... ھەببەللى، شۇنداق قىلىش كېرەك. بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش لازىم...»

شۇنداق قىلىپ، نەزىمە قىزى چاقىرغان ئولتۇرۇشتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ كىشلەرگە ئېيتىشقا بولمايدىغان تولىمۇ قەبىھ، ئىپلاس غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى. ئۇ ئۆيدىنمۇ چىقماي ئولتۇرۇپ، ئۆمەر ۋە غوپۇر ئىسىملىك ئىككى ياشنى يېنىغا چاقىرتتى. بۇ ئىككىيلەن ئولتۇرۇشلاردىن قالمايدىغان، قىزىقچىلىق قىلىمىز دەپ گەپدانلىق قىلىدىغان، بىزەڭ، يۈزى قېلىن، جېدەل - ماجىرانى پۇلغا سېتىۋالىدىغانلاردىن ئىدى. ئۇلار شۇ تاپتا شەھەر باشلىقى خانىمىنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ، ئالاھىدە قوبۇل قىلىنىشىغا ئېرىشكەنلىكىدىن تولىمۇ پەخىرلىنىپ ئولتۇردى. نەزىمە ئۇز مۇددىئاسىنىڭ ئۇچىنى چىقىرىشىغىلا، ئۇلار ھەممىنى چۈشەندى، ۋەزىپىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. نەزىمە سېخىيلىقىنى، كەڭ قوللۇقىنى ئىپادىلەپ، شەھەر باشلىقىغا ئاتاپ ئېپقويغان بىر بوتۇلكا ماۋتەي ھارىقىنى ئۇلارغا سوۋغا قىلىۋەتتى.

سورۇندا ئىچىش يۇقىرى پەللىگە چىقتى، بىرمۇنچىسى مەست بولۇپ ئالىتاغىل ۋارقىراپ، قالايمىقانچىلىق چىقارغىلىۋاتاتتى. يەنە بەزىلەر يېيىش - ئىچىشنى توختىتىپ، تانسا ئويناشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئابلاجانىڭمۇ

ئۆلتۈرۈشتىن پايدىلىنىپ ئابلاجاننى رام قىلىۋېلىشنى تىلەپ خىيال سۈردى.

ئۇشتۇمتۇت تېلېفون جىرىڭلىۋىدى، ئۇ ئالدىراپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى. بۇ تېلېفون شەھەرلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتىن كەلگەن ئىدى. ئۇ مەكتەپ مۇدىرى پاتىمەنىڭ ئاۋازىنى تونۇپلا چىرايىنى ئاچتى. پاتىمە مۇدىر مەكتەپنىڭ ھەرقانداق ئىشى توغرىسىدا شەھەر باشلىقىنىڭ يوليورۇقىنى ئالماقچى بولسا، ئاۋۋال نەزىمەگە دوكلات قىلىپ، ئۇنىڭ قوللاش- قوللىماسلىقىغا قارايتتى. ئۇ قوللىغان ئىش شەھەر باشلىقىنىڭ قوشۇلۇشىغا ئېرىشمەي قالمايتتى. شۇڭا، شەھەر باشلىقى خالىق پاتىمە مۇدىرنى بىرقانچە قېتىم تەنقىد قىلىپ، ھۆكۈمەت ئىشىنى ئاۋۋال خوتۇنىغا دەپ يۈرمەي بىۋاسىتە ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشنى، نەزىمەنى مەكتەپنىڭ ئىشىغا ئارىلاشتۇرۇۋالماسلىقنى تاپىلىغان ئىدى. لېكىن، پاتىمە مۇدىر ئىشنىڭ ئاسىنىغا كىرىپ، بۇ ئادىتىنى ئۆزگەرتمىدى. ھازىرمۇ ئۇ شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئالدىنقى كۈنى ھاۋاخانىنىڭ دەرس ئۆتۈۋېتىپ ئۆتكۈزگەن «سەتچىلىكى»، «بولاڭچىلىقى»نى نەزىمەگە يىپىدىن يىڭنىسىگىچە دوكلات قىلدى. نەزىمە غايىبتىن گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ، پاتىمە مۇدىرنىڭ دوكلاتىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. بەزى جەريانلارنى قايتا سورىدى، ئاخىرىدا شەھەر باشلىقىدەك بۇيرۇق چۈشۈرۈپ:

— ھاۋانىڭ قىلمىشى ئېغىر، تەسىرى تولىمۇ يامان بوپتۇ، ئۇنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىڭلار، ياق، يېزىغىلا چۈشۈرۈۋېتىڭلار، ئۇنىڭ ئېرى ئاجراشسا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىڭلار. بۇ شەھەر باشلىقىنىڭ پىكرىنى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى، سوت مەھكىمىسىگىمۇ دەپ قويۇڭ، بولامدۇ،— دېدى. پاتىمە مۇدىر: «رەھمەت سىزگە» دەپ تۇرۇپكىنى قويۇپ قويدى.

بىلەتتى. بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپچىلىكى ھاۋاخانىنى تونۇيتتى، بەلكى ئۇنىڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇنى مۇنداق ئىش قىلىدۇ، دەپ ھېچكىم ئويلىمىغان ئىدى. بۇ ئىشنىڭ كېلىپ چىقىشىنى چۈشەندۈرۈپ قويىدىغان ئادەم چىقمىغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن تۇشمۇتۇشتىن ھاۋاخانىنى ئەيىبلەشكە باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا ئابلاجانمۇ ھاۋاخانغا قوشۇلۇپ ئەيىبلىنىۋاتقاندەك قورۇنۇپ، بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. لېكىن، شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەددىنى مەستلىك تۇرغۇزۇپ كۆپچىلىككە قاراشقا جۈرئەت ئاتا قىلدى:

— ئاغىنىلەر، ھەممىڭلار ھاۋاخانىنى ئەيىبلەۋاتىسىلەر، ئۇ مېنىڭ خوتۇنۇم،— مەستلىكتە ئۇنىڭ گېپى ئاغزىدىن چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى،— خەير - خوش، مەن كەتتىم.

ئابلاجاننىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلار ئالدىراپ - تېنەپ يول بوشىتىپ بەردى. بەزىلەر ئۇنى تۇتۇۋالماقچى بولغان ئىدى، ئەزىزە:

— ئۇ كەتسە كېتىۋەرسۇن، سورۇننى مالىمان قىلمىسۇن، تېز يولغا سېلىڭلار،— دېدى ئۇلارنى جىملەپ.

شۇنىڭ بىلەن باشقىلار ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ شەھەر باشلىقىنىڭ ھويلىسىدىن چىقىرىۋەتتى. نەزىمە ئۇستىدىكى ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن ئابلاجاننىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، يەنە بىر قېتىم زەھەرلىك كۈلۈپ تۇرۇپ، «كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش بولدى، ئۇ ئەمدى ھاۋاخانىنى قويۇۋېتىدۇ، ئالدىمغا ئۆمىلەپ كېلىدۇ» دەپ پىچىرلىدى.

ئابلاجان ئىچىدىكى ئاچچىقنى ئاران يۇتۇپ، شەھەر باشلىقىنىڭ ھويلىسىدىن كوچىغا چىقىۋالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سورۇندىكىلەرنىڭ ھاۋاخانغا بولغان غەزەپ - نەپرىتى قايتا نامايان بولۇپ، نومۇس خەنجىرى يۈرىكىنى تىلغاندەك تىترەپ كەتتى. «ۋۇ ئاناڭنى، سەن ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ، سەن

گرادۇسى پەللىگە يەتكەن، تانسا باشلانسىلا ئەزرەنى باغرىغ-
بېسىشقا ئىنتىلىپ ئولتۇراتتى. قارشى تەرەپتە، باشقا ئۈستەلدە
ئولتۇرغان ئۆمەر دەسلەپتە ئېغىز ئاچتى:
— ھەي غوپۇر، سىلەر ئۇ يەردە نەچچىڭلار بېشىڭلارنى بىر
يەرگە قىلىۋېلىپ نېمە دەپ كۇسۇرلىشىۋاتىسىلەر، سىلەرنىڭ
گېپىڭلارنى بىزمۇ ئاڭلايلى، كۈلەيلى، يىغلايلى، سورۇننى قىزىتىپ
ئوت چىقىرىۋېتەيلى، قېنى دەڭلارچۇ.
— سېنىڭ كۆزۈڭ بىزگە چۈشتىما، يامان بىر نېمە جۇمۇ
سەن، بىز ھېچ نەرسە دېيىشمىدۇق ئاداش.
— ياق، ئاڭلىغۇچىلىكى بار گەپتەك قىلىدۇ جۇمۇ، بولمىسا
ھاشىم ئاڭلاپ ئاچچىقى بىلەن ئۈستەلنى مۇشتلامتى. قېنى
سۆزلەپ باقمامسەن، كۆپچىلىك قىزىقىۋاتىدۇ، شۇنداقمۇ ئاغىنى-
لەر، خانىملار، — دېدى ئۆمەر كۆپچىلىككە تەكشى قاراپ.
— شۇنداق، ئاڭلاپ باقايلى، — دېيىشتى بەزىلەر.
سورۇن بىردەم سۈكۈتكە چۆمۈلدى.
— ۋاي ئاللىيەي، بىزنىڭ كۇسۇرلاشقىنىمىز ھېچبىر يېڭى-
لىق ئەمەس. بىز پەقەت ئالدىنقى كۈنى شەھەرلىك 1- ئوتتۇرا[1]
مەكتەپتە بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس ئۆتۈۋېتىپ ئۆز ئوقۇغۇچىسى-
نىڭ ئاپېلسىنىنى تارتىۋېلىپ، سىنىپتىلا شوپۇكى بىلەن قوشۇپ
يېۋالغانلىقىنى سۆزلەشتۇق، شۇ. بۇنى ھەممىڭلار ئاڭلىغانغۇ.
— ئاڭلىدۇق، ئاڭلىدۇق، — دېدى بەزىلەر بۇ ئىشنى سورۇنغا
سۆرەپ كىرگىنىگە قىزىقمايۋاتقاندەك.
— بىز ئاڭلىمىغان، قانداق ئىشكەن ئۇ، تولۇق سۆزلىمە-
سەن. ئىسمى نېمە، ئېنىق دېمەمسىلەر؟
بۇ سوئالغا ھېچكىم ئېنىق جاۋاب بەرمىگەن بولسىمۇ، ھەش-
پەش دېگۈچە شاۋقۇن - سۈرەن كۆتۈرۈلدى، ئۆزئارا كۇسۇرلىشىش-
لار ئەۋج ئالدى. ھەممەيلەن بۇ ئىشنى ھاۋاخان قىلغانلىقىنى

بوروُلوُپ يان كوچىنى بىسىپ ئۆتۈپ، ئاندىن جەنۇبقا بۇرۇلۇپ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كىردى. ئۆزىنىڭ ئىشىكىنى تاپتى. يانچۇ- قىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ قولۇپقا سالىمەن دەپ ئىتتىرىشىگە ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى.

ھاۋاخان يېتىۋالغان بىلەن تېخى ئۇخلىمىغان ئىدى. ئۇ بۈگۈن سىڭلىسىدىن چىقىپ، كەيپىياتى ئىزىغا چۈشۈپ، تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئۇ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ياندۇردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كىيىم-كېچەكلىرى توپىغا مىلەنگەن، مەستلى- كىدىن ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالمايۋاتقان، چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرغان ئابلاجان تۇراتتى. ئۇنى كۆرۈپ ھاۋاخان تولىمۇ خۇشال بولدى. كارىۋاتتىن پەسكە چۈشۈپ مۇلايىم ۋە مېھرىبانلىق بىلەن:

— كەلدىڭىزمۇ؟ يولدا يىقىلىپ كەتتىڭىزمۇ، مەن كىيىملىرى- ڭىزدىكى توپىنى قېقىۋېتەي،— ئۇ ئابلاجاننىڭ كىيىملىرىدىكى توپىنى قېقىپ تۇرۇپ،— كۆڭلىڭىز سۇيۇق - سەلەك تاماق تارتامدۇ، ئېتىپ بېرەيمۇ؟— دېدى.

— ماڭەۋە ئاچ كۆز، بۇلاڭچى، كۆزۈمگە سەت كۆرۈنمەي يوقال!— ئابلاجان قىزارغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، كۈچلۈك قوللىرىنى شىلتىپ، ھاۋاخاننى ئۇرۇۋەتتى. ئۇ كەينىگە مۇدۇرۇپ تامغا چاپلىشىپ قالدى،— ماڭا يېقىن كەلگۈچى بولما، مەن ئەمدى سەن ئەتكەن تاماقنى يېمەيمەن. ماڭ، ھازىرلا ئۆيدىن چىق، مەن سېنى قويۇۋېتىمەن، كۆزۈمدىن يوقال!— دەپ ۋارقى- رىدى، ئۇرۇۋېتىدىغان ئەلپازى بىلەن بېگىز قولىنى ھاۋاخاننىڭ پېشانىسىگە سانجىپ.

— مەن ھېچ يەرگە بارمايمەن، بۇ ئۆينى ئىككىمىز تۇتقان، ئۆينى سىز بىلەن كۆكلىتىمەن. سىز ئاۋۋال ئولتۇرۇڭ، چاي دەملەپ بېرەي، ئاندىن مەن...

شۇ تاپتا ئابلاجاننىڭ ئۇرۇپ، ئىتتىرىپ ۋە قوپال ۋارقىراپ

مېنىڭ يۈزۈمنى تۆكۈپ، كىشىلەر ئارىسىدا بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەس قىلىۋەتتىڭ، مەن سېنى شۇنچە چوڭ كۆرۈپ بېشىمغا ئېلىپ كۆتۈرگەن ئىدىم، قىلغىنىمنى بىلمىدىڭ، دۇنيادا ماڭا خوتۇن بولۇشقا يارايدىغان سەنلىمىدىڭ، ئەزىزەدەك سەتەڭلەر مېنى ياخشى كۆرمەن دەۋاتامدۇ، مەن سېنى قويۇۋېتىمەن، مەن يەنە نېمىگە تارتىشىمەن، ھازىر بېرىپ ئۆيىدىن سېنى ھەيدەپ چىقارمىسام ئابلاجان بولماي كېتەي». ئۇ ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ كېتىۋېتىپ، تۇرۇپ - تۇرۇپلا «ۋۇ، ئاناڭنى سېنى قويۇۋېتىمەن» دەپ تەكرارلايتتى.

كېچە ئاسمىنىنى قويۇق بۇلۇتلار قاپلىغان ئىدى. پۈتكۈل شەھەر قاراڭغۇلۇق ئىچىگە غەرق بولغان ئىدى. چىراغنىڭ سۇس يورۇقىدا كوچا يوللىرى غۇۋالىشىپ كەتكەن، لېكىن كوچىدا كىشىلەرنىڭ ئايىغى بېسىقمىغان. كىشىلەر ئابلاجاننىڭ مەستچىلىكتە سەنتۈرۈلۈپ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن يانداپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئابلاجان يولدا كېتىۋېتىپ بىر خىش پارچىسىغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ كېتىپ «گۇپ» قىلىپ يەرگە چۈشكەن ئاۋازدىن ئالدىدىلا بۇ ياققا كېلىۋاتقان بىر ئايال چۆچۈپ «ۋاي ئانا...» دەپ چىرقىراپ كەتتى. ئۇ ئايالنىڭ ئاۋازى ئابلاجانغا ھاۋاخاننىڭ ئاۋازىدەك ئاڭلىنىپ كەتتىمۇ، ئېيتاۋۇر ئۇنىڭ غەزىپى مېڭىسىگىلا چىقتى بولغاي، يىقىلىشىنىڭ زەربىسىدىن تېنىنىڭ ئاغرىشىغا قارىماي لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، «ھەي ھاۋا، نېمىگە چىرقىرايسەن، يوقال كۆزۈمدىن» دەپ قوللىرىنى شىلتىدى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئايال نەگىدۇر غايىب بولغان ئىدى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندەك ئىنچىكىلەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ كوچىدا تۇرغانلىقىنى، بىر يەرلىرىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى ۋە مېڭىشنى داۋام قىلدى.

ئابلاجان ھوشىنى يوقاتمىغان ئىدى. چوڭ كوچىدىن غەربكە

ئاشخانا ئۆيدىن قىڭراقنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

ئۇزاق يىللىق پىشىپ يېتىلگەن مۇھەببەت، بەختلىك ئائىلىنىڭ قەدىر - قىممىتى ئابلاجاننىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغان دەك قىلاتتى. شۇڭا، هاۋاخان ئۇنىڭغا يەنە يېلىنىپ يۈرۈشنىڭ هاجىتى قالمىغانلىقىنى هېس قىلىپ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىشنى قارار قىلدى. شۇنداقتىمۇ قان - تەر سىڭدۈرۈپ بەرپا قىلغان چىرايلىق، كۆركەم ئۆي بىساتلىرىغا، مېهىر - مۇھەببىتىنى ئاتىۋەتكەن ئائىلىسىگە كۆڭلى قىيماي، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىدى ۋە ئابلاجاننىڭ سوغۇق چىرايىغا قاراپ:

— خەير - خوش، پۇشايمان قىلمىغىنىڭىزنى كۆرەي، — دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

— ئەتە سوتتا خوشلىشىمىز، — ئابلاجان ئىشىكنى قاتتىق يېپىۋەتتى.

يەر - جاهان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قېتىپ قالغان، شەهەرمۇ جىمجىت ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. مۇشۇنداق سىرلىق، قورقۇنچلۇق يېرىم كېچىدە ئەقلى - هوشى جايىدا، چىرايى بىجىرىم، بەش ئەزاسى كېلىشكەن، يارىشىملىق كىيىنىدىغان، ئەزەلدىن غېرىبسىنىپ، بوينى قىسىلىپ باقمىغان هاۋاخان ئۆز ئۆيىدىن ئۇشتۇمتۇت هەيدەپ چىقىرىلدى. ئاھ خۇدا، بۇ تەڭسىزلىكنى. ئۇ نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن، ئەمدى نەگە بارار؟

3

هاۋاخان ئىشەنچكە تولغان، كېلەچەكتىن ئۈمىدۋار، جەڭگەرلىك چوكان ئىدى، هايات ۋە تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيەتتى. ئۇنىڭ هاياتلىق سەپىرىدە شۇنداق چاغلارمۇ بولغانكى، بۇ دۇنيادا غەم - ئەندىشە، ئازاب - ئوقۇبەت دېگەنلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى

ئۆيدىن ھەيدىشىدىن ھاۋاخان قاتتىق خورلۇق ھېس قىلىپ، غەزەپ - نەپرەت چىرايىغا تېپىپ تۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئالدىنقى مەزگىل ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا «سېزىك»كە مۇپتىلا بولۇپ، ئابلاجانغا يولسىزلىق قىلىپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى يىرتىپ، تېنىنى زەخمىلەندۇرۇپ قويغانلىقىنى، ھەتتا قېينانىسى، قولۇم - قوشنىلىرى، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ كۆڭلىگە ئازار بەرگەنلىكىنى، بۈگۈن يەنە مەكتەپتە دەرس ئۆتۈۋېتىپ كىشىنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرىدىغان سەتچىلىكنى چىقىرىپ، سېزىكىدىن چىققانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى سۆزلەپ، ئابلاجاننىڭ ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئۆيگە كىرىشكە ئۇنى ئابلاجان ئۆيدىن قوغلىدى، چۈشەندۈرۈشكىمۇ يول قويماي:

— ياق، گېپىڭنى ئاڭلىمايمەن، ئۆيدىن چىق دېدىم، چىق! — دەپ ۋارقىرىدى ھاۋاخاننىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

ئابلاجاننىڭ ئەلپازى تولىمۇ يامان، ھەرقانداق يامانلىقنى قىلىدىغاندەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىۋالغان ئىدى. ھاۋاخان ئۇنىڭ ئالدىدا يىلىندى ۋە كۆزلىرىدىن مۆلدۈردەك ياش تۆكۈپ:

— قەدىرلىك ئابلاجان، ئاچچىقىڭىزنى بېسىۋېلىپ چۈشەندۈرۈشۈمگە يول قويۇڭ، ئاخىرقى قېتىم سىزگە كۆڭلۈمدىكىنى ئىزھار قىلىۋالاي، ئاندىن...

— قۇرۇق گېپىڭنى قوي، ماڭا قىلغانلىرىڭ، ئانامنى ھاقارەتلەشلىرىڭ ئازدەك، مەكتەپتىمۇ ئىش تېرىپسەن، پۈتكۈل شەھەرگە پۇر كەتتى، سەنمۇ سېنىڭ، مېنىڭمۇ يۈزۈمنى قويمىدىڭ، سېنى قويۇۋەتمىسەم بولمايدۇ، ئىھ - ئىھ، بۇ دۇنيا ئەجەبمۇ تاركەنغۇ، — دەپ ئابلاجان يىغلىۋەتتى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، — ھازىر كۆزۈمدىن يوقالمىساڭ مەن سېنى قىيما - چىيما قىلىۋېتىمەن، — ئۇنىڭ ئەسەبىيلىكى تۇتقاندەك ئۇڭغۇل - دوڭغۇل مېڭىپ

كەينىگە قارىدى «ئۇ ئۆزىگە كېلىپ مېنى توۋلايدۇ، باغرىغا باسىدۇ» دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇس، ھاۋاخان تارتىشىپ قاراۋاتقان ئۆينىڭ چىرىغىمۇ ئۆچۈپ، قاراڭغۇلۇقتا بەلگىمۇ قالدۇرمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈمىد چىرىغى ئۆچتى، ئەمدى كەينىگە يانالمايتتى. ھاۋاخان تار ھەم ئوڭغۇل - دوڭغۇل خالتا كوچىلاردىن ئايلىنىپ ئاران دېگەندە چوڭ كوچىغا چىقىۋالدى. توپا - چاڭ بېسىپ كەتكەن كوچا چىراغلىرى يولغا غۇۋا يورۇقلۇق سېپىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۆيدىن قوغلانغان ھاۋاخاننىڭ كۆڭلى غۇۋالاشقان، روھى چۈشكۈن، ۋۇجۇدىنى غەپلەت باسقان بولۇپ، ئۈن سېلىپ يىغلىغۇسى كېلەتتى، خورلۇقتا قالغانلىقىدىن پۇچۇلىناتتى، «نېمە ئۈچۈن ئۆيۈمدىن ھەيدىلىمەن، مېنىڭ گۇناھىم نېمە؟ مەن ئىككى كۈن بۇرۇن ئۆزۈمنىڭ نېمە بولغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم، جانجىگەر ئاچام چۈشەندۈردى، مەن ئاپېلسىننى بۇلۇۋالغان ئوقۇغۇچىنىڭ سۆيۈملۈك ئاتا - ئانىسى ئۇقتۇردى؛ مەن سېزىك بوپتىمەن، ئانا بولغۇدەكمەن! ئۇلار مېنى ئەيىبلەشمىدى، بەلكى ئانا بولىدىغانلىقىم ئۈچۈن مېنى تەبرىكلەشتى، ئۇلار مېنىڭ قەلب گۈلزارىمدا ئانىلىق شەرەپ تۇيغۇسىنى ئويغاتتى. مەن ئاچامدىن، سۆيۈملۈك ئاتا - ئانىلاردىن ئاڭلىغان پەرزەنت كۆرۈش خۇشاللىقىنى ئۇنىڭغا ھېكايە قىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ مېنى چۈشىنىشىنى، ئەپۇ قىلىشىنى ئۆتۈنمەكچى ئىدىم. مېنىڭ بۇ ياخشى تىلەكلىرىم ئۇنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى، ئۇ ئاجراشماقچى بوپتۇ. بىر ئائىلىدە ئىككى جان بىر تەندەك يۇغۇرۇلۇپ، ئۆزىنى سۆيگەننى سۆيۈشى لازىم. سۆيگۈگە جاۋابەن سۆيۈلۈشكە ئېرىشەلمىگەن مۇھەببەت بەختسىز مۇھەببەت، مۇنداق ئائىلىمۇ بەختسىز ئائىلە بولۇپ قالىدۇ. ئۇ سۆيۈشنى خالىمىسا، ماڭا نېمە چارە، ئاھ خۇدا، ۋاي تەقدىر. سەن مېنىڭ پېشانەمگە مۇشۇنى پۈتكەنمىدىڭ، مەن

خىيالىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئىدى. شۇ چاغلاردا ئۇ ئابلاجان بىلەن بىر - بىرىنى قىزغىن سۆيۈشكەن، تۇرمۇش ئۇلارغا مۇھەببەت ۋە ساداقەت ئاتا قىلغان. ئۇ چاغلاردا شۇنداق بىر خىل شېرىن خىيال ھۆكۈمران ئىدىكى، ئۇ ئۆزىنى چاڭ - توزان باسقان بۇ ئالەمدە ئەمەس، جەننەتتە سېزەتتى. ئۇ جەننەتنىڭ راھىتىنى مۇشۇ ئالەمدە كۆرگەندەكلا يايراپ - كۈلگەن ئىدى. بۇ خىل راھەتنى ئىككى تەننىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان مۇھەببەت بەرگەن ئىدى. ئەپسۇس، مۇھەببەت ۋە سۆيگۈ مۇتلەق ئەمەس-كەن، تەقدىر ئىلاھى دەقىقە ئارىلىقىدا ئۇنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتەلەيدىكەن. مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى غەزەپ - نەپرەت ئىگىلەيدىكەن، سۆيگۈ — يامان كۆرۈش، دۈشمەنلىشىشكە ئۆزگىرىدىكەن. دېگەندەك، بالا - قازا، مۈشكۈلاتلار بۇ چوكاننىڭ بېشىغا ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋەردى. ئۇنىڭ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلىشى — بالا - قازانىڭ بىر پەللىسى ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ھالاكەت يولىغا مېڭىپ، ئۆزىنى ۋەيران قىلىشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇ ئېغىر يۈكنى كۆتۈرەلىگىنى بىلەن دەرد - ئەلەم ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنى كۆتۈرۈشكە چىداملىق ئىكەن. ئۇ خۇدىنى يوقىتىپ قويمىدى، پەقەت ساپ مۇھەببىتى، ئەقىدىسى، بارلىقىنى بېغىشلاپ، جاپا - مۇشەققەتتە ئەجىر قىلىپ بەرپا قىلغان، گۈللەتكەن ئائىلىسىنىڭ بەربات بولۇپ كېتىدىغىنىنى ئويلاپ ھەسرەت چەكتى، ئۆكۈندى، تارتىنىپ باقتى. لېكىن، ئۆزىنىڭ ئۆيدە قېپقېلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى سېزىپ يەتكەندە، ئۆيدىن ئاسانلا ئايرىلىپ چىقتى. ئۇ ئىشىكتىن چىقىپلا تەبىئەتنىڭ قاپقاراڭغۇ، سىرلىق، قورقۇنچلۇق قوينىغا كىرىۋېتىپ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، تېنى شۈركۈنۈپ غال-غال تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ھاۋاخان بىرئاز مېڭىپلا كىمدۇر بىرى چاقىرىۋاتقاندەك، ئورنىدا شىپپىدە توختاپ

دە، يىغلىماڭ قىزىم،— تۇرسۇنخان كارىۋىتىنىڭ بۇرجىكىگە كېلىپ ئولتۇرغان ھاۋاخاننىڭ كۆز ياشلىرىنى ياغلىق بىلەن بىرقۇر ئېرتىۋېتىپ، ياغلىقنى ھاۋاخانغا بەردى،— ئۇ ئۆيگە كەلسە تىللاپ، ئاغزى - بۇرنىغىچە تويدۇرۇۋېتىمەن. ئۇبدان قىزىمنىڭ بويىدا قالغان تۇرسا، خۇش بولۇپ خىزمىتىدە بولماقتا يوق، بېشى قايغان يەردە يۈرگىنىنى قارىمامدىغان،— ئۇ ھاۋاخانغا ئىسسىق چاي سۇنۇۋېتىپ،— قىزىم، سىزگە ئالمىدەك خېمىر يۇغۇرۇپ ئاش ئېتىپ بېرەيمۇ؟ خاپا بولماڭ قىزىم، ئادەم دېگەن دۇنياغا تۆرەلگەندىن كېيىن كۈرمىڭ ئىشلارنى باشتىن ئۆتكۈزىدىكەن، نېمىلا دېگەنبىلەن بىر ياستۇقتا باش قويۇدىغانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشقۇ بۇ. تاماق يېگۈڭىز بولمىسا، مېنىڭ ئورنۇمغا كىرىپلا يېتىڭ، يىغلىماڭ جۇمۇ قىزىم.

تۇرسۇنخان ئۆز نەزىرىدە «ھاۋاخاننىڭ بويىدا قالغانلىقى ئېنىق، «نەۋرە كۆرىدىغان بولدۇم، ماڭا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق يوق، كېلىنىم كوچىغا چىقىپ كەتمىدى، پاك. قالغان ئىشلارنىڭ كارايىتى چاغلىق، مەكتەپتە بولغان ئىشنى خەق ئېغىر ئالسا ئالسۇن، مېنىڭ پەرۋايىم پەلەك، ئابلاجاننىڭ ھاۋاخاننى تاشلىۋېتىشى ھەممىدىن يامان» دەپ قارايتتى. ھاۋاخان ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئورامىغا قاراپ، ئۆيدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى، ئابلاجاننىڭ ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغانلىقىنى دەپ، قېينانىسىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىشنى خالىمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ خورلۇق ئىچىدە پۇچۇلىنىپ، خىيال ئېقىنىدا ئۈزۈپ، بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىپ، پارتلاپ كېتىدىغاندەك ئۆزىنى تۇتالماي قالغان ئىدى. شۇڭا، تۇرسۇنخاننىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن كەينىگە سۇرۇلۇپلا يېتىپ قالدى. تۇرسۇنخان ئۇنىڭ يېنىغىلا ئورۇن سېلىپ چىراغنى ئۆچۈردى. تۇرسۇنخاننىڭ ئۇيقۇسى قاچقان، «ئابلاجان بىلەن ھاۋاخان زادى نېمە بولغاندۇ؟

شۇنداق خورلۇقتا قالدىغان ئادەممىدىم».
بىچارە ھاۋاخاننىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆز ياشلىرى يامغۇردەك ئاقتى. ئۇ باش ـ ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان خىيال دېڭىزىدا ئۈزۈپ، بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن مېڭىۋېرىپ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا قېينانىسىنىڭ ھويلىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى، «بۇ كېچىدە نەگە باراتتىم، قېينانام بىلەن ياخشى ئۆتكەن ئىدىمغۇ، نېمىگە قورۇناتتىم. ئۇلارنىڭكىدە يېتىپ قېلىشىم ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىۋېلىش بولۇپ قالار».
ئۇ ئىشىكنى قاتتىق چەكتى.
— كىم؟— بۇ تونۇش ئاۋاز ئىدى.
— مەن، ئانا،— ھاۋاخان خاتىرجەم جاۋاب بەردى.
تۇرسۇنخاننىڭ يۈرىكى جىغغىدە بولۇپ، بېشى قېيىپ كەتتى. ئۇ ھاۋاخاننىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، ئورنىدا بىرھازا تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن ئىشىكنى ئاچتى. مەكتەپتە يۈز بەرگەن ۋەقەدىن ئۇمۇ خەۋەر تاپقان، كېلىنىنىڭ بۇ سەتچىلىكىدىن نومۇس قىلىپ تالا ـ تۈزگىمۇ چىقماي، يۈرىكى ئېزىلىپ ئۇخلىيالمىغان ئىدى. ئۇ قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىز ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، كۆڭلى تېخىمۇ دەككە ـ دۈككىدە قالدى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىشىغا، ھاۋاخاننىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغانلىقىنى، چىرايىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمىسىمۇ كۆزلىرىدىن ئاققان ياشنىڭ پارقىراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ھاۋاخان بوسۇغىنى ئاتلاپ ھويلىغا كىرىپلا ئۆزىنى تۇتالمىغان ھالدا تۇرسۇنخانغا ئۆزىنى ئېتىپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.
— ئۇيدان قىزىم، ھويلىدا يىغلىماڭ، ئۆيگە كىرەيلى،— تۇرسۇنخان سۆزلەۋېتىپ ھاۋاخاننى يۆلىگەن پېتى ئۆيگە ئېلىپ كىردى. ھاۋاخان تېزلا ھوشىغا كېلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، شۇنداقتىمۇ يەنىلا ھېققىداپ تۇراتتى،— ئابلاجان يەنە ئۆيگە قايتىپ كەلمىدىمۇ قىزىم، يالغۇز يېتىشتىن قورقۇپ قېشىمغا كېلىپسىز-

قوينىدا يېتىشنى، قېيناتا ـ قېينانىسىنىڭ ئامراق، كۆيۈملۈك قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئەپسۇس، بۇ ئەمدى مۇمكىن ئەمەس. ھازىر ئۇ ئۆزىنىڭ غازاڭغا ئايلىنىپ، بۇ ئائىلىدە ئۇشۇق ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ، ئۆزىنى ئۆزى خورلاپ يۈرمىدى، ئەتە سوتقا ۋاقتى ـ قەرەلىدە بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكتى...

ئەتىسى ھاۋاخان قېينانىسى بىلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك، قېينانىسىنىڭ ئۆينى يىغىشتۇرۇشىغا ياردەملەشتى، ئىشىك ئالدى، ھويلىنى پاكىز سۈپۈرۈپ سۇ سەپتى، ئەتىگەنلىك تاماقنىمۇ خېلى ياخشى يېدى. ھاۋاخان ئاخشام ئۆيدە بولۇنغان ئىشلارنى، بۈگۈن سوتقا بېرىپ ئابلاجان بىلەن ئاجرىشىدىغانلىقىنى تۇرسۇنخانغا دېمەكچى بولدىيۇ، قېينانىسىنىڭ ئۆزىدىن ئەھۋال سوراشنى خالىمىغانلىقىغا قاراپ ھېچ نەرسە دېمىدى، قېيناتىسى توختى ئۈرۈمچىگە كەتكەن ئىدى. ئۇ بولغان بولسا گەپ سوراپ، كولاشتۇرۇپ، ئۇقۇۋالغان بولاتتى. ھاۋاخان ئۆزىنى ئادەتتىكىدىلا تۇزەشتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە:

— ئانا مەن كەتتىم، ئاتام كەلسە سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويارلا، — دېدى.

— بولىدۇ قىزىم، كېلىپ تۇرۇڭ، — دەپ تۇرسۇنخان ئىشىككىچە ئۇزىتىپ قويدى.

ھاۋاخان شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەتىگەن سائەت 9 دا يېتىپ باردى. بۇ چاغدا ئابلاجان بېرىپ ئەرز ـ ھالىنى ئېيتىپ بولغان ئىكەن. ھاۋاخان ئىشخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇشىغىلا يۈزلىرى يۇمىلاق، بۇغداي ئۆڭ، خام سېمىز ئايال:

— ئىسىم فامىلىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ھاۋاخان قاسىم.

ئادەتتە ھاۋاخان ئۆيدە يالغۇز يېتىۋېرەتتى، بۈگۈن يېرىم كېچىدە ئۇنىڭ كېلىشى زادى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ئابلاجان ئۆيگە كېلىپ سوقۇشقانمىدۇ؟ ئىككىسى سوقۇشۇپ قالسا، ھاۋاخان بىزنىڭكىگە كېلەتتىمۇ، ئۇلار سوقۇشۇپ، ئاجرىشىپ كېتىش دەرىجىسىگە بارمىغاندۇ. ياق، ئابلاجان ئۇنداق قىلمايدۇ، بولۇپمۇ بالىلىق بولىدىغان ۋاقىتتا، ياق، ھەرگىز. مەن گۇمانخور تۇل خوتۇندەك نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم».

تۇرسۇنخان خىياللىرىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ئۇ سولغا ئۆرۈلدى. ھاۋاخان ھېرىپ-ئېزىلىپ كەتكەن، بېشى ئاغرىپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغان، كۆزلىرى ئېچىشىپ ئاغرىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ ئۇخلىيالايدىغاندەك ئەمەس. ئۇ ئەتە ياخشى كۆرىدىغان كىشىسى بىلەن ئاجرىشىدىغانلىقىنى ئويلاپ، يۈرەك-باغرى لەختە-لەختە بولۇپ، ئۈن-تىنسىز يىغلىماقتا ئىدى. ئۇ ئەقىدىسىگە يىغلايتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرى، گۈزەل ياشلىق دەۋرى، داغدۇغىلىق توي-مەرىكە، قانماس روھىي تەشنالىقلار، بەختكە چۆمۈلگەن ئائىلە... مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئىككىيلەننىڭ ئورتاق يېتىلدۈرۈشى، ئاسرىشى بىلەن مېۋە بەرگەن ئەمەسمىدى. بۇنى ئىككىيلەنلا قەدىرلەيتتىغۇ، ئاسرايتتىغۇ. تۇۋا ئادەم دېگەن مۇشۇنداقمۇ تېز ئۆزگىرەمدۇ. ئۇنى جەمئىيەت، باشقىلار چۈشەنمىدى دېگەندىمۇ، يېقىن ئادىمىمۇ چۈشەنمەمدۇ، چۈشەندۈرۈشنىمۇ خالىمامدۇ. ئۇ مۇھەببىتىنى قەدىرلەپ، ئۆيگە ھەرقانچە تارتىشسۇن، بەرىبىر ئۆزىنى خۇددى تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك، بۆسۈپ چىققىلى بولمايدىغان ئوي-خىياللارنىڭ تىلسىمات چەمبىرىكىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ چەمبىرەكتىن قۇتۇلۇپ چىقىشنى بەكمۇ خالايتتى، بىراق ئامال يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ، يېڭىۋاشتىن ھاياتلىقنىڭ بىپايان دېڭىزىغا چۆمۈلۈشنى، ئېرىنىڭ مۇھەببەتلىك

— گەپنىڭ قىسقىسى، بىز سىزنىڭ «قوشۇلمەن» سۆزىڭىز-نىلا كۈتۈۋاتقان ئىدۇق،— خام سېمىز ئايال خەتنى ئىشكاپتىن ئېلىپ سۇندى، ھاۋاخان ئىسمىنى يېزىپ بەردى.

ھاۋاخاننىڭ چۈشتىن بۇرۇن دەرسى يوق ئىدى. ئۇ چۈشتىن كېيىن مەكتەپكە بېرىۋىدى، پاتىمە مۇدىر ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، بىرمۇنچە تاپا - تەنىلەرنى قىلدى، شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى پاقىلاق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىگە يۆتكىگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ھاۋاخان ئالاقىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى.

— رەھمەت مۇدىر، ئاتام ماڭا «مائارىپ، ئوقۇتۇشتا خىزمەت ئورنىنىڭ شەھەر - يېزا، يۇقىرى - تۆۋەن پەرقى يوق، ھەممىلا يەردە نادان قەلبلەرگە بىلىم سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. نەدىلا بولسا، ئوقۇتۇشقا ئەجىر سىڭدۈرسەڭ خۇش پۇراق مېۋە بېرىدۇ، ئوخشاشلا ئۇلۇغ ئىنسانىي يېتىشتۈرۈپ چىقالايسەن» دېگەن. مېنىڭ شەھەردە تارتىشقۇدەك ھېچنېمەم يوق، خەير خوش.

## 4

جاھانغا گۆگۈم پەردىسى يېيىلىۋاتاتتى. ئاسمان ئوتقاشتەك قىزىرىپ، كېيىن بارا - بارا ئاقىرىپ خىرەلىشىپ، ئاستا - ئاستا كېچە قاراڭغۇلۇقى ئىچىگە سىڭىپ كەتتى. تېخى يۇلتۇزلار چىقمايۋاتاتتى.

نەزىمە خېلىدىن بۇيان ھويلىنىڭ گۈلزارلىقىدا ئولتۇرۇپ گۈللەرنى تاماشا قىلغاچ، نېمىلەرنىدۇر ئويلاۋاتاتتى. ئۇ ئويلىغانلىرىنىڭ ئاخىرى چىقماي، كۆڭلى بىئارام بولۇۋاتاتتى. قاراڭغۇلۇقمۇ ئىچىنى پۇشۇرغان بولسا كېرەك، ھويلىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇۋەتتى. ھويلىدىكى دەرەخ يوپۇرماقلىرى، گۈللەرنىڭ غۇنچىلىرىغا چۈشكەن چىراغ نۇرى جىمىرلاپ كىشىگە بايرام خۇشاللىقى

— ئابلاجان سوتىمىزغا سىز بىلەن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىپ ئەرز يازدى. ئۆيلۈك بولغاندىن بۇيان ئىتتىپاقلىقىڭلار ياخشى بولماپتۇ، بىر - بىرىڭلارغا مۇھەببىتىڭلار سۇسكەن. يېقىندىن بۇيان سىز ئابلاجاننى قەستەن قىيناپسىز، ئۇرۇشۇپ جاراھەتلەندۈرۈپسىز، كۆڭلەكلىرىنى يىرتىپسىز. مەكتەپتە دەرس ئۆتۈۋېتىپ ئوقۇغۇچىلىرىڭىزنىڭ نەرسىسىنى بۇلاپ، ئۆزىڭىزنىڭ يۈزىنى تۆكۈپلا قالماي، ئۇنىڭمۇ ئىناۋىتىنى تۆكۈپسىز.

ھاۋاخان ئابلاجانغا يىرگىنىچ بىلەن ئالىيىپ قارىدى. ئۇ نىكاھدىن ئاجرىشىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا يوق نەرسىلەرنى توقۇپ چىقىپ، ھاۋاخاننى ناھەق قارىلىغان ئىدى. ئابلاجان ئۇ ئويلىغاندىنمۇ بەكرەك بۇزۇلغان، مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئاجراشماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھاۋاخان ئارتۇقچە زوكۇنلىشىشنى خالىمىدى، ئۇ قىسقىلا قىلىپ:

— شۇنداق، مەن سىزنىڭ ئىكەنمەن،— دېدى.

— قانۇن سىزنىڭكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ،— خام سېمىز ئايال جىددىي تۈسكە كىردى.

— سىز ئايال كىشى ئېتىراپ قىلىسىز،— دېدى ھاۋاخان.

— مەن، مەن...— خام سېمىز ئايال ئاران دېگەندە گېپىنى ئۇلىغۇالدى،— تېمىدىن سىرت گەپلەرنى قىلىشقا بولمايدۇ.

— سىزمۇ چۈشىنىشنى خالىمىغۇدەكسىز،— ھاۋاخان ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.

— كىم سىزنى ئوقۇغۇچىنىڭ يانچۇقىدىكى نەرسىنى بۇلىسۇن دەپتۇ، قېنى ئاجرىشىشقا قانداق پىكرىڭىز بار؟

— ئايال كىشى دېگەن ئىپپىتىنى ساقلاپ، ئۆي تۇتۇشنى بىلسىلا، قالغان ئىشلارنىڭ كارايىتى چاغلىق. سىز قانۇن خادىمى تۇرۇقلۇق، ئاياللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشنى خالىمىسىڭىز، مېنىڭ نېمە ئىلاجىم، قوشۇلىمەن.

رىمىز، ۋاي ئاللىيەي، قىزلارنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇغۇپ قويۇشى جەمئىيەتتە بولمىغان ئىش ئەمەسقۇ. شەھەر باشلىقىنىڭ قىزى بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈنلا نومۇسلۇق ھېس قىلىمەنما، ياق، ياق،— ئەزىزە ئاپىسىنىڭ تۇتۇۋالغان قولىنى سىلكىۋېتىپ سىرتقا قاراپ ماڭدى،— مەن بىزنىڭ ئۆرپ - ئادىتىمىزگە چىدىمىدىم، مەن ياۋروپاچە ياشايمەن، تانسىغا بارىمەن، قانغۇچە ئوينىۋالاي.

— توختا جۇۋاينىمەك،— دېدى نەزىمە قىزىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ.

ئەزىزە ئاپىسىنىڭ بۇيرۇقىغا پەرۋا قىلماي، تاشقارقى ئىشىككە قاراپ ماڭدى. شۇ چاغدا نەزىمە ئىشىكنىڭ چېكىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئەزىزەنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنى ھوجرىسىغا كىرىپ كېتىشكە زورلىدى. لېكىن، ئۇ بىزەڭلىك قىلىپ باتناپ تۇرۇۋالدى. ئىشىك ئارقا - ئارقىدىن چېكىلدى.

— ئەزىزە، ھەي ئەزىزە، ئىشىكنى ئېچىڭ، مەن ئابلاجان.

ئابلاجاننىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان ئانا - بالىنىڭ تۇتۇلغان چىرايى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇلار ھويلىدا ئاۋازىنى چىقىرىشماي مېڭىپ دالاننىڭ قېشىغا كېلىشتى.

— قىزىم ئۇمىدسىزلەنمە. ئابلاجاننى خۇشخۇي قارشى ئېلىپ ئۆيگە باشلا. ئۇ ھاۋا بىلەن ئاجرىشالىغان بولسا تېخى ياخشى، ئاجرىشالمىغان بولسا ئىللىقلىق ئۆتكۈز، لېكىن مۇنۇنى سەزدۈرۈپ قويما،— دېدى نەزىمە قىزىنىڭ قورسىقىنى نوقۇپ.

نەزىمە پۇشۇلداپ يۈگۈرگەن پېتى ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ئەزىزە ئىشىك چېكىلگەندىن كېيىن، ئۆيدىن چىققاندەك، ئۇششاق دەسسەپ تاشقارقى ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— كىم؟— دەپ سورىدى.

— ئەزىزە، ئاۋازىمدىن تونۇمىدىڭىزما، ئىشىكنى ئېچىڭ.

ئەزىزە ئىشىكنى چوڭ ئېچىۋەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا چىرايلىق

سنى بەخش ئېتەتتى. نەزىمەنىڭ بۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىش ئىشتىياقى يوق، بەلكى چىرايى بىرنەرسىدىن غەم قىلىۋاتقاندەك ئاقىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بىرسىنىڭ «تاق - تاق» دەسسەپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدى. ئۇنىڭ سەزگۈسى يالغان ئەمەس ئىدى، راستىنلا ئەزىزە ئۆيدىن چىقىپ دالاندىن پەسكە چۈشۈۋاتاتتى. ئۇ ئۇچىسىغا يېڭى تىكتۈرگەن ھاۋارەڭ كۆڭلىكىنى كىيگەن، بارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاپ تولىمۇ چىرايلىق ياسانغان ئىدى. ھويلىنىڭ گۈللۈكىدە غەمگە پېتىپ ئولتۇرغان نەزىمە چىرايلىق ياسانغان ئەزىزەنى كۆرۈپلا لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

— زاۋال چۈشكەندە نەگە بارىسەن؟

— ئاپا، ئىككى ئايدىن بۇيان ئۆيدە ئولتۇرۇپ بۇرۇختۇرما بولۇپ زېرىكىپ كەتتىم، كېچىدە بولسىمۇ ئىزىم چۈشكەن كوچىلارنى ئايلىنىپ كىرەيچۇ.

— توختا، ئىزانى بىلمەيدىغان داپشاق، قورسىقىڭدىكى بىر ياقلىق بولغۇچە چىدا. خەق زىنداندا يېتىپمۇ چىدايدىغۇ،— نەزىمە كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ، قىزىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى،— مەن نېمە غەمدە، سەن نېمە كويدا- ھە، ئۇقۇۋاتامسەن، مەن سېنى ئابلاجانغا «قىز» دەپ بەرمەكچىمەن.

— مەن بەرىبىر بىتەلەي ئاپا،— ئەزىزەنىڭ چىرايىدىن غەمكىنلىك، مىسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى،— قېرىشقاندەك قورساقتىكى ھارىمى يا چۈشۈپ كەتمىدى، ئۇ تېخى مىدىرلايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابلاجان بىلەن ھاۋالار كېچىكىدىنلا بىر- بىرىگە ئاشىق - مەشۇق، ئاجرىشىپ كېتىشى ناتايىن. ئۇياققا ئۆيلىنىسىمۇ بولمىغان - بۇياققا ئۆيلىنىسىمۇ بولمىغان، مەن بۇ تۇرمۇشتىن جاق تويدۇم. ئاپا، مېنىڭمۇ گېپىمنى ئاڭلىسىلا، بىز ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ، نېمانچە مۇڭلىنىپ ئولتۇ-

قارىشىپ، چاقچاقلىشىپ ئۆيگە كىردى. ئەزىزە ۋىلىقلاپ كۆلۈپ ئابلاجاننى ساپادا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، كۆزنىڭ مېۋە-چېۋىلىرىنى ئالدىغا تىزدى. ئۇ چىرايىنى گۈلدەك ئېچىلدۇرۇپ، ساپادا يېگىلا ئولتۇرغان ئابلاجاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، بىر خىل ئوماقلىق بىلەن ناز قىلدى. ئابلاجاننىڭ سۇنۇق كۆڭلى توك ئۆتۈپ زەرەتلەنگەندەك جىمىرلاپ كەتتى. ئۇ خۇشلۇقىدىن كۆزلىرىنى يېقىملىق ۋە مېھرىبانلىق بىلەن تىكىپ:

— ئەزىزە، مېنىڭ سۇنۇق كۆڭلۈمنى ئىزدىگىنىڭىزگە نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەيۋاتىمەن، — دېدى.

ئەزىزە شوخلۇق بىلەن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى پىرقىرىۋېتىپ، ئۈنئالغۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئابلاجانغا قاش-كۆزىنى ئوينىتىپ بىر قارىۋېتىپ، كونۇپكىنى بېسىۋەتتى. لېنتا پىرقىراپ «چىمەندەگۈل» مۇزىكىسى ياڭرىدى، ئۇ ئابلاجاننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى:

— كېلىڭ يىگىتىم، مەن سىزنىڭ ئىسسىق قوينىڭىزغا كىرەي، مېنى قۇچاقلاپ تانسىغا پىرقىرىتىڭ، جەننەتنىڭ ھۇزۇرىنى بىللە سۈرەيلى، — ئەزىزە ئاپئاق، يۇمران قولىنى سۇندى.

ئابلاجان ئىختىيارىنى ئۇنىڭغا بەردى، ئىككىيلەن يېقىملىق مۇزىكىغا ماسلىشىپ پىرقىراشقا باشلىدى. ئەزىزە تانسىغا ئۇستا ئىدى، پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئوينايتتى. ئۇ قىزلارغا خاس نازاكىتى، سىلىق، ئەپچىل ھەرىكىتى ۋە پىرقىراشلىرى بىلەن ئابلاجاننى تەمتىرىتىپلا قويدى، پېشانىسىدىن مونچاق-مونچاق تەر ئاقتى. شۇنداقتىمۇ ئەزىزەنىڭ نازۇك قوللىرىنىڭ مۈرىسىدە يېنىك ئېسىلىپ، ھاياجان بىلەن ئالغان تېز-تېز نەپەسلىرى قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە ئاڭلىنىپ تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ قويۇق بۇدۇر چاچلىرى يېپىپ تۇرغان مەرمەردەك ئاپئاق بويىنىنى، مەستخۇش ھالدا يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرى بىلەن ئۆزىگە تىكىلىپ

ياسانغان ئابلاجان مېيىغىدا كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان قاپقارا چاچلىرى، كىيىمىگە تولىمۇ ماس گالستۇكى، ئاناردەك قىزارغان مەڭزى، ھەتتا بوي- بەستىمۇ يېقىملىق ئىدى. ئىشىك ئۈستىدىكى چىراغ ئاستىدا، ئابلاجاننىڭ پۈتكۈل سىيماسى ئىنتايىن گۈزەللىكى بىلەن ئەزىزەنىڭ قەلبىنى سۆيۈندۈرۈپ، ئاجايىپ زور يېڭىلىق ۋە خۇشاللىقتىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ئۇ ئاشۇ تۇرقىدا خۇدىنى يوقىتىپ، ئابلاجاننىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتماقچى ئىدى، دەقىقە ئارىلىقىدا ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئايپىسىنىڭ نەسىھىتى جاراڭلىدى- دە، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، خۇي كۆرسەتمەكچى بولدى.

— ئاۋازىڭىزدىن تونۇدۇم، تۇرقىڭىزدىن تونۇيالماي قالدىمغۇ. سىز ئابلاجانمۇ، بۇ كەچتە نېمە قىلغىلى كەلدىڭىز؟

ئابلاجان تەمتىرەپ، «ئەزىزە ئادەم تونۇمايدىغان بولۇۋاپتۇ» دەپ كۆڭلى سۇنغاندەك بولۇپ، كەلگىنىگە پۇشايمان قىلدى.

— ئەپۇ قىلىڭ، مەن بىئەپ ۋاقىتتا كېلىپ قالغان ئوخشايمەن،— ئۇ گەجگىسىنى تاتىلاپ كەينىگە بۇرۇلدى.

ئەزىزەنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتەي دېدى. ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ ئابلاجاننىڭ يېشىگە ئېسىلدى.

— ھەي، نەگە بارىسىز، ئىشىكىمگە كېلىشكە جۈرئەت قىلغاندىكىن كىرمەمسىز؟— ئەزىزە ئابلاجاننى تارتىپ ھويلىغا ئەكىرىۋېلىپلا ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋالدى. ئۇنىڭ يۈزىدە خۇشاللىق كۈلكىسى چاقنىدى،— شەھىرىمىزدە ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ئوغلى ئابلاجان پەقەت بىرلا. ئۇنى تونۇمايدىغان كىمنىڭ ھەددىكەن، چاقچاق قىلىۋاتىمەن سىزگە،— ئەزىزە قاردەك ئاپئاق، مايسىدەك نازۇك قولىنى سۇندى.

ئابلاجاننىڭ قولى ئۇنىڭ قولىغا تەگكەندە، ۋۇجۇدىنى ئاجايىپ بىر ئىللىق تۇيغۇ چۇلغىۋالدى. ئۇلار بىر - بىرىگە

پايدىسى،— دەقىقە ئارىلىقىدا ئەزىزەنىڭ شاد - خۇراملىققا چۆمگەن چىرايى بىچارە قىياپەتكە كىردى، ھەتتا سۆزىنىڭ ئاخىرى بوغۇزىدىن چىقىشى بىلەن تەڭ كۆز چانىقىدىن ئىككى تامچە ياش يۈزىگە تۆكۈلدى.

بۇنى كۆرۈپ تۇرغان ئابلاجاننىڭ يۈرىكى ياپراقتەك تەۋرىنىپ كەتتى. ئۇ شۇ يەردىلا ئەزىزەنىڭ ئالدىدا تىزلاندى.

— جېنىم ئەزىزە، مەن ئەزەلدىن سىزنى ياخشى كۆرەتتىم. ئاۋۇ كۈنى سىزنىڭمۇ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلىدىم، نەزىمە ئاچامنىڭ پوزىتسىيىسىنىمۇ ئۇقتۇم. شۇڭا، سىزنى دەپلا ھاۋا بىلەن ئاجراشتىم. ئۇ مېنى ئالداپتۇ، ئاران قۇتۇلدۇم، مەن...

ئابلاجان ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا سۆزلەيتتى، ياش تۆكۈپ يىلىناتتى، شۇ تاپتا ئەزىزەنىڭ ئاغزىدىن باشقىچە سۆز چىقسا، بەدىنىنى باسقان تىترەكنى بېسىشقا ۋە ئۆرە تۇرۇشقا ئۇنىڭ ماغدۇرى يەتمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئەزىزەگە ھال كىرىپ، بوينىنى شىلتىڭ ئېتىپ گىدىيىۋالدى.

— ئەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق، ئالا كۆڭۈل، بىردىن كېچىپ، يەنە بىرىنى ئالدايدۇ، گېپىنىڭ چىرايلىقلىقىنى تېخى.

— ياق، بۇ مېنىڭ يۈرەك سۆزۈم، ئەزىزە ماڭا ئىشىنىڭ، مەن سىزنى تېزلىكتە ئەمرىمگە ئېلىش ئارقىلىق ھاۋادىن ئۆچ ئالىمەن، ئاپىڭىز مېنى چۈشىنىدۇ، ھە راست،— ئابلاجان يانچۇقىنى كولاپ، چىرايلىق قۇتىنى ئېلىپ ئاغزىنى ئاچتى، قىممەت باھالىق ئالتۇن ئۈزۈكنى قولىغا ئېلىپ، ئەزىزەنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىغا سېلىپ قويدى،— ئەمدى ئىشەنگەنسىز؟

ئەزىزە ئۈزۈكنى بىرھازا تاماشا قىلىپ، مىيىقىدا كۈلدى.

— ئابلاجان، ئاڭلاپ تۇرۇڭ سۆيۈملۈكۈم، سىز مېنى ياخشى كۆرىمەن دەپ ئالدىمىغا كەلگەن، شۇنداققۇ، يېنىۋالماسلىقىڭىز ئىسپاتى ئۈچۈن، بۇ ئۈزۈكنى ئۆزىڭىز بارمىقىمغا سېلىپ

قاراشلىرىنى ئەينەكتە كۆرۈپ، خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلدى. بۇ چۈش ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەت، ئەزىزە ئۆزىنىڭ قويندا ئىدى.

— ئەزىزە، بۈگۈن سىز نېمانداق چىرايلىق بولۇپ كەتتىڭىز، تانسىنىمۇ شۇنداق چىرايلىق ئوينايدىكەنسىز،— دېدى ئابلاجان ھاياجىنىنى باسالماي.

ئەزىزە ھارغاندەك قىلاتتى، ئۇلار ئويناشتىن توختىدى، ئەزىزە ئابلاجاننىڭ ئاغزىدىن گەپ ئالماقچى بولغاندەك:

— مەن سىز ماختىغاندەك چىرايلىق ئەمەس، ھاۋاخان چىرايلىق، تانسىنىمۇ ئۇنىڭچىلىك ئوينىيالمايمەن، ئۇ ئۇرۇمچىنى كۆرگەن قىز-دە،— دېدى قاقاقلاپ كۈلۈپ.

— ئەزىزە،— ئابلاجان ئاقلاپ يېپىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان بىر نەشپۈتنى تېزلا جوزىغا قويۇپ، چىرايىغا جىددىي تۈس بەردى،— بۈنىڭدىن كېيىن ھاۋانىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغۇچى بولماڭ. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئادا-جۇدا بولدۇم، بۇ خەۋەرنى،— ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كۆزلىرىدە نۇر چاقنىدى،— ئەڭ ئاۋۋال سىزگە يەتكۈزگىلى كەلدىم،— دېدى.

— ئىشەنمەيمەن،— ئەزىزە ئورنىدىن تۇرۇپ كارىۋىتىنىڭ بۇرجىكىدە ئولتۇردى،— سىلەر كىچىككىڭلاردىن ئاشىق-مەشۇق بولۇشقان ئەمەسمىدىڭلار، ئاجرىشالمايسىلەر،— دېدى.

ئابلاجان ئالمان-تالمان يانچۇقىدىن نىكاھدىن ئاجرىشىش قەغىزىنى ئېلىپ ئەزىزەگە كۆرسەتتى. ئەزىزە قەغەزنى قولىغىمۇ ئالماي، ئاستىغا بېسىلغان تامغىنى كۆرۈپلا كۆڭلى قانائەتلەندى.

— ئەمدىغۇ ئىشەنگەنسىز،— دېدى ئابلاجان ئەزىزەنىڭ ئىشىنىشىنى ئېلىش تولىمۇ زۆرۈردەك.

— ئىشىنىشنىغۇ ئىشەندىم، ئوغۇل بالىدەك ئىش قىپسىز، مەن سىزنى تەبرىكلەيمەن، لېكىن ئاجراشقىنىڭىزنىڭ ماڭا نېمە

— ياق، مەن ئابلاجاننىڭ ئۆلكىگە چۈشمەيلا ھاۋانىڭ كۈنگە قالسام قانداق قىلىمەن، ئەرلەرنىڭ يۈزىدە تۈكى بار.

— مەيلى، سىلەرگە ئارىلاشماي،— نەزىمە سىرتقا چىقىپلا قەغەز - قەلەم ئەكىرىپ بېرىپ،— قىزىم تېز بولۇڭلار، تاماق پىشىپ قالدى،— دېدى.

ئابلاجان مۇھەببەت خېتىنى يېزىشقا باشلىدى. ئەزىزە ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، سۆز - جۈملىلەر كۆڭلىگە ياقمىسىلا ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىدى. بۇنى مۇھەببەت خېتى دېگەندىن كۆرە ئابلاجاننىڭ ئەزىزە ئالدىدىكى ۋەدىنامىسى دېگەن تۈزۈك. ئەزىزە ئۈستىلىق بىلەن ئابلاجاننى ئۆلكىگە ئالدى- دە، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتىدىغان سۆزلەرنى ئۇنچە - مەرۋايىتتەك تىزىپ، كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، يېقىملىق تەبەسسۇم بىلەن نېمىنى خالىسا شۇنى قىلدۇرۇپ، بىردەمدىلا كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتتى. ئابلاجان ئەزىزەنى قوچاقلىماقچى بولۇۋىدى، ئۇ ئۇنىمىدى.

— كەچ بولۇپ كەتتى، سىزمۇ قايتىڭ، تېزلىكتە تەييارلىقىڭىزنى قىلىپ ئۆيىمىزگە ئەلچى كىرگۈزۈشنى ئۇنتۇماڭ.

ئابلاجان ئەزىزە بىلەن خوشلىشىپ چىققاندا، جاھانغا قاراڭغۇلۇق يېيىلغان ئىدى.



قويدىكەنسىز، مەنمۇ قوبۇل قىلدىم، ئىككىمىز ئىختىيارلاشتۇق، ئەمدى يېنىۋالمايمىز، شۇنداقمۇ. مەن قىز بالا تۇرۇقلۇق ۋەدەمدە تۇرىمەن دەۋاتقان يەردە، سىز بىر ئۆيلەنگەن يىگىت...

— ئەلۋەتتە يېنىۋالمايمەن، بىزنىڭ قوشۇلۇشىمىزنى ھېچقانداق كۈچ توسۇپ قالالمايدۇ، — ئابلاجان ئەزىزەنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ يۈزىگە سۈرۈپ، كالپۇكى بىلەن يالىدى.

— ئابلاجان، مەن سىزگە تېگىمەن دەپ رازىلىق بېرىشتىن بۇرۇن، سىز ماڭا مۇھەببەت خېتى يېزىڭ. خەتتە ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭىزنى ئىزھار قىلىپلا قالماي، كېلەچەكتىكى تۇرمۇشىمىزدا مېنى قانداق ئورۇندا قويىسىز، بۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىڭ. يەنە بەش كۈندە مېنىڭ تەقدىرىممۇ ھاۋانىڭكىدەك بولۇپ قالسا بولمايدۇ- دە، شۇنداق قىلالامسىز؟ — ئەزىزە ئابلاجانغا مەنسىتمىگەندەك قاراپ، بىلىكىنى تىرەپ يانچە يېتىپ تۇرۇپ، سول پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن ئابلاجاننىڭ ئېگىكىنى كۆتۈرۈپ تاماشا قىلىپ ئوينىدى. ئابلاجان خۇشاللىق بىلەن:

— بولىدۇ، مۇھەببەت خېتى يازاي، سىزنىڭ ھەرقانداق تەلىپىڭىزگە مەن تەييار جېنىم، — دەپ، پۇتلىرىنى سۆيدى. شۇ ۋاقىتتا نەزىمە يېنىك يۆتىلىپ قويۇپ، ھۇجرىغا كىردى.

— كۆكۈللۈك ئولتۇردۇڭلارمۇ بالىلىرىم، — ئۇ ئەزىزەنىڭ ئالدىدا ئابلاجان تىزلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، — بۇ نېمە ئىش قىزىم، ئابلاجاننى تىزلاندۇرۇپ نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن. تۇرۇڭ ئابلاجان، نېمە گەپ بولسا ساپادا ئولتۇرۇپ قىلىشىڭلار، — دېدى ئەزىزەگە ئالىيىپ قاراپ.

— ئاپا، بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلاشمىسىلا، ئىككىمىز مۇھەببەتلىشىۋاتىمىز. بىزگە قەغەز ـ قەلەم تېپىپ بەرسىلە، ئۇ ماڭا مۇھەببەت خېتى يازماقچى، — دېدى ئەزىزە ئورنىدىن قوزغالماي.

— كېلىشىپ قاپسىلەرغۇ، ئۇ خەتنىڭ نېمە ھاجىتى؟

ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىدا تەسۋىرلەش تەس بولغان بىر خىل گۈزەللىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. نازلانغان چاغدا ئۇنىڭ گۈزەللىكى تېخىمۇ روشەن ئەكس ئېتىپ، ئاپىسىنىڭ خۇدىنى يوقىتىپ قويىدىغاندەك قىلاتتى. نەزىمە قىزىغا ھەۋەس قىلغاندەك قاراپ، ئۇنىڭ قورسىقىغا داكىنى ئوراشقا باشلىدى.

— ۋىيەي ئاپا، بەك چىڭ ئورىۋەتتىڭلە، تىنالماي قىلىۋاتىمەن...

— قىزىم، ئاللادىن ئاسانلىقنى تىلىگىن، — دېدى نەزىمە قىزىنىڭ سۆزىنى كېسىپ، — مۇنداق ئىشتا بەندىنىڭ قولىدىن ھېچنىمە كەلمەيدۇ، كىيىملىرىڭنى كىيىۋال.

ئەزىزە قولچىراغ، تاغار، ئارغامچىلارنى ئالدى- دە، قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيدىن چىقتى. سالقىن شامال ئۇلارنىڭ يۈزىنى يېنىك سىيپاپ ئۆتتى، ئەزىزە سەسكىنىپ كەتتى، ئۇ كېچىنىڭ تىپتىنچ، قاراڭغۇ، سۈرلۈكلۈكىدىن قورقۇپ، دادىل يول يۈرەلمەيۋاتاتتى، ئاپىسى كۈندۈزى كېتىۋاتقاندەك تېز - تېز قەدەم ئېلىپ ئىلگىرىلەيتتى.

— ئاپا ئاستىراق ماڭسىلا، مەن قورقۇۋاتىمەن.

— ئاۋازىڭنى ئۆچۈر، تاڭ سۈزۈلەي دەۋاتىدۇ، نېمىدىن قورقاتتىڭ، — نەزىمە پەس ئاۋازدا سۆزلەيتتى. ئۇ قىزىنىڭ قولىنى يېتىلىۋېلىپ سۆرەپ ماڭدى.

سېنتەبىرنىڭ ئاخىرى ئىدى. سالقىن ھاۋا كىشىنىڭ بەدىنىنى قورۇيتتى. شۇ تاپتا جاھان تاڭ ئېتىش ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇققا پاتقان ئىدى، شەھەر يەنىلا ئۇيقۇدا. ئۇلار شەھەرنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ سولغا بۇرۇلۇپ، دەل - دەرەخلەر ئارىسىغا كىردى، چىغىر يول بىلەن مېڭىپ كونا سېپىلغا يېقىنلاشتى. شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ئېگىزلىكى 12 مېتىر، كەڭلىكى 8 مېتىر كېلىدىغان سېپىل بار

# ئالتىنچى باب

1

ئۇستەل سائىتى سائەت 4تىلا جىرىڭلاپ كەتتى. نەزىمە ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ چىراغنى ياندۇردى، ئالدىراپ كىيىنىۋېتىپ، نېرىقى ئۆيدە ياتقان قىزى ئەزىزەنى چاقىردى. ئەزىزەمۇ ئانچە ھايال بولمايلا ئاپىسىنىڭ يېنىغا چىقتى.

— قېنى كۆڭلىكىڭنى سال، قورسىقىڭنى بۇنىڭ بىلەن چىڭ تاڭايلى،— نەزىمە ئالدىن تەييارلاپ قويغان داكىنى ئالدى.

— ئاپا، مەن ئىچىمگە مايكا كىيىمگەن.

— ھەي جۇۋاينىمەك، چوڭ بولۇۋېلىپلا ئاپاڭنى تونۇمايدىغان بولۇپ قالدىڭمۇ. تېز بول، تولا گەپ قىلماي،— نەزىمە داكىنى تۇتقان پېتى قىزىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى.

— مانا ئەمىسە.

ئەزىزە كۆڭلىكىنى سېلىپ يەرگە تاشلىۋېتىپ تىك تۇردى. ئۇنىڭ ئۇچ بۇرجەك كۇسىرىلا قالغان ئىدى. نەزىمە 10 نەچچە يىلدىن بۇيان قىزىنىڭ تاشقى قىياپىتىنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇراتتى، چوڭ بولغاندىن كېيىنكى بەدەن كۆرۈنۈشىنى كۆرمىگەن ئىدى. ئۇ قىزىنىڭ يالىڭاچلانغان تېنىگە قاراپ سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بەدىنى سۈتتەك ئاپئاق بولۇپ، ئوتتۇرا بوي تېنىگە تولۇپ تۇرغان چىرايى، زىلۋا بويى، ئەۋرىشىم بېلى، پىشقان ئالمىدەك بىر جۈپ كۆكسى، تولغان كاسىسى، پاچاقلىرى خۇددى ھەيكەلتىراش ياساپ قويغاندەك، بىر- بىرىگە شۇنداق ماس كەلگەن ئىدى.

ۋارقىرىۋېتىشتىن ساقلاپ قالدى. تاغارنىڭ ئارقىسىدىن ئۈلىشىپلا چۈشكەن نەرسە ئۇنى يەنە دومىلاتتى. ئەرزە تاغارنىڭ ئىچىدە دومىلاپ پەسلەۋېتىپ، بېشى بىر داڭگالغا قاتتىق ئۇرۇلدى ـ دە، ئۇشتۇمتۇت چىرقىرىۋەتتى. تاغار قاتتىق قاڭقىپ بىر ئازگالغا چۈشۈپ كەتتى. ئەرزەنىڭ ئاۋازى ئۆچتى. ئارقىدىن كېلىۋاتقان نەرسە ئالدىراپ قالدى، پېشانىسىدىن مۇزدەك تەر چىقىپ كەتتى. ئۇ قولچىراغنى ياندۇرۇپ تۆۋەنگە يۈگۈردى. ئەمما، ئازگالنىڭ بۇرجىكىدە توختاشقا مەجبۇر بولدى. ئازگال تىك ھەم 2 مېتىردەك چوڭقۇر ئىدى، ئۇ چۈشسە چىقالمايتتى، ئەرزەنىمۇ چىقىرالمايتتى، چۈشمەي دېسە تاغار ئازگالدىكى پاتقاقتا پېتىپ قاپتۇ. ئۇ ئەرزەنى قايتا ـ قايتا چاقىرىپمۇ زۇۋانىنى ئاڭلىيالمىدى، نېمە قىلىشىنى بىلمەي يۈزى قەغەزدەك ئاقاردى، يۈرىكى سىقىلىپ، پۇتىدا جان قالمىدى. نەرسە قىزىدىن ئايرىلىپ قىلىش دەھشىتىدىن يۈرىكى سەكپارە بولۇپ يىغلىۋەتتى ۋە تەۋەككۇل قىلىپ ئۆزىنى ئازگالغا ئاتتى ـ دە، ئالدىراپ ـ تېنەپ، تاغارنىڭ ئاغزىنى يەشمەكچى بولدى. ئۇ بايا تاغارنىڭ ئاغزىنى ناھايىتى چىڭ چىگىۋەتكەن ئىكەن، قولى بىلەن يېشەلمەي شوينىنىڭ يېپىنى چىشلەپ ئۈزۈۋەتتى...

— سىلى كىم بولىدىلا، بۇ يەردە نېمە ئىش بولدى؟

ئوتتۇرا بويلۇق، قارا قاش، كۆزلىرى قارچىغىنىڭكىدەك ئۆتكۈر، بۇرۇتى خەت تارتقان بىر يىگىت ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئازگالنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. ئۇ گايىت ئۇستامنىڭ ئوغلى ئەسقەر ئىدى. ئۇ سەھەر تۇرۇپ يېزىدا بېقىۋاتقان قويىدىن 4 — 5 نى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى ئەكەلمەكچى بولۇپ ئۆيدىن چىققان، سېپىلنىڭ قېشىدىكى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھېلىقى ئەنسىز ئاۋازنى ئاڭلاپ، نامەلۇم ئاجىزەگە ياردەم قىلغۇسى كەلگەن ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ئاسماننىڭ بىر بۇرجىكى

ئىدى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرى بۇ سېپىل ئاسار ئەتىقە بولۇندىغاندەك ئاسرالغان، ئۇ ۋاقىتلاردا ئەتىگەنلىك تەنتەربىيە مەشقى قىلىندىغانلار، ئاۋازىنى تاۋلايدىغانلار تاڭ ئاتماستىنلا سېپىلگە چىقىۋېلىپ ھەرىكەت قىلاتتى، ناخشا توۋلايتتى. سەكرەپ ئىلگىرىلەش يىللىرىدا، ھەر مو يەردىن مىڭ جىڭلاپ ئاشلىق ئېلىش چاقىرىق قىلىندى. شەھەر ئەتراپىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى يەرنى ئوغۇتلايمىز دەپ سېپىلنى ئۈستىدىن خورىتىپ، يېقىنقى 20 يىل ئىچىدە ئۇنىڭ بىر يېنىنى يانتۇ ھالەتكە كەلتۈردى، لېكىن تېشىپ تۈگىتەلمىدى. مۇشۇ كۈنلەردە سېپىل تاشلىنىپ قالدى، بۇ يەرگە ھېچكىم كەلمەيتتى. نەزىمە قىزنى ئەگەشتۈرۈپ بۇ يەرگە كېلىپ، قولچىراغنىمۇ ياندۇرماي ئۆملەپ يۈرۈپ سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقتى، ئۇرنىغا چۆكۈپ ئەتراپنى كۆزىتىپ باقتى، ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمىغاندىن كېيىنلا ئورنىدىن تۇرۇشتى. نەزىمە قولىدىكى تاغارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ:

— تېز بول،— دەپ پىچىرلىدى قىزنىغا.

— قورقۇۋاتىمەن ئاپا،— ئەزىزە غال- غال تىترەيتتى.

— ئالدىنقى قېتىم قورقمىدىڭغۇ، بول جېنىمنى چىقار-ماي،— ئاپىسىنىڭ سۆزىنى بىلەن ئەزىزە پۇتىنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ تاغارنىڭ ئىچىگە كىردى. نەزىمە ئۇنى يەرگە ياتقۇزۇپ تاغارنىڭ ئاغزىنى چىڭ بوغدى،— ئەمدى سېنى پەسكە دوملىتى-مەن، بىر يېرىڭ ئاغرىپ كەتسىمۇ ۋارقىرىما، بولامدۇ،— دېدى قىزنىغا پىچىرلاپ، ئاندىن تاغارنى پەسكە دوملىتىۋەتتى.

ئەزىزە خېلى يەرگىچە دوملاپ چۈشۈپ ئوتتۇرىدا توختاپ قالدى. ئوڭغۇل - دوڭغۇل يانتۇلۇقتا ئۇنىڭ تومپايغان قورسىقى بىلەن بىللە بېشىنى مەھكەم چاڭگاللىۋالغان قوللىرى، تىزلىرى يەرگە ئۇرۇلۇۋېرىپ بەك ئاغرىپ كەتتى، نومۇس كۆچىلا ئۇنى

ئەمدى بولسىمۇ ئۆيىمىزنى كۆرۈۋالغاچ، تاغارنى ئۆيگە ئاپىرىپ بېرىڭ بالام. مېنى تۇتۇۋالدى دېسىڭىز، گايىت ئۇستام سىزنى تىللىمايدۇ، شۇنداق قىلىڭ بالام.

ئەسقەر ئەمدى رەت قىلالماي، تاغارنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ھارۋىغا سالدى.

— بىزنىڭ ئۆينى بىلىسىزغۇ بالام، ناھايىتى ياخشى. سىز چوڭ يول بىلەن كېتىۋېرىڭ، مەن بۇياق بىلەن ئالدىڭىزغا چىقىمەن،— دېدى- دە، نەزىمە ئۇستۇبېشىنى قېقىۋېتىپ، ئورماننىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئەسقەر تاغارنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپلا ماڭماقچى بولدى. نەزىمە ئۇنى خېلى تۇتتى، ئۇنىمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يانچۇقىغا زورمۇزور 20 يۈەن پۇلنى تىقىپ قويۇپ، ھېچكىمگە دېمەسلىككە ۋەدە ئېلىپ چىقىرىۋەتتى. ئەسقەر چىقىپ كېتىشى بىلەن نەزىمە تاغارنىڭ ئاغزىنى يەشتى، ئەزىزە مەستخۇش ئادەمدەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ ياتاتتى. نەزىمە ئۇنى تاغاردىن چىقىرىپ كارىۋىتىغا ياتقۇزدى، ئاغزىغا ئىلمان سۇ تېمىتىپ ھوشىغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ تاشقى ئەزالىرى قاتتىق ئاغرىغان بولسىمۇ، ئىككى كۈن يېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. لېكىن، مەقسەتكە يېتەلمىگەچكە، ئۇنىڭمۇ ئاپىسىغا ئوخشاشلا بېشىنىڭ ئىچى - تېشىمۇ قاتتى. ئۇ جالاقلاپ تىترىگىنىچە غەمگە پېتىپ بېشىنى سېلىپ ئولتۇرغان ئاپىسىنىڭ يېنىغا سۈرۈلدى، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇپ ھەسرىتىنى تۆكتى:

— ئاپا، جېنىم ئاپا، ئىككى ئايدىن بۇيان دورىمۇ يېدىم، پوتا باغلاپ، قورساقنى تېڭىپمۇ باقتىم، دەسسەپمۇ باقتىڭلا، سېپىلدىن بەش قېتىم دومىلىتىپ ئاخىرقى قېتىم جېنىمدىن ئايرىلغىلى قىل قالدىم، شۇنداق قىلساقمۇ قورساقتىكى ھاراملىق چۈشمىسە قانداق قىلىمەن ئاپا. ئاتام قايتىپ كېلىپ قالسا...—

ئاقىرىشقا باشلىغان بولۇپ، خۇدا ئەۋەتكەن بۇ يىگىتتىن نەزىمە تولىمۇ خۇش بولۇپ كەتتى.

— بالام، تېز چۈشۈپ مۇنۇ تاغارنى سىرتقا چىقىرىپ بېرىڭلا،— دېدى نەزىمە پېشانىسىدىكى تەرنى يېڭى بىلەن ئېرتىۋېتىپ.

نەزىمە ئەسقەرنى تونۇمىسىمۇ «بالام» دەپ ناھايىتى سىلىق مۇئامىلە قىلدى. ئەسقەر نەزىمەنى تونۇيتتى، ئۇ شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالى سېپىلنىڭ يېنىدىكى پاسكىنا ئازگالدا تۇرغانلىقىدىن ئەجەبلەنگەن بولسىمۇ، ئۇنى - بۇنى سوراپ ئولتۇرمايلا ئازگالغا چۈشتى. دە، تاغارنى كۆتۈردىيۇ، تاغارنىڭ ئىچىدىكى ھاياتلىقنىڭ مىدىرلاپ، ئىڭراۋاتقان ئاجىز ئاۋازىنى ئاڭلاپ يەرگە قويدى ۋە نەزىمەگە سوئال نەزىرىدە قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— بالام، تاغارنىڭ ئىچىدە ئادەم بارلىقىنى بىلدىڭىزغۇ، ئۇنى تاغاردىن چىقىرىمىز دەپ ئاۋارە بولمايلا ئازگالدىن چىقىرىۋالايلى،— دېدى نەزىمە چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

ئەسقەر تاغارنى لىككىدە كۆتۈرۈپ ئۈستىگە چىقىرىۋەتتى، ئاندىن ئۆزىمۇ ئۈستىگە چىقىپ، نەزىمەنىڭ قولىدىن تارتىپ چىقىرىپ قويدى.

— بالام، بۇ ئىشەك ھارۋىسى سىزنىڭمۇ، ئىمىدىگەن ياخشى، تاغارنى ھارۋىغا...

— ئاچا، مېنىڭ ئالدىراش ئىشىم بار ئىدى.

— سىز كىمنىڭ بالىسى، ئىمىدىگەن چىرايلىق، ئوماق- ھە،— نەزىمە ئەسقەرنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنىڭ توپىسىنى قاقتى.

— مەن گايىت ئۇستامنىڭ ئوغلى.

— ۋاي بالام، مۇنداق دەڭ،— نەزىمە ئۇنىڭغا يېپىشتى،— گايىت ئۇستام بىزنىڭ يېقىنىمىز ئەمەسمۇ. ئىمىشقا سىزنى بۇرۇنراق بىزنىڭ ئۆيگە ئەكېلىپ تونۇشتۇرۇپ قويمىغاندۇ.

گەن، ئۇنىڭ مۇلكى ھەربىي بولۇپ قېلىشىدا مەسىلە يوق ئىدى. بۇ، نەزىمەنىڭ قىزىغا تولىمۇ باب نامزات ئىدى، شۇڭا پەيتنى قولدىن بېرىۋېتىشكە بولمايتتى. ئۇ ئېزۋوت كوماندىرىنى ئۆيىگە چىللاپ مېھمان قىلىپ، قىزى بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويدى. ئېزۋوت كوماندىرى كىشىلىك ھاياتنى قەدىرلەيتتى ۋە قىزغىن سۆيەتتى، شۇڭا سۆيگۈ - مۇھەببەتكە جىددىي قاراپ ئەزىزەنى سىناش نەزىرىدە كۆزىتىپ يۈردى. «گۈرۈچ دەم يېگۈچە سەۋرىسى ئېزىلىپ كېتىپتۇ» دېگەندەك، ئەزىزە ئۇنىڭ خۇشخۇيلۇقى، سىلىق مۇئامىلىسىنى سۆيگۈ، ئۆزىگە كۆيۈش دەپ قاراپ، «مۇھەببەتنىڭ شېرىن لەززىتىنى تېتىپ يۈرۈۋاتىمەن» دەپ قالدى. ئېزۋوت كوماندىرى ئاز-تولا خۇلق چىقىرىۋىدى (ئۇ قەستەن بىر قېتىم ئىككىسى كېلىشكەن سورۇنغا بارمىدى، بىر قېتىم قىسىمدا كىنو كۆرۈشكە چىللاپ قويۇپ، ئۆزى كىنو كۆرگىلى كىرمىدى)، ئەزىزە چىدىيالمايلا قالدى، «ئېزۋوت كوماندىرى مېنى كۆزگە ئىلمىدى» دەپ ئاپىسىغا ھال ئېيتتى.

— شۇنىڭغىمۇ يىغلامسەن قىزىم، گۈزەللىكىم بولسىلا يىگىتلەر ماڭا ئەگىشىۋېرىدۇ دەپ ئويلاپ قاپسەندە. ھەممە ئىشنى ساڭا ئۆگىتىپ يۈرىمەنمۇ، مۇھەببەت تولىمۇ نازۇك، بەكمۇ سەزگۈر كۆڭۈللەر ئۇچرىشىشى. گۈزەللىكىڭگە يارىشا، سەندە يەنە يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىنى رام قىلغۇدەك ناز - خۇلق بولۇشى كېرەك. بۇ، سەندە بار، ئۇنى دادىل ئىشقا سال. گۈزەل ۋە شېرىن بەختىڭ سېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، — دېدى نەزىمە قىزىنى بەزلەپ.

ئەزىزە ئاپىسىنىڭ سۆزىنى ئۆزىنىڭ كۆڭۈل خاھىشى، ئىشق تەشنالىقىغا مۇۋاپىق چۈشەندى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا ھەيران قالارلىق ئۆزگىرىش بولدى، ۋۇجۇدىدا مۇھەببەت جۇشقۇنلۇقى، تۇرمۇش ھەۋىسى بەرق ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ئاۋۋال ئېزۋوت كوماندىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى خەلقئالەم-

ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى مۆلدۈرلەپ ئېقىشقا باشلىدى.

— نېمە قىلاتتىڭ، يەنە دوملىتىمەن، ئۆزىنى بىلمەيدىغان جۇۋاينىمەك، دەسلەپتىلا نەپسىڭنى يىغساڭ بۇ كۈنگە قالمايتتۇق،— نەزىمە قىزىغا قاراپمۇ قويماي دوق قىلدى.

ئەزىزە ئاپىسىنى قويۇۋېتىپ نېرىغا سۈرۈلۈپ، ئاچچىقلاندى:

— مەنغۇ خىيالىمدا يوق يۈرگەن ئىدىم، ئۆزلە...

— ھەي،— نەزىمە قىزىنىڭ گەپ ياندۇرۇشىغا چىداپ تۇرالماي بېقىنىنى چىمدىۋالدى، ئەزىزە چىرقىرىۋەتتى،— كىم ساڭا خەقكە ئىشتىنىڭنى سېلىپ بەر دەپتۇ.

— ئۆزلەچۇ،— ئەزىزە بىزەڭلىك بىلەن گەپ ياندۇردى.

— ئاغزىڭنى يۇم.

بۇ زاماندا كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئورنى، ئىمكانىيىتى، شارائىتىغا قاراپ پەرزەنتكە بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. بەزىلەر پەرزەنتكە خىزمەت تېپىپ بېرىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە پېتىراپ يۈرسە، بەزىلەر پەرزەنتىنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئولتۇرىدىغان تۆت تامنى ئىزدەيدۇ، يەنە بەزىلەر پەرزەنتكە ھوقۇقى بار ياكى ھال كۈنى ياخشى قۇدا تاللايدۇ. نەزىمە ئارزۇلۇق قىزى ئەزىزە 18گە كىرىشى بىلەن ئۇنىڭغا لايىق تاللاشقا كىرىشتى. يەرلىكتە يىگىتلەر كۆرمىنىڭ، لېكىن ئۇ قىزىنى ئوفىتسېر يىگىتكە بەرگۈسى كېلىپ قالدى.

نەزىمە بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن شەھەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسمدىن ھال سوراش پائالىيىتىگە قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. بۇ كۈنى ئارمىيە - خەلقنىڭ بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كەچلىك پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، بىر ئېزۋوت كوماندىرىغا كۆزى چۈشتى- دە، ئۇنى تانسىغا تارتتى. ئېزۋوت كوماندىرى تانسىنى شۇنچە يەڭگىل، شاد - خۇرام ئويناپ، نەزىمەنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى. كوماندىر ھەربىي ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈز-

قاراپ ماڭدى. بىر كۈنى ئۇ ھەربىي قىسىمدا كۆرگەن بىر كوماندىر بىلەن كوچىدا ئۇچرىشىپ قالدى.

— ئېزۋوت كوماندىرى سىزنىڭ دوستىڭىز ئەمەسمىدى، ئۇ نەگە كەتتى؟

— بىزنىڭ قىسىم ناھايىتى چوڭ، نەگە كەتكىنىنى بىلمەيمەن. ئۇ ماڭغۇچە بىر ئىشنى ھاۋالە قىلغان، سىزگە دېيىشتىن قورۇنۇپ يۈرەتتىم،— دېدى ئۇ كوماندىر قىزىرىپ.

— نېمىدىن خىجىل بولاتتىڭىز، دەۋرەمەسسىز،— دېدى ئەزىزە ئۇنىڭ يېقىنىنى چىمدىپ.

— كوماندىر «ئەزىزەنى ساڭا قالدۇردۇم» دېگەنتى.

— سىزگە قالدۇرىدىغان مەن ھايۋانمىدىم؟— ئەزىزە چىرايىنى تۈرۈپ دومسايدى.

— سىز ھايۋان بولمىغانلىقىڭىزدىن ئىگىسىز قالمىسۇن دېگەن- دە. مەن ئېزۋوت كوماندىرىنىڭ ئىزىنى باسالماسمەنمۇ؟

— ھە، شۇنداقمۇ، مەيلى تونۇشۇپ قالايلى،— ئەزىزە گۈلدەك ئېچىلىپ، قولىنى بەردى.

بۇ ئىككىيلەن بىر مەزگىل «مۇھەببەت» ھۇزۇرىنى سۈردى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ كوماندىرمۇ ھەربىي سەپتىن بوشاپ يۇرتىغا كەتتى. ئەزىزەنىڭ بويىدا قالغانلىقىدىن ئاپىسى خەۋەر تېپىپ، ئاتىسىز بالىنى چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولۇپ، قىزىنى تاغارغا قاچىلاپ سېپىل ئۈستىدىن پەسكە دومىلىتىشى مۇشۇ سەۋەبتىن ئىدى.

2

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىشىلەر بازارغا يۈزلىنىپ، سودا- تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ باي بولۇش يولىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. لېكىن، بىر قىسىم كىشىلەر گويا يېڭى سىياسەت

ـگە ئاشكارىلىدى ۋە يىگىتنى ئۇنىمىغانغا قويماي تانسا كېچىلىكىگە ئەكىردى، باشقىلار تارتىۋالىدىغانىدەك ئۇنىڭغا يېپىشىۋالدى، كېنىودىن قالمىدى، ھەتتا كېچىلىك ئۇخلاش سىگنالى چېلىنمىغۇچە ئېرۋوت كوماندىرىنىڭ يېنىدىن قايتىپ كەتمىدى. كۆڭلەر ئۆتكەنسېرى، ئەزىزەنىڭ يىگىتكە بولغان مۇھەببىتى لاۋۇلداپ ياندى. ئۇ سۆيگىنىگە «خۇشخۇيلۇقۇمنى كۆرسىتىمەن، خۇلق چىقىرىمەن» دەپ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى، ھەتتا ئىپپىتىنى تەقدىم قىلىشقا ئالدىرىدى. كوماندىر مۇھەببەت تورىغا چۈشۈپ، ھەربىي ئىنتىزام ۋە ئابرۇي ـ ئىناۋەتكە سەل قارىدى. ھەربىي قىسىم ئۇنى بىر بۇيرۇق بىلەنلا بۇ شەھەردىن يۆتكەپ كەتتى. ئەزىزە ھەربىي قىسىمدىن قايتا ـ قايتا سۈرۈشتە قىلىپمۇ، ئۇ يىگىتنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سوراپ ئۇقالمىدى ـ دە، لېۋىنى چىشلەپ قالدى.

ھۆسن ـ جامالى گۈزەل قىزلار خۇددى خۇش پۇراق گۈلگە ئوخشايدۇ. گۈلدە گۈزەللىكنىڭ پۇرىقى، ئايالدا گۈلنىڭ خۇش پۇرىقى بولىدۇ. گۈزەللىكنى ھەممە ئادەم ياخشى كۆرىدۇ، ھەممىسىلا ئۇنىڭ ۋەسلىگە ئېرىشەلمەيدۇ. گۈزەللەرگە خۇدىنى يوقىتىپ ئىنتىلىدىغان تەلۋىلەر، يامان كۆزى بىلەن قارايدىغانلارمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدىكى رېنتگېن نۇرلىرى كىيىملەردىن ئۆتۈپ ۋە يالىڭاچ تەنلەرنى غىدىقلىغانىدەك تۇيۇلىدۇ. ئىپپەتلىك قىزلار تەمكىن، سالماق كېلىدۇ، ئابرۇي ـ ئىناۋەتكە كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالىدۇ. يەنە بەزى قىزلار گۈزەللىكنى شەخسىي مىراس، تاۋار، دەسمايە قىلىۋېلىپ، چىرايى ئارقىلىق بەخت تاجىنى كىيمەكچى بولىدۇ. ئۇلار ئۇچمە كۆڭۈل، بىزەڭ، يۈزى قېلىن بولۇپ، «چامغۇرنى يۇلۇۋالسا ئىزى قالىدۇ» دېگەن ئەقىدىگە ئەمەل قىلماي، پەسكەش يولغا كىرىپ قالىدۇ. ئۇلاردا سۆيگۈ ـ مۇھەببەت بولمايدۇ، يولدا ئۇچرىغىنىغا ئۆزىنى تەقدىم قىلىۋېرىدۇ. ئەزىزەمۇ ئىپپىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، مۇشۇ يولغا

يېتىدىغان، كەچتە ئىشتىن كېلىپلا بىلىنى كۆتۈرەلمەي يېتىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. بۈگۈن ئۇنىڭ خوتۇنى يېڭى پۇرچاق بىلەن ئوخشىتىپ هاردۇق ئېشى ئېتىپتىكەن، ئىككى چىنە ئىچىۋىدى، پېشانىسىدىن مۇزدەك تەر چىقىپ هاردۇقىنى چىقىرىۋېلىۋەتتى. ئۇ تاماق سىڭدۈرگەچ هويلىنى ئايلىنىۋېتىپ، ئابلاجاننىڭ دەرۋازىنى ئېچىپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

گايىت ئۇستام ئۇنىڭ هاۋاخاننى قويۇۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدى. شۇڭا، ئابلاجاننى كۆرۈپلا خاپىلىقى ئۆرلەپ چىرايى تۈتۈلدى. شۇنداقتىمۇ مۇسۇلمانچىلىقتە، ئۇنى ئۆيدىن هەيدەپ چىقارغىلى بولمايتتى. گايىت ئۇستام ئەدەپ - قائىدە بويىچە سالام - سەھەت قىلىشىپ، ئۇنى سۇپىغا تەكلىپ قىلدى.

— ئابلاجان نېپىك بوش بىر قىل، مەن دەم ئالىمەن.

— مەنمۇ سېزىۋاتىمەن گايىت ئاكا، — دېدى ئابلاجان سۇپىنىڭ بۇرجىكىدە ئولتۇرۇپ، — مېنى يامان كۆرۈپ قالغاندەك قىلىلا، لېكىن مەن سىلىنىڭ ياردەملىرىگە موهتاج. سىلىنى يەنە بىر قېتىم ئەلچىلىككە تەكلىپ قىلىپ كەلدىم.

— ئەمدى كىمنىڭ قىزىغا كۆزۈڭ چۈشۈۋاتىدۇ؟

— شەهەر باشلىقىنىڭ قىزىغا، — ئابلاجان «بىكىسىم بارمىكەن» دېگەندەك، مىيىغىدا كۈلۈپ قارىدى.

— پەيزىڭ بار جۇمۇ ئىنىم، هاۋاخان بىلەن تۈنۈگۈن ئاجرىشىپ، بۈگۈن شەهەر باشلىقىنىڭ قىزىنى تېپىۋالدىڭما؟ سەن شەهىرىمىزدىكى ئاتاقلىق كىشىلەرنىڭ قىزلىرىنى قولۇڭدىن ئۆتكۈزۈپ باقاي دەپسەنمۇ نېمە؟ — گايىت ئۇستام ئابلاجانغا چاقچاق قىلغان بولۇپ، تەنە قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ تەنىلىرىگە ئابلاجان پەرۋا قىلىدىغاندەك ئەمەس.

— سىلى بىلمەيلا ئۇستام، هاۋا مېنى بەك رەسۋا قىلىپ، يۈزۈمنى تۆكۈۋەتتى. ئۇ مېنى... — ئابلاجان غەزەپلەنگەنلىكتىن

ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى شەرەپلىك تارىخىنى دەپسەندە قىلىۋەتكەندەك، كونا سىياسەتتىن مېھرىنى ئۈزەلمەي، تېڭىرقاپ قالدى، كۆتۈپ باقماقچى بولدى. گايىت ئۇستاممۇ «پەرۋايىم پەلەك، كىشىلەر يەنىلا گۆشكە موھتاج، ئاشۇ قاسساپلىق دۇكىنىمدا ئىشلەپ كۈنۈمنى ئېلىۋېرىمەن» دەپ يۈرۈۋەردى.

سىياسەت ئۆزگەرگەن ئىكەن، ئۇ كونىنى رەھىمسىزلىك بىلەن بۇزۇپ، يېڭىنى تىكلەيدۇ. بۇ، دۆلەت ئورگانلىرىغىلا ئەمەس، ھەربىر ئائىلە، ھەتتا ھەربىر شەخسنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. قاراڭلار، شەھەر كوچىلىرىدا يېڭى قاسساپلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇلار نەلەردىندۇر بوردالغان قوي - كالىلارنى ئەكېلىپ، بازارنى يېڭى گۆش بىلەن تويۇندۇرۇپ، خېرىدارلارنى توڭلىتىلغان گۆشكە قارىمايدىغان قىلىپ قويدى. گايىت ئۇستامنىڭ ھەسرىتى بۇلا ئەمەس، مۇشۇ كۈنلەردە خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ، توي - تۆكۈنلەر قىزىپ كەتتى. خۇراپاتلىق، كونىلىق بۇزۇلۇپ، ئارىدا ئەلچى كەتمەيدىغان بولدى. «ھەي، يېڭى سىياسەت ماڭا ئىشسىزلىق ئېلىپ كېلەمدۇ- نېمە؟ قاراپ تۇرۇپ قاسساپلىق پىچىقىمنى خەقكە تۇتقۇزۇپ قويۇش قانچىلىك ئەلەم- ھە. ياق،— دەيتتى گايىت ئۇستام ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ،— يېڭى سىياسەت كىشىلەر قەلبىگە يېقىپتۇ، تۇرمۇشىنى ياخشىلاش يۇرسىتى بېرىپتۇ، ھەممەكىشى ماختاۋاتىدۇ. مەنمۇ زامانغا ماسلىشاي، ‹سەۋەب قىلسا سېۋەتتە سۇ توختايدۇ› دېگەن گەپ بار».

گايىت ئۇستام يېقىندا ئوغلى ئەسقەرنى ئىشتىن چىقىرىۋېلىپ، گۆش دۇكىنىنى كۆتۈرە ئېلىپ، ئۆزى سىرتتىن چارۋا مال يۆتكەپ كېلىپ ئۆيدە بورداپ، دۇكىنىدا سېتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئىشى يۈرۈشۈپ، قاسساپلىق قايتا باياشاتلىق ۋە بەخت ئاتا قىلدى. ئەپسۇس، گايىت ئۇستامنىڭ يېشى چوڭىيىپ ھاردۇق

دېسە بولىدۇ. ئۇ ئۇزاق يىل ھوقۇق تۇتقىنى بىلەن راھەتنى كۆرمىدى، بىرگىمۇ نەپ بەرمىدى، ھەتتا ئانامنى ماگىزىندا تىك تۇرۇپ خېرىدار كۈتۈپ ھېرىپ قالار دەپ، شارائىتى ياخشىراق ئىشقا ئالماشتۇرۇپمۇ قويمىدى. مەن ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئاتامدەك شەخسىيەتسىز دەپ قالغان ئىكەنمەن. ياق، ئۇلارمۇ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىدىكەن، ئائىلىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا پايدا يەتكۈزىدىكەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاياللىرىمۇ ئۇ ھوقۇقتىن خالىغانچە پايدىلىنىدىكەن. مەن شەھەر باشلىقىنىڭ كۈيئوغلى بولسام، ئۇرنىمنىڭ قانداق ئۆسىدىغانلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ھازىر مېنى مۇشكۈل ئەھۋالدا قالدۇرۇۋاتقىنى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كەتكەن ئادەت كۈچى. بىز مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولساقمۇ، يەنىلا ئائىلىمىزگە باغلىنىپ، ئاتا - ئانىلارنىڭ رازىلىقىسىز توي قىلالمايدىكەنمىز. ئاتا - ئانىلار توي ئۈستىدە تۇرۇۋېلىپ بەرمىسە، جەمئىيەت بىزنى ئارىغا ئالمىغۇدەك، ئاتا - ئانىلارنىڭ يۈزىگىمۇ سەت بولغۇدەك. بۇ قېتىم ئاتا - ئانام بولغۇسى كېلىنىنى ياقتۇرمىسا مەيلى، لېكىن سۈكۈت قىلىپ تۇرۇپ بەرسۇن. سىلى ئەلچىلىككە رازىلىق بەرسىلە...

ئابلاجان سۆزلەۋېتىپ، يېنىدىكى سومكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، بىر پەلتولۇق دراپ، بىر يۈرۈش كىيىملىك سارجا ۋە باشقا «ئەلچى»لىك سوۋغىتىنى چىقارغىلى تۇردى. ۋىجدان تارازىسى گايىت ئۇستامنىڭ كۆزىنىڭ قىزىرىشىغا يول قويمىدى، ئابلاجاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يىغانى ئۆرلىدى. ئۇ ئابلاجان ئەكەلگەن سوۋغاتلارنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپلا ۋارقىرىدى:

— ھوي، سەن مەن بىلىدىغان ئابلا ئەمەسكەنسەن، ھاۋاخانىنى قويۇۋەتكىنىڭنى كۆتۈرەلمەي تۇرسام، يەنە ساڭا «ئەلچى» بولۇپ بېرەمدىمەن. ئۇ نەرسىلىرىڭنى تېز يىغىشتۇر.

— گايىت ئاكا، مۇشۇ بىر قېتىم...— ئابلاجان يىلىنماقچى

چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى.

— ھەي ئابلا، سەن نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن،— گايىت ئۇستام ئاچچىقى بىلەن تاماكا يۆگەپ سەرەڭگە چېقىپ تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ ئارقا - ئارقىدىن نەچچە قېتىم شورىدى،— ھاۋاخان سېنىڭ يۈزۈڭنى تۆكۈپ سىرتقا قاراپ قاپتىمۇ، سېنى ياخشى كۆتەلمىدىمۇ، ئۆي ئىشىڭنى قىلمىدىمۇ. ئايال كىشى مۇشۇ ئۈچ ئىشتا ئەرنى يەرگە قاراتمىسىلا، ئۇنى ياخشى ئايال دېسە بولىدۇ. ھاۋاخان سېنىڭ رەسۋاچىلىقلىرىڭنىمۇ كۆتۈرگەن ئەمەسمىدى. سەن ئۇنى چۈشەنمىدىڭ، ئۇنىڭ سېزىكلىكىدە قىلىپ قويغىنى قانچىلىك ئىشتى. ئەمدى باللىق بولاتتىڭ، ئۆزۈڭنىڭ بالىسى سېنى ئاتا دېسە پەخىرلەنمەسمەن، سېزىكنىڭ ئاخىرى سېنى خۇش قىلىدۇ ئەمەسمۇ.

— سېزىك دەيلىدىغۇ تېخى، سېزىك بولغان ئادەم ئاشۇنداق ساراڭلىق قىلامدا! ۋاي بولدىلا ئاكا، ئۇنى تىلغا ئالمايلى، مەن بەرىبىر ئۇنىڭ بىلەن ئاجراشتىم. ھېلىمۇ ئامىتىم بار ئىكەن، ئاجرىشىپلا ئەزىزەگە ئېرىشتىم.

گايىت ئۇستام ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇردى، «ئابلاجان ئالدىمدا چوڭ بولغان، ئۇنى ئوبدان چۈشىنىمەن دەپتىكەنمەن...» دېگەننى ئويلاپ گاڭگىراپلا قالدى.

— ھەي، مەن ئاغىنەم توختىمەتنىڭ ئوغلىنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق سۆزلەرنىڭ چىقىشىنى ئويلىمىغان،— دەپ بېشىنى پەس قىلىپ تاماكىسىنى ئارقا - ئارقىدىن شورىدى.

ئابلاجاننىڭ لەۋلىرىدە ئاچچىق كۈلكە ئەكس ئەتتى. ئۇ ئۆزىنى قاسساپقا تونۇشتۇرماقچى بولغاندەك، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ سۆزلەپ كەتتى:

— ياق ئۇستام، توختىمەتنىڭ ئوغلىنىڭ ئاغزىدىنلا مۇشۇنداق سۆزلەر چىقىدۇ. دەرۋەقە، ئاتامنى پارتىيىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى

كېچە شادلىقنى ئىزدەپ، ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشىپ يۈرەتتى. گايىت ئۇستامۇ ئاشۇ كىشىلەر توپىغا قوشۇلۇپ، كوچا چىراغلىرى كۆندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەن كوچا مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغاچ ماڭدى. ئۇ ۋېلسىپىتلىق بىر تونۇشى بىلەن سالاملىشىپ قولىنى كۆكرىكىدىن چۈشۈرۈۋىدى، ئالدى تەرەپتىن بىر پىكاپ ئۇدۇل كېلىپ، كۆچلۈك چىراغ نۇرى بىلەن ئۇنى تەمتىرىتىپ شاپپىدە توختىدى- دە، پىكاپتىن بىر ئايال چۈشتى.

— گايىت ئۇستام، قېرىنغاندا ئۆيدە ئولتۇرماي كوچىغا چىقىۋالغىنىڭىز نېمىسى، سىزنى ئىزدەپ شەھەرنى قېزىۋەتتىم.

نەزىمە كوچا چىرىغىدا ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنەتتى، تانسىغا بارىدىغاندەك ياسىنىۋالغان ئىدى. ئۇ گايىت ئۇستامنىڭ ئالدىغا كېلىپ گەپ قىلىۋاتقاندا، پىكاپ كېتىپ قالدى.

— ئۇلىغىڭىز سىزنى تاشلىۋېتىپ كېتىپ قالدىغۇ،— گايىت ئۇستام نەزىمەگە كۆيۈنگەن قىياپەتتە چاقچاق قىلدى.

— ماڭا گايىت ئۇستام ھەمراھ بولىدۇ، بىزگە پۈتلىشىپ يۈرمە دېگەن ئۇنىڭغا،— دېدى نەزىمە پىخىلداپ كۈلۈپ.

— بىز ئەرزانچىلىق. سىز پىكاپتا ئولتۇرۇپ كوچا ئايلىنىپ تاماشا قىلىپ يۈرگەن بىلەن، بىز كۈن ئېلىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە كېچە - كۈندۈز تىنەپ يۈرىمىز. مەن نېمىگە لازىم بولۇپ قالغاندىمەن سىزگە. قېنى خىزمىتىڭىز بولسا دەڭ، جېنىم پىدا.

— ياق، بىز ئۈچۈن جاننى پىدا قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق،— دەپ كۈلدى نەزىمە گەپنى چاقچاق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ داۋام قىلىپ،— ئەزىز جېنىڭىز خوتۇن، بالا- چاقىلىرىڭىزغا لازىم بولىدۇ،— ئۇ گايىت ئۇستامنى كوچا چىرىغىمۇ يوق خالتا كوچىغا باشلىدى،— بىزدىن قاچمىسىڭىزلا شۇنىڭغا خۇش بولىمەن. بىلمىسىزغۇ، ئىككىمىز چىقىشىپ قالغان،— دەپ كۈلگەن پېتى يېقىنلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلىكىگە قولىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندا،

بولۇۋىدى، گايىت ئۇستام ئۇنى سۆزلەتمىدى.

— چىق ئۆيدىن،— دەپ ئۇنىڭ سومكىسىنى قولچاقلىتىپ، ھويلىدىن چىقىرىۋەتتى...

گايىت ئۇستام ئابلاجاننىڭ ئىشىدىن ئازابلاندى. ئېغىر خىياللار ئۇنىڭ ئارامىنى قويمىدى. «توختىمەتمۇ، تۇرسۇنخانمۇ، مەنمۇ ئابلاجاننىڭ ھاۋاخان بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆڭلىمىزگە سىغدۇرالماي يۈرسەك، يەنە يۈزىنى داپتەك قىلىپ، مېنى «ئەلچى بولۇپ بەر، ئاتا - ئانامنى ماقۇل كەلتۈرۈپ بەر» دەپ كەلگىنىنى كۆرمەمدىغان. ئۇ ئاشۇ دراپ، سارجىلارنى ھەدىيە قىلسامىلا خۇدىنى بىلمەي، نېمە قىل دېسەم شۇنى قىلىدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتۇ - دە. ھە ي، مۇشۇ كۈننىڭ ياشلىرى نېمە بولۇپ كەتتى. ئۇلار مۇناسىۋەت تورى قۇرۇپ، يۇقىرىغا يامىشىپ، ھوقۇق ۋە ئەمەل ئۈچۈن ئاپئاشكارا كۈرەش قىلىۋاتامدۇ. ھە ي، ياشقا چوڭراق، كەسپچانلىقى كۈچلۈك، تۆھپە ياراتقان كادىرلار، زىيالىيلار ئارتۇقچە ئادەم ھېسابلىنىۋاتامدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە جاھان نېمە بولۇپ كېتەر...»

گايىت ئۇستام دائىم «سىياسەت بىلەن كارىم يوق، بېشىمنى چۆكۈرۈپ ئىشلىسەملا بولىدى» دەپ يۈرەتتى، مانا ئەمدى ئابلاجاننىڭ قىلىۋاتقان ئىشى، سۆزىنى ئويلاپ، پېشانىسىدىن مۇزدەك تەر چىقىپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى تىترىتىۋەتتى. ئۇنىڭ دېمى سىقىلدى، ھويلىمۇ تارلىق قىلىپ قالغاندەك، خىياللىرىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن كوچىغا چىقتى، ماگا - ماگا توختىمەتنىڭ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ قالدى. ئاغىنىسى بىلەن مۇڭداشقۇسى بار ئىدى، سۈرۈشتە قىلىۋىدى، ئۇ ئۆيدە يوق بولۇپ چىقتى. گايىت ئۇستام قايتىشىدا چوڭ كوچا بىلەن ماڭدى.

شەھەرنى قاراڭغۇلۇق بېسىۋاتقان بولسىمۇ، كوچىدا ئوخشاشلا ھاياتلىق قاينايتتى، سودا - تىجارەت داۋام قىلىۋاتاتتى. كىشىلەر

گايىت ئۇستام نەزىمەنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەندى. ئەمدى ئويلىنىپ تۇرۇشقا ۋاقىت يوق، شۇڭا ئۇ خوپسەن بولۇۋالدى.

— قىزىڭىزنىڭ مۇبارەك ئىشىنى دېگىنىڭىز ھازىرقىدەك ئېسىمدە. بۇ توينى بىز قىزىتماي كىم قىزىتاتتى، ئەزىزە سىز بۇلتۇر تىلغا ئالغان ئوفىتسېر بىلەن توي قىلامدۇ؟

— ئۇستام ئاستىراق، — دەپ نەزىمە قاراڭغۇ كوچىدا ئېھتىيات بىلەن ئالدى - كەينىگە قاراپ قويدى. ئۇ ئاغزىنى گايىت ئۇستامنىڭ قۇلىقىغا ئەكېلىپ پىچىرلىۋىدى، تىنىقى گايىت ئۇستامنى مەستخۇش قىلىۋەتتى، — ئۇ ئوفىتسېرنى تىلغا ئالماڭ، ھازىر باشقا بىر لايىق چىقىپ قالدى. بىز قىزىمىزنى لايىقىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈزىنى قىلىپ بەرمەكچى. ئۇ ئاتا - ئانىلار بىزنىڭ ياخشى كۆڭلىمىزنى بىلەمدۇ - يوق، بىلمەيمىز. سىز بۇ ئىشنى ئۇلارنىڭ سەمىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئەلچىسى بولۇپ، بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىسىز، بولامدۇ؟

نەزىمە سول قولىنى گايىت ئۇستامنىڭ بىلىكىدىن ئۆتكۈزۈپ، ياندىن ئۆزىگە تارتتى. ئۇنىڭ يۇمشاق كۆكسى بىلىكىگە تەگكەن قاسساپنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى ئېرىپ، نەپسى قىسىلدى.

— نەزىمە، سىز مېنى ئوبدان چۈشەنمىسىڭىز كېرەك. لاپ ئۇرغىنىم ئەمەس، بۇ شەھەردە «ئەلچى»لىكتە مېنىڭدىن ئېشىپ كەتكۈدەك ئادەم تېخى چىقمىدى. مەن تاز يىگىتنىڭ ئەلچىسى بولۇپ بېجىرىم قىزنى چېتىپ قويغان، ئورنىغا سىيىپ قويىدىغان قىزنىمۇ ئەرسىز قويمىغان. ئەزىزە دېگەن شەھەر باشلىقىنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى تۇرسا، ئوغلىغا ئېلىپ بېرىشنى خالىمايدىغان قانداق ئاتا - ئانىكەن ئۇ. ئەزىزەنىڭ لايىقى كىمدى؟ — دەپ سورىدى گايىت ئۇستام ئاۋازىنى تۆۋەنلىتىپ.

— كىم بولاتتى... — نەزىمە يىگىتنىڭ ئىسمىنى دېيەلمەي بىرھازا جىم تۇرۇپ قالدى. كۈندۈزى بولغان بولسا گايىت ئۇستام

گايىت ئۇستامنىڭ ۋۇجۇدى ئىسسىق جىمىرلاپ يۈرىكى ئۆيىندى.
— ئايالالار ئۇچۇن ئەر بولمىسا بولمايدىغان ئوخشىمامدۇ نەزىمە، بۇگۈن ئاخشام ئەر سېغىنىپ قاپسىزمۇ نېمە.
— شۇنداق،— دېدى نەزىمە ئۇنىڭ بېقىنىنى چىمدىپ،— سىز ئېرىمىنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ، مېنى يوقلاپمۇ بارمايسىز، كىشىنى ئىزدەشكە سالىسىز تېخى. ئەتىتىك ماڭسىڭىز- چۇ، ھۇۋقۇشتەك كېچىسى كۆزىڭىز كۆرمەمدۇ يا،— نەزىمەنىڭ نەپسى تاقىلداپ، ئۆيگە تېز قايتىشقا ئالدىراۋاتقاندەك قىلاتتى.
— ياق، مېنىڭ كۆزۈم روشەن، تېز ماڭالايمەن. لېكىن، مەن ئۆمرۈمدە مۇنداق تاتلىق سۆزلەرنى ئاڭلاپ باقمىغاندىكىن، مېڭىشىم قولاشمايۋاتقاندەك قىلىدۇ.
— ۋوي ئۇستام، ئۆزىڭىزنى ھەرگىز تۆۋەن چاغلىماڭ، سىز مۇشۇنداق تاتلىق سۆز بىلەن ماختاشقا تېگىشلىك ئادەم. سىز ئۆيىمىزنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەردىڭىز، ھەتتا ئوچىقىمىزدىن ئىس ماڭمىسىمۇ سىزنى ئاۋارە قىلدۇق. شۇڭا، سىزدىن مىننەتدارمىز، ھازىر سىز بېجىرىپ بەرمىسىڭىز بولمايدىغان يەنە بىر مۇھىم ئىشىمىز چىقىپ قالدى...
— قۇلۇقىم سىزدە، تارتىنماي دەۋېرىڭ،— دېدى گايىت ئۇستام نەزىمەنىڭ گېپىنىڭ بېشىنى كېسىپ،— ھويلىغا 30 نان ياقۇدەك تونۇر سېلىپ بېرەمدىمەن. مۇنداق تونۇردا، بىر قوينىڭ گۆشىنى پۈتۈنلا كاۋاپ قىلغىلى بولىدۇ.
— رەھمەت ئۇستام، ياشقا چوڭ بولۇپ قالغىنىڭىزدا، سىزنى ئۇنداق ئېغىر ئەمگەككە سالماسمىز،— نەزىمە گايىت ئۇستامنى ناھايىتى چوڭ كۆرۈپ قەدىرلەيدىغان قىياپەتتە سۆزىنى داۋام قىلدى،— سىزگە خېلى بۇرۇنلا قىزىمىز ئەزىزەنىڭ مۇبارەك ئىشىنى دېگەن ئىدىم. ئۇ بويىغا يەتتى، تالاغا چىقىرىپ، پەرزنى ئادا قىلايمىكىن دەۋاتىمەن.

دالدا بولالمايدىكەن، ماڭىمۇ نېمە ئىلاج.

نەزىمە مۇھەببەتنىڭ تەلۋىلىكىنى تەسۋىرلەپ، ئىلاجسىز قالغان ھالەتكە كىرىۋالدى. بۇنىڭغا گايىت ئۇستامۇ ئىشەنمەي تۇرالمايتتى، «نەزىمە دېگەندەك، ئابلاجان بىلەن ئەزىزە ئاشىق-مەشۇق بولۇشقان بولسا، ئۇلارنى ئاتا-ئانىلارمۇ توسۇپ قالالمايتتى. نىكاھ قانۇنىدا ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىدە بولسۇن، يىگىت-قىزلارنىڭ ئىختىيارلىشىپ توي قىلىشى، ئەپلىشەلمىسە ئاجرىشىپ كېتىشى نورمال ئىش. شۇنداقتىمۇ ھاۋاخانغا ئۇۋال بولىدىغان بولدى، ھەي. ھاۋاخان تېخى ياشقۇ، ئۆزىمۇ چىرايلىق، بىلىملىك، تەلىيى ئۇڭدىن كېلىپ قالار».

— ئۇلار ئاشىق-مەشۇق بولۇشقان بولسا، توينى قىلىپ قويايلى،— گايىت ئۇستام سۆزلەۋېتىپ نېمىنىدۇر ئويلىنىپ بېشىنى كۆتۈردى،— نەزىمە، مەن تويىنىڭ بارلىق تەييارلىق ئىشلىرىنى ئۈستۈمگە ئېلىپ قىلىشىپ بەرسەم، لېكىن ئەلچىلىكنى...

— ھە، ئەلچىلىكنى قىلمىسام دېمەكچىمۇسىز،— دېدى نەزىمە،— سىز بايىلا شەھەردە مەندەك كۆزگە كۆرۈنگەن ئەلچى يوق دەپ پو ئاتقانتىڭىز، ئەمدى يېلىڭىز چىقىپ كېتىۋاتامدۇ. سىز نېمىدىن قورقىسىز، ئاغىنىڭىز توختىمەتنىڭ ئەلچىسى بولىسىز. مەن سىزنى ئائىلىمىزنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى دەپلا، بۇ ئىشنى سىزگە تاپشۇرۇۋاتىمەن، يۈزىمىزنى قىلارسىز؟— بۇ ئىككىيلەن سۆزلىشىپ مېڭىپ، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئارقا دەرۋازىسىغا كېپقالدى. نەزىمە شىپپىدە توختاپ،— گايىت ئۇستام، بۇنى ئۆز ئىشىڭىز دەپ بىلىپ، بىرنەچچە كۈن ئىچىدە خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلەرسىز. ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئىشىكىمگە ئەكېلىپ قويغىنىڭىزغا رەھمەت، خەير-خوش،— دەپ ئارقىغا قاراپمۇ قويماي يۈرۈپ كەتتى.

گايىت ئۇستام ئورنىدا تۈرۈپلا قالدى. ئۇنىڭغا ئارتىلغان

ئۇنىڭ چىرايىنىڭ قانداق ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغان بولاتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئىتتىكلا قارىۋىدى، نەزىمە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ،— ئۇ مەنمۇ، سىزمۇ ئۇيلىمىغان بىر يىگىت، توختىمەتنىڭ ئوغلى ئابلاجان،— دېدى.

بۇ گەپنى قايسى كۈنى ئابلاجاندىن ئاڭلىغان گايىت ئۇستامىنىڭ تېنىگە سوغۇق سۇ سېپىلگەندەك ئەندىكىپ كەتتى، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ نەزىمەگە قاراپلا قالدى. نەزىمە پەرۋا قىلماي، ئۇنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇشىنى كۈتۈپ، سىلىق قەدەم ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ تاپتا گايىت ئۇستام ئاچا يولغا كېپقېلىپ، قايسى يولغا مېڭىشنى بىلەلمەيۋاتقان ئادەمدەك ھاڭۋېقىپ قالدى. ئۇ «ئابلاجان ھاۋاخان بىلەن يارىشىۋالمىغان تەقدىردىمۇ، ئەزىزە بىلەن توي قىلماسلىقى كېرەك» دەپ قارايتتى. قېرىشقاندەك، نەزىمە ئۇنى توختىمەتكە خىزمەت ئىشلەپ، ئەزىزەنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىشكە قوشۇلۇشىنى تەلەپ قىلماقتا. «قانداق قىلىش كېرەك؟»

— نەزىمە، نېمە دېگىنىڭىز بۇ،— دېدى ئۇ نەزىمەنى سىناپ باقماقچى بولۇپ،— ئەزىزە سىلەرنىڭ جانجىگەر قىزىڭلار. شۇنداق چىرايلىق ھەم ئوماق قىزنى ئۆزىگە لايىق بىر يىگىتكە بەرمەي، باشقىلار تاشلىۋەتكەن ئاشۇ ئابلاغا بېرەمسىز، قىزىڭىز...

— قىزىم ساراڭ بولۇپ قالدى،— نەزىمە گايىت ئۇستامنىڭ گېپىنى كېسىپ،— مۇھەببەت دېگەن ساراڭلىق كېسىلى ئوخشايدۇ. ئەزىزەنى «نىيىتىڭدىن يان» دېسەممۇ ئۇنىمىدى. ئابلاجانمۇ بىزىرىپ «كۆيدۈم - پىشتىم» دەپ قىزىمنىڭ كەينىگە كىرىۋاپتۇ. مەن بىر كۈنى: «خوتۇنىڭنى تۈنۈگۈن قويۇۋېتىپ، بۈگۈن قىزىمنىڭ بېشىنى قايدۇرۇشقا كەلدىڭمۇ، ماڭ يوقال» دەپ، ئۇنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردىم، ئىشىكنى ئېتىۋالدىم. لېكىن، مۇھەببەتكە يول تېپىلىدىكەن، ئىشىك، تام، توسۇقلار

ياخشى، نەدە ئولتۇرىمىز؟

— تۇرسۇنخاننى ئەكەلمەپسەنغۇ؟ ئۆزۈڭلا كەلگەندىكىن، مۇشۇ سۇپىدا ئولتۇرۇۋەرمەمسەن. سېنى كەلدى دەپ ئاستىڭغا تاۋار كۆرپە تەييارلاپ مېھمانخانىغا باشلايتتىممۇ، — گايىت ئۇستام ئۆيدىن ئەمدىلا چىقىپ توختىمەت بىلەن تىنچلىق سورىشىۋاتقان خوتۇنىغا قاراپ، — ماۋۇنىڭ ئاستىغا سالغۇدەك يۆگەك، يۆلىنىپ ئولتۇرغۇدەك ياستۇق ئاچىقىپ بەر، — دېدى.

— سەنزە، مېنى تۇرسۇنخاننى بىللە ئېلىپ كەلمەپتۇ، دەپ نەۋرەڭنىڭ سۈيدۈك كۆرپىسىدە، مۇشۇ سۇپىدىلا ئولتۇرغۇزامسەن؟ سېنىڭ تۇرسۇنخان بىلەن قانداق مۇناسىۋىتىڭ بار. ئاشۇ گەپلىرىڭنى خوتۇنىڭنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىنمۇ قورقمامسەن؟ ھا، ھا، ھا...— توختىمەتنىڭ گازىر كۆزلىرى قىسىلىپ كەتتى.

يېڭى تاۋار كۆرپە، ياستۇق كۆتۈرۈپ چىققان گايىت ئۇستامنىڭ خوتۇنى ئەرلەرنىڭ كۈلكىسىگە قوشۇلدى:

— سىزغۇ ئەتىدىن ـ كەچكىچە خەقنىڭ چىللاشلىرىغا بېرىپ، ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرىسىز. تۇرسۇنخان ئۆيدە زېرىكىپ ئولتۇرىدۇ. ئاغىنىڭىز ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ بىللە ئېلىپ كەلمەپسەن دەۋاتىدۇ. بىزنىڭكىگە ئەكەلسىڭىز، ئاغىنىڭىز تۇرسۇنخاننى يېۋالمايتتى. ئۇنىڭ نەپسى توق ھى، ھى، ھى...

— جېنىم خوتۇن، توختىمەتنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپلا قويدۇڭغۇ، ھا، ھا، ھا... توختىمەت سۆزلە، ھا، ھا، ھا...

توختىمەت كۈلگىنىچە سۇپىغا چىقىپ ئولتۇردى:

— كۈلۈپ بېقىنلىرىم تارتىشىپ كەتتى، ئۇزاق بوپتىكەن مۇنداق خۇشال ـ خۇرام چاقچاقلاشمىغىلى. چۈشتىن كېيىن بىر ھاجەتمەن ئىشخانىغا مېنى ئىزدەپ كەلمەكچى ئىدى، چاقىرتقىنىڭنى ئاڭلاپ راستىنىلا ئىشى بار ئوخشايدۇ، دەپ ئالدىراپلا كەپتىمەن. گەپنى ئېنىق قىلغان بولساڭ، تۇرسۇنخاننىمۇ ئالغاچ

«ئەلچى»لىك تولىمۇ ئېغىر كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆيگە كېلىپ، كاڭغا چىقىپ ياتقاندىن كېيىنمۇ شۇنى ئويلىدى. ئۇ چۆرگىلەۋاتقان ئىككى تۈگمەن تېشىنىڭ ئارىسىدا قالغاندەك بولدى، «توختىمەت بىلەن تۇرسۇنخان ئۇنارمۇ...»

3

ئۇزۇم بارىگى ئاستىدىكى سۇپىدا گايىت ئۇستام ھۇزۇر سۈرۈپ ياتاتتى. توختىمەت ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ھويلىدا پەيدا بولۇپ سۆزلەپ كەتتى:

— گايىت، ھەي گايىت قېنى سەن؟ ھە، سۇپىدا يېتىپ سەندە،— ئۇ بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ سۇپىنىڭ قېشىغا كەلدى،— ئۆيۈڭمۇ جىمجىت، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ قىلىدىغاندەك ئەمەس. مېنى ئۆيۈڭگە نېمىگە چىللىدىڭ؟ ئايرىم چاقىرغىنىڭغا قارىغاندا، مەندىن بىرنېمە تەلەپ قىلامسەنيا...

گايىت ئۇستام ئۇنى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ تىنچلىق - ئامانلىقمۇ سوراشماي كاپىلدىشىنى ياقتۇرمىدى.

— ئادىشوي،— ئۇ توختىمەتنىڭ سۆزىنى كەستى،— قورسىقىڭنى دۈك چىقىرىپ، ھويلىغا كىرە - كىرمەيلا كىبىرىڭنى كۆرسىتىۋاتامسەن. ئۇقۇپ قوي، مەن باشلىق توختىمەتنى تونۇمايمەن، بىر مەھەللىلىك توختىمەتچوڭنى تونۇيمەن. ئۆيدە بىر مالنىڭ بېشىنى كەستىم، مۇڭداشقاچ بىللە ئېغىز تەگسۇنمىكىن دەپ چاقىردىم. بىللە يېيىشتىن قورقساڭ قايتىپ كەت،— دېدى چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمەي چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ.

— قانداق ئەھۋالىڭ ئاداش،— توختىمەت ھېچبىر ئىش يۈز بەرمىگەندەك مىيىغىدا كۈلۈپ، گايىت ئۇستام بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى،— قازاندا گۆش قايناۋاتىدۇ دېگىن، ياخشى،

ئۇلتۇرۇپ ئۇبدان مۇڭدىشىۋالاي.
«كىم نېمىنى ئويلىسا، ئۇنىڭ ئاغزىدىن شۇ چىقىدۇ» دېگەندەك، توختىمەتنىڭ ئاغزىدىن بالا دەردىدە قورساق كۆپۈكلىرى تېزلىنىپ چىقىشقا باشلىدى. گايىت ئۇستام گەپنىڭ ئۇرامىغا ماسلىشىپ، ئۇنى چوڭقۇرلاشتۇرماقچى بولدى.
— توختىمەت ئاداش، تۇزۇك گەپ قىلساڭچۇ، سېنىڭدە نەدە بالا دەردى بولسۇن، ئابلاجان ئوڭلۇق بالىغۇ.
— ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ دەۋاتقان گەپلىرىڭنى قارا،— توختىمەت ئاغىنىسىگە ئالىيىپ قويۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى،— مەن ئاشۇ شۇمنى ئۆيلەپ خاتىرجەم بولغان. ئەمدى ئائىلەمدىن، خىزمىتىمدىن بىرەر باش قېتىنچىلىق چىقمىسىدى، يۈرەك كېسەللىكىم قوزغالمىسىدى دەپ يۈرەتتىم. ئۈرۈمچىدىن كەلسەم، ئۇ بىغەرەز ئۆزىگە سادىق، بىلىملىك، ئەخلاقلىق، چىرايلىق ئايالىنى قويىۋېتىپتۇ. سۈرۈشتە قىلسام، «ھاۋاخاننىڭ سىڭىلىسى قاتتىقكەن، ئابلاجاننى يەرگە قارىتىپ قويۇپتۇ» دەيدۇ. ھاۋا-خاننىڭ سىڭىلىنىڭ قاتتىقلىقى ئابلاجانغا قورساق كۆتۈرگەن ئانىسىنىڭ سىڭىلىنىڭ قاتتىقلىقىغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ. تۇرسۇنخان سىڭىلىدىن چىققۇچە، مېنى ھەر كويغا سېلىۋەتكەن. ئۇنىمۇ دېمەيلى، ھاۋاخاننىڭ سىڭىلىلىكىدە قىلغان سەتچىلىكى ھەرقانچە نومۇسلۇق ئىش بولۇپ كەتكەندىمۇ، ئابلانىڭ مەستچىلىكتە مەسچىتنى بۇلغاپ، نومۇستا قالغىنىدىن ياخشىدۇ. ھەي، مەن ئۇنى تۇتۇۋالسام بوغۇپ...— توختىمەت غەزەپلىنىپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ئىختىيارسىز قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ئوغلىنىڭ كېكىردىكىدىن بوغىدىغاندەك ھەرىكەت قىلدى،— ھاۋاخان ئۇنى جامائەتنىڭ ئالدىدىن قايتۇرۇپ كېلىپ ئۇستىۋاشلىرىنى تازىلىغان. ھاۋاخان كەڭ قورساقلىق قىلالىغان يەردە، مېنىڭ ئوغلۇم نېمىشقا ئۇنىڭ سىڭىلىچىلىكتە قىلىپ قويغان ئىشلىرىنى

كېلەتتىم ئەمەسمۇ،— دېدى.

گايىت ئۇستامنىڭ توختىمەتنى ئۆيىگە چاقىرتىشىدا ئابلا-جاننىڭ ئىككىنچى قېتىم ئۆيلىنىدىغان ئىشىنى دەيدىغان پىلانى بار ئىدى. پەيتى كەلگەندە گەپنىڭ ئۇچىنى چىقارمىسا، ئالدىراپ - تېنەپ دېگىلى بولمايتتى. توختىمەت ئوغلىنىڭ ھاۋا-خان بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپ، قېچىپ يۈرگەنلىكىنى كۆڭلىگە سىغدۇرالماي تۇرغاندا، بۇ گەپنى تومتاقلا دېسە، بولىدىغان ئىشمۇ بولماي قالاتتى. شۇڭا، گايىت ئۇستام گەپ ياسىدى.

— ئۆزۈڭگە مەلۇم، مەن سېنى بىرەر ئىش بىلەن ئاۋارە قىلمايمەن: سەن دائىم باپكارنىڭ موكىسىدەك ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ تۇرىسەن، يېقىندا پايتەختتكە، ئۈرۈمچىگە بېرىپ كەلدىڭ. كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىڭنى سۆزلەپ بەرسەڭ، بىزدەك قورسىقىدا ئۈمچى يوق بەندىلەر ئاڭلاپ، كۆڭلى - كۆكسىمىز كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ، شۇ.

گايىت ئۇستامنىڭ ئايالى سۇپىغا داستىخان سېلىپ، نان ۋە باشقا نازۇنېمەتلەرنى قويۇپ، چاي قۇيدى.

— دېگىنىڭمۇ توغرا ئاداش،— دېدى توختىمەت چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ،— خىزمەت دەپ ئالدىراپلا يۈردۇق، خەقنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ، پالاقلاپ يۈرۈپ ھەل قىلىپمۇ بەردۇق. لېكىن، كىم بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى ئىزدەپتۇ، كىم بىزنىڭ ئىشىمىزنى ھەل قىلىپ بېرىپتۇ؟ ئۆزۈڭگە مەلۇم، ئوغلۇم ئابلاجان بىزگىمۇ مەسلىھەت سالماي ھاۋاخاننى قويۇۋېتىپتۇ. بۇنىڭدىن ئىچىم دەردكە توشۇپ كەتتى. ئۇنى بىرسىگە ئېغىز يېرىپ دېيەلمەي، ھۆپۆپۆپتەك ئىچىمدە ساقلاپ يۈرىمەن. بۇنى ئۇچرىغانلا كىشىگە تۆكۈپ بەرگىلى بولمايدۇ، كۆڭلىمىز يېقىنلار بىر يەرگە جەم بولۇپ دەرد - ھالىمىزنى تۆكۈۋالساق كۆڭۈل كۆتۈرۈلۈپ، ئىچىمىز بوشاي-دۇ. بولدى، مەنمۇ چۈشتىن كېيىن ئىشقا بارمىدىم، سەن بىلەن

جوزىنى بىر مۇشتلىۋىدى، چىنىدىكى چاي تۆكۈلۈپ كەتتى.

— ئاگلىشىمچە، مائارىپ ئىدارىسى ھاۋاخاننى پاقلاق ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىۋېتىش ئۇقتۇرۇشىنى چۈشۈرۈپتۇ. ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن مۇنداق زەربە ۋە دەرد - ئەلەمگە ھاۋاخان قانداقمۇ چىدايدۇ؟— دېدى گايىت ئۇستام.

توختىمەت بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ سۇپىدىن چۈشۈپ، ئۇدۇلدا تۇرغان گايىتنى بىر يانغا ئىتتىرىۋېتىپ، سىرتقا قاراپ ماڭدى. گايىت ئۇنى ھويلىنىڭ تاشقارقى ئىشىكىگە كەلگەندىلا، تۇتۇپ قۇچاقلىۋالدى.

— گايىت، گۆشىڭنى يېيەلمەيدىغان بولدۇم. مەن ھازىرلا بېرىپ، ئۇ خۇمپەرلەر بىلەن زوكۇنلىشىمەن.

— ياق، ھازىر بارما، سەن ئۇلار بىلەن سوقۇشۇپ يۈرىدىغان كىچىك بالا ئەمەس. سەنمۇ خەقنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالاي دەمسەن؟— دەپ، ئۇنىڭ ھەرقانچە تېپىچەكلىشىگىمۇ قارىماي، كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ كېلىپ سۇپىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى،— كېلىش مېھماندىن، ئىجازەت ساھىبخاندىن. ئولتۇر، سېنى ھېچ يەرگە ماڭدۇرمايمەن.

توختىمەت گويا گايىت ئۇستام بىلەن ھازىرلا تونۇشقاندەك، بىرھازا تىكىلىپ سۈكۈت ئىچىدە تۇردى.

— بەلكىم سېنىڭ توغرىدۇ، ساڭا بويسۇنمىسام قويۇۋەتمەسگۇدەكسەن،— ئۇ يېڭىلا قۇيغان چايدىن ئوتلىۋېتىپ،— ئاداش، بۇ توغرۇلۇق سۆزلەشمەيلى. كىشىنى خۇش قىلىدىغان پاراڭلىرىڭ بولسا قىلغىنا. بۇ ئىش ئېسىمگە كەلسە، تىت - تىت بولۇپ ئولتۇرالماي قالىدىكەنمەن،— دېدى خۇرسىنىپ.

شۇنداق، مۇشۇ كۈنلەردە ئاتا - ئانىلار پەرزەنت تېمىسىدىن سۆز ئېچىپ قالسىلا، كىشىنى غەم - ئەندىشە، ھەسرەت - نادامەت پاتقىقىغا سۆرەپ كىرىپ، ئوك - تەتۈر ماڭدۇرۇپ، كىشىنىڭ

كەچۈرۈۋېتەلمەيدۇ-ھە. ئاياللار ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە كىشىنىڭ خىيالىغا كىرمىگەن-ئاڭلىمىغان نەرسىلەرگە سېزىك بولىدىكەنغۇ. خوتۇنى سېزىكتىن چىقىسىلا ئۇ پەرزەنت كۆرىدۇ، ئاتا بولىدۇ، بۇنىڭدىنمۇ خۇشاللىق ئىش بولامدۇ،— ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش ئەگىدى،— ئوغلۇم نېمىشقا بىزگە مەسلىھەت سالمايدۇ؟ بۇنى ھاۋاخاننىڭ ئاتا-ئانىلىرى ئاڭلىسا نېمە دەيدۇ، ئەل-جامائەتكە مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟ ئاھ خۇدا، سەن بالامغا بېجىرىم بوي، كېلىشكەن چىراي بېرىپسەنۇ، نېمىشقا ئەقىلنى كەم بېرىپ قويغانسەن؟

توختىمەت ھاۋاخاننى كېلىن قىلىۋالغانلىقىدىن تولىمۇ شادلانغان. ھاۋاخان ئۇنىڭ ئائىلىسىگە خۇشاللىق ۋە ئۈمىد ئېلىپ كەلگەن. ئەپسۇس، بۇ گۈل بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇت ئۇششۇك تەگكەندەك ئابلاجاننىڭ سەۋەنلىكى بىلەن توزۇپ كەتكەن. شۇ كۈنلەردە توختىمەت ئۆيدە بولغان بولسا، ئۇ ئوغلىنىڭ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسەتكەن بولاتتى. ھازىرمۇ ئابلاجان ئۇنىڭغا قارىسىنى كۆرسەتمەيتتى. توختىمەت بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— كايىت ئاداش، مەن ساڭا كېسىپ ئېيتالايمەنكى، ئوغلۇمنىڭ كەينىدە چوقۇم بىر ئارقا تىرەك بار. ئۇ ئوغلۇمغا ئەقىل كۆرسىتىۋاتىدۇ، قۇترىتىۋاتىدۇ، ئوغلۇم شۇنىڭ سەنىمىگە ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ. ئويلاپ باقمامسەن، بىركىم «يولىۋرۇق» بەرمىسە، سوت شۇنچە تېز ئاجرىشىش خېتىنى بېرەمدۇ، قانۇننى كىم ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرۈپ دەپسەندە قىلالايدۇ؟ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئايال كىشىغۇ-ھە، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىغىمۇ كەلمەيدۇ. ئايال كىشى تۇرۇقلۇق، سېزىكنى چۈشەنمەمدۇ، ئۇ تۇغمىغانمىكەن؟ مەن ئوبدان بىلىمەن، ئۇ يەتتە بالىنىڭ ئانىسى، ۋۇ ئايال بولۇپ قالغىنىڭغا لەنەت،— ئۇ غەزىپىگە چىدىماي،

قىلىپ، ئۇ قىز 28 ياشقا قەدەم قويۇپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆيگە ھېچكىم ئەلچى كىرگۈزمەپتۇ. ھوشۇر تاغارچى ئالدىنقى يىلى ھەجگە بارماقچى بولۇپ، بۇيلۇقتىكى تاغىسى ئەبەيدۇللا ئىمامنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغىلى بېرىپتۇ. ئۇ: «قىزىڭ جەمىلەنى تالاغا چىقارمىساڭ، ساڭا ھەج قوبۇل بولمايدۇ» دەپتۇ. «قىزىمغا ئەر چىقمىسا قانداق قىلىمەن؟» دەپ يىغلاپتۇ ھوشۇر تاغارچى. «جەمىلە بېجىرىم قىز تۇرسا، نېمىشقا ئەر چىقمايدىكەن، ئېيتە» دەپتۇ ئەبەيدۇللا ئىمام. ھوشۇر تاغارچى ئۆز تۇغقىنىنىڭ قىزىنىڭ ئاجىزلىقىنى دېيىشنى خالىماپتۇ. ئەبەيدۇللا ئىمام: «ھوشۇر، سەن مېنى ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلاپ قالما. قىزىڭ ئورنىغا سىيىپ قويىدىكەن، بۇنى يېزاڭدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ، شۇڭا لايىق چىقمايدۇ، شۇنداقمۇ؟— دەپ، ئۇنىڭ يۈزىگە ساپتۇ. ھوشۇر تاغارچى يىغىدىن توختاپ بېشىنى لىڭشىتىپتۇ،— نېمىشقا ئۇنى دوختۇرغا كۆرسىتىپ باقمايسىلەر؟» دەپ سوراپتۇ. «ئانىسى ئۇنىمايدۇ، بۇ نومۇسنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈچە، قىزىمنى ئەرگە بەرمەي باقىمەن دەيدۇ» دەپتۇ ھوشۇر تاغارچى. ئەبەيدۇللا ئىمام: «ئەر چىقسا نېمە دەيدۇ؟» دەپ سوراپتىكەن، ھوشۇر تاغارچى بېشىنى كۆتۈرۈپ: «تاغا، ماڭا ھەج قىلىش يولىنى ئېچىپ بەرگىن. ئەر چىقسىلا مەن ئانىسىنى ئۇنىتىمەن» دەپ يېلىنىپتۇ. ئەبەيدۇللا ئىمام ئۇنى يولغا سېلىۋېتىپلا مېنى ئىزدەپ كېلىپ: «ئاشۇ قىزغا لايىق تېپىپ بېرەلىسەڭ، بوردالغان ئۈچ قوي بېرىمەن» دېدى. مەن: «ئەبەيدۇللا ئىمام، مېنىڭ نېسىدىن تەلىيىم يوق، ئاۋۋال قويلارنى ئېلىپ كەلسىلە» دېدىم. ئەبەيدۇللا ئىمام: «ھوي، سەن ئەزەلدىن ‹ئەلچى›لىك قىلغىنىڭدا سوۋغا ئالمايتتىڭ. ئۈچ قوي بېرىمەن دەپ قويسام، خىجىلمۇ بولماي قويىنى ئەكەل دەيسىنا. سېنىڭ ھالىڭ نېمانچە يوغىناپ كەتتى-ھە» دەپ، كۆزۈمگە كىرىۋالدى. «چۈنكى قىز...» دېيىشىمگىلا،

سەپرايىنى ئۆرلىتىپ ھاردۇرۇۋېتىدۇ. شۇ تاپتا توختىمەت ئۆزىگە بىردەم بولسىمۇ ئارام بېرىدىغان ئارامىلىق تىلەپ، بالىسى توغرىسىدا ئېغىز ئاچماسلىقنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى.

— ماقۇل، دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ئازمىتى. قېنى دېگىنە، ئاڭلىغىنىمنى سۆزلەيمۇ ياكى ئۆزۈم قىلغىنىمنىمۇ؟

— خەقلەر سېنى «ياخشى ئەلچى» دەپ ماختايدۇ، مۇشۇنى سۆزلەپ بەر،— توختىمەت بىردەم بولسىمۇ ئۆزىنى ئازادە تۇتۇشنى نىيەت قىلىپ، گايىت ئۇستامنىڭ ئاغزىغا قارىدى.

— ماقۇل،— دەپ سۆز باشلىدى ئۇ مېيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ،— ھوشۇر تاغارچىنىڭ قىزى جەمىلە بۇغداي ئۆڭ، ئۇستىخانلىرى كېلىشكەن، زىلۋا بويلۇق، نۇقسانسىز، ئەخلاقلىق، كۆيۈمچان، ئىشتا چېۋەر قىز بولۇپ، ئۇنىڭ بىرلا ئاجىزلىقى بار ئىدى، ئاتا - ئانىلىرى جەمىلەنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا، قىزىنىڭ ئاشۇ ئەيىبىنى ناھايىتى قاتتىق سىر تۇتقان، دوختۇرغا ئاپىرىپ كۆرسىتىپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. ھوشۇر تاغارچىنىڭ ھويلىسىغا كىرسەڭلا، چوڭ گۈللۈك چىت كۆرپىنىڭ ئاپتاپقا يېيىپ قويۇلغانلىقىنى ھەر كۈنى كۆرىسەن. ئۆيىگە كىرسەڭلا، سېيدۈك پۇرىقى بۇرنۇڭنى ئېچىشتۇرىدۇ.

— ھوشۇر تاغارچىنىڭ بۇرنى بۇ پۇراقنى سەزمەيدىغان بولۇپ كېتىپتۇدە. مەھەللىداشلىرى بۇنى دېمەپتىما؟— دەپ سورىدى توختىمەت قىزىقىپ.

— ھوشۇر تاغارچىمۇ، ئايالىمۇ بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان بىرنېمىلەر. ھەققەمسايىلىرى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلمايدۇ.

— قىزى جەمىلەمۇ جىم يۈرۈۋېرىپتىما، بىچارە قىزغا بەك ئۇۋال بوپتۇ- دە.

— ئانىسى ھەر كۈنى دەۋەرسە، يوتقانغا كىرگەندە ھەسرەت چېكىپ ياش تۆكۈشتىن باشقا نېمە ئىش قىلالىسۇن. شۇنداق

دە،— گايىت ئۇستام قولياغلىقىنى ئېلىپ قولىنى سۈرتتى،— ھە مەن تويۇپ قاپتىمەن، سەن ئېلىۋەرگىن، مەن سۆزلەپ تۇراي،— دېدى ئۇ شورپىدىن ئىككى ئوتلىۋېتىپ،— كۆڭلۈمدە سان بولمىسا، ئەبەيدۇللا ئىمامنىڭ سوۋغىتىنى قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. قوشدۆك باشلانغۇچ مەكتەپتە بىر ئوقۇتقۇچى بار ئىدى، مەن ئۇنى كىچىككىدىنلا تونۇيتتىم. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى بالدۇر ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇ تۇغقىنىنىڭكىدە بىر ئاي - بۇ تۇغقىنىنىڭكىدە ئىككى ھەپتە تۇرۇپ ئاران دېگەندە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈۋالغان. ھېلىمۇ ياخشى، تەشكىل ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىپ ئاشۇ مەكتەپكە خەلق ئوقۇتقۇچىسى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتىكەن. ئۇ بېشىنى چۆكۈرۈپ ئىشلەۋەرگەن گەپ. يېزىدىكى قىزلار بىلەن مۇھەببەتلىشىشكە ئىنتىلگەن بولسىمۇ ئېغىز ئاچالمىغان...

— ھەي، ئۇ گاچا سەندەك بىرىنى تېپىپ دېسە بولمامدۇ، كىشىنىڭ بېشىنى ئاغرىتماي، تېز سۆزلە- ھە،— توختىمەت بىئارام بولۇپ، ئالدىدىكى گۆشنىمۇ يېمەي قويدى.

— بايا ساڭا دېيىشنى ئۇنتۇپتىمەن. بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىسمى ئابلىمىت، ئۇنىڭغا كىچىككىدە قىزىل چىقىپ، ئاز - تولا چېچەك ئىزى بولۇپ ساقايغان ئىكەن. ئۇ مەكتەپ مۇدىرىنى ئانىسىدەك چوڭ كۆرۈپ، ئۆيلىنىۋېلىش ئارزۇسىنى دېگەندە، مۇدىر ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويۇشقا ۋەدە بېرىپتۇ. ئابلىمىت خۇش خەۋەر كۈتۈپ يۈرۈۋېرىپتۇ. مۇدىر مەكتەپتە بولمىغاندا، ئۇنىڭ ئايالى ئابلىمىتنى ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىپ، شەھۋانى گەپ - سۆز بىلەن ئابلىمىتنى ۋەسۋەسىگە ساپتۇ. ئۇ ئايال بىر كۈنى كەچتە: «ئابلىمىت، ئۆيلەنمەكچىمۇسىز، خوتۇن دېگەن ئاچچىقمۇ - تاتلىقمۇ بىلەمسىز؟» دەپ، بىزەڭلىك بىلەن سۆز قىلىپتۇ. ئابلىمىت: «خوتۇن خەقمۇ ئادەمغۇ، نېمە

ئۇ: «بولدى، گەپ قىلما، باللار قوينىي ئەتىلا ئەكېلىدۇ، خەق كۆرۈپ قالىدۇ دەپ ئېھتىيات قىلساڭ، ئۆلتۈرۈپلا...» دېۋىدى، مەن: «ماڭا تىرىكى كېرەك، ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا ھارۋىغا سېلىپ ئەكەلسۇن» دېدىم. ئەبەيدۇللا ئىمام بىرھازا جىم تۇرۇپ، دەيدىغان گېپىنى يۇتۇۋېتىپلا چىقىپ كەتتى.

— ھوي گايىت، سەن راستىنىلا ئەلچىلىك ئۇچۇن ئۇچ قوي ئالدىڭما؟— دېدى توختىمەت ھەيران بولۇپ.

ئىككىيلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، نامازدىگەر ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى سەزمىدى. بۇ چاغدا قۇياش نۇرى ئاجىزلاپ ھاۋا سوۋۇغان، قورساقمۇ ئاچقان ئىدى. شۇ ئەسنادا گايىت ئۇستامنىڭ ئايالى تاماقنىڭ تەييار بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

— ئۇچ قوينى نېمىشقا ئالغىنىمنىمۇ دەپ بېرىمەن،— دېدى گايىت ئۇستام ئورنىدىن تۇرۇپ،— كەل، قولۇڭنى يۇيۇۋال.

× × ×

جوزىغا گۆش ۋە باشقا نازۇنېمەتلەر قويۇلۇشى بىلەن ئىككىيلەن تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمايلا ئىشتەي نەغمىسىنى باشلىدى.

— گايىت ئاداش،— دېدى توختىمەت بىر پارچە گۆشنى تۇتۇپ يەۋېتىپ،— مېنىڭ خىيالىم جەملە قىزنىڭ تەقدىرىدە قالدى. دېگىنە، ئۇنىڭغا لايىق تاپالىدىڭمۇ؟

— ھەي ئاداش، جاھان دېگەن شۇنچە چوڭ تۇرسا، بىرسىدە بارى، يەنە بىرسىدە يوق. ئۇلارنى تېپىشتۇرىدىغان ئادەم بولسىلا مەسىلە ئۆزلۈكىدىن ھەل بولىدۇ- دە، ئاۋۋال گۆشىڭنى يە، قورسىقىڭنى تويدۇر، ئاندىن...

— سەن سۆزلەپ تۇرمىساڭ، ئىشتىيىم تۇتۇلۇپ قالغۇدەك.

— ئەستاغپۇرۇللا، مېنى گۆش يېدۇرمەيدىغان بولدۇڭ-

خوتۇن بولسامۇ مەيلى» دەپتۇ پىخىلداپ كۈلۈپ، ئابلىمىت ئىككىندە ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. دە: «سىز ماڭا خوتۇن بولۇشنى خالامسىز؟» دەپ، چوكاننىڭ ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ. چوكان ئېگىلگىنى كۆتۈرۈپ، كۆزىنى يۇمۇپ سۆيۈلۈشكە ھازىر بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئابلىمىت چوكاننىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، ئۆزىنى تۇتالمىغان ھالدا ئۇنى قۇچاقلاپ تەلۋىلەرچە سۆيۈپتۇ...

گايىت ئۇستام ئالدىراپ - تېنەپ، سوۋۇپ قالغان چايىنى بىر ئوتلىۋېلىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھەي، ئابلىمىت ئۇنىڭ كالپۇكىنى قاتتىق چىشلىۋېتىپتىكەن، چوكان ئاغرىقتا چىدىماي چىرقىرىۋەتكەن گەپ. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان مودىرنىڭ ئايالى بىلەن يەنە بىر مۇئەللىم ئىشخانىغا كىرىپتۇ. ھەش - پەش دېگۈچە بۇ خەۋەر كەنتكە تارقىلىپ، چوكاننىڭ ئاكىسىمۇ ئاڭلاپتۇ. ئۇ ئابلىمىتنى ئۇرماقچى بولۇپ كەلگەندە، مەن ئابلىمىت بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتىم. ئۇنىڭ ئەلپازى يامان، قولىدا تاياق بار ئىكەن، مەن نەسىھەت قىلىپ توستۇم.

— مېنى توسما، ئۇنى ئۇرۇپ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىمەن، — دېدى ئۇ مېنى ئىتتىرىپ.

— ئۇنى نېمىشقا ئۇرىسەن؟

— سىڭلىمنى بوزەك قىلىپتۇ، ئاشۇمۇ ئوقۇتقۇچى بولدىمۇ؟

— سىڭلىڭ ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلەشمەكچىكەن. ياخشىسى، سەن بۇ ئىشقا ئارىلاشما، ئۆزۈڭگە سەت بولىدۇ.

— ياق، ئۇنداق يېتىمەك ئەپەندىگە سىڭلىمنى بەرمەيمەن. ئۇنىڭدىن سىڭلىمنىڭ دەردىنى ئېلىپ بېرىمەن، ۋۇ ئاناڭنى، — دەپ تاياق كۆتۈرگەندە، مەن تاياقنى تارتىۋېلىپ، بىر مۇشت ئېتىۋىدىم، ئۇ تامغا چاپلىنىپ قالدى.

— سەن ئابلىمىت ئەپەندىگە جەملەنى چاتقان ئوخشىما-

دېمەكچىمىدى بۇ؟» دەپتۇ دە، ئۇنىڭ قىلىقىدىن تارتىنىپ، ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ. «سىز ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەنسىز، ئەرلىك ھېسسىياتمۇ يوق ئىكەن. بولمىسا، مەندىن قاچاتتىڭىزمۇ؟ مەن سىزگە پايدىلىق مەسلىھەت بېرىۋاتىمەن، ئاۋۋال تېتىپ كۆرۈپ ئاندىن ئۆيلەنمەمسىز. بۇ يەردىكى ياش ئەپەندىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلغان، ھى، ھى، ھى...» دەپتۇ مۇدىرنىڭ ئايالى. «سىز مۇدىرنىڭ ئايالى، ئىززىتىڭىزنى ساقلاڭ» دەپتۇ دە، ئابلىمىت ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپتۇ. بىرەك ئايال ئۇنىڭ يولىدا توغرا تۇرۇپ: «راست، مەن مۇدىرنىڭ ئايالى، لېكىن تەن مېنىڭ. سىز يىگىتلىكىڭىزنى ماڭا تەقدىم قىلماي تۇرۇپ بۇ يەردە ئۆيلىنەلمەيسىز. بولمىسا، مەن سىزنى داخانغا ئوقۇتۇپ كارغا كەلمەس قىلىدۇرۇۋېتىمەن» دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، مۇدىرنىڭمۇ سادا چىقماپتۇ. ئابلىمىت باشقا بىرىگە دەي دېسە، مۇدىرنىڭ ھالازۇل خوتۇنىدىن قورقۇپتۇ.

تەمكىنلەرچە ئايلار ئۆتۈپ، ئابلىمىت 29 ياشقا كىرىپ قاپتۇ. ئالدىنقى ئوقۇش يىلى ئۇ بىرىنچى يىللىقلارغا مەسئۇل بولۇپ، يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىۋاتقاندا، بىر چوكان بالىسىنى مەكتەپكە بەرگىلى ئەكەپتۇ، ئابلىمىت ئۇنىڭ بالىسىنى تىزىملاپتۇ. چوكان خېلى چىرايلىق بولۇپ، چىرايىدىن تەبەسسۇم يېغىپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ئىشى تۈگىگەن بولسىمۇ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتمەي: «ئابلىمىت ئاكا، مەن سىلىنى ئوبدان بىلىمەن، سىلى ياخشى مۇئەللىم. بۇ يېتىم بالا ئىدى، ئۇنىڭغا ئوبدانراق قاراپ قويسىلا، مەنمۇ سىلىنى رازى قىلاتتىم» دەپتۇ نازلىنىپ. ئابلىمىت: «مېنى قانداق رازى قىلارسىز؟» دەپتىكەن، چوكان: «كېچىكىسىدىن باشلىسام، ئاۋۋال ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ مېھمان قىلارمەن. ئادەتتىكىچە بولغاندا، ياتاقلىرىغا كېلىپ كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرەرمەن. ئاخىرىدا چىقىنىشىپ قالساق، سىلىگە

خوتۇنىڭدىن رازىمۇسەن؟» دەپ سورىدىم. «جەمىلە ياخشى قىز، ئۇنىڭ كېسەللىكىدىنمۇ خەۋىرىم بار. غەم قىلماڭ، ئۇنى ئۆزۈم داۋالىتىمەن» دېدى ئۇ كۈلۈپ. «سەن ئاڭلىغانمىدىڭ» دېسەم، ئۇ: «گايىت ئاكا، ئىنسان ھەرگىز بېجىرىم، كەم - كۈتىسىز بولمايدۇ. مەنمۇ چوقۇرغۇ. چوقۇرنى داۋالىغىلى بولمايدۇ، لېكىن جەمىلەنى داۋالىغىلى بولىدۇ، قانداق داۋالاشنىمۇ بىلىمەن، ئۇنى ھەرگىز خارلىمايمەن» دېدى. «مەن سەندىن خاتىرجەم بولدۇم،— دەپ، يانچۇقۇمنى كولاپ، 1500 يۈەن پۇلنى ئېلىپ تەڭلىدىم،— جەمىلەنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنى داۋالىتىش ئۈچۈن ئۈچ قوي بەرگەن، ئۇنى سېتىپ پۇلىنى ئەكەلدىم، قوشۇمچە قىلارسەن». ئابلىمىت: «بۇ، بۇ... » دەپ پۇلنى ئالغۇسى كەلمىدى. مەن سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈۋىدىم، پۇلنى ئالدى.

— ھە، جەمىلەنىڭ كېسىلى ساقىيىپتىمۇ؟

— يېرىم يىلغا بارماي ساقىيىپ، يېقىندا ئابلىمىتقا پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى دېگىنە. ھازىر ئۇلار شۇنداق ئىناق ئۆتۈۋاتىدۇ.

— ئېمىدېگەن ياخشى. ئەستاغپۇرۇللا، ئابلىمىتتا بار ئەقىل ئېمىشقا بىزنىڭ ئابلاجاندا يوقتۇ. ھە،— دېدى توختىمەت ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ،— رەھمەت ئاداش، ھېكايە سۆزلەپ مېنى بىردەم بولسىمۇ خۇشال قىلدىڭ.

سەن؟— دەپ سورىدى توختىمەت.

— شۇنداق، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، مەكتەپ مۇدىرى يۇقىرىغا شىكايەت قىلىپ، ئابلىمىتنى قوشدۆگدىن ياقا يۇلاققا يۆتكىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابلىمىت يەنىلا ئۆيلىنەلمەي قاپتۇ. بۇ يەرگە ئۇ يېڭى كەلگەندىكىن، جەمىلەنىڭ كېيسەللىكىنى بىلمەيتتى، قىزنى سىرتتىن كۆرۈپلا ماقۇل بولدى، ئاندىن ئەبەيدۇللا ئىمامغا خۇش خەۋەر يەتكۈزدۇم. ئۇ ھوشۇر تاغارچىغا دەپتىكەن، نومۇستا قېلىشىدىن قورقۇپ يەنە يېنىۋاپتۇ. «سېنىڭ يېشىڭ 65كە كىردى. بۇ يىل بارمىساڭ يېشىڭ ئېشىپ كېتىپتۇ دەپ، ھەرگىز ھەجگە بارغۇزمايدۇ» دەپ ئەبەيدۇللا ئىمام ئۇنى قورقۇتقان ئىكەن، ھوشۇر تاغارچى كېچىك بالىدەك پاڭگىدە يىغلىۋېتىپتۇ. «سەن نومۇستىن قورقساڭ، قىزىڭنى مەن چىقىرىپ بېرەي، قالغىنىنى ئۆزۈم توغرىلايمەن. پۇرسەتنى چىڭ تۇتمىساق لايىقنى قولدىن چىقىرىپ قويىمىز» دەپتۇ ئەبەيدۇللا ئىمام. شۇنىڭ بىلەن ھوشۇر تاغارچى قىزى جەمىلەنى ئەبەيدۇللا ئىمامغا تاپشۇرۇپ بەردى، ئۆزى قىزىنىڭ توي مەرىكىسىگە قاتنىششقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، ئۆيدە يېتىۋالدى. ئابلىمىت بىلەن جەمىلەنىڭ تويى كۆڭۈللۈك ئۆتتى، لېكىن جەمىلە توي كېچىسى قىلىدىغىنىنى قىلىپ، يېڭى دۇخاۋا كۆرپىگە خەرىتە سىزىپ قويۇپتۇ.

— ھە، بۇنىڭغا ھەرگىز كۈلمىگۈلۈك، شۇنداقمۇ،— دېدى توختىمەت ئىچى سىيرىلىپ،— ئاخىرى قانداق بولدى؟

— مەن ئابلىمىتنىڭ ھۇجرىسى ئەتراپىغا ئادەم كەلتۈرمەي، بىر كېچىنى تىك تۇرۇپ ئۆتكۈزدۇم. ئەتىسى ھال سورىغان بولۇپ ھۇجرىغا كىرىپلا ئاچچىق پۇراقنى سەزدىم. لېكىن، ئابلىمىت ئۇنى يوشۇرۇپ ئۆلگۈردى، ماڭىمۇ راست گەپ قىلغۇسى كەلمىدى. مەن ئۇنى ئايرىم ئۆيگە ئەكىرىپ: «جەمىلە قىز بولامدىكەن،

—...مەيلى!
— توختىمەت جىيىنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى.— دە، چىرايى تاتىرىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، پۇت - قوللىرى بوشىشىپ، خۇددى بىلمىگەن ھالدا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. ھېلىمۇ ياخشى گايىت ئۇستام ئۇنى تۇتۇۋالدى، ئۇنىڭ تىنىقى سەزگۈسىز دەرىجىدە ئىدى. گايىت ئۇستام ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى، جىددىي قۇتقۇزۇش باشلىنىپ كەتتى. توختىمەتنىڭ يۈرەك كېسەللىكى ئېغىر كەن. شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ نوپۇزلۇق دوختۇرلىرى ئۇنىڭ يېنىدىن بىر ھەپتىگىچە ئايرىلماي تەكشۈردى، سىرتتىن ھېچكىمنى كىرگۈزمىدى. تۇرسۇنخانمۇ ئەنسىرەپ كۆزىدىن يېشىنى قۇرىتمىدى. گويا ئېرىنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىشىغا گايىت ئۇستام سەۋەبچى بولغاندەك، دوختۇرخانىنىڭ كارىدورىدىلا ئۇنىڭ ئالدىدا توغرا تۇرۇپ:
— ئاۋۇ كۈنى توختىمەت سىزنى نېمە ئىش بىلەن ئىزدەپ بېرىپتىكەن. سىز نېمە دېدىڭىز، ئۇ نېمىشقا ھوشىدىن كېتىدۇ؟ ئۇنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىپ قېلىشىغا سىز سەۋەبچى، سۆزلىمەي نېمە لۆمشۈپ تۇرىسىز؟— دەپ سورىدى.
گايىت ئۇستام تۇرسۇنخاننى بىر يانغا تارتىپ، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى سىلىقلىق بىلەن ئەينەن دەپ بەردى. تۇرسۇنخان توختىمەتنىڭ كەيپىياتىدىكى جىددىي ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى.
— چۈشەندىم، ئاشۇ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن كېيىنلا توختىمەت نەزىمەگە ئۆچ بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭغا تەتۈر قاراپلا يۈرىدۇ. ئابلاجان نەزىمەنىڭ قىزىنى ئالماقچى بولغىنىغا ئاچچىقلىنىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ- دە،— تۇرسۇنخان ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك مۇشۇ گەپلەرنى دەپ بېشىنى كۆتۈردى،— خاپا

## يەتتىنچى باب

### 1

— ئۇنىڭغا تۇتۇق بەرمىگەن ئابلاجان ئىككى كۈندە بىر كېلىپ، گايىت ئۇستامنى سۆيلەشكە باشلىدى. ئۇ توختىمەتكە نېمە دەپ ئېغىز ئېچىشنى بىلمەي تەڭقىسلىقتا تۇرۇۋاتاتتى. بىر كۈنى ئۇ گايىت ئۇستامنى ئىزدەپ كېلىپ، سۆپىنىڭ بۇرجىكىدە ئولتۇرۇپ، ئېغىز زەمبىرىكى بىلەن سۆز ئوقى ياغدۇردى.

— ھەي گايىت، ئېيتە، ئاۋۇ كۈنى مېنى شۇنداقلا چاقىرمايسەن، شۇنداقمۇ؟ گەپ ئەگىتمەن دەپ ئاۋارە بولما، ئابلا قايتا ئۆيلەنمەكچى، سېنى يەنە بىر قېتىم «ئەلچى» بولۇپ بەر دېگەن، راستمۇ؟ — شۇتاپتا ئۇنىڭ چىرايىدىن مۇز ياغاتتى.

گايىت ئۇستامۇ خەقنىڭ چىرايىغا قاراپ كۈن ئالىدىغان ئادەم ئەمەس. ئۇ بۇ قېتىم گەپ ياساپ تۇرمىدى.

— راست، پەقەت سىلەر قوشۇلساڭلار. بۇ، مېنىڭ ئابلاجانغا قويغان شەرتىم، — دېدى كەسكىنلىك بىلەن.

— ئۇنىڭ بۇ قېتىم تاپقان قىزى، ئاتا - ئانىسى كىمكەن؟

«توختىمەت بىلىپ سوراۋاتامدۇ ياكى بىلمەي سوراۋاتامدۇ؟ بىلسە يەنە چېچىلىپ يۈرەرمۇ. ياق، مۇشۇ كۈندە كىم ئەمەلدارغا يېقىنلىششنى، تۇغقان بولۇشنى خالىمايدۇ». گايىت مۇشۇلارنى چاقماق تېزلىكىدە كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

— شەھەر باشلىقى خا...— ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشمايلا، بومبا پارتلىغاندەك ئاۋاز ياڭرىدى:

تەلەپ قىلدى. گايىت كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ بېشىغا بىر ياستۇقنى قويۇپ بەردى.

— گايىت، سېنىڭ دېگىنىڭمۇ توغرا،— دېدى توختەمەت سۆز باشلاپ،— لېكىن بۇ قېتىم ئاتىلىق بۇرچۇم بىلەن ئابلانى نەزىمەنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىشتىن توسۇماي تۇرالمايمەن ئاداش. مەن كېسەل كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزۈمنىڭ ئېغىر گۇناھقا پاتقانلىقىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن. مەن كىشلەرگە دېگىلى بولماي-دىغان ئىشلىرىمنى — گۇناھلىرىمنى سىر پېتى گۆرگە ئەكېتەر-مەن دەپ ئويلىغان، لېكىن ھازىر نەزىمە مېنى يارغا قىستاپ ئەكىلىپ قويدى. ئەمدى بۇ سىرىمنى ساڭا دېمىسەم بولمىدى. سەن ماڭا ياردەم قىلىپ، ئابلاجاننى نەزىمەنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىش-تىن توسۇپ قال. بولمىسا، مەن ئۆز ئەجىلىمدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن.

توختەمەت ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، تەمكىن ئولتۇراتتى. بىرەر ئىش يۈز بەرگەندىمۇ، دوختۇرلار بولغاندىكىن، ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. توختەمەت سۆزىنى ياشلىق دەۋرىدىكى جۇشقۇنلۇق يىللىرىدىن باشلىدى. گايىت ئۇستام بۇ يەردە قورۇنماستىن، ئۇنىڭ سىرىنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولدى.

× × ×

توختەمەت ياللانما دېھقاننىڭ پۇشتى ئىدى. ئۇ 1955- يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا خىزمەتكە قاتناشقان، دەسلەپتە بىرقانچە يىل يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىبات ئىشخا-نىسىدا ئىشلەپ، سەممىي، قەيسەرلىكى بىلەن ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلدى. توختەمەت كەمتەر، چىققشقاق، خىزمەتتە مەسئۇلىيەت-چان ئىدى، خەتنى ئۈنچە ـ مەرۋايىت تىزغاندەك چىرايلىق

بولما گايىت، ساڭا چېچىلماسلىقىم كېرەك ئىدى، بۇ بالىنىزە...— گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقارماي مىسكىن قىياپەتتە مېڭىپ ئېرىنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كەتتى.

گايىت ئۇستام ئىككى كۈندىن كېيىن دوختۇرخانىغا كەلدى. توختىمەتنىڭ يۈرىكى نورماللىشىپ، ئۇنى يوقلاپ كىرىپ سۆزلەشسە بولىدىغان هالغا كەپتۇ. گايىت ئۇستام ئۇنى يوقلاپ كىردى، خېلىغىچە هال - مۇڭ ئېيتىشىپ ئولتۇردى. ئۇ قايتماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا توختىمەت ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— گايىت ئاداش، ئابلاجانغا ئېيتىپ قوي، ئاتلىق بۇرچۇم ۋە هوقۇقۇم بىلەن بۇيرۇيمەنكى، ئۇ باشقا كارا - كاراڭ قىلماي هاۋاخان بىلەن يارىشىۋالسۇن، باشقىسىنى مەن قوبۇل قىلمايمەن،— دېدى تولىمۇ ئاجىز ئاۋازى بىلەن.

ئاتا - ئانا پەرزەنتنى ياراتقۇچى، شەپقەتچى، تەربىيىچى. ئۇلار پەرزەنت ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلىدۇ، پىداكارلىق بىلەن هاياتىنى خورىتىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتكە بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە هوقۇقلۇق. پەرزەنتمۇ ئاتا - ئانىنىڭ گېپىگە كىرىشى، پىكرىگە هۆرمەت قىلىشى لازىم. لېكىن، بەزى پەرزەنتلەر ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز هالدا ئاتا - ئانىنىڭ يوللۇق پىكرىنى قوبۇل قىلمايدۇ، هەتتا ئايرىم ئەهۋالدا قانۇن بۇنى قوغدىمايدۇ، بولۇپمۇ قىز - يىگىتنىڭ ئىختىيارلىشىپ توي قىلىشىدا شۇنداق. بۇنى توختىمەتمۇ چۈشىنىدۇ. گايىتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ پەقەتلا «ئەلچى» بولۇپ ئوتتۇرىدا سالاچىلىق رولىنى ئوينايدۇ، ئۆز ۋىجدانى ۋە سۆزىنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ:

— بۇ مۇمكىن ئەمەسكەن. ۋاي بولدىلا ئاداش، سەن ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققۇچە مۇشۇ ئىشلارنى ئويلىمىساڭچۇ،— دېدى توختىمەتكە كۆيۈنۈپ.

توختىمەت گايىتتىن ئۆزىنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشنى

تەبەسسۇم قىلىپ تۇرغان ئايالنى كۆرسىتىپ،— نەزىمەنى سىزگە تونۇشتۇرۇپ قويايي دەپ ئەكىردىم. ئۇ پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ[1] ماشىنىستى، خەنزۇچىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئارخىپ رەتلىگەندە، خەنزۇچە ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلىش ئىشىغا نەزىمەنى چاقىرىپ ياردەملەشتۇرسىڭىز بولىدۇ، باشقا ئادەمنى چاقىرىپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئۇ شەھەرلىك پارتكومغا سىزدىن كونا، قائىدە - تۈزۈملەرنى ئوبدان بىلىدۇ...

— تونۇشۇپ قالايلى، توختىمەتجان،— دەپ نەزىمە تەشكىلات بۆلۈم باشلىقىنىڭ سۆزىنى بېلىدىن كېسىپلا يۇمران، يۇمشاق قولىنى ئۇزاتتى.

توختىمەتنى ئاتا - ئانىلىرى ئەركىلىتىپ «جان» سۆزىنى ئىسمىغا قوشۇپ چاقىرىپ باقمىغان. نەزىمە ئۇنى شۇنداق چاقىرىۋىدى، بۇ ئۇزىگە ياراشقاندەك، كۆڭلى ئۆسۈپ قالغاندەك ھېسسىيات پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ تېخى ئايال بىلەن قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشۈپ باقمىغان ئىدى، شۇڭا تارتىنىپراق قولىنى بەردى. نەزىمە ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ ئارقا - ئارقىدىن سىلكىپ، بولاق سۇيى ئېتىلىپ چىققاندەك كۈلۈپ:

— ئىشىڭىز چىققاندا ھايت دەپ قويسىڭىز، مەن ئالدىڭىزدا ھازىر بولىمەن...— دېدى.

توختىمەتمۇ ھىجايدى، لېكىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيلا قالدى. قانداقلا بولمىسۇن، نەزىمە ئۇنىڭدا ئوچۇق كۆڭۈل، خۇش چاقچاق ئايالكەن دېگەندەك ياخشى تەسىرات قالدۇردى. ئۇ خىزمەتكە ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدىغان غەيرەت - شىجائەتلىك يىگىت بولغاچقا، تېزلا ئارخىپخانىنىڭ خىزمىتىنى سۆيۈپ، ئارخىپلار دۆۋىسىگە چۆكۈپ كەتتى. خەنزۇچىنى بىلمەسلىكى

---

[1] ماشىنىست — خەت باسقۇچى.

يازاتتى، كىچىك تۇرۇپلا خىزمەت كۆرسىتىپ پارتىيە قوينىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ 50- يىللارنىڭ ئاخىرىدا شەھەرلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئارخىپ خادىمى بولۇپ تەيىنلەندى.

كەڭ دالا، يېزا- قىشلاقلاردا بەيگە ئېتىدەك شاپىشىپ، يايراپ يۈرگەن بۇ يىگىت ئۆزىگە يات ھەم سىرلىق ئارخىپ خالتىلىرى دۆۋىسى ئالدىدا گاڭگىراپ قالدى. قەۋەتلىك بىنانىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان چوڭ ئىشخانىغا تولغان ياغاچ، تۆمۈر ئىشكاپلارغا شەھەردىكى كادىرلارنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى قاچىلىنىپ ھىم قۇلۇپلانغان. ئىشكتىن كىرىپلا قارشى تام تەرەپكە بىر كارىۋات، كارىۋاتنىڭ يېنىغا بىر شىرە، بىر ئورۇندۇق قويۇلغان. بۇ ئىشخانىنىڭ بىرقانچە يېرىدىكى كىچىك - كىچىك دېرىزىلەرنىڭ سىرتى پولات چىۋىقلار بىلەن كەپشەرلەنگەن، ئىچىدىن ئېتىدىغان قېلىن تۆمۈر ياپقۇچمۇ ياسالغان، ئىشخانىنىڭ ئىشىكى قېلىن قەلەي بىلەن مىخلانغان. ئىشىك - دېرىزىلەر يېپىلىپ، چىرىغى ئۆچۈرۈلسە، ئىشخانا گۆرنىڭ ئۆزىلا بولۇپ، ئاۋاز سىرتقا چىقمايدۇ. بەزى كىشىلەر ئارخىپخانا ئاچقۇچىنى تۇتقۇچىلار ئەڭ ئىشەنچلىك، تەلەيلىك دېسە، يەنە بەزىلەر ئارخىپخانا ئادەم يېقىن بارىدىغان يەر ئەمەس، خەتەرلىك دېيىشىدىكەن. قايسىسىنىڭ راست، ئۇنى كىم تەكشۈرۈپ بېقىپتۇ؟ قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئارخىپخانىدا ئىشلەش توختىمەتكە نېسىپ بولۇپ قالدى.

ئۇزاق ئۆتمەي تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى ئۇنىڭ قېشىغا چىرايلىق، ئوماققىنە بىر ئايالنى باشلاپ كىرىپ تونۇشتۇردى:

— يولداش توختىمەت، ئارخىپخانىنىڭ خىزمىتىگە تازا كۆنۈپ كېتەلمەيۋاتىسىز. بۇ يەردە ئىشلەش كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپ قويىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەنزۇچە ماتېرىياللارنى بىر تەرەپ قىلغاندىمۇ قىينىلىپ قالىسىز. شۇڭا مەن،— دەپ يېنىدا

بېرىلىپ، شەخسىي تۇرمۇشىنى ئۇنتۇپ قالغان خالىق 24 ياشقا
كىرىپ قالغاندا، ئاتا - ئانىسى ئۇنى ئۆيلىنىشكە زورلىغان. دەل
شۇ ۋاقىتتا يۇقىرىدىن ئۇنىڭغا مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا
ئۈچ يىل ئوقۇيدىغان ئۇقتۇرۇش كەلدى. خالىق بۇ پۇرسەتنى
ھەرگىز قولدىن بەرمەي، ئاتا - ئانىسىغا خىزمەت ئىشلەپ
ئىدىيىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئوقۇشقا بارغان. «ئامەت كەلسە قوش
كەپتۇ» دېگەندەك، خالىق مەكتەپ پۈتكۈزۈپ قايتىپ كەلمەي
تۇرۇپلا، ئۇنىڭغا شەھەرلىك پارتكوم قارمىقىدا يېڭىدىن تەسىس
قىلىنىدىغان يېزا ئىگىلىك بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقى مۇقىملىشىپ
قالغان. بۇ خەۋەرنى سىرتتا ئاڭلاپ قالغان بىردىنبىر ئادەم نەزىمە
ئىدى. ئۇ ياشلىقىدا مۇھەببەت ئىزدەپ، بەخت قوغلىشىپ، بىر
قەدەمنى خاتا بېسىپ سالغىنىنى ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز پۇشايمان
ئىچىدە قالغان، تۇنجى سۆيگىنى ئۇنى تاشلاپ كەتكەن ئىدى.
شۇڭا ئۇ، بۇ بىرقانچە يىلنى تۇنجى سۆيگەن كىشىسىنى ئۇنتۇپ
كېتەلمەي، ھاياتنى سۈكۈت ئىچىدە ئۆتكۈزگەن ئىدى. تۇرمۇش
رەھىمسىز، قولدىن كەتكەن بەخت بەربىر قايتىپ كەلمەيدۇ،
شۇنداقلا ياشلىق باھار، گۈزەل ھۆسن - جامالمۇ شۇ پېتى تۇرۇۋەر-
مەيدۇ، نەزىمە قايتا بەختىنى تاپمىسا بولمايتتى. خالىقنىڭ تۈز
سىزىقتا يۇقىرىغا ئۆرلەپ مېڭىشى نەزىمەنى سۈكۈتتىن ئويغاتتى.
ئۇ توختىمەتنىڭ يېنىدا تىپتىنچ ئىشلەپ يۈرۈۋاتقاندەك قىلغان
بىلەن، قەلبىدە يېڭى ئارزۇ - تىلەكلەر ئويغىنىپ، خالىقنى
قوغلىشىش، ئۆزىگە بەخت يارىتىش ئىستىكى باش كۆتۈردى.
«بەخت قۇشى قونغۇسى كەلگەندە ئاسماندىنمۇ - يەردىنمۇ
يول تېپىلىدۇ» دېگەندەك، خالىق مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇ-
تىنى پۈتكۈزۈش ئالدىدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلى-
دىغان بولۇپ، يىغىن مەزگىلىدە شىنجاڭدىن بارغان ۋەكىللەرگە
مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىپ بېرىش

نەزىمەنىڭ ياردىمى بىلەن ھەل بولۇپ، ئىشنى يۈرۈشتۈرۈۋالدى.

نەزىمە ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، چاقىرغان ھامان ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ قويۇپ، توختىمەتكە ياردەملىشىپ ئىشنى تېز ھەم رەتلىك بېجىرىشىپ بەردى. ئادەتتە توختىمەتنىڭ نەزىمەنى ياردەمگە چاقىرىدىغان كۆپ ئىشى يوق، لېكىن نەزىمە دائىم توختىمەتنى يېنىغا چاقىرتىۋېلىپ، ماشىنىكىدا ئۇرىدىغان ماتېرىيال، ھۆججەتلەرنى ئوقۇپ بېرىشكە، ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن سېلىشتۇرۇشقا سالاتتى. توختىمەت بۇ خىل ھەمكار-لىقتىن تولىمۇ مەمنۇن ئىدى، چۈنكى قاراڭغۇ ئارخىپخانىدا يالغۇز ئولتۇرغاندىن كۆرە، ساھىبجامال ئايالنىڭ قېشىدا بىرقانچە سائەتلەپ ئولتۇرۇش، مۇڭدىشىش كۆڭۈللۈكتە. ماشىنىكىدا ئۇرىدىغان مەخپىيەتلىك دەرىجىسى يۇقىرى ھۆججەتلەرنىمۇ ئۇ توختىمەتتىن سىر تۇتۇپ يۈرمەيلا ئوقۇتۇۋېرەتتى. نەزىمە شەھەر-لىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا قارار قىلىنغان ئىشلاردىن، بولۇپمۇ كادىرلارنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى، سەپلىنىشى قاتارلىق ئىشلاردىن خەۋەردار بولاتتى. بۇگۈن ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان خەۋەر ئەتىسى ياكى مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن قىزىل باشلىق ھۆججەت بولۇپ چۈشەتتى. ئەمەلىيەتتە نەزىمەنىڭ بىلىدىغان ئىچكى ئىشلىرى كۆپ ئىدى، ھەممىنىلا ئۇنىڭغا ئاشكارىلاپ ئولتۇرمايتتى، بولۇپمۇ يولدىشى خالىققا، ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى تېنىپمۇ قويمايتتى.

خالىق توختىمەت بىلەن قۇرداش يېزا كادىرى ئىدى. ئۇ يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ خىزمىتىدە ئالاھىدە نەتىجە يارىتىپ، «مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دېگەن شەرەپ-لىك نامغا ئېرىشىپ، بېيجىڭغا بېرىپ قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتناشقان. ئۇ يىغىندىن كېلىپلا شەھەرلىك بانكىغا مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن. ھۆكۈمەت ئىشىغا

كۆتۈرۈپ دۇئا ياندۇردى. نەزىمە ياندىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ مېيىغىدا كۈلگىنىچە سۆزىنى داۋام قىلدى، — توختىمەت، پەرىزىمچە سىز مېنى يوقلىغاچ چاقىرغىلى كەلدىڭىزغۇ دەيمەن.

— مېنى كەچۈرۈڭ، سىز كېسەل بولغاندىكىن ئاۋارە قىلمىسام بولاتتى. ساقايمىغان بولسىڭىز...

— ياق، كېسىلىمۇ ئېغىر ئەمەس، — دېدى نەزىمە ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — قېنى، ئىشنىڭ مۇھىم - مۇھىم ئەمەسلىكىگە قارىمادۇق. ئادەم دېگەن ئىشلىگەنگە ئۆلۈپ قالمايدۇ، يېتىۋالغاندىن مىدىرلاپ تۇرغان ياخشى ئەمەسمۇ...

توختىمەت خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئويلاپ، نەزىمەگە تەكەللۇپ قىلىپ تۇرمىدى:

— شەھەرلىك پارتكوم چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە بىر قانچە مەسئۇل يولداشلارنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە قىلىپ يوللاپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى...

— بىلىۋالدىممۇ توختىمەت، — نەزىمە كۈلۈپ كەتتى، — ئىشىڭىز بولغانلىقتىن مېنى ئىزدەپ كەلدىڭىز، — ئۇ ناھايىتى تېزلا تەمكىن قىياپەتكە كىرىپ، — مەنمۇ بۈگۈن ئىشقا بارماقچى ئىدىم، ئەتىگەندە بىر كۆڭلىكىمنى ئىزدەيمەن دەپ چامادانني ئېچىۋىدىم، قولۇمغا ياش ۋاقتىمدا چۈشكەن سۈرەتلەر چىقىپ قالدى. ئۇلارنى كۆرۈپ بىر كۈلۈپ - بىر يىغلاپ ئولتۇرۇپ بىرنەچچە سائەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپتىمەن، ئاندىن ئەس - ھوشۇمنى يىغىپ كىيىملىرىمنى رەتلەپ كىيىپ تۇرۇشۇمغا سىز ئىشىكنى قاقتىڭىز. ۋۇي توختىمەت، ئېسىم قۇرۇسۇن، سىزگە داستىخان سېلىشنىمۇ ئۇنتۇپتىمەنغۇ، — ئۇ لىككىدە ئورنىدىن تۇردى.

— بولدى، ئاۋارە بولماڭ، مەن... — توختىمەت قايتىشقا تەمشىلىپ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، نەزىمە ئۇنىڭ مۈرىسىدىن بېسىپ ئولتۇرغۇزدى.

ئۇچۇن تەرجىمان، ماتېرىيال باسىدىغان ماشىنىستلار لازىمكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان نەزىمە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بېيجىڭغا ماشىنىست بولۇپ بېرىشنى قولغا كەلتۈردى. دە، جىمجىتلا كەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمەي تۇرۇپ، خالىق بىلەن ئىككىسىنىڭ بېيجىڭدا ئىرمىشىپ - چىرمىشىپ كەتكەن مۇھەببەت سۆز - چۆچەكلىرى تارقالدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا خالىق بىلەن نەزىمە ئەر - خوتۇن بولۇپ، بېيجىڭدىن قايتىپ كەلدى.

نەزىمە بۇرۇنقىدەكلا توختىمەت بىلەن ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ئىشلىدى. 1964- يىلى يۇقىرىدىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ شەھەر باشلىقىنى يۆتكەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا شەھەر باشلىقى قويۇش ئۇچۇن، شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىپ، ئىككى كىشىنىڭ نامزات ئىسىملىكىنى بېكىتتى. توختىمەت شەھەرلىك پارتكومدىن بىرقانچە كىشىنىڭ يەككە ئارخىپ ماتېرىيالىنى ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە تەييارلاپ بېرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. «ماتېرىيال خەنزۇچىمۇ بولسۇن» دېيىلا، توختىمەت ئامالسىز قالاتتى، نەزىمەگە يېلىنمىسا بولمايتتى. ئۇ ئىشخانىدىكىلەردىن سورۇشتە قىلىۋىدى، «نەزىمە كېسەل بولۇپ ، ئۆيدە دەم ئېلىۋاتىدۇ» دېيىشتى. توختىمەت «ئاپلا، بىر ھويلىدا ئىشلەۋېتىپ، ئۇنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەي قاپتىمەن» دەپ، بازاردىن نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىپ، نەزىمەنىڭ ئۆيىگە باردى.

— سىزنى كېسەللەكەن دەپ ئاڭلاپ يوقلاپ كەلدىم، تاۋۇڭىز قانداقراق؟

— مېنى يوقلاپ كەلگىنىڭىزگە رەھمەت، نېمانچە جۇۋاپ يۈرىسىز، قېنى ئولتۇرۇڭ،— دېدى نەزىمە ئۇنىڭغا چىراي ئېچىپ. توختىمەت كېسەل يوقلاش ئۇچۇن ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى تومپۇچكىنىڭ يېنىدا قويۇپ، ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە قولىنى

سۇرەتلەرنى ئالغاندا، قوللىرى تىترەپ كەتتى. شۇ تاپتا نەزىمەنىڭ خىيالى ياشلىق ئەسلىمىسى ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى...

2

قاسىم ئەپەندىم ئېگىز ئەرزەك، قەددى - قامىتى كېلىشكەن، ئۆزى چاققان، زېھنىي ئۆتكۈر، ياشلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان 28 ياشلاردىكى يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ سۆلىتىلا ئەمەس، بەلكى چىرايمۇ ئۆز يېشىدىن كىچىك كۆرسىتىپ تۇراتتى، ئېقىپ چۈشكەندەك ياراشقان بۇرنى، لەۋلىرى، تال - تال قاپقارا چاچلىرى، كۈلۈپ تۇرىدىغان نۇرلۇق كۆزلىرى، ئىشقىلىپ ھەممىلا يېرى يېقىملىق ئىدى. تۇرقىدىكى مەردانە، نازاكەتلىكىدە قىلچىمۇ ياسالمىلىق يوق ئىدى. ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ قالسىڭىز، خۇددى ئېگىلمەس - سۇنماس پالۋاننى كۆرگەندەك بولىسىز. ھەربىي فورمىسى ئۇنىڭ قامىتىگە ئالاھىدە سالاپەت بېغىشلىغاندەك كۆرۈنىدۇ، مەيدىسىدىكى قەھرىمانلىق ئوردېنلىرى چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇنى يېقىندىن كۆرسىڭىز، ئۇنىڭ تۇرق ۋە سۆز- ھەرىكىتىدىن تەربىيە كۆرگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ خۇش پېچىملىقى ئۆز ۋۇجۇدى بىلەن تەڭ ئاپىرىدە بولغان. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالسا، ھەممىگە تەڭ باش لىڭشىتىپ سالام بېرىدۇ، ئۆزى مەغرۇر، ۋۇجۇدىدىن سەمىمىيلىك تېمىپ تۇرىدۇ...

قاسىم ئەپەندىم يۇقىرىقى خىسلەتلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنىدۇ. ئۇ ئۆزىگە ئىشىنىدۇ، شۇ ئىشەنچ ئۇنىڭغا يەنە بىر سېھرىي كۈچ بېغىشلىغان. ئۇ قول ئاستىدىكى جەڭچىلىرى بىلەن بىللە بولغاندا، ئۇلار خۇددى ئۆزلىرىگە شاپائەت يېغىۋاتقاندەك سۆيۈنۈپ كېتىشىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر مەردانە قەدىمى ھاياتىي كۈچىنىڭ سىمۋولىدەك، نۇرغۇن جەڭچىلەر ئۇنىڭ

— ماتېرىيال تەييارلاش ئىشى ناھايىتى مۇھىم، كەينىگە سۇرۇشكە بولمىغۇدەك، مەن سىزگە چوقۇم ياردەملىشىمەن، لېكىن ئۆيگە كەلگەن مېھمانغا داستىخان سېلىپ ئۇسسۇلۇق بەرمىسە ساەت تۇرىدۇ. مېنى خىجىل قىلماي بىرئاز ئولتۇرۇڭ. «بىكار ئولتۇرغۇچە بىكار ئىشلە» دەپتىكەن، مەن بايا دېگەن سۈرەتلەرنى ئۈستەلگە قويۇپ قويدۇم، قىزىقسىڭىز كۆرگەچ ئولتۇرۇڭ.

نەزىمە ئاشخانىغا چىقىپ كەتكەندە، توختىمەت ئۈستەلدىكى سۈرەتلەرنى ئېلىپ كۆردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ، زوقلىنىپ، ئەجەبلىنىپ ئۆزىنى باسالماي قالدى. نەزىمە نان، نازۇ نېمەتلەر قويۇلغان پەتنۇس بىلەن چەينەكنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىردى.

— نەزىمە، بۇ سۈرەتتىكى كىشىلەر كىم؟ چىرايىدىن ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئۇلارغا ھەربىي فورما شۇنداق يارىشىپتۇ، ئۆزلىرى كېلىشكەن يىگىتلەركەن، مەيدىسىدە قەھرىمانلىق ئوردېنلىرىمۇ بار ئىكەن،— توختىمەت بىر سۈرەتكە سىنچىلاپ قاراپ،— ۋوي، ۋوي مونۇ كىشى قاسىم ئەپەندىمۇ نېمە، ئۇ ئات مىنىۋاپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدىكى قىز... بۇ قىز سىز ئەمەسمۇ. ئاشۇ ۋاقىتتا چىرايىڭىز ئايدەك سۈزۈك، بېلىڭىز قومۇشتەككەن، كىيىملىرىڭىزمۇ ئۆزگىچە، شۇنچە يارىشىپتۇ، خۇددى گۈللۈكتە ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەكتەك...

— مېنى ماختاپ كېپىنەكتەك ئۇچۇرۇۋەتمەي، ئۇسسۇلۇق ئېلىڭ، مەزىگە بېقىڭ،— دېدى نەزىمە تەبەسسۇم قىلىپ.

— نەزىمە، سىز قاسىم ئەپەندىم بىلەن تونۇشمايدىغاندەك يۈرەتتىڭلار. بۇ بەش پارچە سۈرەتنىڭ ھەممىسىدە قاسىم ئەپەندىمۇ، سىزمۇ باركەنسىز، بۇ قانداق گەپ؟— شۇ تاپتا توختىمەت نەزىمەنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداقتۇر بىرنەرسىنى سەزگەندەك، سوئال نەزىرىدە قارىدى.

نەزىمە توختىمەتتىن كۆزىنى ئۈزمەي، ئۇنىڭ قولىدىكى

تائلىق قولى بىلەن مەززىلىك ئۆي تائاملىرىنى ئېتىپ بېرەتتى. قاسىم ئەپەندىمنىڭ ئۇرۇمچىدە سەپداشلىرى، دوست - يارەنلىرى كۆپ، ئۇلارنى ياتىقىغا چىللىسا، نەزىمە ھەر خىل قورۇما، مەززىلىك تائاملارنى تەييارلاپ، مېھمانلارنى رازى قىلاتتى؛ قاسىم ئەپەندىمنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىغا كىر قونىدۇرمايتتى، كىيىملىرىنى دەزماللاپ قاتلاپ بېرەتتى. بىر يەكشەنبە كۈنى نەزىمە مەكتەپتىن ئەتىگەندىلا كېلىپ، قاسىم ئەپەندىمنىڭ يوتقان كۆرپىلىرىنىڭ كىرلىكلىرىنى يۇيۇۋاتقان ئىدى، بىرەيلەن سومكىسىنى كۆتۈرۈپ كۆلۈپلا كىرىپ كەلدى. نەزىمە بۇ كىشىنى بۇ يەردە تولا كۆرگەن، لېكىن ئىسىم - فامىلىسىنى بىلمەيتتى. ئۇ كىرىپلا نەزىمە بىلەن تولىمۇ قىزغىن سالاملاشتى، ئاندىن قاسىم ئەپەندىمگە قاراپ چاقچاق قىلدى:

— قاسىم ئاداش، يۇرتدىشىمىز نەزىمەنى بىزگىمۇ تونۇشتۇرۇپ، ياتاقلىرىمىزغا ئېلىپ باراي دېمەيسەن، سەنمۇزە...

— مەن نېمە بوپتىمەن،— قاسىم ئەپەندىم سەپدىشىنىڭ سومكىسىغا قاراپ بىرنېمىنى سەزگەندەك،— مەن كىرلىرىمنى ئۆزۈم يۇماقچى بولۇپ تۇرسام، نەزىمە كېلىپ قولۇمدىن تارتىۋالدى. سومكاڭدىكى نېمە ئۇ، مۇنداق قىلە.

ئۇ كىشى سومكىسىنى كۆتۈرۈپ كىرگىنى بىلەن ئېغىز يېرىپ دېيەلمەي قايتۇرۇپ ئېلىپ چىقارمەنمۇ دېگەن ئەندىشىدە ئىدى. مانا ئەمدى قاسىم ئەپەندىم ئۆزى تەلەپ قىلدى، بۇمۇ ياخشى بولدى دەپ، ئۇ سومكىنى بەردى. قاسىم ئەپەندىم سومكىنى ئېچىپ:

— ۋاي ئاللا، نېمىدېگەن كۆپ لاتا - پىتە بۇ،— ئۇ سومكىغا لىقمۇلىق قاچىلانغان كىر كىيىم - كېچەك، ياستۇق قېپى، يوتقان تېشى دېگەندەكلەرنى تارتىپ چىقاردى،— كىر يۇدۇرۇپ نەزىمەدىن ئۈچ ئالماقچىمۇ، قاچۇرۇۋەتمەكچىمۇيا،— قاسىم

نامىنى ئاڭلىسا كۆڭلى پايراپ، ئۆزىدە دىل ئاراملىق سېزىدۇ. ئۇ مىللىي ئارمىيە تەركىبىدىكى ھەر يەر - ھەر يەردىن كېلىپ قالغان قۇلاق كەستى، لوكچەك، بۇلاڭچى - ئوغرىلارنى ئۆزى نەمۇنىلىك ھەرىكىتى ۋە تەربىيىسى بىلەن ئادەم قىلىپ چىققان، جۇملىدىن داڭلىق كانتۇ زۇنۇنمۇ مىللىي ئارمىيىنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن ئوفىتسېرى بولغان. ئۇ ئەنە شۇنداق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن جەڭچىلەرنىڭ ئەڭ زور ئىشەنچىگە ئېرىشكەن ئىدى.

ئەپسۇس، زۇنۇن كەتتى. ئۇ سىڭلىسى نەزىمەنى قاسىم ئەپەندىمگە تاشلاپ قويۇپ كەتتى. شۇڭا ئۇ، بۇ ۋەزىپىنى ۋەتەننى قوغداش يولىدا قۇربان بولغان شېھىتنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىپ تاپشۇرغان ئاخىرقى ۋەسىيىتى، شەرەپلىك بۇرچى دەپ قاراپ، نەزىمەگە غەمخورلۇق قىلدى. نەزىمەنىڭ بىلىم ئېلىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ۋاقىت چىقىسىلا يوقلاپ بېرىپ، تىرىشىپ ئوقۇشقا ئىلھاملاندۇردى، يەكشەنبە كۈنلىرى شەھەر كوچىلىرىنى ئايلاندۇرۇپ، خەلق باغچىسى، خاتىرە ئورۇنلىرىغا ئاپىرىپ ئويناتتى، كىنو - تىياتىرغا ئەكىردى. بۇ جەرياندا ئۇ نەزىمەگە بېشىدىن كەچۈرگەن، ئاڭلىغان ھېكايىلارنى، ئادەم بولۇشنىڭ داۋلىلىرىنى سۆزلەپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن نەزىمەنىڭ سۇنۇق كۆڭلى ئېچىلىپ، ئاكىسىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن پەيدا بولغان پەرىشانلىقى بارا - بارا كۆتۈرۈلۈپ، قاسىم ئەپەندىمنى ئۆز ئاكىسىدەك كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئېچىلىشىپ كەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي شىنجاڭ ھەربىي رايونى مىللىي ئوفىتسېرلارنىڭ مەدەنىيەت ئۆگىنىش كۇرسىنى ئاچتى، قاسىم ئەپەندىم بۇ كۇرسقا قاتنىشىپ، ئوقۇغۇچى بولدى. نەزىمە ئوقۇۋاتقان ئۆلكىلىك بىيۇرو كادىرلار مەكتىپى شەھەرنىڭ سىرتىدىراق بولۇپ، ئارىلىقى خېلى بار، پىيادە ئىككى سائەتتەك يول ئىدى. نەزىمە خالىغان ۋاقىتتا قاسىم ئەپەندىمنىڭ يانىغا كېلىپ،

تاتلىق قولى بىلەن مەززىلىك ئۆي تائاملىرىنى ئېتىپ بېرەتتى.
قاسىم ئەپەندىمنىڭ ئۆرۈمچىدە سەپداشلىرى، دوست - يارەنلىرى كۆپ، ئۇلارنى ياتىقىغا چىللىسا، نەزىمە ھەر خىل قورۇما، مەززىلىك تائاملارنى تەييارلاپ، مېھمانلارنى رازى قىلاتتى؛ قاسىم ئەپەندىمنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىغا كىر قوندۇرمايتتى، كىيىملىرىنى دەزماللاپ قاتلىۇرۇپ بېرەتتى. بىر يەكشەنبەكۈنى نەزىمە مەكتىپىدىن ئەتىگەندىلا كېلىپ، قاسىم ئەپەندىمنىڭ يوتقان كۆرپىلىرىنىڭ كىرلىكلىرىنى يۇيىۋاتقان ئىدى، بىرەيلەن سومكىسىنى كۆتۈرۈپ كۆلۈپلا كىرىپ كەلدى.
نەزىمە بۇ كىشىنى بۇ يەردە تولا كۆرگەن، لېكىن ئىسىم - فامىلىسىنى بىلمەيتتى. ئۇ كىرىپلا نەزىمە بىلەن تولىمۇ قىزغىن سالاملاشتى، ئاندىن قاسىم ئەپەندىمگە قاراپ چاقچاق قىلدى:
— قاسىم ئاداش، يۇرتداشىمىز نەزىمەنى بىزگىمۇ تونۇشتۇرۇپ، ياتاقلىرىمىزغا ئېلىپ باراي دېمەيسەن، سەنمۇزە...
— مەن نېمە بوپتىمەن،— قاسىم ئەپەندىم سەپداشىنىڭ سومكىسىغا قاراپ بىرنېمىنى سەزگەندەك،— مەن كىرلىرىمنى ئۆزۈم يۇماقچى بولۇپ تۇرسام، نەزىمە كېلىپ قولۇمدىن تارتىۋالدى. سومكاڭدىكى نېمە ئۇ، مۇنداق قىلە.
ئۇ كىشى سومكىسىنى كۆتۈرۈپ كىرگىنى بىلەن ئېغىز يېرىپ دېيەلمەي قايتۇرۇپ ئېلىپ چىقارمەنمۇ دېگەن ئەندىشىدە ئىدى. مانا ئەمدى قاسىم ئەپەندىم ئۆزى تەلەپ قىلدى، بۇمۇ ياخشى بولدى دەپ، ئۇ سومكىنى بەردى. قاسىم ئەپەندىم سومكىنى ئېچىپ:
— ۋاي ئاللا، نېمىدېگەن كۆپ لاتا - پىتە بۇ،— ئۇ سومكىغا لىقمۇلىق قاچىلانغان كىر كىيىم - كېچەك، ياستۇق قېپى، يوتقان تېشى دېگەندەكلەرنى تارتىپ چىقاردى،— كىر يۇدۇرۇپ نەزىمەدىن ئۈچ ئالماقچىمۇ، قاچۇرۇۋەتمەكچىمۇيا،— قاسىم

نامىنى ئاڭلىسا كۆڭلى يايراپ، ئۆزىدە دىل ئاراملىق سېزىدۇ. ئۇ مىللىي ئارمىيە تەركىبىدىكى ھەر يەر ـ ھەر يەردىن كېلىپ قالغان قۇلاق كەستى، لوكچەك، بۇلاڭچى ـ ئوغرىلارنى ئۆزى نەمۇنىلىك ھەرىكىتى ۋە تەربىيىسى بىلەن ئادەم قىلىپ چىققان، جۈملىدىن داڭلىق كانتۇ زۇنۇنمۇ مىللىي ئارمىيىنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن ئوفىتسېرى بولغان. ئۇ ئەنە شۇنداق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن جەڭچىلەرنىڭ ئەڭ زور ئىشەنچىگە ئېرىشكەن ئىدى.

ئەپسۇس، زۇنۇن كەتتى. ئۇ سىڭلىسى نەزىمەنى قاسىم ئەپەندىمگە تاشلاپ قويۇپ كەتتى. شۇڭا ئۇ، بۇ ۋەزىپىنى ۋەتەننى قوغداش يولىدا قۇربان بولغان شېھىتنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىپ تاپشۇرغان ئاخىرقى ۋەسىيىتى، شەرەپلىك بۇرچى دەپ قاراپ، نەزىمەگە غەمخورلۇق قىلدى. نەزىمەنىڭ بىلىم ئېلىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ۋاقىت چىقسىلا يوقلاپ بېرىپ، تىرىشىپ ئوقۇشقا ئىلھام-لاندۇردى، يەكشەنبە كۈنلىرى شەھەر كوچىلىرىنى ئايلاندۇرۇپ، خەلق باغچىسى، خاتىرە ئورۇنلىرىغا ئاپىرىپ ئوينىتى، كىنو - تىياتىرغا ئەكىردى. بۇ جەرياندا ئۇ نەزىمەگە بېشىدىن كەچۈرگەن، ئاڭلىغان ھېكايىلارنى، ئادەم بولۇشنىڭ داۋلىلىرىنى سۆزلەپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن نەزىمەنىڭ سۇنۇق كۆڭلى ئېچىلىپ، ئاكىسىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن پەيدا بولغان پەرىشانلىقى بارا ـ بارا كۆتۈرۈلۈپ، قاسىم ئەپەندىمنى ئۆز ئاكىسىدەك كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئېجىللىشىپ كەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي شىنجاڭ ھەربىي رايونى مىللىي ئوفىتسېرلار-نىڭ مەدەنىيەت ئۆگىنىش كۇرسىنى ئاچتى، قاسىم ئەپەندىم بۇ كۇرسقا قاتنىشىپ، ئوقۇغۇچى بولدى. نەزىمە ئوقۇۋاتقان ئۆلكىلىك بىيورو كادىرلار مەكتىپى شەھەرنىڭ سىرتىدىراق بولۇپ، ئارىلىقى خېلى بار، پىيادە ئىككى سائەتتەك يول ئىدى. نەزىمە خالىغان ۋاقىتتا قاسىم ئەپەندىمنىڭ ياتىقىغا كېلىپ،

كۇرستا تونۇشتۇق. يامان ئەمەس يولداشكەن. ئۇنىڭ سىزنى مۇنداق ئاۋارە قىلىشنى ئويلىماپتىمەن.

— ئۇنداق دېمىسىلە ئاكا. ئۇ بىزنى بىر يۇرتلۇق دەپ يېقىنلاشقىنى ياخشى ئىشقۇ، ھازىر نەدە ئىشلەيدۇ؟

— ھەربىي رايوننىڭ ئاممىۋى خىزمەت باشقارمىسىدا بۆلۈم باشلىقى.

شۇ ئەسنادا قاسىم ئەپەندىمنىڭ يەنە بىر سەپدىشى شاھمات تاختىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇلار ھويلىغا چىقىپ دەرەخ سايىسىدا ئولتۇرۇپ شاھمات ئويناشقا چۈشۈپ كەتتى. نەزىمە يالغۇز قېلىپ، ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىتتا كىرلەرنى يۇيۇپ تۈگەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى تېلىپ ئۇيۇشۇپ، قورسىقى ئېچىپ تارتىشىپ، بۇرنىدىن تارتىسلا يىقىلىدىغان ھالغا كېلىپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ قاسىم ئەپەندىملەرگە ھاردۇق يەتكەنلىكىنى سەزدۈرمەي، تاماق ئېتىشكە تۇتۇش قىلدى.

نەزىمە چۈشتىن كېيىن يۇغان كىرلەرگە دەرمال سېلىپ، ئىشىنى تۈگىتەلمەي كەچ قالدى. «بىر دەم ئارام ئېلىۋېلىپ مەكتەپكە چىقىپ كېتىمەن» دەپ، قاسىم ئەپەندىمنىڭ كارىۋىتىغا چىقىپ، بېشىنى ياستۇققا قويۇپ ياتتى- دە، ئۇيقۇغا كەتتى. قاسىم ئەپەندىمنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، ئويغاتقۇسى كەلمىدى، ئەلياتقۇ بولغاندىلا، يەرگە كىگىز سېلىپ ياتتى. ئەتىسى نەزىمە سەھەر تۇرۇپ، جىمجىتلا مەكتەپكە كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، نەزىمەنىڭ بۇ ئۆيدە قونۇپ قېلىشى نورمال ئىشقا ئايلىنىپ قالدى.

قاسىم ئەپەندىمنىڭ ۋۇجۇدىدا نەزىمەگە نىسبەتەن ئاكا - سىڭىللىق تۇيغۇسى بولۇپ، كۆڭلىگە غەيرىي خىيال كىرىپ چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن نەزىمەنىڭ يېتىلىۋاتقان ۋۇجۇدىدا، ئۇنىڭغا نىسبەتەن مۇھەببەت، سۆيگۈ تەشنالىقى ئويغىنىشقا

ئەپەندىم سەپەدىشىغا رەنجىگەندەك قاراپ قويدى.

ئۇ كىشى خىجىل بولۇپ چىرايى قىزاردى، ھېچنېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى. ئۇلارنىڭ تەڭقىسلىقتا قالغىنىنى كۆرگەن نەزىمە كېلىپ كىرلەرنى ئېلىۋېتىپ، ئاسانلا ھەل قىلىۋەتتى.

— مەن يېزىدا بايلارنىڭ كىرلىرىنى يۇيۇپ پىشىپ كەتكەن. ئاكا، سىزمۇ سەپەدىشىڭىزنى بەك خىجىل قىلماڭ. بۇ كىرلەرنى بىر سائەتتە قالماي يۇيۇۋېتىپ، سىلەرگە لەگمەن ئېتىپ بېرىشكىمۇ ئۈلگۈرىمەن. لېكىن، گۆش - سەي ئەكىرىشكە ۋاقتىم چىقمىغۇدەك،— دەپ، ئۇ ئىككىسىگە تەبەسسۇم قىلدى.

— گۆش - سەينى مەنلا ئېلىپ كىرەي،— قاسىم ئەپەندىمنىڭ سەپەدىشى خىجىلچىلىقتىن ئازاد بولغاندەك خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ داستىكى سوغا كىر چىلاۋاتقان نەزىمەنىڭ يېنىغا كېلىپ،— سىڭلىم، مەن راستىنلا كىر يۇيۇشقا قېرىق، سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، خاپا بولمىغايسىز،— دېدى.

— ھەرگىز ئۇنداق ئويلىمىسىلا، ئاكامنىڭ ھەرقانداق سەپەدىشى كىر ئەكىرسە، خۇشاللىق بىلەن پاكىز يۇيۇپ بېرىمەن،— دېدى نەزىمە.

ئۇ كىشى نەزىمەدىن رازى بولۇپ چىقىپ كەتتى. قاسىم ئەپەندىم كېلىپ:

— بۇ قاسىم ئۆيدە سوپۇن يوقتەك ئىككى توقاچ سوپۇنمۇ ئەكىرىپتۇ،— دەپ، سومكىدىن سوپۇنلارنى چىقىرىپ، نەزىمەنىڭ قېشىغا قويدى.

— نېمە. بۇ سەپداشلىرىنىڭ ئىسمىمۇ قاسىممۇ؟

— ئىسمى فامىلىمىز ئوخشاش قاسىم ھەمدۇللايوف، يېشىمىزمۇ ئوخشاش ھەم بىر يېزىدىن. لېكىن، يېزىدا تونۇشمايتتۇق، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەريانىدىمۇ بىر قىسىمدا بولمىغان،

چىقىپ كىرەي،— دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
شۇ تاپتا نەزىمەنىڭ شەھۋانىيلىقى تۇتۇپ، ئۆزىنى تۇتالمىغۇدەك ھالغا كەلگەن ئىدى. ئۇ قاسىم ئەپەندىمنىمۇ «ھېسسىياتى قوزغىلىپتۇ، ئۇ ھاجەتتىن قايتىپ كىرىپ، مېنى قوينىغا ئالىدۇ» دېگەن خام خىيال بىلەن كىيىم - كېچەكلىرىنى سېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ كارىۋىتىغا چىقىپ يېتىپ، تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتى. لېكىن، ئۇ قايتىپ كىرمىدى، نەزىمەنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۇيقۇ بېسىپ كېتىۋاتاتتى، ھەرگىز ئۇخلاپ قېلىشنى خالىمايتتى، بەلكى ئويغاق، خۇشال - خۇرام ھالىتىدە ياخشى كۆرگەن يىگىتىنىڭ قوينىغا كىرىشنى، بىر مەيدىنىڭ بېسىشىنى، كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ كەلگەن ئىپپىتىنىڭ لەززىتىنى تېتىشنى، يىگىت بىلەن بىرلىكتە ھوزۇرلىنىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ يەنىلا كىرمەيۋاتاتتى، نەزىمەنى ئۇيقۇ بېسىپ خامۇش ھالەتكە كېلىپ قالدى، ئىشىككە قاراپ تۇرغان كۆزلىرى ئېچىلماي قېلىۋاتاتتى، لېكىن ئۇنىڭ تۇيغۇسى ئۆلمىگەن، بەلكى سەزگۈرلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ غۇۋا ھالەتتە يېتىپ توخۇنىڭ چىللىغىنىنى ئاڭلىدى، «ياق، مۇنداق تېز تاڭ ئاتمايدۇ».
بىرسى ئۇنىڭ يۇمران بەدىنىنى سىيلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدى. نەزىمەنىڭ پوتكول بەدىنى بىر خىل تاتلىق غىدىقلىنىشتىن تىترەپ كەتتى، بۇ سېزىم خۇددى بەدىنىنىڭ سىرتىدىكى ئۆزىدىن تولىمۇ يىراق بىر يەردە تۇرغان بىر نەرسىدىن كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. دەسلەپتە ئۇ مۇزلاۋاتقاندەك بەكمۇ قىينالدى، كېيىن ھېسسىياتى ئۆرلىگەندەك بولۇپ، ئۆزىدىكى تاتلىق سېزىمنى بىر دەقىقە بولسىمۇ تۇتۇپ تۇرۇشقا تىرىشىۋاتقاندەك يېنىك ئىڭراپ كەتتى. بىراق، ئۇ سېزىم ھاۋاغا، خام خىيالغا ۋە چۈشكە ئوخشاش ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتتى.
نەزىمە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىككى يېنىنى سىيلىدى، چىراغنى

باشلىدى. ئۇ دەسلەپتە قاسىم ئەپەندىمنىڭ ئۆزىگە تولىمۇ مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ، خالىسانىلىك بىلەن بېشىنى سىيلاپ غەمخورلۇق قىلىشىنى، كۆيۈنۈشىنى ئۇنىڭ مۇھەببىتى، ياخشى كۆرۈشى دەپ ئويلىدى. نەزىمەنىڭ نەزىرىدە «قاسىم ئەپەندىم تونۇيدىغان قىزلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن چىرايلىقى مەن، مەنلا ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ خىزمىتىنى قىلىشۋاتىمەن، مەنلا ئىختىيار قىلسام، ئۇنى مېنىڭدىن 7 — 8 ياش چوڭ دەپ قارىمىسام، ئۇ مېنى باغرىغا ئالماي قالمايدۇ» دەپ قارىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، كېيىنكى كۈنلەردە، قاسىم ئەپەندىمگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇ خالىسۇن ـ خالىمىسۇن، ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ياتىقىدا قونۇپ قالىدىغان بولۇۋالدى. بەزىدە بايرام، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بولغاندا، قاسىم ئەپەندىم ئۇنى مەكتەپتە زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ تانسىغا بىللە بېرىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلاتتى. نەزىمە ئۇنىڭ تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلاتتى ـ دە، شۇ كېچىسى ئاربىدىكى ئۇيات پەردىسى يىرتىلىپ، سۆيگۈ مۆجىزىسىنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتەتتى.

بىر كۈنى قاسىم ئەپەندىم ھاراق ئىچىپ شىركەيپ بولۇپ قالدى، شۇنداقلا نەزىمەگە چاقچاق قىلىپ، تېلىقىپ ـ تېلىقىپ كۈلدى. تانسىدا ئۇنىڭ نازۇك بەللىرىنى كۈچلۈك قوللىرى بىلەن قۇچاقلاپ، ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان شوخلۇق بىلەن ئايلىنىپ ئوينىدى. نەزىمەنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى، ياتاققا قايتقاندىن كېيىن، ئامراقلىق قىلغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، قىلىق چىقىرىپ، قاسىم ئەپەندىمنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغاشقا ئىنتىلدى. قاسىم ئەپەندىم ئۇنىڭ شوخلۇقلىرىغا خۇشاللىق بىلەن ماسلاشتى، لېكىن ئۇشتۇمتۇتلا چاقچاقتىن توختاپ:

— نەزىمە، بۈگۈن قانغۇچە ئوينىدۇق ھەم ھاردۇق، سىز ئاۋۋال يېتىپ تۇرۇڭ. مېنىڭ قورسىقىم ئاغرىۋاتىدۇ، ھاجەتكە

ئارزۇسى»نى بىلدۈردى. تەشكىل ئۇنىڭ ئارزۇسىغا قوشۇلدى. ئۇ يۇرتقا قايتىدىغان ۋاقىتتا نەزىمەنىڭ قېشىغا باردى.

— سىڭلىم نەزىمە، مېنىڭدىن رەنجىمەڭ، مەن يەنىلا يۇرتقا قايتىپ مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەيدىغان بولدۇم، سىز يەنىلا مېنىڭ ياخشى سىڭلىم بولۇپ قالىسىز. سىز خاتىرجەم ياخشى ئوقۇپ مەكتەپنى پۈتكۈزۈڭ، مەن مەكتەپ تەشكىلىگە دەپ قويدۇم، سىزنى خالىغان يېرىڭىزگە تەقسىم قىلىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. سىزنىڭ كېلەچىكىڭىز پارلاق، قىيىنچىلىققا ئۇچراپ قالسىڭىز، ماڭا خەت يېزىڭ، سىزگە ھەر ۋاقىت ياردەم بېرىمەن، بۇ مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم،— دېدى.

نەزىمە پەردىشەپنى قايرىپ قويۇپلا، ئۇنى قۇچاقلاپ:

— مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، ئۆرۈمچىدىن كەتمەڭ بىز...— دېدى ئېسەدەپ تۇرۇپ.

— سىز ماڭا مۇنداق تەلەپ قويماڭ،— دېدى ئۇ نەزىمەنىڭ گېپىنى بۆلۈپ،— سىز مېنىڭ سىڭلىم.

— مېنى كۈتۈڭ، ئارقىڭىزدىن بارىمەن،— دەپ نەزىمە ئۆزىنى كارىۋىتىغا ئېتىپ، بېشىنى يوتقان بىلەن پۈركىۋالدى.

— سىز مېنىڭ سىڭلىم تۇرسىڭىز، ھەرقاچان ئىزدەپ بارسىڭىز قىزغىن كۈتۈۋالىمەن، خەير ـ خوش.

قاسىم ھەمدۇللايۇف ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ يۇرتىغا قايتىپ كېلىپلا ئۆيلەندى، ئۇ ۋاقىتتا رەھبىرىي كادىرلار تولىمۇ ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن، ئەمدىلا قۇرۇلغان شەھەرلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە مۇدىر بولدى، مەكتەپنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، سىنىپقا كىرىپ دەرسمۇ ئۆتتى. 50- يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۇ شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىگە باشلىق بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا مەدەنىيەت ـ مائارىپ، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى

يېقىپ، ياتاقتا يالغۇز ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى. نەزىمە ئاشۇ ئاچچىقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن چىقىپ كەتتى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن قاسىم ئەپەندىمنىڭ ياتىقىغا قەدەم باسمىدى.

قاسىم ئەپەندىم قۇرامىغا يەتكەن، ھېسسىياتقا باي يىگىت تۇرسا، نەزىمەدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، ئۆزىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزمەي قالاتتىمۇ؟ ئۇنىڭمۇ نەزىمەگە كۆڭلى چۈشكەندەك بولۇپ، بۇ پەرىشتىنى قوينىغا ئېلىشنى ئويلىغان، ئاشۇ كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن. لېكىن، ئۇ تەربىيە كۆرگەن، ئاتا-ئانىسىنىڭ خاھىشىغا ھۆرمەت قىلىدىغان، مۇھەببەتكە سادىق يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ئىنقىلابقا قاتنىشىشتىن بۇرۇنلا چاي ئىچۈرۈپ قويغان، ئۆزىنى كۈتۈۋاتقان سۆيگەن قىزى بار ئىدى. بۇ قىزنىڭ ھۆسن-جامالى نەزىمەگە يەتمىسىمۇ، ئۇ يېزىدا مۇھەببەتنى قەلبىگە پۈكۈپ، ئۆزىنى كۈتۈۋاتىدۇ. قاسىم ئەپەندىم بۇ سىرنى نەزىمەگە ئاشكارىلىمىدى، ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى سەزمىگەن بولۇۋالدى، بەلكى نەزىمەنىڭ ياندىن قاراشلىرىغا پەرۋا قىلماي، ئاكىلىق سۈپىتىدە غەمخورلۇق قىلىپ تۇردى. ئۆگىنىش كۇرسى تاماملاندى، كۇرستا ئوقۇغان ئوفىتسېرلارنىڭ بىر قىسمى داۋاملىق ھەربىي قىسىمدا قالىدىغان بولدى. يەنە بىر قىسمى يەرلىكتە ۋەزىپىگە قويۇلىدىغان بولۇپ، شۇ قاتاردا قاسىم ئەپەندىم چارۋىچىلىق نازارىتىدە مەسئۇل ۋەزىپىگە تەقسىم قىلىندى. بۇنى ئاڭلىغان نەزىمە تولىمۇ خۇش بولۇپ، ئوچۇق-ئاشكارىلا قاسىم ئەپەندىمگە مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ، ئۇرۇمچىدە قېلىشنى ئۆتۈنۈپ خەت يازدى. قاسىم ئەپەندىم ئۇنىڭ خېتىگە پەرۋا قىلماي، تەشكىلگە قايتا-قايتا تەلەپ قىلىپ «ئۆز يۇرتىغا قايتىپ مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەپ، ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، ۋەتەننىڭ ئۇل قۇرۇلۇشىغا ھەسسە قوشۇش

ئىشىدا غەلىبە قىلغان، مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكەن، تەشكىلىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەن ئايال» دەپ قارىدى.

— توختىمەت، قېنى ئېيتىڭە، مېنى نېمە ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلدىڭىز؟— دەپ سورىدى نەزىمە چىرايىنى تۈرۈپ.

— مۇنداق ئىش،— دېدى توختىمەت ئورنىدىن تۇرۇپ،— شەھەرلىك پارتكوم بىرقانچە رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى ئىككى خىل يېزىقتا تەييارلاپ...

نەزىمە ئىككى ھەپتە بۇرۇن ئاڭلىغانلىرىنىڭ ئەمدى رېئاللىققا ئايلىنىپ، ئارخىپ ماتېرىيال تەييارلاشقا يۈزلەنگەنلىكىنى چۈشىنىپ، چىرايىنى گۈلدەك ئېچىلدۇردى. ئۇ توختىمەتنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا سۆزلەپ كەتتى:

— ۋاي توختىمەت، بايىلا دېسىڭىز بولمامدۇ، ئۇ كىچىكتۇرۇشكە بولمايدىغان مۇھىم ئىشكەن. ئىككى تىللىق دېسىلا بىلىشىڭىز قاتىدىغانلىقىنى مەن ئوبدان بىلىمەن. سىزنىڭ قىينچىلىقىڭىز مېنىڭ قىينچىلىقىم، مەن سىزنى ھەرگىز يەرگە قارىتىپ قويمايمەن. شەھەرلىك پارتكوم تەلەپ قىلغان كىشىلەرنىڭ ماتېرىياللىرىنى تېزلىكتە تەييارلاپ يوللاپ بېرەيلى. سىز ئىشخانىغا بېرىپ ئارخىپلارنى تەقۇتەق قىلىپ قويۇڭ، مەن چۈشتىن كېيىن باراي، ئىشنى باشلاپ كېتەيلى.

— بولىدۇ، مېنى تولىمۇ خۇشال قىلىۋەتتىڭىز. مەن كەتتىم ئەمسە،— دەپ توختىمەت مەمنۇن بولۇپ، نەزىمەنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىقتى.

چۈشتىن كېيىن توختىمەت ئارخىپخانىغا كىرىپ، شەھەرلىك پارتكومغا ماتېرىياللىرىنى تەييارلاپ يوللايدىغان كىشىلەرنىڭ ئارخىپ خالتىلىرىنى ئايرىپ چىقىپ ئۈستەلگە تىزىپ قويدى. ئۇزاق ئۆتمەي نەزىمەمۇ كىرىپ كەلدى. توختىمەت ئۇنىڭغا پارتكوم ماتېرىيالنى تەييارلاشنى تەلەپ قىلغان كىشىلەرنىڭ ئىسمى-

بولدى، قاسىم ئەپەندىمنىڭ تارىخى پاك، قايىل قىلارلىق ئىدى. شەھەر خەلقى ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى.

نەزىمە ئۇرۇمچىدىن كېلىپلا قاسىم ئەپەندىمنى «ئاكام» دەپ، ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇردى، ھەتتا بەزى كېچىلىرى ئايالىنىڭ ئالدىدىلا يالىڭاچلىنىپ، قاسىم ئەپەندىمنىڭ قوينىغا كىرىۋېلىپ غىلجىڭ قىلىق چىقىرىپ، ئىناق ئائىلىنى بۇزۇش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى، ئەر - ئايال ئىككىسىنى تەمتىرىتىپ، ئادا - جۇدا بولۇش گىرداۋىغا يەتكۈزدى. بۇ ۋاقىتتا يەنىلا قاسىم ئەپەندىم تەدبىر قوللىنىپ، نەزىمەنىڭ دىمىنى ئىچىگە چۈشۈرۈۋەتتى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، تا شۇ كەمگىچە نەزىمە قايغۇلۇق بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

3

توختىمەت نەزىمەنىڭ قولىدىكى سۈرەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك قىسمەن ئەسلىمىنى ئاڭلاپ ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا كىشىلەرگە كېلىپ چىقىشىنىڭ قانداقلىقىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەنلىكتىن، «نەزىمە جەبىر - زۇلۇم تارتقان يالالنىما دېھقانىنىڭ پۇشتىكەن، ئۇنى پارتىيە ئۆز قولى بىلەن تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈپتۇ، قاسىم ئەپەندىمنىڭمۇ رولى چوڭكەن، لېكىن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئاشۇنداق ئىشلار بوپتۇ. ھازىر ئۇلارنىڭ تونۇمايدىغاندەك يۈرگەنلىكىنىمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ. ھەي، ئۇلارنى تەقدىر قوشۇلۇشقا يول قويماپتۇ... ۋاي بولدىلا، نەزىمەنىڭ ھازىرمۇ تەلىيى ئوڭدىن كەلدىغۇ، خالىق بۇجاڭغا تېگىۋالدى» دەپ ئويلىدى.

توختىمەت سۆيگۈ، مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيتتى. ئۇ نەزىمەنى يەنىلا «مۇھەببەت، تۇرمۇش

دېگىنىمنى قىلىڭ. قېنى، ئولتۇرۇڭ،— توختىمەت ئۇنى كىچىك بالدەك كەينىگە بۇراپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزدى،— ھە، ئەمدى بولدى. سىز ئاۋۋال مۇنۇ ئارخىپنى كۆرۈڭ،— ئۇ قاسىم ھەمدۇللايۇفنىڭ ئارخىپىنى نەزىمەنىڭ ئالدىغا قويدى.

نەزىمە كۆڭلى ئەمىن تاپقاندەك، توختىمەتكە قاراپ تەبەسسۇم قىلدى، ئاندىن ئالدىغا قاراپ بىرھازا تۇرۇۋېتىپ، ئىچكى ھاياجىنىنى بېسىۋېلىپ، ئارخىپنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ماتېرىياللارنى چىقاردى. ئارخىپتىكى ماتېرىياللار «ئاساسىي ماتېرىيال» ۋە «قوشۇمچە ماتېرىيال» دەپ ئىككىگە ئايرىپ تۈپلەنگەن ئىدى. نەزىمە تىترەپ تۇرغان نازۇك قوللىرى بىلەن «ئاساسلىق ماتېرىيال»نى ۋاراقلاپ، قاسىم ھەمدۇللايۇفنىڭ شەرەپلىك تارىخىنى ئوقۇشقا باشلىدى: «ئۇ 1924- يىل 17- سېنتەبىر تۇرپاننىڭ باغۇ بوستانلىق بىر يېزىسىدا ھەم دېھقانچىلىق، ھەم تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، 1932- يىلى مەھەللىدە قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئويۇشما قارىمىقىدىكى تۇنجى باشلانغۇچ مەكتەپتە، كېيىن ئۈرۈمچىدە ئوقۇغان، 1942- يىلى يېزىسىغا قايتىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، 1944- يىلى گومىنداڭ تەرىپىدىن مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان، 1945- يىلى گومىنداڭ ئۇلارنى چۆچەككە يۆتكەپ بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى ئۇرۇشقا سالغاندا، ئۇ بىر قىسىم ئەسكەرلەرگە تەشۋىق ئېلىپ بېرىپ، ئۆز قېرىنداشلىرىغا ئوق ئاتماسلىققا كۆندۈرگەن ھەم ئىسيان كۆتۈرۈشكە تەشكىللەپ ئەپلىك پەيتتە ئۇلارنى باشلاپ ئۈچ ۋىلايەت پارتىزانلىرى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇ قوشۇندا قانلىق جەڭلەردە بولۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتىشتا خىزمەت كۆرسىتىپ، ئوردېن - مېداللارغا ئېرىشكەن ۋە ئاتلىق قىسىمنىڭ ئىسكادرون كوماندىرى بولغان، 1949- يىل ئاخىرىدا قىسىمنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە كىرىپ

ـلىكىنى مەخپىي ئىشكاپتىن ئېلىپ كۆرسەتتى. ئۇ ئىسىملىكنى كۆرۈپلا ھەممىنى چۈشەندى، «مۇنۇ بېشىغا يېزىلغان قاسىم ھەمدۇللايۇف بىلەن خالىق ھوشۇر شەھەر باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلۈشكە كۆرسىتىلگەن نامزات. قالغانلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆستۈرۈلىدىغان ۋە يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىسىملىكى ئىكەن».

— توختىمەت، سىز ئارخىپخانىنىڭ خوجايىنى، مۇھىم مەسئۇلىيەت سىزنىڭ ئۈستىڭىزدە. مەن بولسام سىزگە ياردەملەشكۈچى، سىزنىڭ چاكىرىڭىز، — ئۇ تولىمۇ كەمتەر، ئېھتىياتچانلىقىنى بىلدۈرۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — نېمىنى بۇيرۇسىڭىز شۇنى قىلىمەن، قېنى بۇيرۇڭ.

— نەزىمە، مۇنداق دېمىڭا، مەن خىجىل بولۇپ قالىمەن، بىز ئاۋۋال ئارخىپلارنى كۆرەيلى، كىشىلەرنىڭ تارىخىنى چۈشىنىپ ئاندىن ماتېرىيال تەييارلاشقا تۇتۇش قىلساق. بىزگە بۇ كىشىلەر، مەسىلەن قاسىم ھەمدۇللايۇف، خالىق ھوشۇرلار تونۇش بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تارىخى تونۇش ئەمەس. مەن سىزنىڭ قاسىم ئەپەندىم بىلەن بۇرۇنلا تونۇشىدىغانلىقىڭىزنى بۈگۈن بىلدىم...

— سىزگە دەپ بەرمىسەممۇ بوپتىكەن، — نەزىمە توختىمەتنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ خۇرسىنىپ قويدى، — مۇنداق ئىشىڭىز بارلىقىنى مەن نەدىن بىلەي. مەن ئەمدى ئارخىپلارنى كۆرۈشكە قاتنىشالمايدىغان بولدۇم-دە، بەلگىلىمە بويىچە مەن ئېرىمنىڭ ئارخىپىنى كۆرسەم بولمايدۇ، مەن چىقىپ كېتەي، — نەزىمە ئورنىدىن تۇرۇپ كەينىگە بۇرۇلدى.

توختىمەت يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى:

— مەن سىزنى مۇشۇنداق دەپ تۇرۇۋالارمىكىن دەپ، بۆلۈم باشلىقىمىزدىن يوليورۇق ئالدىم، باشقا غەم - ئەندىشىلەردە بولماي ئارخىپلارنى بىمالال كۆرۈڭ. بايا ئۆزىڭىز دېگەندەك، مېنىڭ

يلەپ يېتىشتۈرگەنلىكىنى، غەمخورلۇق قىلغانلىقىنى يازمىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ مۇشۇ بەختلىك كۈنىگە قاسىم ئەپەندىم ئېرىشتۈرگەنلىكىنى ئىقرار قىلماي تۇرالمايتتى. لېكىن، ھازىر ئۇنىڭ كۆزىگە قاسىم ئەپەندىم رەھىمسىز، تاش يۈرەك ئادەم بولۇپ كۆرۈنەتتى؛ گۈزەللىكتە ئۆزىگە يەتمەيدىغان بىر دېھقان قىزى قاسىم ئەپەندىمنىڭ مۇھەببىتىگە، ئۇنىڭ سۆيۈشى ۋە ئىززەتلىشىگە ئېرىشكەن ئىدى. نەزىمە بۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشىپ باقتى. ئەمما، ئادەمنىڭ يۈرىكى شۇنداق نەرسە، ئۇ بەزى ئادەملەردە شۇنداق بولىدۇ، ئۇ نەق ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسىگە جېنىنى تىكىپ قويۇپ تۇرۇپ ئىنتىلىدۇ، توسالغۇ قانچە كۈچلۈك بولسا، ئۆز مەقسىتىگە يېتىش يولىدا شۇنچە قاتتىق تۇرىدۇ. نەزىمەنىڭ قەلبىدە ئۆزى كۆيۈپ قالغان ھەم يامان كۆرۈپ قالغان بىر ئادەمدىن ھەمدە ئۆزىنىڭ بەختلىك كۈندىشىدىن ئۆچ ئېلىپ كۆڭلىنى بوشىتىۋېلىش ئىستىكى قەلبىدە ۋولقاندەك لاۋۇلداپ تۇراتتى. لېكىن، مۇنداق پۇرسەت كەلمەي، ئۇنىڭ بۇ ئىستىكى يەنىلا ئويغاق ھالەتتە تۇرۇۋاتاتتى...

— نەزىمە، سىزگە نېمە بولدى، قاسىم ئەپەندىمنىڭ ئارخىپىنى شۇنچە ئۇزاق كۆردىڭىز، ئاشۇ رەسىملەرگە سىڭىپ كەتكەن مۇھەببەت كۈيلىرى ئېسىڭىزگە كېلىپ، ئويلىنىپ قېلىۋاتامسىز؟ — دېدى توختىمەت چاقچاق قىلىپ.

نەزىمە خىيالغا بېرىلىپ، توختىمەتنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ئۇيقۇدىن تۇرغاندەك بولۇپ چۆچۈپ كەتتى ۋە ئالدىراپ - تېنەپ ئالدىدىكى ئارخىپنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ:

— شۇنداق بولمايچۇ، كىشىنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرماي ئۆزىڭىزنىڭ ئىشىنى قىلىڭە، — دېدى توختىمەتكە نازلىنىپ.

— بولىدۇ، سىزگە گەپ قىلماي، — دېدى توختىمەت

ئۇلامبايغا ئورۇنلاشقان، 1951- يىل 6- ئايغىچە تاغدا باندىت تازىلاش كۈرىشىگە قاتنىشىپ، يەنە بىر قېتىم خىزمەت كۆرسىتىپ «ئازادلىق مېدالى» بىلەن تارتۇقلانغان. 1952- يىلى ئۇ شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاچقان مەدەنىيەت ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشقاندا كادىرلارنىڭ ئارخىپىنى تۇنجى قېتىم تۇرغۇزۇلۇلغان. قاسىم ھەمدۇللايۇفنىڭ «ئۆزىنىڭ تارىخى» خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 49- رەت نومۇرى قويۇلغان».

قاسىم ئەپەندىمنىڭ ئارخىپىدىكى «ئاساسىي ماتېرىيال» قىسمىدىن ھېچقانداق يوچۇق تاپالمىغان نەزىمە ئارخىپنىڭ «قوشۇمچە ماتېرىيال» قىسمىنى ئاچتى. بۇنىڭدا «ئاساسىي ماتېرىيال» دىكى نەرسىلەر بار ئىدى. ئەمما، ئاخىرىدا يەنە بىر قاسىم ھەمدۇللايۇفنىڭ ئايرىم «ئۆزىنىڭ تارىخى» چىقىپ قالدى. نەزىمە بۇمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولسا كېرەك دەپ ئوقۇغۇسى كەلمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ ھەرپ بىلەن يېزىلغان رەت نومۇرى 38 گە كۆزى چۈشتى-دە، ئۇنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى: «قاسىم ھەمدۇللايۇف 1924- يىل 17- سېنتەبىر تۇرپاننىڭ باغۇ بوستانلىق بىر يېزىسىدىكى ھەم دېھقان-چىلىق، ھەم تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، 1932- يىلى مەكتەپتە ئوقۇغان، 1942- يىلى گومىنداڭغا ئەزا بولغان، 1944- يىلى گومىنداڭ رايونلۇق پىرقىسىنىڭ سېكرېتارى بولغان، 1947- يىلى تۇرپان سەنگىم ئېغىز قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ ئېلىخوغا ئۆتۈپ كەتكەن...» ئۇنىڭ قان قەرزى، ئىشپىيونلۇق قىلمىشلىرى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، بۇ ئادەمنىڭ سىياسىي تارىخى ساپ ئەمەسلىكى چىقىپ تۇراتتى. «بۇ كىمنىڭ تارىخىدۇر، قانداق قىلىپ بۇ ئارخىپقا چۈشۈپ قالغاندۇ؟» بۇ، نەزىمەنى ئويلىنىشقا سېلىپ قويدى.

نەزىمە قاسىم ئەپەندىمنىڭ تارىخىي بەتلىرىگە ئۆزىنى تەربى

ـتا... نەزىمە ئاچچىقتىن يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۈدەك ھالغا
كەلدى. ئۇ ئاشۇ غەزىپىدە خالىق بىلەن سوقۇشۇپ ئادا ـ جۇدا
بولغانمۇ بولاتتى. لېكىن ئۇ، ئارخىپخانىنىڭ تۆمۈردەك چىڭ
ئىنتىزامىنى بىلەتتى، ھەتتا خالىققا يېنىچە قاراپ سەزدۇرۇپ
قويسىمۇ، بۇ ئورۇندا ئۆزىنىڭ ئىشلەپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ماتېرىيالنى كۆرۈش ئارقىلىق
نەزىمەدە خالىققا نىسبەتەن كۆڭۈلدە سان پەيدا بولدى، خالاس.
شۇ تاپتا نەزىمەنىڭ ئالدىدا شەھەر باشلىقلىقىغا نامزات
قىلىپ كۆرسىتىلگەن ئىككى كىشىنىڭ ئارخىپى تۇراتتى، ئىككىـ
ـلىسىنىڭ ئۆمۈر تارىخى ساپ ھەم پاكىز، چوڭقۇر مەلۇماتلىق،
تۆھپىسى كۆپ، رەھبەرلىك سەنئىتىگە مول كىشىلەر. سايلايدىـ
ـغان شەھەر باشلىقى بىرلا كىشى بولغانلىقتىن، بۇ ئامەت قۇشى
خالىققا تەگمەيدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ. لېكىن ئۇ، ھازىر ئاشۇ
ئەرنىڭ ئورنى، ئابرۇيىدىن بەھرىمەن بولۇپ ھالاۋەت كۆرۈۋاتاتتى.
ئۇنىڭ ئېرى شەھەر باشلىقى بولسا ئۆزىگىمۇ پايدىلىق. كىشىنى
ھاياجانغا سالىدىغان كېلەچەك مەنپەئەتى ئۇنى ئويغا سالدى، چارە
تېپىشقا ئىلھاملاندۇردى. لېكىن، چارە ئويلايمەن دەپ ئولتۇرۇۋەر-
سە، توختىمەتنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويۇش ئېھتىمالى بار.
شۇڭا، نەزىمە «ئۆيدە بىرئاز ئىشىم بار ئىدى» دەپلا ئارخىپخا-
نىدىن چىقىپ كەتتى.

سائىتىگە قاراپ قويۇپ،― بىز ئىشلىگىلى ئىككى سائەت بولۇپ قالاي دەپتۇ، سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرەيلىمۇ.

― ياق، بەگگى، ھەقاچان تاماكا چەككۈڭىز كېلىپ كەتكەندۇ، سىز چىقىپ كىرىڭ. مەن يەنە بىر ئارخىپنى كۆرۈۋېتەي.

توختىمەت سىرتقا چىقىپ كەتتى. نەزىمە بىر خىل قىزىقىش بىلەن خالىقنىڭ ئارخىپىنى ئېچىپ كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇ ئېرىنىڭ تارىخى ئاق قەغەزدەك پاكىز ئىكەنلىكىنى، خىزمەتتە نەتىجە يارىتىپ تەقدىرلىنىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن سۆيۈندى. لېكىن، خالىقنىڭ 1958- يىلىدىكى يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە يازغان ئىدىيىۋى دوكلاتىدا مۇنداق جۈملىلەرنى كۆرۈپ قالدى: «مەن ئىزچىل پارتىيىگە ئەگىشىپ، ئۆزۈمنى ئىنقىلابقا بېغىشلاپ، تىرىشىپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلدىم. ئىنقىلاب، خىزمەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغانلىقىمدىن ئاتا - ئانامنىڭ مېنى ئۆيلەپ قويۇش تەلىپىنىمۇ رەت قىلىپ بېيجىڭغا ئوقۇشقا باردىم. لېكىن، نەزىمە ئالدىمدا پەيدا بولۇپ، نازۇكەرەشمىلىك قىلىق چىقىرىپ مېنى ئەسىر قىلىۋالدى، ھوشۇمنى يوقاتتىم. شەھۋانىي نەپسىمنى باسالماي، شىنجاڭنىڭ بېيجىڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ پاكىز ئىشخانىسىنى بۇلغاپ قويدۇم. شۇنداق قىلىپ، ئاتا-ئانام چاي ئىچۈرۈپ قويغان قىزنى ھەسرەتتە قالدۇرۇپ، نەزىمەنى خوتۇن قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم».

نەزىمە بۇ جۈملىلەرنى ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە ئوقۇپ تۈگەتتى. نەزىمە ئىقرار، ئۇمۇ خالىقنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ تېگىۋالغىنى يوق. ئۇنىڭ پارلاق كېلەچىكىگە شېرىك بولۇپ، ئەۋزەل ئورۇنىدىن پايدىلىنىپ ھوزۇر سۈرۈش، باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشقا ئىنتىلىپ ئۇنى قوغلاشقان. بىر قېتىملىق تەۋەككۈل قىلىش بىلەنلا ئۇ غەلىبە قىلغان. ئەپسۇس، بۇ ئارخىپ

توختىمەت خەنزۇچىنى بىلمىگەندىكىن، ئۇنىڭ كۆزىنى بوياپلا، مۇشۇ «ئۆزىنىڭ تارىخى» دىكى مەسىلىلەرنى قاسىم ئەپەندىمنىڭ تارىخىغا تاڭسام، ئۇنىڭ ئوبرازى خۇنۇكلىشىدۇ، بۇنى يۇقىرى دەرىجىدىكى بىيۇروكراتلار تەكشۈرۈپ يۈرەتتىمۇ، تەكشۈرگەندىمۇ مەسئۇلىيەت توختىمەتكە ئارتىلىدۇ. بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇدىغان بولدۇم، ھەم قاسىم ئەپەندىدىن ئۆچۈمنى ئالىمەن، ھەم ئىبرىمنى شەھەر باشلىقى قىلىپ ئۇنىڭ سايىسىدا ھۇزۇر - ھالاۋەت كۆرىمەن».

نەزىمە مۇشۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، ھاياجان ئىلكىدە قەدىمىنى تېز ئېلىپ ئۇدۇل گاييت ئۇستامنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ نورمىلىق گۆشتىن 2 كىلوگرام، كۆكتات دۇكىنىغا كىرىپ سەۋزە، پىياز سېتىۋېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ تاماق ئېتىشكە تولىمۇ قىيىق بولسىمۇ، بۇگۇن ھۇرۇنلۇق، شەيتانلىقنى قوغلىۋېتىپ، ئوخشىتىپ پولۇ ئەتتى. نەزىمە ۋۇجۇدىدا يۈز بەرگەن ئىچكى خۇشاللىقنى يولدىشى خالىق بىلەن ئۇچۇق - ئاشكارا ئېيتىپ ئورتاقلىشالمىسىمۇ، ئۇنى مەززىلىك تامىقى ۋە خۇشخۇي ناز - قىلىقلىرى بىلەن كۈتۈۋېلىپ، نۆۋەتتە ئۇنىڭمۇ ئۆزىنى ئەركىلىتىشنى، مىجىقلاپ ئويغىتىشىنى قوبۇل قىلىپ، كۆڭلىدىكى شىرىن خۇشاللىق بىلەن ئەنسىزلىك بىرلىشىپ كەتكەن ئېغىر، دىلىغۇل كەيپىياتىنى بىر ئىزغا چۈشۈرۈپ، ئۆزىگە مەدەت، كۆڭلىگە تەسەللى تاپماقچى بولدى. پولۇ دەم يەپ ھويلىنى ئاشنىڭ مەززىلىك پۇرىقى قاپلىغاندا، خالىق قارا سومكىسىنى كۆتۈرۈپ روھلانغان قىياپەتتە ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇمۇ نەزىمەنىڭ كۆڭلىنى ئېلىۋالماقچى بولغاندەك، ئىچكى قىسمىدا ئالاھىدە تەمىنلەيدىغان يېشىل سارجىدىن بىر كىيىملىك ئالغاچ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ شەپقىتى نەزىمەنىڭ قەلبىدىكى خالىقتا قارىتا كىر - داغلارنى نەلەرگىدۇر ئۇچۇرۇپ كەتتى. ئۇ، يېنىك

## سەككىزىنچى باب

### 1

تەبىئەت نەزىرىگە كەم ئۇچرايدىغان گۈزەللىكتىن تاشقىرى، ئەقىللىق ئايىماي بەرگەن ئىدى. بۇ ئايال ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، پىتنە-پاسات ۋە ھىيلە-نەيرەڭ ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئۆز بەختىنى يارىتىشقا بار كۈچى بىلەن ئىنتىلەتتى.

نەزىرە خېلىدىن بۇيان قاسىم ئەپەندىنىڭ ئۈچ ئېلىش، ئۇنىڭ ئايالى ھەببە ئاپپاينى ھەسرەتتە قالدۇرۇش نىيىتىگە كەلگەن، لېكىن ئۇلارغا رەزىل قولىنى سۇنالمىغان ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ قاسىم ئەپەندىنىڭ ئارخىپىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى. بۇ ئارخىپتىن يەنە بىر قاسىم ھەمدۇللايۇفنىڭ «ئۆزىنىڭ تارىخى» چىقىپ قالدى. بۇ قاسىم ھەمدۇللايۇفنى نەزىرە بايا ئارخىپخانىدا ئىپىگە ئالالمىغان ئىدى، ئۇ بازارغا كېتىۋېتىپلا ئويلاپ يەتتى. بۇ، 50- يىللارنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاچقان مەدەنىيەت ئۆگىنىش كۇرسىدا ئوقۇغان، ھەربىي رايون ئاممىۋى خىزمەت باشقارمىسىدا بۆلۈم باشلىقى قاسىم ھەمدۇللايۇف ئىدى. ئۇ 1956- يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن، ئەمەلىيەتتە قاسىم ئەپەندىنىڭ ئارخىپىدىكى يەنە بىر ماتېرىيالنىڭ ئىگىسى بۇ يەردە يوق ئىدى. ئۇنى قاسىم ئەپەندىنىڭ ئارخىپىدىن ئېلىۋېتكىلى بولمايتتى، ھەتتا يامىنى كەلسە، بۇنى قاسىم ئەپەندىنىڭ «ئۆزىنىڭ تارىخى» دېيىشكىمۇ بولاتتى. «راست، نېمىشقا شۇنداق دېيىشكە بولمايدىكەن.

قويۇپ، ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردى، نەزىمە بالىلىرىغا پولۇنى ئۇسسۇپ بېرىۋېتىپ، گۆش بېسىلغان بىر لېگەن پولۇنى كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇ ئىززەت - ئىكرام بىلەن پەتنۇستا خالىققا چاي تۇتتى.

— ۋاي - ۋۇي نەزىمە، ماڭا چاينى پەتنۇستا بېرىۋاتىسىزا، ھا، ھا، ھا...

— كۆڭلى ئوخشاشلا شەرقتىن چىقىۋاتىدۇ،— ئۇ خالىققا ئىللىق تىكىلىپ، پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويۇپ، ئىنتايىن يېقىنچە-لىق بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى،— بىلىۋاتامسىز، سىزنىڭ ئورنىڭىز، ئىناۋىتىڭىز ئۆسۈۋاتىدۇ، ئۇزاققا قالماي شەھەر باشلىقى بولىسىز، شۇڭا ئۆيدىمۇ سىزنىڭ ئورنىڭىزنى ئۆستۈرۈپ، ھەر كۈنى قەدىرلىك مېھماندەك كۈتمىسەم بولامدۇ، ھى، ھى، قېنى چاينى ئىلىڭ.

نەزىمە ئۇنىڭ قارشىسىدا ئولتۇردى ۋە پولۇنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان گۆشنى پارچىلاشنى ئىشارەت قىلىپ پىچاقنى سۇندى. خالىق ئۆزىنى شەھەر باشلىقلىقىغا نامزات قىلىپ كۆرسىتىلگەنلى-كىدىن خەۋەر تاپقان ئىدى. ئۆزىنىڭ پەرىزىچە بۇ پەقەت دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈنلا كۆرسىتىلگەن نامزات، ئۇنىڭ ئەمەلىي ئەھمىيىتى يوق ئىدى. بۇنى نەزىمەنىڭمۇ ئاغزىدىن ئاڭلاپ ئۆزىچىلا ئەنسىرەپ قالدى.

— سىز مۇنداق چاقچىقىڭىزنى قويۇڭ، خام تەمەدە بولۇش بىزگە زىيانلىق،— خالىق گۆشنى توغراپ پولۇنى بىر كاپام ئىلىپ ئاغزىغا سالدى،— پولۇ ئوخشاپتۇ، قېنى سىزمۇ ئىلىڭ، تاماق تەنگە ئوبدان سىڭگىنى ھەممىدىن ئەۋزەل،— دېدى.

خالىق نەزىمەنىڭ گېپىنى ئۈزدۈم، ئەمدى ئۇ پەسكويغا چۈشۈپ تامىقىنى يەيدۇ، گېپىنى مۇشۇ يېمىغا يۆتكەيدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى، نەزىمە تېخى تاماقنىمۇ ئالماي خالىقنىڭ

قەدەم ئېلىپ خالىقنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەبەسسۇم ياغدۇردى.

— بۈگۈن سىزگە نېمە بولدى خالىق، ئەجەبمۇ ساقلىتىۋەتتىڭىزغۇ،— دەپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ، بېشىنى مەيدىسىگە قويدى.

خالىق باللىرىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ ئۆي تەرەپكە قارىۋېتىپ، نەزىمەنىڭ بېشىنى سىيلىدى.

— نېمە بولدى نەزىمە، بۈگۈن سىز ھەم مۇلايىم، ھەم چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىزغۇ، بىر يەرگە مېھماندارچىلىققا بارايلى دېمەيدىغانسىز.

خالىق مېھماندارچىلىقتىن قاچاتتى، نەزىمە ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇراتتى، بەزىدە ئۇ خالىقنى مېھماندارچىلىققا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىق چىقىرىپ، كۆزىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ ئاپارماي قويمايتتى.

— ياقەي ئامرىقىم، مەن ئەمدى سىزنى قالايمىقان سۆرەپ يۈرمەيمەن، باشقىلارغا مۇھەببىتىڭىزنى تارتتۇرۇپ قويمايمەن. مەن ھازىر سىزگە ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ ئامراق بولۇپ كەتتىم، سىزنى ساندۇقتا ساقلىغۇم بار، ھى، ھى، ھى، ئەكېلىڭ سومكىنى، تېز قولىڭىزنى يۇيۇڭ.

خالىق قولىنى يۇيۇۋېتىپ، نەزىمەگە يېنىچە قاراپ كۈلدى.

— بىلدىم، پولۇ دەم يەپ ئۇنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئىشتىيىمنى ئېچىۋەتتى، بۈگۈن سىز نېمانچە تېتىكلىشىپ كەتتىڭىز، ماڭا قارىمايلا...

نەزىمە خالىققا لۆڭگىنى سۇنۇپ بەردى، ئۇ قولىنى ئېرتىۋاتقاندا نەزىمە ئۇنىڭ پېشانىسىگە بىگىز قولىنى تەگكۈزۈپ تەبەسسۇم قىلىپ، سۆزىنى بۆلدى:

— ھەي بىزەڭ، بۈگۈن مېنى زاڭلىق قىلماڭ، مەن سىزگە خۇش خەۋەر يەتكۈزىمەن، ئۆيگە كىرىڭ.

خالىق تاشقارقى ئۆيدە ئولتۇرغان باللىرىغا ئۇنى- بۇنى دەپ

ـدىن ھىيلە-مىكىرىنىڭ يالقۇنى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. خالىق خوتۇنىغا قاراپ مۇشۇلارنى سېزىپ يەتكەندە، ۋۇجۇدى تىترەپ، قەلبى ئەنسىزلىك ئىچىدە قالدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ ئۆزىگە شەھەر باشلىقلىقىنى ئېلىپ بېرىمەن دەپ كىملەرنىڭدۇر ئالدىغا بېرىپ نازۇكەرەشمىلىك قىلىق چىقىرىپ يۈرۈش ئېھتىماللىقىنى پەرەز قىلىپ يەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ كەيپىياتى ئۇچۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى-دە، نەزىمەنىڭ پېشانىسىگە بىگىز قولىنى تەڭلىدى:

— سىز، سىز يەنە نېمە قىلاي دەيسىز، ماڭا شەھەر باشلىقلىقىنى تىلەپ، قايسى باشلىقنىڭ ئالدىغا نايناقلاپ بارماقچى؟ ياق، ھازىر سىز يۈگەنسىز يۈرىدىغان تايچاق ئەمەس، بەلكى مېنىڭ خوتۇنۇم. بۇنداق قىلىشىڭىزغا قەتئىي يول قويمايمەن، ئەگەر...

نەزىمە مۇنداق ۋارقىراپ-جارقىراشلاردىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىغان خوتۇن ئەمەس. ئۇ تەمكىنلىكىنى بۇزماي، چىرايىنى ئۆزگەرتمەي ئورنىدىن تۇرۇپ، خالىقنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالدى.

— بولدى، خاپا بولماڭ. بايا دېگەن گەپلىرىمنى گۆرگە تىقىۋېتەي، ئەمدىغۇ كۆڭلىڭىز تىنغاندۇ-ھە. تاماقىڭىزنى يەڭ، ئولتۇرۇڭ، قىزىق چاي قويۇپ بېرەي. قاراڭ، قىزىمىز ئەزىزە پىئونېرلار ئەترىتىگە قوبۇل قىلىنىپتۇ،— نەزىمە ئۇستىلىق بىلەن خالىقنىڭ كۆڭلىنى بەزلەپ، گەپنى يۆتكىدى. ئىككىيلەن ئولتۇرۇپ پولۇنى ئىشتەي بىلەن يېيىشتى.

نەزىمە ئەتىسى ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك، شىپۇن دۇخاۋا كۆڭلىكىنى كىيىپ، چىرايلىق ياسىنىپ ئىشقا كەلدى. ئارخىپخانىدا توختىمەت ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

— نەزىمە، كېلىڭ، بۈگۈن تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىزغۇ، يولىڭىزغا قاراپ كۆزۈم تېشىلىپ كېتەي دەپلا قالدى.

— ھەي توختىمەت، بۇ زىنداندا كۆزىڭىزنى ماڭا ئىسراپ

كۆزىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى:

— خام تەمەنى رېئاللىققا ئايلاندۇرساق نېمىشقا بولمىغۇدەك، ھەرىكەت قىلىپ باقمايمىزمۇ ـ ھە.

— ياق بولمايدۇ، ھېچكىم شەھەر باشلىقى بولمەن دەپلا بولۇۋالالمايدۇ. بىر شەھەردە بىرلا شەھەر باشلىقى بولىدۇ، بۇ مەنسەپ ھۆرمەتلىك قاسىم ئەپەندىمگىلا مۇناسىپ. مەن ئۇنىڭ شەھەر باشلىقى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىكمۇ، شەھەر خەلقىمۇ شۇنى ئۈمىد قىلىدۇ،— خالىق يۈرەك سۆزىنى قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا ساختىلىقنىڭ ئۇچقۇنى كۆرۈنمەيتتى.

— مەن ھەقىقەتنى، رېئاللىقنى ئىنكار قىلىۋاتقىنىم يوق. لېكىن، ماۋجۇشىنىڭ ئىزباسار يېتىشتۈرۈش چاقىرىقى قۇرۇق گەپ ئەمەستۇ. قانداقلا بولمىسۇن، ئۈمىدنىڭ بىر تال ئىنچىكە يىپى سىزنى شەھەر باشلىقلىق ئەملىگە باغلاپ تۇرۇپتۇ.

نەزىمەنىڭ ئۈمىدكە تولغان كۆز نۇرى خالىقنىڭ تېنىدىن ئۆتۈپ يۈرىكىدە توختىدى، ئۇ ھاياجانلاندى. ئۇ غەپلەت پەردىسىدىن قۇتۇلۇپ، كۆزى ئېچىلىۋاتقاندەك بولۇپ نەزىمەگە قارىدى.

— بۇ گېپىڭىزمۇ ئورۇنلۇقتەك تۇرىدۇ، لېكىن...

— لېكىن دەۋەرمەڭ،— نەزىمە خالىقنىڭ سۆزىنى چۈرت كەستى،— جاسارەتلىك بولۇڭ، بەل باغلاڭ، مەن سىزگە مەدەتكار بولىمەن، بىرلىكتە تىرىشايلى، بولامدۇ؟

خالىق ئۆز ـ ئۆزىگە ئىگە بولالايدىغان، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان، سەگەك يىگىت ئىدى. ئۇ نەزىمەنىڭ كىشىگە ھەم ئىلھام بېغىشلايدىغان، ھەم ئەندىشىگە سالىدىغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا قاراپلا قالدى. شۇ تاپتا نەزىمەنىڭ ۋۇجۇدىدا ياشلىق باھارىنىڭ ھاياتىي كۈچى بۇرۇنقىدەكلا ئۇرغۇپ، پوتكول ئەزايىدا گۈزەللىك ئىقىمى توختىماي ھەرىكەت قىلىپ، كۆزلىرى

ئارخىپنى چىقىرىپ، ئۇ كىشىنىڭ يەككە ماتېرىيالىنى تەرجىمە قىلىپ يېزىشقا كىرىشتى.

ئالاھازەل ئىككى سائەت ئۆتكەندۇ، توختىمەتمۇ ماتېرىيال يېزىپ كۆز - قوللىرى تالغان بولسا كېرەك، قەلەمنى ئۈستەلگە قويۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئەسنەپ كېرىلدى، ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ ھەرىكەت قىلدى، ئاندىن نەزىمەنىڭ كەينىگە كېلىشكە ئاياللاردا بولىدىغان بىر خىل خۇش پۇراق بۇرنىغا ئۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل شادىمان كەيپىيات قاپلىدى. ئۇ ئورنىدا تۇرۇپ بويىنىنى سوزۇپ، نەزىمەنىڭ مارجاندەك تىزىپ يازغان خەنزۇچە خەتلىرىگە مەستلىكى كېلىپ، مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشىنى سەزگەن نەزىمە مىدىرلاپ قويدى. بۇنىڭدىن توختىمەت ئوڭايسىزلىنىپ، قولىنى سوزۇپ نەزىمە تەرجىمە قىلىپ يېنىغا قويۇپ قويغان ماتېرىيالنى ئالدى.

— سىز مېنىڭ قېشىمغا قاچان كېلىۋالغان ئىدىڭىز؟ — دېدى نەزىمە توختىمەتكە يېنىچە قاراپ.

— ۋۇي، ۋۇي نېمە گەپ بۇ، — دېدى توختىمەت ئوقۇشقا كىرىشكەن ماتېرىيالدىن كۆزىنى ئالماي، ئەجەبلەنگەن ھالدا، — قاسىم ئەپەندىم گومىنداڭ ئەزاسى، رايونلۇق پىرقىنىڭ سېكرېتارى بوپتىكەن. تۇۋا، زادىلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن. ئادەمنىڭ خۇشخۇي، مۇلايىم تەقى - تۇرقى، ئورنىغا قاراپلا ئۇنىڭ تارىخىغا باھا بەرگىلى بولمىغۇدەك. نەزىمە بۇ راستمۇ؟ مەنغۇ بۇ كىشىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى تارىخىنى بىلمەيتتىم.

توختىمەتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا، نەزىمە خۇددى يامان چۈش كۆرگەندەك پۈتكۈل ئەزايىنى سوغۇق تەر باستى. لېكىن، يەنىلا توختىمەتكە قاراپ كۈزلىرىنى چەكچەيتتى.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ توختىمەت، مەن قاسىم ئەپەندىنىڭ خەنزۇچە «ئۆزىنىڭ تارىخى»دا شۇنداق يېزىپتۇ. ماڭا

قىلماڭ. قېنى ئىشىگىزنى تاپشۇرۇڭ، بۇنى تېز تۈگەتمىسەك، ئىشىم چىقىپ قېلىپ، سىزگە ياردەم قىلالماي قالماي يەنە.

— شۇنداق، شۇنداق، توغرا ئېيتتىڭىز،— توختىمەت قاسىم ئەپەندى قاتارلىق بەش كىشىنىڭ ئارخىپىنى كۆرسىتىپ،— سىز مۇشۇ كىشىلەرنىڭ يەككە ماتېرىيالىنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە قىلىپ تەييارلاپ بېرىڭ. مەن خالىق قاتارلىق سەككىز كىشىنىڭ يەككە ماتېرىيالىنى ئۇيغۇرچە تەييارلىسام، خەنزۇچىسىنى تەرجىمە قىلىپ بېرەرسىز.

— مېنى بۇ زىنداندا بىر ھەپتە باغلىۋالغۇدەكسىز- دە، بوپتۇ ئىشلەيلى،— دېدى نەزىمە ئارخىپلارنى ئالدىغا تارتىپ، توختىمەتنىڭ قارشىسىدا ئولتۇرۇۋېتىپ.

نەزىمە تېخى كۆرمىگەن ئارخىپلاردىكى ماتېرىياللارنى چۈشتىن بۇرۇن كۆرۈپ بولدى، چۈشتىن كېيىن قاسىم ھەمدۇللا- يۇفنىڭ يەككە ماتېرىيالىنى يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئاخشام يولدىشى خالىقنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن قاسىم ھەمدۇللايۇفتىن ئۆچ ئېلىش نىيىتى ئۆزگەرمىدى. شۇڭا ئۇ، ئارخىپتىن ھېلىقى ئايرىم تۇرغان 38- نومۇرلۇق قاسىم ھەمدۇللايۇفنىڭ «ئۆزىنىڭ تارىخى» نى چىقىرىۋېلىپ، شۇنىڭغا قاراپ تەرجىمە قىلىپ يېزىۋەردى. ئۇنىڭ كاللىسىغا ھېچنىمە كىرمەيتتى، لېكىن توختىمەتتىن ئەنسىرەپ، تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئۇنىڭغا يان كۆزىدە قاراپ قوياتتى «ياق، ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ كەتكۇدەك ھېچبىر ئىش يوق، ئۇ خەنزۇچىنى بىلمەيدۇ، كۆزى ئۇچۇق قارىغۇ، ماتېرىيال پۈتكەندە ئۇ بەرىبىر كۆرۈپ، قول قويۇپ تەشكىلات بۆلۈمىگە يوللايدۇ ئەمەسمۇ، ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار». نەزىمە كۆڭلىدىن مۇشۇلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ يۈرىكىنى توق تۇتۇپ، يېزىپ پۈتكۈزگەن ماتېرىيالنى ئۇچۇق - ئاشكارىلا ئۇستەلنىڭ بۇرجىكىگە قويۇپ قويدى ۋە باشقا بىر

ئىشلەيتتى، «توختىمەتنى ئېغىز ئاچالمايدىغان قىلىۋېتەي، ئارخىپخانا شۇنچە پىنھان تۇرسا، ھەرنېمە قىلىش مۇمكىن».

سىرتتا ئىسسىق قايناۋاتقان بولسىمۇ، ئارخىپخانىدىن نەم ھاۋا پۇراپ تۇراتتى، بۇ يەر سۆرۈن ئىدى. نەزىمە «سوغۇق ئۆتۈپ قالمىسۇن» دەپ كىيىۋالغان چاپىنىنى سېلىۋېتىپ، شىپۇن دۇخاۋا كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋەتتى. شۇ ۋاقىتتا توختىمەت پىچاقنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، چېلەكتىكى تاۋۇزنى جوزا ئۈستىگە قويۇپ تىلىپ، بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىز ھالدا نەزىمەنىڭ يېرىم ئوچۇق تۇرغان كۆكسىگە چۈشۈپ، بىرھازاغىچە قاراپ قالدى. نەزىمە كىيگەن شىپۇن دۇخاۋا كۆڭلەك ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنەتتى، مېدالىئون ئاسقان بويىنى، چۇۋۇلغان بۇدۇر چاچلىرى، بىلەزۈك سالغان مامۇق بىلەكلىرى، كىچىككىنە قوللىرى گۈزەل ئىدى. نەزىمە چىرايىنى گۈلدەك ئېچىپ، بىپەرۋا ھالدا تاۋۇزدىن بىر تىلىم ئالدى.

— توختىمەت، — نەزىمەنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان توختىمەت ھوشىنى يىغىپ نەزىمەگە قارىدى. يۈزى شالپەردەك قىزىرىپ ئوماقلىشىپ كەتكەن نەزىمە ناز قىلىپ، — تاۋۇزنى مېنى يېسۇن دەپلا تىلمىغانسىز، سىزمۇ ئېلىڭ، — دېدى.

— ئېلىڭ، ئېلىڭ، مەنمۇ ئالدىم مانا، — توختىمەت قولىغا بىر تىلىم تاۋۇزنى ئېلىۋېتىپ، كۆزلىرى ئىختىيارسىز ھالدا نەزىمەنىڭ كۆكسىگە بېرىپ توختىدى.

نەزىمە ئۇنىڭغا ئويۇن چىقىرىپ بېرىۋاتقاندەك، تاۋۇزنى يېگۈچە تۇرۇپ كۆڭلىكىنى تۇرۇپ مۈرىسىگە ئەكىلىپ ياقىسىنى تارتىپ، كۆتۈرۈپ قوياتتى - تۇرۇپ چۈشۈرۈپ قوياتتى. توختىمەتنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىغا يېڭىۋاشتىن قان ئۇرغۇپ، ۋۇجۇدى يايراپ كەتتى. غۇززىدە كەلگەن بۇ خىل شادلىق تۇيغۇسى ئۇنىڭدىكى ئەرلىك غۇرۇرىنى قوزغىۋەتتى. نەزىمە تاۋۇزنى

ئىشەنمىسىڭىز، باشقا تەرجىمان...
— نەزىمە، مېنىڭ گېپىمنى خاتا چۈشەنمەڭ.
نەزىمە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ يۈرىكى پوكۇلداپ، بەدىنى تىترەپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ ھالىتىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، سوغۇق ھالەتكە كىرگەن رەھىمسىز كۆزىنى توختىمەتكە تىكتى:
— مەن سىزنى قىينىلىپ قالدى دەپ، بۇ زىنداندا ئىشلەپ بېرىۋاتسام، سىز ئالدىمغا ئۇسسۇلۇق قويۇپ كۆڭلۈمنى ئالماقتا يوق، مەن يازغان ماتېرىيالدىن پۇتاق چىقىرىۋاتىسىزغۇ. ئىشىڭىزنى تاشلاپ چىقىپ كېتەيمۇيا.
— شۇنداق، سىزگە غەمخورلۇق قىلالماپتىمەن. ئۆزۈممۇ ئۇسساپ كەتكەن ئىدىم، راست، بايا مۇزلىسۇن دەپ بىر تاۋۇزنى چېلەكتىكى سۇغا چىلاپ قويغان ئىدىم. ئۇنى يەيلىمۇ؟— توختىمەت نەزىمەنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا ئالدىرىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، نەزىمە پىسسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى.
— تاۋۇز يەيلى، سىز پىچاق تېپىپ كىرىڭ.
نەزىمە توختىمەتنىڭ خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقىغا قايىل، بولۇپمۇ كادىرلارنىڭ سىياسىي ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا ئۇ ھەرگىز كەتكۈزۈۋەتمەيتتى. شۇنداقتىمۇ، نەزىمە ئۇنىڭ خەنزۇچىنى بىلمەسلىكىدىن پايدىلىنىپ يوچۇق تېپىپ پايدىلىنالايتتى. قاسىم ھەمدۇللايوفنىڭ ئارخىپىدا مۇشۇنداق ئىمكانىيەت، مۇمكىنچىلىك بار ئىدى. ئارخىپتىكى ئىككى قاسىم ھەمدۇللايوفنىڭ «ئۆزىمنىڭ تارىخى» خەنزۇچە بولۇپ، ئۇنى توختىمەت ئوقۇيالمايتتى. لېكىن ئۇ، «ئۆزىمنىڭ تارىخى» نىڭ ئۈستىگە يېزىلغان «38»، «49» نومۇرلارغا قاراپ، ئىككى ئادەمنىڭ ئارخىپى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، تەشكىلات بۆلۈم باشلىقىغا كۆرسىتىپ ئوقۇتسىلا... توختىمەتنى ئۇنداق قىلمايدۇ دېگىلى بولمايتتى. مۇنداق ۋاقىتلاردا نەزىمەنىڭ كاللىسى تېز

— ئىككى تىلىم قالدى، يېۋەتمىسەم ئىسراپ بولىدۇ،— توختىمەت ئۇنىڭغا قارىماسلىققا تىرىشىپ بىر تىلىم تاۋۇزغا قولىنى ئۇزاتقان ئىدى، نەزىمە ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتتى.

— كېلىڭ توختىمەت، خىزمەتتە ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ئىشلەپ كەلدۇق. كارىۋاتقا كېلىڭ، ئىككىمىز ھەمكارلاشقانلىقىمىزنى قۇتلۇقلايلى، كېيىنكى ئىشلىرىمىز ئۈچۈن مەخپىيەتلىكنى ساقلايلى. توختىمەت، ماڭا قارىسىڭىزچۇ.

توختىمەت ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. ئۇ نەزىمەنىڭ كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان چىرايلىق تېنىگە، ناز - كەرەشمىلىك قىياپىتىگە قارىدى. نەزىمە كۆلۈمسىرەپ ئۇنى تېنىەتتى، بۇ كۆلۈمسىرەش پاللىدە چىققان ئاپتاپتەك ئىككى ئوتتۇرىدىكى قورۇنۇشنى، سالقىن تۇماننى سۈرۈپ تاشلىدى. بۇ چىرايلىق ئايالنىڭ تېنىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ھەدىيە قىلىشىنى ئۇ چۈشىدىمۇ كۆرمىگەن ئىدى. نەزىمەنىڭ ئاشۇ شەھۋانىي كۆزى، گۈلدەك ئېچىلغان چىرايى ۋە كارىۋاتتا يېتىۋېلىپ چاقىرىشى بارلىقىنى تەقدىم قىلىۋاتقانلىقىغا ھەقىقىي ئىشەندى.

— سىز مېنى چاقىرىۋاتامسىز، بۇ... بۇ... مەن...— دەپلا، كىيىم - كېچەكلىرىنى سېلىۋېتىپ، نەزىمەنى كارىۋاتقا باستى...

2

60- يىللاردا جۇڭگونىڭ ھەممىلا يېرىنى «سىنىپىي كۈرەش»، «لۇشيەن كۈرىشى» قاپلاپ كەتكەن، دۆلەتنىڭ قانۇن- تۈزۈملىرى ئانچە مۇكەممەل ئەمەس، دېموكراتىك سايلام تەرتىپ بويىچە تۈزۈك يولغا قويۇلمىغان ئىدى.

شەھەرلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى توختىمەت قول قويۇپ چىقىرىپ بەرگەن قاسىم ھەمدۇللايۇفنىڭ

يەپ بولۇپ، كارىۋاتنىڭ بۇرجىكىدە ئولتۇردى.

— توختىمەت، كارىۋاتتا يوتقان - كۆرپە، ياستۇقلارمۇ تەييار-كەن، چۈشتە مۇشۇ يەردە ئۇخلايدىغان ئوخشىمامسىز،— ئۇ كۆكسىنى لىپىلدىتىپ چىقىرىۋېتىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى،— نېمىدېگەن سالقىن، ياتسا كىشىنىڭ قوپقۇسىمۇ كەلمەس-ھە.

— يېتىشقا تەييارلىغان، لېكىن يېتىپ باقمىدىم، قورققۇم كېلىدىكەن...

— شۇمۇ يىگىت دەيدىغان گەپمۇ، مۇندىن كېيىن بۇ يەردە يېتىشقا قورقسىڭىز، مېنى ھەمراھ قىلىۋېلىڭ،— نەزىمە كۆزىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ۋىلىقلاپ كۈلدى.

توختىمەت گەپنى گۆر - گۆر قىلىدىغان، چاقچاق خۇمار يىگىت ئىدى. بۇگۈن نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ تىلى كالامپاي بولۇپ قالغاندەك، نەزىمەگە تاقابىل تۇرغۇدەك سۆز تاپالمايۋاتاتتى. گويا ئۇنىڭ روھى تېنىدىن ئاجراپ، نەزىمەنىڭ كۆكسىدىن كۆزلىرىنى ئالالمايتتى، ۋۇجۇدى تىكەنلىشىپ بىرقىسما بولۇپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ئەقلى ئىشلەپ، بىر خىل كۈچ ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىغا دەۋەت قىلاتتى.

— بۇ كارىۋاتقا ئىككى ئادەم پاتمايدۇ ھەم كۆتۈرەلمەيدۇ، ئارخىپخانىنىڭ نەملىكىمۇ ئادەمنى...

— ۋاي - ۋۇي توختىمەت، ھازىرلا ياتايلى دەۋاتقاندەك كارىۋىتىڭىزنى مەندىن قاچۇرۇپ كەتتىڭىزغۇ،— نەزىمە سۆزلە-ۋېتىپ كۆرپە - يوتقانلارنى كارىۋاتقا يايدى، ئاندىن ئايىغىنى سېلىۋېتىپ كارىۋاتقا چىقىپ سۇنايلىنىپ ياتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى-كى ئاستىغا سۇرۇلۇپ قېلىۋىدى، ئالدى تېخىمۇ تولۇق ئېچىلدى.

ئۇ بىر خىل ناز بىلەن،— مانا قاراڭ توختىمەت، مەن كارىۋاتنىڭ ئاران ئۈچتىن بىر قىسمىدا ياتتىم، ئىككى قىسمىغا سىز پاتام-سىز، ۋاي ئالليەي، تاۋۇزنى يەپ تويمايسىزغۇ، بولدى قىلىڭە.

توختىمەتكە سەزدۈرۈپ قىلدى.
توختىمەت خىزمەتتە مەسئۇلىيەتچان، غەيرەتلىك، ياخشىلارنى ياقىلاپ، يامانلارغا ئوت ئاچالايدىغان، گېپى ئۆتكۈر، قەلىمى كۈچلۈك كادىر بولۇپ، ھۆكۈمەت ئالدىدا يۈز تاپقان ئىدى. خەلق باشالتىقىنى چىقىرىپ ئۇنى ماختايتتى. كونىلار «كىشىنىڭ ئىشىنى يېسەڭ تىلىڭ قىسقىرار» دەپ بىكار ئېيتمىغان. ئۇ بىردەملىك كۆڭۈل خوشىغا بېرىلىپ، قاسىم ئەپەندىنىڭ ساپ تارىخىنى نەزمەنىڭ بۇلغىنىشىغا بېرەلمىدى، ھەتتا ئۇنى ئۆز ئەمەلىنى ئۆستۈرۈپ قويغان دەپ قاراپ، ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلدى. ئۆزىمۇ خالىمايدىغان بەزى ئىشلارنى نەزمەنىڭ كۆڭلىنى دەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.
مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا ھەممىلا يەردە ئىنقىلابىي كادىرلارنى تارتىپ چىقىرىپ رەھىمسىز كۈرەش - پىپەن قىلىش ئەۋج ئالدى. شۇ قاتاردا قاسىم ھەمدۇللايوفنىڭ ئاساسى جىنايىتى ئازادلىقتىن بۇرۇن گومىنداڭغا ئەزا بولغان، رايونلۇق پىرقىنىڭ سېكرېتارى بولغان، قان - قەرزى بولۇشى مۇمكىن دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قاسىم ئەپەندىمنى «كۈرەش»كە تارتىپ، يۇقىرىقى «جىنايەتلىرى»نى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلىدى، تىللىدى، ئۇردى، سازايى قىلدۇردى، ھەتتا ئۇنى تىزلاندۇرۇپ، تۆمۈر گاگزىنى بېسىپ پۇتىنى سۇندۇرۇۋەتتى.
قاسىم ئەپەندىمنى كۈرەش - پىپەن قىلىش ھەرىكىتىگە نەزمە، توختىمەتلەرمۇ قاتناشتى، چوڭ ئېقىمغا ئەگەشتى. نەزمە قاسىم ئەپەندىمنىڭ ناھەق زەربە يەپ، بىچارە، كۆرۈمسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ «كۆرگۈلۈكۈڭ بار سېنىڭ، مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئەجەب ياخشى بولدى» دەپ مەسخىرىلىك كۈلسە، توختىمەت ئۇنى قوللىغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ، كۆڭلىدە ئىچ ئاغرىتتى. مۇشۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ

يەككە ماتېرىيالنى كۆرۈپ، چۆچۈشۈپ كەتتى. لېكىن، ھېچكىم
بۇ ماتېرىيالدىن گۇمانلىنىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، بەلكى قاسىم
ئەپەندىنى ھىمايە قىلىپ ئۆزىگە گەپ كېلىپ قېلىشتىن
قورقتى-دە، خالىقنى شەھەر باشلىقى قىلىشقا قوشۇلۇپ،
يۇقىرىغا دوكلات يوللىدى. يۇقىرىدىن قاسىم ئەپەندىمنى شەھەر
باشلىقى قىلىشقا خىزمەت ئىشلەش ئۈچۈن ئادەم كېلىۋىدى،
قاسىم ئەپەندىم غەرەزسىز، شەخسىيەتسىز، ئومۇمنىڭلا ئىشىنى
ئويلايدىغان ئالىيجاناب كىشى بولغانلىقتىن، يۇقىرىدىن كەلگەن-
لەرگە ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى، سالامەتلىكىنىڭ ياخشى
ئەمەسلىكى، ئۆزىنى پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلىۋەت-
كەنلىكىنى تەكىتلەپ، شەھەر باشلىقلىقىدىن ئىبارەت ئېغىر
مەمۇرىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالمايدىغانلىقىنى، خالىق شەھەر
باشلىقى بولسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى ھەم قاملاشتۇرۇپ كېتەلەي-
دىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا يۇقىرىنىڭ «خالىق مۇۋەق-
قەت شەھەر باشلىقلىقىغا تەيىنلەنسۇن» دېگەن تەستىقى چۈشتى.
ئۇنىڭ كەينىدىنلا شەھەردە قۇرۇلتاي ئېچىلىپ، خالىقتىن
ئىبارەت بىرلا نامزات كۆرسىتىلىپ، سايلام ئوڭۇشلۇق ئۆتتى.

سايلامدىن تاسادىپىيلىق ھېس قىلغان خالىق بۇ ئىشتا
نەزىمەنىڭ ئىشلەتكەن ھىيلە - مىكرى بارمۇ - يوق دەپ تىڭتىڭ-
لىدى، لېكىن غەيرىي سۆز - چۆچەك ئاڭلىمىدى، نەزىمەنىڭ
نورمالسىز ھەرىكەتلىرىنىمۇ سەزمىدى. شۇنداقتىمۇ كادىرلارنىڭ
ئارخىپ ئىشىغا نەزىمەنىڭ ئارىلىشىپ يۈرگەنلىكىنى نورمالسىز-
لىق دەپ قاراپ، ئۇ توختىمەتنى بىر يىللىق خەنزۇ تىلى
ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. توختىمەت ئۆگىنىشتىن كېلىشكە نەزىمە
شەھەرلىك تەشكىلات بۆلۈم باشلىقىغا خىزمەت ئىشلەپ، ئۇنى
ئارخىپخانىغا كىرگۈزمەيلا، شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسىگە
مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ ئۆستۈرۈپ يۆتكەتتۈرۈۋەتتى. بۇنى نەزىمە

كېيىن نەزمە 38- نومۇرلۇق «ئۆزىنىڭ تارىخى»غىلا قاراپ يېزىپتۇ. مەن شۇ ۋاقىتتا نەزمە يازغان ماتېرىيالدىن ئەجەبلىنىپ، «بۇ راستمۇ؟» دەپ سورىغانلىقىم ئېسىمدە. ھەي، مەن بىخۇدلۇق قىلغان ئىكەنمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەزمە ئەقلىمنى ئوغرىلاپ...— توختىمەت سەسكىنىپ كەتتى،— تۇۋا، مەن ئالدام خالتىغا چۈشكەن ئىكەنمەن، ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ئاغزىمنى تۇۋاقلىۋېتىدىغان قىلتاقكەن».

توختىمەت قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغىنىپ، غەزىپىنى باسالماي قالدى. ئۇ ۋىجدانىي ئازابقا چىدىماي، نەزمە بىلەن زوكۇنلاشماقچى بولۇپ ئۆيىگىلا باستۇرۇپ كىردى ۋە :

— ھەي قارا يۈز، دەپ باقە، قاسىم ئەپەندىم، راستىنلا گومىنداڭغا ئەزا بولغانما، پىرقە سېكرېتارى بولغانما؟ بۇ تارىخنى سەن ياساپ چىقتىڭ، شۇنداقمۇ؟— ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

— توختىمەت ئاخۇن،— دېدى نەزمە ئۇنىڭ ئەلپازىغا پەرۋا قىلماي،— نېمانچە ئاچچىقلايدىغانسىز، قېنى ساپاغا كېلىپ ئولتۇرۇڭ. ئۇنداق چېچىلغانىنىڭ نېمە پايدىسى، ئىككىمىز بىر قولۋاققا چىققان ئادەملەرغۇ. قاسىم ئەپەندىمنى خەقلەر شۇنداق دەۋېتىپتۇ، بىزنىڭ نېمە كارىمىز، ئۇنىڭ شۇنداق تارتقۇلۇقى باركەن، ھى، ھى، ھى.

— تارت تىلىڭنى. ئۇ بىزنىڭ سەۋەنلىكىمىزدىن كۆرەش - پىپەن قىلىنىپ ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالدى. ئۇنىڭغا ئېچىنماي كۈلۈشكە يۈزۈڭ قانداق چىدايدۇ، مېنىڭ ئالدىمدا قىلمىشىڭنى تولۇق تاپشۇر، بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن.

توختىمەت ئولتۇرمىدى، نەزمە ئۇنىڭ مۇنداق ئاچچىقلانغانلىقىنى، باشقىلارغا دېۋەيلىگىنىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. نەزمەنىڭ ۋۇجۇدىغا بىر خىل قورقۇنۇش ۋەھىمىسى تارقالغاندەك

كەتكەن جىن ـ شەيتان، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى. ئۇلار بىرمەھەل ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىۋېلىپ، ئىنقىلابىي كۈچلەرنى باستى، لېكىن ئىنقىلابىي كۈچلەر يەنىلا كۆپچىلىك ئىدى. ئۇلار جىن ـ شەيتان، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ قالايمىقانچىلىق چىقىرىپ زوراۋانلىق قىلىشىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋەرمىدى، قەددىنى رۇسلاپ ئوتتۇرىغا چىقىپ تىغمۇتىغ ئېلىشتى. قاسىم ئەپەندىمنىڭ ناھەق قارىلىنىپ ئۈۋالچىلىقتا قېلىشىغا يول قويمىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىلەن زاغرا ناننى بىرلىكتە سۇغا چىلاپ يېگەن يۇرتداشلىرى كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، ئۇنىڭ تارىخىنىڭ پاك ۋە ئىنقىلابىي جاسارەتكە تولغان، ئۆزىنى يۇرتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ھايات ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولدى.

يۇرتداشلىرى شۇنىمۇ ئىسپاتلىدىكى، يېزىمىزدىن يەنە بىر قاسىم ھەمدۇللايوفمۇ چىققان، ئۇ راستتىنلا گومىنداڭغا ئەزا بولغان، گومىنداڭ رايونلۇق پىرقىنىڭ سېكرېتارى بولۇپ، بەزى يامان ئىشلارنى قىلغان، لېكىن ئۇ خېلى بۇرۇنلا چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن دېيىشتى. ئۇلار قاسىم ئەپەندىمنى ئىسيانچىلاردىن تارتىۋېلىپ يۇرتىغا ئەكېتىپ پاناھلاندۇردى، داۋالاتتى. لېكىن، بۇ ھەرىكەتلەر ئەينى ۋاقىتتا تەرەپبازلىق تۈسىنى ئالغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ يۇرتداشلارنىڭ قاسىم ئەپەندىمنى جان تىكىپ قوغداشتەك ئەمەلىي پاكىت ئالدىدا توختىمەت ئويلانماي تۇرالمىدى. ئۇ ئارخىپخانىدا ئىشلىگەن ۋاقىتتىكى، بولۇپمۇ شەھەر باشلىقلىقىغا كۆرسىتىلگەن نامزاتلارنىڭ ماتېرىيالىنى تەييارلىغان ۋاقىتتىكى ئىشلارنى ئەسلىدى، قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ تەھلىل قىلدى. «راست، مەن قاسىم ھەمدۇللايوفنىڭ ئارخىپىدا 38-، 49- نومۇرلۇق ئىككى ‹ئۆزىنىڭ تارىخى›نى كۆرگەن. ھەر ئىككىلا ‹ئۆزىنىڭ تارىخى› خەنزۇچە بولغانلىقتىن، چۈشتىن

كەتتى. نەزىمە ئۇنى تۇستى، توختىمەت ئورنىدىن تۇرۇپ نەزىمەگە قاراپ كۆزلىرىنى چەكچەيتتى.— قاسىم ئەپەندىم ساڭا شۇنچە كۆپ ياخشىلىق قىلغان ئەمەسمۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، سەن نېمىشقا ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالىسەن، زىيانكەشلىك قىلىسەن؟— توختىمەت مۇشتۇمىنى نەزىمەنىڭ پېشانىسىگە تىرىدى، چىشلىرى غەزەپتىن غۇچۇرلاپ كەتتى. نەزىمە گويا دەرەخنىڭ شېخىنى قايرىغاندەك، ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتى:

— ھەي، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان، سېنى ئۇ زىنداندىن ئازاد قىلىپ، ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىنى كىم ئېلىپ بەردى، بۇنى ئوبدان بىلىسەنغۇ! سەنمۇ ئېسىڭدە چىڭ تۇت، مەن قاسىم ئەپەندىمدىن ئۆچ ئالماقچى بولغان، بۇنىڭغا سەن ماسلاشقان، پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. شۇ ۋاقىتتا ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالساڭ، نەپسىڭنى يىغىۋالساڭ بولماسمىدى. ئەركىلىتىپ قويسام، خۇدۇڭنى بىلمەي قالدىڭ. ئەمدى مۇنداق كۈچنى، نەپرەتنى ساڭا كىم بەردى؟ مەن شۇنىمۇ ئېسىڭگە سېلىپ قوياي، ئارخىپخانىنىڭ ئاچقۇچى سەندە، مەندە ئەمەس. يوقىرىغا يوللىغان ماتېرىيالغا مەن ئەمەس، سەن قول قويغان. مەن قاسىم ئەپەندىمنىڭ تارىخىنى ناپاك قىلىپ يازدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، مەن شۇ ۋاقىتتىلا بەدەل تۆلىۋەتكەن، ھېساب - كىتاب قىلىشىپ بولغان، ھەي لامزەللە،— ئۇ توختىمەتنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك كۈلۈپ، — ھازىر باتۇرلۇقۇڭ تۇتۇپ كەتكەن بولسا، قاسىم ئەپەندىمگە ئىچىڭ ئاغرىۋاتقاندىكىن، ئاشۇ «لەززەتلىك مىنۇت»لىرىڭنى خەلقئالەمنىڭ، خوتۇن، بالا - چاقىلىرىڭنىڭ ئالدىدا دېمەمسەن. ماڭ، بۇ يەردە بېزىرىپ تۇرماي، شۇ يەردە دېگىن،— نەزىمە ۋىلىقلاپ كۈلگەن پېتى توختىمەتكە قاراپمۇ قويماي، ساپما ئايىغىنى سۆرەپ ئىچكەركى ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

توختىمەت ئاچچىقىغا پايلىماي، نەزىمەنىڭ كېيىدىن

بولدى، لېكىن ئۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىدىغان، يىغلاڭغۇ خوتۇنلاردىنمۇ ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ چىرايىغا سالماق، تەمكىن قىياپەت بېرىپ، توختىمەتنىڭ ئالدىدا تۇرغان پېتى جاۋاب بەردى:

— ئەمدى ئۇ ۋاقىتتا ماتېرىيال يازغان ئىشنى يوشۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىدى. قاسىم ئەپەندىمنىڭ ماتېرىيالىنى ئاشۇنداق يازغانلىقىم راست. شۇنىڭ بىلەن يولدىشىم شەھەر باشلىقى بولدى، بۇ پاكىت. لېكىن، مەن ماتېرىيالنى قاسىم ئەپەندىمنىڭ ئارخىپىدا بولغان، ھازىرمۇ تۇرۇۋاتقان «ئۆزىنىڭ تارىخى»دىن كۆچۈرۈپ يازدىم. بىلىپ قويۇڭ، مېنىڭ يازغىنىم ئىككىنچى قول ماتېرىيال. قاسىم ئەپەندىمنىڭ تارتىپ چىقىرىلىشى بىزنىڭ سەۋەنلىكىمىز ئەمەس، سىز ئۇنىڭغا ئىچىڭىزنى ئاغرىتىپ نېمانچە قىلىپ كېتىسىز؟ قاسىم ئەپەندىم قانچىلىك ئادەم ئىدى، پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقلىرىمۇ تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش ـ پىپەن قىلىنىۋاتىدىغۇ. كىمگە كەتمەن چېپىپ، ئۇلارنى ئاقلاپ كېتەلەيسىز. خالىقمۇ قاسىم ئەپەندىلەرنىڭ قاتارىدا كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار دېيىلىپ، كالا قوتىنىدا يېتىۋاتامدۇ. بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك ـ ھە!

— ئۆزۈڭنى مەسئۇلىيەتتىن قاچۇرما، شۇ ۋاقىتتىلا سەن ئۇنىڭ ئارخىپىغا باشقا بىر قاسىم ھەمدۇللايۇفنىڭ «ئۆزىنىڭ تارىخى» قوشۇلۇپ قالغانلىقىنى بىلسەن، شۇنداقمۇ؟

— بىلىمەن، ئۇ قاسىم ھەمدۇللايۇف سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىدىغان ۋاقىتتا، مەن ئۇرۇمچىدە ئۇزىتىپ قويغان.

— سەن ۋىجدانسىز، مېنىڭ خەزۇچە بىلمەسلىكىمدىن پايدىلىنىپ، مېنى ئالداپسەن. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ماڭا شەپقەت قىلغان دەپ سېنى ھۆرمەت قىپتىمەن، خىزمىتىڭنى قىپتىمەن. ھەي مەنمۇ ئەخمەقكەنمەن،— توختىمەت ئورنىدا ئولتۇرۇپ ئۆزىنى ئەيىبلەپ، قولى بىلەن بېشىغا ئۇرۇپ ۋايساپ

لۈكلۈك بار، بۇ جاھانداىىز يەنە ياشايمىز...

— ئۆزۈڭنى ماختاۋەرمە، ھاكىمىيەت يەنىلا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدا، ھەممىگە پارتىيە رەھبەرلىك قىلىدۇ،— دېدى توختىمەت ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ.

— ئوك- سول، ئېگىز- پەسلىك يەنىلا مەۋجۇت، ھەقىقەت نىسبىي بولىدۇ. ئۆزۈڭمۇ پارتىيە ئەزاسى، قېنى، مېنى پاش قىلىپ قاسىم ئەپەندىمنى ئاقلاپ باقمامسەن، ھى، ھى، ھى...

— ئەستا، مەن سېنى...— توختىمەتنىڭ ئۇچى قايناپ، كەينىگە بۇرۇلدى- دە، بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ توختاپ قالدى.

— مۇنچە ئاچچىقلاشنىڭ نېمە ھاجىتى. قايتىپ بېرىپ ئۆيۈڭدە دەم ئال. زېرىكىپ قالغاندا مېنى ئىزدەپ كەل، مۇڭدىشىمىز، لېكىن بۇگۈنكىدەك ئەمەس. بۇگۈن سېنى كۆتەلمىدىم، ئۇسسۇلۇقمۇ بەرمىدىم،— توختىمەت يەنە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىماقچى ئىدى، نەزىمە ئۇنىڭ ئاغزىنى قولى بىلەن توسۇۋېلىپ،— بولدى قىل، يامانلىشىۋەرمەيلى. يۈر، مەن سېنى ئۇزىتىپ قوياي،— دېدى.

3

1980- يىلىنىڭ كۈز پەسلى ئىدى. توختىمەت بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن يېزىلىق ھۆكۈمەت ئاچقان يىغىندىن تارقىلىپ ھويلىغا چىقىشىغا قاسىم ئەپەندىم بىلەن روبىرو ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ئاشۇ قېتىم يېزىغا كەتكەن پېتى، ئاقلانغاندىن كېيىنمۇ شەھەرگە قايتىپ كەلمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى ئاقارغان، بېلى مۈكچەيگەن بولسىمۇ جەگلەردە چېنىققان تېنى يەنىلا مۇستەھكەم، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. ئىككىيلەن بىر- بىرىنى كۆرۈپلا تونۇدى ۋە قىزغىن كۆرۈشۈپ ئەھۋاللاشتى.

ئېلىپ، قىلمىشىنى ئىقرار قىلدۇرىمەن، ئۇنىمۇ خەلقئالەم ئالدىغا سۆرەپ چىقىمەن دەپ ئاددىيلا ئويلىغان ئىدى، نەزىمەگۇ قىلمىشىنى قورقمايلا ئىقرار قىلدى. لېكىن، توختىمەت ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا نەزىمەنىڭ كەتمىنىنى چاپقانلىقىنى، ئۇنىڭ قىلمىشىنى ئاشكارىلىسا ئۆزىنىڭمۇ چاۋىسى چىتقا يېيىلىدىغانلىقىنى سېزىپ، غەپلەتتىن ئويغانغاندەك بولدى.

— سەن ئالدامچى، شۇ ۋاقىتتىلا ئاغزىمنى تۇۋاقلاپ، ۋىجدانىمنى بۇلغاپتىكەنسەن. مەن سېنى...— توختىمەت ئارقىدىن يۇگۈرۈپ كېلىپ، نەزىمەنىڭ كېكىردىكىدىن بوغدى.

— ھەددىڭدىن ئاشما توختىمەت،— نەزىمە خىرقىراپ سۆزلەيتتى،— مېنىڭ قانداق ئاياللىقىمنى بىلىسەن،— ئۇ قولى بىلەن ئىشتانبېغىنى ئىتتىكلا يېشىۋەتتى،— بالىلىرىم ياندىكى ئۆيدە، كېكىردىكىمنى قويىۋەت. ئىشتىنىم سىيرىلىپ كەتتى، باسقۇنچى بولۇپ ئۆزۈڭنى تۈرمىدە كۆرمىگىن يەنە.

توختىمەت كۆزىنى پەسكە يۇگۈرتۈپلا چۆچۈپ كەتتى، نەزىمەنىڭ كۆڭلىكى يېپىۋالمىغان بولسا، تېنىنىڭ يېرىمى ئېچىلىپ قالغان بولاتتى. توختىمەت ئالمان - تالمان نەزىمەنىڭ كېكىردىكىدىن قولىنى بوشاتتى.

— ھەممە نومۇسسىزلىق قولۇڭدىن كېلىدىكەن، ساڭا قول قويدۇم،— ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭدى.

— توختىمەت،— دېدى نەزىمە ئىشتىنىنى يۇقىرىغا تارتىپ،— سەن ئىككىمىزنىڭ چەمبەرچاس دوستلۇقىمىزنى ئۇنتۇپ قالساڭ بولمايدۇ. سەن مۇنۇ ئىككى ھەقىقەتنى بىلىۋال: بىرى، مېنىڭ قولۇمدىن ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ كېلىدۇ، مەن بىلەن ماسلاشساڭ زىيان تارتمايسەن؛ يەنە بىرى، بۇ دۇنيانى ساپ، پاكىز دەپ ئويلاپ قالما، بىرى خار بولماي يەنە بىرى يايرىيالمايدۇ، سەن ئۆزۈڭنى بىلىپ ئۆزگىنى قوي. بولمىسا، سېنىڭمۇ كۆرگۈ-

ئېلىپ، سىزدىن كەچۈرۈم سورىسام بولاتتى، لېكىن بۇنىڭغا يۈزۈم چىدىمايدۇ، ئۆيىڭىزگە بارغان بىلەنمۇ قىسىلىپ ئولتۇرالمايمەن. ۋاي خۇدا، بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ رەقىبىنى دوست كۆرۈپ ئۆيىگە چىللا-ۋاتىدۇ، دېگىنە، مەن قانداق قىلىمەن، سەن مېنى بۇ مۇشكۇ-لاتتىن قۇتقازغىن» دەپ ئويلاپ ئوڭايسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

— قاسىم ئەپەندىم ھۆرمىتىڭىزنى قىلىپ چىللاۋاتقاندى-كىن، ئۇنداق تارتىنىشماڭ. يالغۇز بېرىشنى ئەپسىز كۆرسىڭىز مەنمۇ بىللە باراي،— يېزا باشلىقى شۇنداق دەپلا توختىمەتنىڭ قولى-دىن تۇتۇپ تارتتى، ئەمدى تارتىنىشىپ تۇرۇشقا ئورۇن قالمىدى.

توختىمەت قاسىم ئەپەندىمنىڭ ئۆيىدە خۇددى يىگنە يېيۋالغاندەك قورۇنۇپ ئولتۇراتتى، گويا ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى قاسىم ئەپەندىم بىلمىگەندەك، ئۇنىڭدىن ھېساب ئالمىغاندەك بىلىنىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرالمىدى، بەدىنى، يۈزى تەرگە چۆمۈلدى، قانداقلا قىلسا ئولتۇرۇشى، سۆزى قولاشمىغاندەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، كونا قوشنىمىز بىلەن دىدارلىشىۋال-دۇق، ئۆلمىسەكلا كۆرۈشەلەيدىكەنمىز دېيىشىپ قاسىم ئەپەندىمۇ، ئاپپايمۇ خۇشال، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تەبەسسۇم كەتمەيتتى، كونا قوشنىلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، بەخت-سائادەتكە تولغان، جۇشقۇنلۇق ياشلىقىنى ئەسلەپ ئاغزى بېسىقمىدى، كۆڭۈلسىز ئىشلارنى زادىلا تىلغا ئېلىپ باقمىدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا توختىمەتنىڭ جىددىيلەشكەن كەيپىياتى ئىزىغا چۈشۈپ ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلدى، ئۇمۇ ئىختىيارسىز ئاشۇ ئەسلىمىلەر ئىچىگە چۆكۈپ ئىچىلىپ-يېيىلىپ ئولتۇردى، ئەپسۇس، بۇ كەيپىياتمۇ ئۇزاققا بارمىدى. يېزا باشلىقى قاسىم ئەپەندىمنىڭ ئاشۇ يىللاردىكى ئۇۋۇالچىلىقلىرىغا گەپنى بۇراپ توختىمەتنى يەنە دەككە-دۈككىگە سېلىپ قويدى.

— قاسىم ئەپەندىم، ئاڭلىسام سىلى مۇشۇ يېزىلىق ئىكەن-

قاسىم ئەپەندىم توختىمەتكە يېقىنچىلىق قىلىپ:

— مەن سېنىڭ يېزىمىزغا كەلگىنىڭنى يېڭىلا ئاڭلىدىم، بىز كونا قوشنىلار ئىدۇق، ئۆتنە-يېرىم قىلىشاتتۇق، قىزغىن مۇڭدىشاتتۇق، بالىلىرىمىزمۇ بىللە ئويناتتى، قېرىنداشلاردەك ئۆتكەن. ئادەم قېرىغاندا ياشلىقىدىكى ئىشلارنى، ئادەملەرنى سېغىنىپ قالىدىكەن، يۈر ئۆيگە بارايلى، مۇڭدىشايلى،— دېدى.

توختىمەت بايا قاسىم ئەپەندىمنى كۆرۈپلا چىرايى ئالىيىپشىل بولۇپ، گەپلىرى قولاشماي تەمتىرەپ قالغان ئىدى. ئۇ باھانە كۆرسىتىپ قاسىم ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە بارماسلىققا ئۇرۇندى.

— ئەپەندىم، مېنىڭمۇ تازا بارغۇم بار ، لېكىن خىزمەت...

— باھانەڭنى قوي ئۇكام،— قاسىم ئەپەندىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ،— ھازىر سەن خىزمەتتىن چۈشتۈڭ. ئەسلىدىنمۇ ئەمەلدارلىق كىبىرىڭ بولمىسا مېنى يوقلاپ بېرىشىڭ كېرەك ئىدى. مەن تەگمىسەم سەن يەنە تارتىنىشۋاتىسىنا، سەن قاچاندىن مۇشۇنداق تەكەببۇر، ھاكاۋۇر بولۇپ قالدىڭ. كىشىلەرمۇ سېنى شەھەردىكى رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە پاك-دىيانەتلىك، خەقنىڭ ھالىغا يېتىدۇ دەپ ماختىشىدىكەن. مېنىڭمۇ ساڭا ئالاھىدە ھۆرمىتىم بولغانلىقى ئۈچۈن، مېنى يوقلاپ قويۇشنى ئويلىمىغان بولساڭمۇ، مەن ئالدىڭغا كېلىپ چىللاۋاتىمەن، ماڭمامسەن.

قاسىم ئەپەندىم تولىمۇ سىلىقلىق بىلەن توختىمەتكە تەگكۈزۈپ ساۋاپ قويدى ھەم ئۇنى تەرىپىنى قىلىپ ماختىدى، ئۇ قاسىم ئەپەندىمنىڭ سەممىي، ھۆرمەتكە تولغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھاياجانلاندى، يۈزى قىزىرىپ، يۈرىكى ئازابلاندى، «قاسىم ئەپەندىم، مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن. سىزگە زىيانكەشلىك قىلغانلىقىمنى، سىزنى بالا-قازاغا قالدۇرغانلىقىمنى بىلگەن بولسىڭىز، مېنى ھەرگىز ئۆيىڭىزگە چىللىمايتتىڭىز، مېنىڭ ھۆرمىتىمنىمۇ قىلمايتتىڭىز. مەن ئۆيىڭىزگە بېرىپ گۇناھىمنى بويىنۇمغا

بولغاندۇ، سۈرۈشتە قىلىپ نېمە قىلاتتۇق. ئارخىپىمغا سېلىنىپ قالغان «ئۆزىنىڭ تارىخى»نىڭ ئىگىسى قاسىم ھەمدۇللايوف ئالدىنقى ئايدا سوۋېتتىن توغقان يوقلاپ كەپتىكەن، كۆرۈشتۇق، مۇشۇ ئىشلارنى سۆزلىشىپ بىر كۈن ئولتۇردۇق. ھازىر ئويلىساڭ، بۇ ئىشلار كۈلكىلىك تۇيۇلىدىكەن، ھا، ھا، ھا...

— راست كۈلكىلىك ئىشكەن ھا، ھا... گۇۋاھچى ھاياتىكەن، ھا، ھا، ھا، نېمىدېگەن قىزىق، ھا، ھا...

يېزا باشلىقىنىڭ كۈلكىسى توختىمەتكە مۇشت ئاتقاندەك بىلىنىپ، مېڭىسى زىڭىلداپ كەتتى.

— مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئالدىدا سىلىنى شەھەر باشلىقى قىلماقچىكەن، مۇشۇ سەۋەبتىن قېپقالدىلىمۇ؟

قاسىم ئەپەندىم ئىتتىكلا «ياق» دېگەندەك، بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى، مېيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ سۆزلىدى:

— شەھەر باشلىقى بولۇشنى خالىغان بولسام، شۇ ۋاقىتتىلا بۇ ئۇۋالچىلىق ئاشكارىلىنىپ، ئارخىپىمغا چۈشۈپ قالغان باشقا قاسىم ھەمدۇللايوفنىڭ «ئۆزىنىڭ تارىخى» چىقىرىۋېتىلگەن بولاتتى. يۇقىرىدىن ئادەم كېلىپ مەن بىلەن سۆزلەشكەندە، مەن «ياشىنىپ قالدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر مۇنەۋۋەر كادىرلار يېتىشىپ چىقتى، خالىق مېنىڭدىنمۇ مۇۋاپىق نامزات» دەپ تۇرۇۋالغانلىقتىن، مېنىڭ تارىخىم ئاشكارىلانمىغان.

قاسىم ئەپەندىمنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلغان توختىمەت ئۆزىنى ئاشكارىلاش نىيىتىدىن يېنىپ، ئىچكى سىرنى قۇلۇپلاقلىق پېتى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇ قاسىم ئەپەندىمنىڭ خالىقنى شەھەر باشلىقلىقىغا كۆرسەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىچى تىت-تىت بولۇپ سورىدى.

— قاسىم ئەپەندىم، سىرغۇ نەزىمەنىڭ بېشىنى سىيلاپ، ئوقۇتۇپ قىلمىغىنىڭىز قالماپتىكەن، لېكىن ئۇ سىزگە ئۆچ...

بلا، ياشقا چوڭ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سىلىنى «ئۇستازىم» دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشىدۇ. ئۇلار سىلىنىڭ تارىخلىرىنى ئوبدان بىلىدىكەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا قانداق قىلىپ تارىخىدا مەسىلە بار دەپ قارىلىنىپ قالدىلا؟

يېزا باشلىقى يېڭىلا ئۆسكەن، ياش كادىر ئىدى، ئۇنىڭ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىكى ئىشلارنى كۆرگىنىدىن ئاڭلىغىنى كۆپ ئىدى. ئۇ قاسىم ئەپەندىمدىن ئاشۇ چاغدىكى ئىشلارنى سوراپ، توختىمەتنى چۆچۈتىۋەتتى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ «قاسىم ئەپەندىم مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتىغۇچە ئۆزۈملا ئىقرار قىلاي، ھەممە ئىش ئايدىڭ بولۇپ كەتسۇن» دېگەننى ئويلاپ ئېغىز ئاچقۇچە، قاسىم ئەپەندىم گەپنى باشلاپ قالدى. ئۇ «نېمە دەرسەن» دەپ ئاغزىغا قاراپ قالدى.

— ھەي يېزا باشلىقى،— دەپ باشلىدى قاسىم ئەپەندىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېلىپ،— ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى سوراپ نېمە قىلاتتىڭ. سەن ياش، ئاۋۋال مېنىڭ خاراكتېرىمنى ئۇقۇۋال. مەن ئەقلىم بىلەن ئىش قىلىمەن، گېپىمدە تۇرىمەن، ئۆزۈمگە ئىشىنىمەن، «ئۆزىگە ئىشەنگەن خاندىن ئارتۇق» دەيتىكەن. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا مەن جىسمانىي جەھەتتىن زەخىملەنگەن بولسامۇ، قەلبىم پاك، روھىم پۈتۈن، ھاياتىمنى خەلققە پايدىلىق ئىشلارغا سەرپ قىلغان. بۆھتان چاپلاش بىلەن ئاق نەرسە قارا بولۇپ قالمايدۇ. چۈنكى، خەلقنىڭ كۆزى ئۆتكۈر، يەنە بىرسى بۇ دۇنيالىقتا مېنىڭ كىشىلەر بىلەن تالىشىدىغان ئورۇن، ئەمەللەردىن تەمەيىم يوق. مەن ياش ۋاقتىمدا ئوقۇتقۇچى بولغان، ئۇنىڭغا مېھرىم چۈشكەن. ماڭا ئوقۇغۇچى ۋە ئۇلارغا سۆزلەيدىغان مۇنبەر بولسىلا، قانائەت قىلىمەن. ئەمدى مېنىڭ ئارخىپىمغا كەلسەك، شۇ ۋاقىتتا بۇنى بەلكىم مېنىڭ دۈشمىنىم قىلغاندۇ، بەلكىم دوستۇمنىڭ خىزمەتتىكى سەۋەنلىكىدىن

راسا نۇر چېچىشۇبلىشنى ئارزۇ قىلسا كېرەك، نۇر ئەكسىدە ياتاقنىڭ ئىچى تېخىمۇ يورۇپ، ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن تالا بىلەن تولدى، ئارقىدىنلا قوياش ئۇپۇق سىزىقىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى.

بۇ ۋاقىتتا توختىمەت ھېچكىمگە تىنالماي، ئۆزىنى ئازابلاپ كېلىۋاتقان ياشلىق ئەسلىمىلىرىنى ھېكايە قىلىپ تۆكەتتى-دە، قىسقا-قىسقا دەم ئېلىۋېلىپ جىم بولۇپ قالدى. گايىت ئۇستام ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ ئەجەبلىنىپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى، نەزىمەنىڭ شۇنداق يامانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەي، ئەقلىنى مۇشۇك ئوغرىلاپ كەتكەندەك سۈكۈتكە چۆمدى. ئۇ توختىمەتنىڭ چىرايى ۋە كەيپىياتىغا قاراپ ھەممىگە ئىشەندى. شۇ ئارىلىقتا سېستىرا قىز كىرىپ، توختىمەتنىڭ قولتۇقىغا گرادۇس تىقىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي گايىت ئۇستام توختىمەت-نىڭ بېشىنى يوتقان بىلەن يۆركىۋېلىپ مىشىلداپ يىغلاۋاتقان-لىقىنى كۆردى، «توختىمەت كىچىك بالا ئەمەسقۇ، ئۇ نېمىشقا يىغلايدىغاندۇ، بەلكىم ئاشۇ ياشلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان يىللىرىغا قارا داغ چۈشۈرۈپ قويغىنى ئۆچۈندۇر. ياق، بەلكىم يۈرىكى...»

گايىت ئۇستام ئويلاپ شۇ يەرگە كېلىپلا بىئارام بولغاندەك، لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، توختىمەتنىڭ يۈزىنى ئاچتى. توختى-مەتنىڭ چىرايىدىن پۇشايمان، نەپرەت، دەرد-ئەلەم ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل مىسكىنلىك، شۇنداقلا قاتتىق خىجىللىق ئىپادىسى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ تېخىمۇ قاتتىق ئۆكسۈشكە باشلىدى.

— توختىمەت ئاداش، ھازىر زاۋال ۋاقتى، يىغلىساڭ بولماي-دۇ، كېسىلىڭگىمۇ پايدىسىز، يىغىدىن توختا،— گايىت ئۇستام ياغلىق بىلەن ئۇنىڭ كۆز-ياشلىرىنى ئېرتتى،— مەن سېنىڭ بايانلىرىڭدىن «ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا» دېگەن تەمسىلنىڭ توغرا ئېيتىلغانلىقىنى تېخىمۇ

— ھا، ھا، ھا... بىلىمەن، بىلىمەن، — قاسىم ئەپەندىم كۈلۈپ توختىمەتنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — سەن ماڭا نەزىمەنىڭ ئۆچلۈكىنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا خالىقنى شەھەر باشلىقلىقىغا كۆرسەتتىڭ دېمەكچىغۇ، توختىمەت ئۇكام. بىلىشىڭ كېرەككى، بىلىملىك، باشقۇرۇش قابىلىيىتى بار ئادەمنى تاپماق ئانچە ئاسان ئەمەس. ئېسىل، پاك ئادەملەردىمۇ بىرەر ئاجىزلىق بولىدۇ. خالىقنىڭ نەزىمەنى ئېلىشى ئۇنىڭ ئاجىزلىقى، لېكىن ئۇ مېنىڭ ئاۋارىچىلىكىمنى يەڭگىللەتكەن ھا، ھا، ھا، — ئۇنىڭ كۈلكىسىگە توختىمەت قوشۇلدى، يېزا باشلىقى ھېچنېمىنى بىلمەيلا قوشۇلۇپ كۈلدى، — ئۇنىڭ ئاشۇ يامان خوتۇن بىلەن ئۆتۈپ، شەھەرنى مۇشۇنچىلىك ياخشى سورىشىمۇ ئاسان ئەمەس. خالىق ئۆتكەندە نەزىمە بىلەن ئاجرىشىمەن دەپ مەسلىھەت سوراپ كەپتىكەن، مەن ئۇنىمىدىم. ئۇنى خالىقلا ئادەم قىلالايدۇ. مەن خالىقنى شەھەر باشلىقلىقىغا كۆرسەتكىنىمگە پۇشايمان قىلمايمەن.

توختىمەت قاسىم ئەپەندىمنىڭ جاۋابىدىن قايىل بولدى ۋە ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئادەملەرگە باھا بېرىشتىكى ماھارىتى، كەڭ قورساقلىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ قاسىم ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە قورۇنۇش، ئەندىشە ئىچىدە كىرىپ، ئۇچۇق كۆڭۈل مۇڭدىشىپ، روھى كۆتۈرۈلۈپ خۇشال - خۇرام قايتىپ چىقتى.

## 4

قۇياش ئالتۇندەك قىزغۇچ شەپەق ئىچىدە ياتاق دېرىزىسىدىن ئاخىرقى نۇرلىرىنى چاچماقتا. ئۇ بارلىق كۈچى بىلەن ئۆز ئۆيىگە قايتىپ، كېچىنى ئايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ئالدىراۋاتقاندەك پەسلەۋاتاتتى. لېكىن ئۇ، ئۆيىگە قايتىشتىن ئىلگىرى

خالاغا ئاچىقلىنىپ قايتارسەن، — دەپ قويۇپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

— گايىت ئاداش، — توختىمەت بىر قاچا جۇۋاۋىنى يەپ، سۈيىنى ئىچىۋېلىپ سۆزىنى باشلىدى، — ساڭا ئىچ - سىرىمنى ئاشكارىلىغان ئىكەنمەن، ھەممىنىلا دەپ كۆڭلۈمنى تىندۇراي، ناۋادا ئۆلۈپ كېتىپ قالسامۇ، سەن مېنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرىمنى ئورۇنداپ قويارسەن.

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلىدىغان ئۇنداق گەپلەرنى قىلما، ھازىر كېسىلىڭمۇ كۆپ ياخشى بولۇپ كەتتى. قېنى قۇلىقىم سەندە، ئالدىرىماي سۆزلە، مەنمۇ زېرىكمەي زېھنىمنى بېرىپ ئاڭلايمەن، — دېدى گايىت ئۇستام قاچىلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ئولتۇردى.

— ماڭا قارا گايىت، — دەپ سۆز باشلىدى توختىمەت، ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ ئاجىز ۋە پەس ئىدى، چىرايىدىن چۈشكۈنلۈك، مىسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. گايىت ئۇنىڭغا لەپپىدە بىر قارىۋېتىپ ئورۇندۇقنى ئالدىغىراق سۈرۈپ ئولتۇردى، — قاسىم ئەپەندىم پاك - دىيانەتلىك، كىبىرى يوق، ئېسىل رەھبەر. ئۇ ۋەتەن - خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن جېنىنى تىكىپ ئىنقىلاب قىلغان، ھاياتىنى يۇرتىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلىغان، يەنە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشار ئىدى. لېكىن، مەن بىخۇدلۇق قىلىپ، نەزىمەنىڭ شەخسىي ئۆچ ئېلىشىغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردىم، ئۆزۈمنىمۇ بۇلغاپ، ئاغزىم ئېتىلىپ قالدى - دە، قاسىم ئەپەندىمنىڭ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا دوزاخ ئازابىنى تارتىشىغا سەۋەب بولدۇم...

گايىت ئۇستام جىمجىت ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ سۆزىنى تىڭشاۋاتقان ئىدى. توختىمەتنىڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ، روھلۇق، جانلىق سۆزلەۋاتاتتى، تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆچتى، نېمە سەۋەبتىندۇر يەنە بېشىنى يوتقان بىلەن پۈركەپ، گويا ئۇزاقتىن بۇيان ئەلەم

چۈشەندىم. بىرسى كېلىۋاتىدۇ، سەت بولىدۇ، يىغلىما.
سېستىرا قىز كىرىپ، توختىمەتنىڭ قولتۇقىدىن گرادۇسنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، ئارقىدىنلا تۇرسۇنخان كەچلىك تاماق كۆتۈرۈپ ياتاققا كىرىپ كەلدى. ئۇ گۆشنى ئۇششاق توغراپ، قىيمىسىنى مەززىلىك، جىلتىنى نېپىز قىلىپ جۇۋاۋا ئېتىپ كەلگەن ئىدى. تاماق قاچىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋىدى، جۇۋاۋىنىڭ مەززىلىك ھىدى ياتاقنى بىر ئالدى، توختىمەتنىڭمۇ ئىشتىيى ئېچىلىپ، ئورنىدىن كۆتۈرۈلدى.
— گايىت ئاداش، ئورنىڭدىن تۇرۇۋاپسەنغۇ. مۇشۇ كۈندە تۇرسۇنخان تاماقنى مەززىلىك ئېتىدىغان بولۇپ كەتتى، جۇۋاۋىنى خېلى كۆپ ئېلىپ كەپتۇ. كەل، بىللە ئولتۇرۇپ يەيلى.
— رەھمەت ئاداش، گۇگۇم چۈشۈپ قاپتۇ، ئۆيگە باراي. تۇرسۇنخان ساڭا ھەمراھ بولۇپ، تاماقنى بىللە يەيلى دەپ كۆپرەك ئەكەلگەن-دە.
— ياق، مېنىڭ ساڭا دەيدىغان سۆزۈم تۈگىمىدى، ئەمدى ھەممىنى دېۋەتمىسەم كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ، ئولتۇر،— توختىمەت تۇرسۇنخانغا قاراپ،— سەن ئۆيگە قايتىپ كېتىۋەر، قاچا-قۇچىلارنى ئەتە ئېلىپ كېتەرسەن-ھە،— دېدى.
— كېيىنكىلار بولسا دېيىشىۋېرىڭلار، مەن نېمىگە دەخلى بولاتتىم،— دېدى تۇرسۇنخان تاماقنى قاچىلارغا بۆلەۋېتىپ. ئۇنىڭ يولدىشىغا قاراپ ئۇزاقراق ئولتۇرغۇسى بار ئىدى.
— ياق، گەپنى سەن ئاڭلىساڭ بولمايدۇ، لوقما سېلىپ بىزگە گەپ قىلدۇرمايسەن. ھە، بولدى، رەھمەت ساڭا،— توختىمەت تۇرسۇنخان سۇنۇپ بەرگەن تاماقنى ئېلىۋېتىپ،— ئىشىڭ تۈگىدى، ئەمدى ئۆيگە كېتىۋال،— دېدى.
— ئەمىسە، مەن قايتتىم،— تۇرسۇنخان كەينىگە بۇرۇلۇپ ئىككى قەدەم مېڭىپلا،— گايىت، سەن كەتكۈچە دوستۇڭنى

ئەپەندىمگە بولغان ئۆچمەنلىكى تۆگىمىگەن، شاللاق قىزىنى ئوغلۇمغا تېگىپ، مېنى يەرگە قارىتىپ، ئوغلۇمنى رەسۋا قىلىشتىن ئىبارەت. نەزىمە ئوغلۇمنى كۆيئوغۇل بولۇشقا ئۆتۈنۈپ بولغان تۇرسا، نېمىشقا سېنى «ئەلچى»لىككە سالىدۇ، گايىت نېمىشقا، دەپ باقە؟

بۇ سۆز توختىمەتنىڭ ئاغزىدىن قاتتىق ئەلەم تارتقان كىشىنىڭ ئاۋازىدەك چىقتى. گايىت ئۇستامنىڭ يۈرىكىگە يىڭنە سانجىلغاندەك بولدى. ئۇنىڭ چىرايى قارىداپ، بېشى سۇنغان لەيلىگۈلدەك ئېگىلىپ مەيدىسىگە چۈشتى.

— سەن ھەممىنى ئۇقۇپسەن ئاداش، — دېدى يەرگە قاراپ گايىت ئۇستام. ئۇ ئىككى ھەپتە بۇرۇن ئوغلى ئەسقەردىن بەزى قورقۇنچلۇق گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىغان. بۇنى بىلىپ تۇرۇپ، ئاغىنىسى توختىمەتنى ئالداپ، ئۇنىڭغا ئەزىزەنى كېلىن قىلىۋال دېيىش — قاراپ تۇرۇپ ئابلاجاننى ئوتقا ئىتتەرگەنلىك ئىدى. لېكىن، «ئابلاجان ئۆزى سەزمىگەندىكىن، ماڭا نېمە ئىلاج. مەن ئەزىزەنى دېمىسەممۇ، شەھەر باشلىقى خالىقنى ئايىمىسام، ئابرۇيىنى ساقلىمىسام بولمايدۇ. ئۇ مېنىڭ بېشىمنى سىيلىغان، ئوغلۇمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇنىڭ قىزىغا ئاران بىر ئەر چىقىپ، ئۇنىڭ سەتچىلىكىنى يوشۇرۇپ، تويىنى قىلىۋېتەيلى دەۋاتقاندا، بۇنى بۇزماي ئاخىرىغا چىقىرىۋېتەي، بۇمۇ ساۋابلىق ئىشقۇ» دەپ ئويلىغان ئىدى.

— شۇنداق، سەن ھازىر نەزىمەنىڭ نەزىرىدە ئاق - قارىنى ئىلغىماي، ئۇنىڭ شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرۇشنىلا بىلىدىغان سادىق مالاي. ئۇ ئىككى ئائىلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېنى سېلىش ئارقىلىق يامان نىيىتىنى يوشۇرۇپ ئۆز مەقسىتىگە يەتمەكچى.

— توختىمەت ئاداش، مېنىڭدىن رەنجىۋاتامسەن؟ — گايىت ئۇستام ئۇۋالچىلىقتا قالغاندەك مەيۈسلىنىپ، سۆزىنى داۋام

تارتىپ يۇرىكى زەرداب بىلەن تولۇپ كەتكەن ئادەمدەك ئۆكسۈشكە باشلىدى، گايىت ئۇستام ئۇنىڭ ئۆكسۈشلىرىنى ئاڭلاپلا بېشىنى كۆتۈردى:

— ۋوي توختىمەت، نېمە بولدى ساڭا،— گايىت ئۇستام ئۇنىڭ بېشىغا بىرنېپ يوتقاننى ئاستا قايرىدى،— بىر ئوبدان سۆزلەۋېتىپلا يەنە نېمە بولدۇڭ. قاسىم ئەپەندىم يامان كۆز بىلەن قارىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەتىۋارلىق قىزى هاۋاخاننى ساڭا كېلىنلىككە بەرگەن. بۇنىڭغا خۇش بولماي نېمىشقا يىغلايدىغانسەن. بولدى قىلە، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلغۇەرسەڭ كېسىلىڭنى قوزغىۋالىسەن.

توختىمەتنىڭ كۆز ياشلىرى ئېقىپ تۇرغىنى بىلەن لەۋلىرى قۇرۇپ تۇراتتى. گايىت ئۇستام ئىستاكانغا قايناق سۇ قۇيۇپ ئۇنىڭغا زورلاپ ئىچۈردى، كۆز ياشلىرىنى ئېرتىۋېتىپ، يىغلىماسلىققا قايتا ـ قايتا نەسىهەت قىلدى. توختىمەت يىغىدىن توختاپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— هەي گايىت ئاداش، قاسىم ئەپەندىمنىڭ قىزى هاۋاخاننى كېلىن قىلىۋالغىنىمدىن مەنمۇ قەۋەتلا خۇش بولغان، ئۇنىڭغا ياخشى قېيناتا بولۇپ قاسىم ئەپەندىم ئالدىدا ئۆتكۈزگەن گۇناهلىرىمنى يۇيىمەن دەپ ئويلىغان ئىدىم،— ئۇ قاتتىق كەتمەن چېپىپ هېرىپ كەتكەن ئادەمدەك ئۇزاق تىنىۋېلىپ،— قارىماسەن، بۇ ئىشقا نەزىمە ئارىلىشىپ قالدى ئەمەسمۇ. هاۋاخاننىڭ سېزىكىنى ئابلاجاننىڭ ئىغىر ئېلىشى ئۇنىڭغا ناهايىتى چوڭ يوچۇق ئېچىپ بەردى دېگىنە. ئۇ ئابلاجاننى قۇترىتىپ هاۋاخان بىلەن ئاجراشتۇرۇۋېتىپ، خەقتىن ئېشىپ قالغان قىزنى بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇ شۇنچە ئەتىۋارلايدىغان قىزىنى ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەرگە بەرمەي، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئۆيلەنگەن ئوغلۇمغا بەرمەكچى بولىدۇ؟ ناهايىتى ئېنىقكى، نەزىمەنىڭ قاسىم

كۆرۈپ، ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كەلسەڭكەن.

— ئېسىمگە سېلىپ قويغىنىڭ ئوبدان بولدى، مەن چوقۇم ئۇنى كۆرگىلى بارىمەن، — دەپ، گايىت ئۇستام دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئاسماندىكى تولۇن ئاينىڭ ئاجىز نۇرىدا، قالايمىقان ئۆتۈشۈۋاتقان توپ - توپ بۇلۇتنى كۆرگىلى بولاتتى. كوچا چىراغلىرىنىڭ غۇۋا يورۇقىدا شەھەرنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىمۇ غۇۋا كۆرۈنەتتى. يىراق - يېقىندىكى نەرسىلەر قاراڭغۇلۇق ئىچىدە گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ھەممىسى ھەرىكەتتە ئىدى. توختىمەتنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغان گايىت ئۇستام شۇ تاپتا ئاجايىپ - غارايىپ بىر دۇنيانى سەيلە - ساياھەت قىلغاندەك، پىكىر - خىيالى چىگىشلىشىپ قالدى. ئۇ ماھىيەتتى ياخشى، خەلقنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىززەتلىشىگە سازاۋەر بولغان كىشىنىمۇ بەزىدە شەيتان ئازدۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى بىلدى؛ بۇرۇن «ئادەممۇ مەخلۇق، بەلكى تاكاممۇللاشقان مەخلۇق» دېيە زادىلا قايىل بولمىغان، ھازىر بۇ سۆزگە تولۇق ئىشەندى. گايىت ئۇستام «بۇ دۇنيادا دوستۇم توختىدەك پاك، پەزىلەتلىك ئادەم بولمىسا كېرەك» دەپ يۈرگەن، ئۇنىڭمۇ پاكىز بولمىغان ھايات مەنزىلى بولغان ئىكەن. ھېلىمۇ ياخشى ھوشىنى تېپىپ، ۋىجدان ئازابىنى يەتكۈدەك تارتىپ، پاكلىق يولىغا مېڭىپتۇ. كىشىنى قاتتىق ئويغا سالىدىغىنى، ئېچىنىدۇرىدىغىنى، نەپرەتلەندۈرىدىغىنى نەزىمە ئىكەن. بۇ سەتەڭ كۆڭلىگە پۈككەن مۇھەببىتىنى رەت قىلغان ئادەمگە ئۆچرىشى بىلەنلا نىيىتى بۇزۇلۇپ، ھەر خىل شۇم ۋاستىلەرنى قوللانغان. شۇ تاپتا پەخەس - ئېھتىياتنىڭ نەسىھىتى، ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ دالالىتى، ۋىجدانىنىڭ ھۆكمى گايىت ئۇستامنىڭ روھىي دۇنياسىدا بىرلىشىپ چۇقان كۆتۈرۈۋاتاتتى؛ سەممىي، پاك قەلب قارا نىيەت، ئالدامچىلىقنىڭ پاسىق دېڭىزىدا بولغانماسلىق ئۈچۈن

قىلدى،— مەن بۇرۇن نەزىمەنىڭ تېگى ـ تەكتىنى، ئۇنىڭ قاسىم ئەپەندىم ۋە سەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ مۇنچىلىك مۇرەككەپلىكىنى بىلمەيدىغان تۇرسام، ئۇ يەنە كېلىپ شەھەر باشلىقىنىڭ خانىمى. مانا ئەمدى سېنىڭ ئاغزىڭدىن ئاڭلاپ، بىرقىسما بولۇپ كېتىۋاتىمەن. تەسەۋۋۇرۇمغا زادىلا سىغمىدى...

— گايىت. مېنىڭ سۆزۈمنى خاتا چۈشىنىپ قالمىغىن يەنە،— توختىمەت ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ تېز ـ تېز سۆزلەپ كەتتى،— سەن ئۆزۈڭنى ئەيىبلىمە، مەن سېنىڭدىن ھەرگىز رەنجىمەيمەن، سەنمۇ نەزىمەنىڭ قانداق ئاياللىقىدىن ئەمدىلا خەۋەر تاپتىڭ. ئۇ ساڭا ياخشىلىق قىلغان، ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالامسەن ـ يوق، ئويلىنىپ كۆرگىن؛ «ئەلچى»لىكنى قانداق قىلىسەن، ئۆزۈڭ بەلگىلە. مەن نەزىمەنىڭ قىزى ئەزىزەنى ئوغلۇم ئابلاجاننىڭ خوتۇنلۇققا ئېلىشىغا رازىلىق بەرمەيمەن، يەنىلا ھاۋاخاننىڭ كېلىنلىك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرىمەن. مېنىڭ گېپىم تۈگىدى، سەن ئېغىر كۆرمەي مېنى خالىغا ئاچىق. مەن سۆزلەۋېرىپ ھاردىم...

گايىت ئۇستام توختىمەتنى خالادىن ئېلىپ كىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇپ، يەنە بىرھازا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇردى. ئۇ قايتا ـ قايتا سۆيلەۋەرگەندىن كېيىنلا ئورنىدىن تۇردى:

— ئەمىسە مەن كەتتىم، ئەتە كەچتە يەنە كېلىمەن،— دەپ گايىت ئۇستام كەينىگە بۇرۇلۇپ مېڭىۋىدى، توختىمەت بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى چاقىردى:

— ھەي گايىت يەنە بىر ئىش، ھەي بولدىلا، سېنى ئاۋارە قىلىۋەرمەي،— ئۇ كۆڭلىدىكى سۆزنى دېگۈسى كەلمىدى.

— نېمە ئىشىڭ بولسا دەۋەر، دېمىسەڭ كەتمەيمەن.

— بولدى دەي ئاداش، سېنىڭ كۆڭلۈڭ نېمىدېگەن ياخشى. ۋاقتىڭ چىققاندا، يېزىغا بېرىپ ھاۋاخاننى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن

# توققۇزىنچى باب

## 1

قۇياش غەرب تەرەپكە ئاققان بولسىمۇ، لېكىن كۆز قاماشتۇرىدىغان نۇرىنى پايانسىز كەڭ دالىغا — پاختىزارلىق، ئاشلىقزارلىق ۋە باغۇ بوستانلارغا سېخىيلىق بىلەن چاچماقتا ئىدى. يېشىل ئېكىنزارلىقلار قۇياش شولىسىدا كۈمۈشتەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئاسمان سۈپسۈزۈك، كۆپكۆك ھەم جىمجىت، تىنىق ھاۋادا يېنىك شامال چىقىپ تۇراتتى. گايىت ئۇستام ئىككى تەرىپىگە رەتلىك دەل- دەرەخ قويۇلغان يولدا كونا ۋېلسىپىتىنى مىنىپ كېتىۋاتاتتى. يول ئانچە تەكشى ئەمەس، ۋېلسىپىت تۇرۇپ - تۇرۇپلا سىلكىنىپ كېتەتتى.

بۇ، ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرى، يېزىنىڭ ئالتۇن پەسلى ئىدى. كېۋەز ئېچىلغان، دان پىشقان، مېۋىلەر شەربەتكە تولغان. بۇ كۈنلەردە دېھقانلار ئېتىزدىكى بىر يىللىق ئەمگەك ئەجرىنىڭ مېۋىسىنى مول پېتى يىغىۋېلىشقا ئالدىرىشىدۇ. دېھقانلار ماۋۇ ئېتىزدا قوناق ئۇرۇۋاتىدۇ، نېرىقى سالادا كۈنجۈت ئورۇۋاتىدۇ. قويچى بالا بېشى ئۇزۇۋېلىنغان قوناقلىقتا بېقىۋاتاتتى. گايىت ئۇستام يەنە بىرئاز مېڭىۋىدى، پىشقان قوغۇننىڭ تاتلىق ھىدى دىمىغىغا ئۇرۇلغانلىقىنى سەزدى- دە، سول تەرىپىگە قاراپ، پايانسىز سالا ئېتىزدا قوغۇن - تاۋۇزلارنىڭ قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئاغزىغا ئىختىيارسىز سېرىق سۇ كەلدى. شۇتاپتا گايىت ئۇستامنىڭ قوغۇنلۇققا كىرىپ،

پەرياد چېكىۋاتاتتى؛ خىرە كۆرۈنۈۋاتقان ئاللىقانداق شۇملۇقنىڭ بېشارىتىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى قاتتىق سىقىلىۋاتاتتى.

گايىت ئۇستام ئاسمانىنىڭ قەرىنگە باقتى ۋە توختاپ نالە قىلدى: «ئاھ شەپقەتلىك ئاللا، مېنى كەچۈرەرسەن، مەن ‹ئەلچى› بولۇپ، سەن راۋا كۆرىدىغان، ئىنسانلار خۇشال بولىدىغان ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىپ جەننەتكە كىرىشكە يول ھازىرلاۋاتىمەن، يېقىنلىشىپ كېتىۋاتىمەن دەپ يۈرۈپتىكەنمەن. تولىمۇ ئەپسۇس، بەزى كىشىلەر مېنىڭ ‹ئەلچى›لىكىمدىن پايدىلىنىپ، شۇم مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇۋېتىپتۇ. بۇنى مەن بۈگۈن چۈشەندىم. بۇ، نېمىدېگەن ئېغىر گۇناھ-ھە! بۇ دۇنيادا گۇناھكارلار نېمىدېگەن كۆپ، ئۇلارنىڭ شۇنچە كۆپ گۇناھىنى مۇشۇ تۇپراق كۆتۈرىدىكەن. ئاھ خۇدا، قورسىقىڭ نېمىدېگەن كەڭ، ماڭا مەدەت بەر، يول كۆرسەت، مەن ئەمدى قانداق قىلسام بولار...»



— گايىت ئاكا، بۇ مەن، توختاپ تۇرسىلا،— دېدى.
ھاۋاخان ئىككەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن گايىت ئۇستام ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى.
— ھاۋاخـان قىـزىم، ئالـدىرىماڭ، كـۆڭلىڭىزنى يېـرىتىلىپ كەتمىسـۇن، مـەن بېـرىپ...— ئـۇ ھاۋاخانىنـىڭ كـۆڭلىكىنى ئاجرىتىپ يۇگۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قىردا توختىدى.
— گايىت ئاكا، مەن سىلىنى يىراقتىن كۆرۈپلا تونۇۋالدىم، ئۆزۈمنى تۇتالماي يۇگۇرۇپ...
گـايىت ئۇسـتام ئـۇنى «ئارقـا ـ ئارقـىدىن كەلگـەن ئـازاب ـ ئوقۇبەت، قاتتىق زەربە، خورلاشلار تۇگمەن تېشىدەك بېسىپ بېشىنى كۆتۈرەلمەس قىلىپ قويغانـدۇ، يېزا مەكتىپىنىڭ توپا باسقان ياتىقىدا ھەقاچان ھەسرەت چېكىپ، ئۆزىنى كۆز يېشىغا زورلاپ ياتقانـدۇ» دەپ ئويلىغـان ئىـدى. ھاۋاخـان گـەرچە خېلىلا ئورۇقلىغان، كۆزلىرى چوڭقۇرلاپ، يۈزىدىكى زىنناقلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس بولۇپ قالغان، چىرايىدىن مىسكىنلىك چىقىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا روھلۇق بولۇپ، كۆكۈل ئازابلىرىنى قەلبىگە يوشۇرۇپ، چىرايىنى ئېچىپ تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى.
— يۇگۇرۇپ كەلدىم دەڭ قىزىم، ھە، ئاپئاق قىزىم، شوخ قىزىم بارمۇ سىز، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟
— مانا مەن ئالدىلىرىدا بىر ئوبدان تۇرىمەن،— دېدى ئۇ كېيۋەز تېرىۋاتقانلارنى كۆرسىتىپ،— ئۇلار مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىم...
— ياخشى تۇرۇۋاتقانلىقىڭىزنى كۆردۈم قىزىم. بىز سىزنى شۇنچە كۆپ ئازاب ـ ئوقۇبەت، خورلۇقلارنى قانداقمۇ كۆتۈرۈپ كېتەر دەپ ئەنسىرىگەن ئىدۇق. لېكىن، سىز ھېچ ئىش يوق بەرمىگەندەك كۈلۈپ، شوخلۇق قىلىپ ئالدىمغا ئۇندىگىز،— گايىت ئۇستامىمۇ ھاۋاخانىنىڭ كۈلكىسىگە قوشۇلۇپ كۈلۈپ

پىشقان كۆكچىندىن بىرنى ئۈزۈپ دېھقان پەدىسىدە كاسىلاپ يېگۈسى كەلدى. ئەنە، قولى ئۇچۇق قوغۇنچىمۇ چىللاۋاتىدۇ. ئۇ قوغۇنچىغا رەھمەت ئېيتىپ كېتىۋەردى.

يېزا يولى گايىت ئۇستامغا بەش قولدەك تونۇش، ئۇ گۈلباغ 2- كەنتىدىن ئۆتۈپ «پاقا بۇلاق» كەنتىگە يېتىپ كەلدى. تۈز يولدىن ئوڭغا ئەگىپ 1 كىلومېتىر ماڭسىلا، ئۇتتۇرا مەكتەپكە يېتىپ باراتتى. يېقىنلا بىر ئېتىزدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ناخشا ساداسى، كۈلكە - چاقچاق ياڭرىدى. گايىت ئۇستام تۈزۈك ناخشا ئېيتالمىسىمۇ، ئويۇن - تاماشىغا ھېرىسمەن، ناخشا ئاڭلاشقا ئامراق ئىدى. بالىلارنىڭ خۇش ناۋاسى ئۇنىڭ دىلىنى يايرىتىۋەتتى- دە، ئىختىيارسىز ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ، ۋېلىسىپىتنى يول بويىدىكى دەرەخكە يۆلەپ قويۇپلا، ئېرىقتىن ئۆتۈپ كېۋەزلىكنىڭ قىرىغا چىقىۋىدى، كۆز ئالدىدا چەكسىز كەتكەن كېۋەزلىكتە ئېچىلىپ كەتكەن كېۋەزلەر نامايان بولدى. 4 — 5 قىرنىڭ نېرىسىدا رەڭمۇرەڭ كىيىنگەن ئوغۇل - قىز ئوقۇغۇچىلار، ئەر - ئايال دېھقانلار كېۋەز تېرىۋاتاتتى. گايىت ئۇستام ئېتىزدىكىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپلا كەينىگە بۇرۇلدى.

— گايىت ئاكا!

گايىت ئۇستام چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلاپ توختىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا گۈللۈك شىپون كۆڭلەك كىيگەن، زىلۋا بويلۇق بىر قىز قولىدىكى زەر ياغلىقنى كۆكتە پۇلاڭلىتىپ، يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. گايىت ئۇستام ئۇنى يىراقتىن تونۇيالمىدى، لېكىن جاراڭلىق ھەم يېقىملىق ئاۋاز تولىمۇ تونۇش ئىدى، «ھاۋاخان شۇمۇيا، ئۇ ئېتىزدا نېمە قىلىدۇ؟ ھە، شۇدەك قىلىدۇ».

بۇ قىز يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپلا كۆڭلىكىنى نېمىگىدۇر ئىلىندۇرۇۋېلىپ توختاپ قالدى، ئۇ كۆڭلىكىنى ئاجرىتىۋېلىش بىلەن ھەپىلىشىۋېتىپ بېشىنى كۆتۈردى- دە:

گايىت ئۇستام بۇ گەپنى ئاڭلاپ، «ھاۋاخان، يېشىڭىز كىچىك بولغان بىلەن ئەقلىڭىز چوڭكەن، ئاچچىق - چۈچۈكنى ئوبدان تېتىپسىز، ئاتا - ئانا تەربىيىسىنى ئوبدان ئاپسىز. بۇ، سىزدەك ياشلارغا نىسبەتەن ئاسان ئىش ئەمەس» دېگەننى ئويلاپ، قايىل بولدى.

— شۇنداق قىلىپ، يېزا مەكتىپىگە ئىشقا چۈشۈپ كەتتىم دەڭ.

— مەن ئۆيدە ئولتۇرۇپلا قالسام تۈگىشىپ كەتكۈدەكمەن. گايىت ئاكا، سىزنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىڭىز كۆپ. دەرد - ئەلەم، بەختسىزلىك دېگەن جىم تۇرغان ئادەمنى زەردىگۈش قىلىۋېتىدىكەن، ھە دېسىلا كۆڭۈلنى پاراكەندە قىلىپ، ئادەمنى خۇددى تۇماندا قالغاندەك قىلىپ قويىدىكەن. شۇڭا، مەن مەكتەپكە كېلىپلا دەرسكە كىرىپ كەتتىم. بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار ياخشىكەن، ئوقۇغۇچىلىرىم ئۇنىڭدىن ياخشى، بىر - بىرىدىن تىرىشچان ھەم ئوماق. بۇ يىل مەكتەپ ئەتراپىدىكى دېھقانلارنىڭ كېۋەزلىرى ئوخشاپ، ئەمگەك كۈچى يېتىشمەي قاپتىكەن، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن دەرس يوق ئىدى، ئوقۇغۇچىلىرىمنى باشلاپ دېھقانلارغا كېۋەز تېرىشىپ بەرگىلى چىقتۇق. بوپتۇمۇ گايىت ئاكا، — دەپ ھاۋاخان پىخىلداپ كۈلدى.

— بوپتۇ قىزىم، — سىلەرنىڭ ناخشاڭلار مېنى جەلپ قىلدى، كېۋەزلىككە كىرىپلا سىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

— مەن بېشىمنى چۆكۈرۈپ ئىشلەشنىلا بىلىدىغان قىز ئىدىم، ھازىر كىشىلەرگە ئارىلىشىپ مۇڭدىشىشنى، كۆپچىلىككە قوشۇلۇپ ناخشا توۋلاشنى، خۇشال - خۇرام يۈرۈشنى ئۆگەندىم، يېزىدا قىلىمەن دېسە ئىش كۆپىكەن. ھە راست، گايىت ئاكا بۈگۈن شەھەرگە قايتىپ كەتمەيدىغانسىز، كەتمەك بولامدۇ؟— ھاۋاخان ئۇنىڭ جاۋاب بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرمىدى، — مەن بەر-

كەتتى. دە، چوڭ يولغا چۈشۈپ دەرەخكە يۆلەپ قويغان ۋېلسىپىتنى ئالدى. ھاۋاخان ئۇنىڭ قولىدىن ۋېلسىپىتنى ئېلىپ يېتىلىۋالدى.

— گايىت ئاكا، مېنى ياد ئېتىپ تۇرغانلىرىڭىزغا رەھمەت، سىلىنگە راست گېپىمنى ئېيتسام، ئۇ دەرد - ئەلەم، خورلۇقلار ئېغىر كېلىپ ئۆزۈمنى يوقىتىپ ئۆيگە بارغان ئىدىم. لېكىن، ئاتام - ئاپام ئۆزۈمنى تاشلىۋېتىشىمگە يول قويمىدى. ئانام: «خوتۇن كىشىنىڭ پەرزەنت كۆرۈش، ئەۋلاد قالدۇرۇشتىن زىيادە ئۇلۇغ ئىشى بولمايدۇ، بۇنى چۈشىنەلمىگەن ئەرنىڭ خوتۇنى بولۇپ ئۆتۈش نومۇس. لېكىن، ئەر - ئايالنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشى نومۇس ئىش ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئەيىبلەپ يۈرمە، بەلكى قەددىڭنى رۇسلاپ خىزمىتىڭنى ياخشى قىل» دەپ ئىلھام بەردى. دادام «قىزىم، سېنىڭ ئىشلىرىڭدىن خەۋەر تاپتۇق، بىز ئويلىمىغان دەرد - ئەلەم، خورلۇقلارنى چېكىپسەن. قانداق قىلىمىز ئەمدى، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى شۇنداق، يول تۈپتۈز بولمايدۇ، پۈتلىكاشاڭ، مۈشكۈلاتلار بىلەن تولغان، ئۇنى يېڭىپ كېتەلىگەن ئادەملا دۇنيادا ئەڭ بۈيۈك ئادەم. سەن تېخى ياش، كېلەچىكىڭ پارلاق، شەھەر نېمە، يېزا نېمە، پەقەت خىزمەت سورۇنى، مۇنبەر، قارا تاختا بولسىلا ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن ھەممىلا يەر ئوخشاش، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلماي ئىشلەۋەر» دەپ نەسىھەت قىلدى. ئاتا - ئانام ھەم پېشقەدەم ئۇستازلىرىمنىڭ تەلىمى مېنىڭ قەددىمنى رۇسلاپ، رىئاللىققا يۈزلىنىپ، يېزىدا كۆڭۈللۈك ئىشلەپ كېتىشىمگە مەدەت بەردى. ئادەتتىمۇ تۇرمۇشتا بىز ئاياللارغا دەرد - ئەلەم، خورلۇقلار ماگدامدا ئۇچراپ تۇرىدۇ. بىز ئۇنداق ئىشلارنىڭ ئالدىدىن بېشىمىزنى سېلىپ ئۆتۈپ كېتىشكە مەجبۇر، ئۇنداق قىلمىغاندا بېشىمىزنى تاشقا ئۇرۇپ، ئاغزى - بۇرنىمىزنى قان قىلىۋالدىغان گەپكەن.

گايىت ئاكا بولىدۇ. مەن ئۇنىڭغا مەكتىپىمىزدىكى پائالىيەتلەرنى كۆرسىتەي دەپ تۇتۇپ قالدىم. مەكتەپنى كۆرۈپ باقاي دەيدۇ.

— ياخشى، ياخشى، مېھمانغا مەن ھەمراھ بولۇپ مەكتەپنىڭ ئىچىنى كۆرسىتەي، سىز ياتاقتا كىرىپ تاماقتا تۇتۇش قىلىڭ. نېمىگە قاراپ تۇرىسىز، تېز ئىشىڭىزنى قىلىڭ.

ئىشنىڭ يولى مېھمانغا ساھىبخان ھەمراھ بولۇشى لازىم ئىدى. لېكىن، ھاۋاخان مېھماننى يالغۇز تاشلاپ قويماقچى بولۇۋاتاتتى. قېيۇم مۇدىرنىڭ بىچىرىدىغان باشقا ئىشلىرى بولسىمۇ، قول ئاستىدىكى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئالدىراپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزى مېھمانغا ھەمراھ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— مۇدىر، مەن سىزنى ئاۋارە قىلىۋېرەمەنمۇ، مەن خىجىل بولۇۋاتىمەن،— دېدى ھاۋاخان نېمە قىلارىنى بىلمەي.

— ھاۋاخان، نېمە دېگىنىڭىز بۇ،— خىزمەتداشلار يېتىشەلمەي قالغاندا، ئادەمگە رچىلىكنى ئۆزئارا ياردەملىشىپ تولۇقلىساق نېمىشقا بولمايدىكەن...

— مۇدىر، توغرا ئېيتىدۇ قىزىم،— گايىت ئۇستام سۆز قاتتى،— مەن بۇ كىشىنى ياقتۇرۇپ قالدىم،— ئۇ مۇدىرنىڭ قولىدىن تۇتۇپ،— بىز مەكتەپنى بىللە ئايلىنىمىز، سىزمۇ ئىشىڭىزغا ئالدىراڭ،— دەپ ئىككىسى مەكتەپنىڭ غەربىدىكى يول - يول كەتكەن ئۈزۈم باراڭلىرى ئىچىگە كىردى.

مەكتەپ مۇدىرى گەپ سوراي دەپ تۇرۇشىغا، گايىت ئۇستام ئېغىز ئاچتى:

— مېنىڭ ھاۋاخان بىلەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىم يوق، مەن ئۇلارنىڭ تويىدا ئەلچى بولغان.

— ھە، شۇنداقمۇ،— مۇدىر مېڭىشتىن توختاپ گايىت ئۇستامغا توغرىلىنىپ چىرايىنى سۈرۈن قىلىپ چەكچەيدى،— ھاۋاخان سىزنى شۇنچە ھۆرمەت قىلىدىكەن. سىز شۇنداق

بىر سىزنى كەتكۈزمەيمەن. كۈندۈزى مەن دەرس تەييارلاش، دەرس ئۆتۈش بىلەن ئالدىراش. بۈنى سىزمۇ چۈشىنىسىز. كەچتە يېزا ياشلىرى نېمىلەرنى قىلىشاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شەھەردىكىلەرگە دەپ بېرىڭ. ئۇلارمۇ مېنىڭ يېزىدا قەددىمنى كۆتۈرۈپ پايدىلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىمنى ئۇقۇپ قالسۇن، بولامدۇ، گايىت ئاكا،— مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، ھاۋاخان سۆزلەپ كېتىۋېتىپ ۋېلىسىپىتنى مەكتەپكە بۇرىدى.

— بولىدۇ قىزىم، مەن سىزنىڭ يېزىغا كەلگەن بۇ نەچچە ئايدىن بۇيان كۆڭلىڭىزنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىڭىزنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ كېتەي. پاھ، بۇ مەكتەپ چىمەنزار باغكەن ئەمەسمۇ،— گايىت ئۇستام مەكتەپ ھويلىسىغا قەدەم بېسىپلا شادلىنىپ كەتتى- دە، ئورنىدا توختاپ،— ھاۋاخان قىزىم، ماڭا ياتىقىڭىز- نىڭ ئىشىكىنى كۆرسىتىپ قويۇپ، ياتاققا كىرىپ دەم ئېلىپ تۇرۇڭ. مەن بۇ مەكتەپنى ئايلىنىپ چىقاي،— دېدى.

— مەيلى، لېكىن بەك ئۇزاق ھايال بولۇپ قالماڭ- ھە. بىرئازدىن كېيىن دېھقان ياشلار كېلىپ قالسا، سىز بىلەن بىر چىنە ئاشنى بىللە ئىچكىلىمۇ ۋاقىت چىقمايدۇ. مېنىڭ ياتىقىم ئاشۇ ئۆيلەرنىڭ ئۈچىنچى ئىشىكى شۇ،— ھاۋاخان كۈنچىقىش تەرەپتىكى قاتار ئۆيلەرنى كۆرسەتتى- دە ئالدىغا كېلىۋاتقان مەكتەپ مۇدىرىنى كۆرۈپ،— ۋوي قېيۇم مۇدىر، سىز تېخى ئۆيگە قايتمىدىڭىزمۇ؟— دەپ سورىدى.

— ئاڭلىسام، سىلەرنىڭ گۆش - سەي ئەكېلىشكىمۇ ۋاقىتىڭ- لار چىقماي قاپتۇ، مەن ئەكەلدىم، تېز ياتاققا قايتىپ تاماقىڭىزنى ئېتىڭ. بۇ مېھمان،— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قانداق ئەھۋاللىرى،— قېيۇم مۇدىر گايىت ئۇستام بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ھاۋاخان ئۇنى مۇدىرغا تونۇشتۇردى:

— ئۇ شەھەردىن مېنى يوقلاپ كەلگەن داڭلىق قاسساپ

مۇئامىلە قىلالماي، ئائىلىنى بۇزۇپ، ھاۋاخاننى شەھەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقىمۇ يول قويمىغانلىقىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى.

قېيۇم مۇدىر ھاۋاخان كېلىشتىن بۇرۇن شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ تېلېفون ئۇقتۇرۇشىنى قوبۇل قىلغان. ئۇقتۇرۇشتا «سىلەرنىڭ تەلىپىڭلارغا ئاساسەن شەھەرلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتىن ھاۋاخان دېگەن ئوقۇتقۇچىنى يۆتكەپ بەردۇق، بۇنىڭغا ئاساسلىق دەرسلەرنى ئورۇنلاشتۇرماڭلار، سىنىپ مەسئۇلى قىلماڭلار...» دېگەن. ھاۋاخان مەكتەپكە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي قېيۇم مۇدىر شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىگە بارغاندا، ئۇلاردىن ھاۋاخاننىڭ شەھەرلىك ئوتتۇرا مەكتەپتىكى «سەتچىلىكى» ھەققىدىكى سۆز-چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ چۆچۈگەن ۋە دېمىسىمۇ ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن. ئۇ گايىت ئۇستامنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ، ھاۋاخانغا ئۇۋال قىلىنغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ باراڭ ئاستىنى ئايلىنىپ، ئاخىر گايىت ئۇستامنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى-دە، قوللىرىنى بېلىگە تىرەپ:

— ۋۇ خومپەرلەر، ئۇلارنىڭ گېپى نېمانچە سېسىرلىقكىن دېسەم، گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىكەن ئەمەسمۇ، بۇ نېمە دېگەن ئۇۋالچىلىق. گايىت ئاكا، سىز كېلىپ ھاۋاخاننىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى دېمىسىڭىز، بىز ئۇنىڭغا يانچە قاراپ يۈرگەن بولاتتۇق، ماڭا دەپ بەرگىنىڭىز ئوبدان بولدى. مەن ئەتىلا...

گايىت ئۇستام كۈلۈمسىرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇدىرنىڭ قولىدىن تارتىپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— مۇدىر، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ. مۇنداق ئىشلارنىڭ كۆپىنچە باش-ئاخىرى بولمايدۇ، ھەق-ناھەقنى ئايرىپ چىقماق قىيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋاخاننىڭ ئىشىغا چېتىلىدىغان ئادەملەر كۆپ. ھاۋاخان دەۋا-دەستۇر كۆتۈرۈپ بېشىڭىزنى ئاغرىتمىغاندىكىن، سىزمۇ يۇقىرى-تۆۋەن قاتراپ، بېشىڭىزغا پىت

ياخشى بىر قىزنى، بىر مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىنى ۋىجدانسىز بىر يىگىتكە تۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ياشلىق باھارىنى ۋەيران قىلىۋېتىپسىز. سىزدىكى «ئەلچى» لىك مەسئۇلىيەت قېنى؟ يا سىز ئۇنى ئۆز ۋمىنىڭ قىزى بولمىغاندىكىن، تەقدىرى بىلەن نېمە كارىم دەپ ئويلىغانمىدىڭىز؟ مېنىڭ ئىچىم پۇشۇپ، ئاچچىقىمنى چىقىرالـ ماي يۇرەتتىم، ماڭا ئوبدان ئۇچراپ قالدىڭىز، مەن قانائەتلەنگۈ دەك جاۋاب بەرمىسىڭىز، سىزنى ھەرگىزمۇ قويۇۋەتمەيمەن. كېلىڭ، مەيەردە ئولتۇرۇپ، — ئۇ ئۆزۈم بارىگىنىڭ ئاستىدىكى ئۆزۈن ئورۇندۇقنى كۆرسەتتى،— ماڭا ھەممىنى سۆزلەپ بېرىڭ،— دېدى.

گايىت ئۇستام بىرقانچە ئون يىلدىن بۇيان ئەلچىلىك قىلىپ مۇنداق سوراققا قالمىغان، ھېچكىم ئەلچىلىك مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇدىرنىڭ سوئالى ئۇنىڭغا غەلىتە تۇيۇلدى، جاۋاب بېرىشنى رەت قىلماقچىمۇ بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئالدىدا تىك تۇرۇپ جاۋاب تەلەپ قىلىۋاتقان ئادەم مۇشۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى، ئۇنىڭ چىرايىدىن، قىلغان سۆزلىرىدىن ھاۋاخانغا مەسئۇل بولۇش، كۆيۈنۈش قىزغىنلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشكە بولاتتى. گايىت ئۇستام مۇدىرنىڭ تەكلىپىگە بويسۇنۇپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

— قېيۇم مۇدىر، سىز تۆۋەندىكىلەرگە كۆيۈنىدىغان، ئادەمگە رەھىمدىلكىڭىز بار، ياخشى باشلامچىكەنسىز. سىز ھاۋاخانغا كۆيۈنگەنلىكىڭىز ئۈچۈنلا ماڭا مۇشۇنداق سوئال قويۇۋاتىسىز. سىز ماڭا تىكىلىپ تۇرۇۋالماي ئولتۇرۇڭ،— دېدى.

مۇدىر ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. گايىت ئۇستام ھاۋاخان بىلەن ئابلاجاننىڭ ئۇزاق مۇددەت سىنىشىپ، مۇھەببەتلەشكەنلىكىنى، تويدىن كېيىن بىر مەزگىل ناھايىتى ئىناق ئۆتكەنلىكىنى، لېكىن ھاۋاخان نېمىگە سېزىك بولغانلىقىنى بىلەلمەي، بەزىبىر كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بەرگەنلىكىنى، بۇ ئىشلارغا ئابلاجان تـوغرا

ئوقۇغۇچىلارنى جەلپ قىلالايدىكەن. مەن ھېلىقى توغۇتلۇق ئوقۇتقۇچىنىڭ ئورنىغا ھاۋاخاننى سىنىپ مەسئۇللۇقىغا بەلگىلىدىم. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ 1- يىللىقى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كېلىش سالمىقى ئەڭ تۆۋەن ئىدى. ئادەتتە ئاتا-ئانىلار «بالىلىرىمىزنى باشلانغۇچ مەكتەپكىچە ئوقۇتۇپ ساۋاتلىق قىلساق بولغىنى، يەنە ئوقۇغان بىلەنمۇ بەرىبىر كادىر بولالمايدۇ» دەپ قاراپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بالىلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتمەيدۇ. بىزمۇ «بۇ يىل ئوقۇغۇچىنى مەكتەپتە تۇتۇپ قالساقلا، كېيىن ئۇ مەكتەپكە كېلىۋېرىدۇ» دەپ، ئاتا-ئانىلارغا سەت كۆرۈنسەكمۇ ئارقىغا كىرىۋالىمىز، بۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەل چارىمىز يوق. ئوقۇتقۇچىلار 1- يىللىق ئوقۇغۇچىلارغا سىنىپ مەسئۇلى بولۇشنى خالىمايدۇ. ئوقۇغۇچىلار پارتىلاردا لىق توشۇپ ئولتۇرمىغاندىكىن، ئۇلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئوقۇتقۇچىلار دەم ئېلىشنى قۇربان قىلىپ، «بالاڭنى مەكتەپكە بەر» دەپ ئاتا-ئانىلارنىڭ ئالدىغا بارسا قارشى ئېلىنماي، بىرمۇنچە تاپا-تەنىلەرگە قالاتتى. ھاۋاخانمۇ سىنىپ مەسئۇلى بولۇپلا بۇ مەسىلىگە يولۇقتى. ئۇ دەسلەپتە باشقىلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ھاملىدار بولسىمۇ، ئاتا-ئانىلار خىزمىتىنى ئىشلەشكە ماڭدى، ماڭغاندىمۇ ھەر كۈنى ماڭدى.

ھاۋاخان بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن دەرستىن چۈشۈپلا مەكتەپتىن يىراقراق جايدا ئولتۇرىدىغان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئاتا-ئانا بولغۇچى بالىسىنى مەكتەپكە بەرگۈسى كەلمەي، باشقا بىر يېزىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتىۋەتكەن ئىكەن. كۆرمەمسىز، يېزىدا ئوقۇتقۇچى بولماق نېمىدېگەن تەس-ھە. بۇ ھال ھاۋاخانغا ئېغىر كەپتۇ-دە، كۆل بويىدىكى مەيداندا بىرلىيانت ئويناۋاتقانلارغا قاراپ تۇرۇپتۇ. بۇ يەرگە ساپلا ياشلار، ئوغۇللار، قىزلار يىغىلغان

تىرىشۇالماك.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئۇستام؟

— مۇنداق قىلىشنى ھاۋاخان خالىمايدۇ. ئۇ دەرد ـ ئەلەم، خورلۇقنى تېزرەك ئۇنتۇپ، ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئوقۇتقۇچىلىقتا شەھەر، يېزا دەپ ئايرىپ تۇرمايدۇ، بىلدىڭىزمۇ.

— ئۇستام، سىز ھاۋاخاننى ئوبدان چۈشىنىدىكەنسىز،— دېدى مۇدىر،— ئۇ مەكتىپىمىزگە كەلگەندىن بۇيان ۋۇجۇدىدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەت، دەرد ـ ئەلەملەرنى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇرۇپ، ئۆزىنى بىغەم، شاد ـ خۇرام ھەم تېتىك تۇتۇپ كەلدى. ھاۋاخان قەدىرلىگۈچىلىكى بار ئوقۇتقۇچى ئىكەن. ئۇ كېلىپ مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى جانلاندۇردى، جەمئىيەتتىمۇ ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى.

— شۇنداقمۇ؟ سۆزلەڭ، قۇلىقىم سىزدە مۇدىر،— دېدى گايىت ئۇستام. مۇدىر جانلىنىپ سۆزىنى داۋام قىلدى.

2

— شۇ ۋاقىتتا بىر ئوقۇتقۇچىمىز تۇغۇتلۇق، بىر ئوقۇتقۇچىمىز كېسەل بولۇپ قالغان، ئۇلارنىڭ ئورنىغا مەن دەرسكە كىرىپ ئالدىراپ قالغان ئىدىم. شۇڭا، شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغىمۇ قارىماي، ھاۋاخاننى دەرسكە كىرىشكە ئورۇنلاشتۇردۇم. لېكىن، كۆڭلۈم خاتىرجەم ئەمەس، بەزىدە سىنىپنىڭ دېرىزىسىدىن مارىلاپ، ئۇنىڭ دەرس ئۆتۈش ئەھۋالىنى كۆزەتتىم، بەزىدە سىنىپ مەسئۇللىرىنى ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلاپ بېقىشقا كىرگۈزدۈم.

ھاۋاخان ياخشى ئوقۇتۇش مېتودىغا ئىگە، قابىلىيەتلىك،

ۋىنىمامدۇ؟

— بولمىسا، ھازىر مەن ساڭا ئۇتتۇرغان بولاي،— ھامۇت ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ، — ئاغىنىلەر تاھىر مېنى ئۇتتۇۋالدى، چاۋاك چېلىڭلار، ھە، ئەمدى بولغاندۇ؟— دەپلا ئۇ سىڭلىسىنى يېتىلەپ مېڭىپتۇ. شۇ ئەسنادا كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا تاھىرنى مەسخىرە قىلىدىغان سۆز- چاقچاقلار كۆتۈرۈلۈپتۇ. چىرايلىق بىر قىزنىڭ ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ ئالىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بارلىق ئاچچىق مېڭىسىگىلا چىقىپتۇ- دە، يانچۇقىغا ئېسىۋالغان پىچاقنى چىقىرىپ، يۈگۈرۈپ بېرىپ ھەش - پەش دېگۈچە: «مانا، مەن سېنى يەڭدىم» دەپلا ھامۇتنىڭ دۈمبىسىگە پىچاق ساپتۇ.

— ئاپلا، بۇ قاراملىقنى،— گايىت ئۇستامنىڭ يۈرىكى سىقىلدى،— ئاخىرى قانداق بولدى؟

— قانداق بولاتتى، تاھىرنىڭ پىچىقى گال ئىكەن، ئۇستىخاندىن ئۆتمەپتۇ. شۇنداقتىمۇ ساپساق، بېجىرىم تەن زەخىملەندى. ھامۇت بىر مەزگىل دوختۇرخانىدا ياتتى، بۇ چىقىمنى تاھىرنىڭ ئائىلىسى تۆلىدى.

— تووۋا خۇدايىم، ھېلىمۇ ياخشى ھامۇت ئۆلمەپتۇ. كېيىن ئۇ بىرلىيانت دېگەن بىرنېمىنىمۇ كۆزدىن يوقاتقاندۇ؟

— بىرلىيانت دېگەن ياشلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتىمىز دەپ ياساتقان نېمە تۇرسا، ئۇنى كىم تەۋرىتەلەيدۇ. لېكىن، بۇ مەسىلىنى ھاۋاخان ناھايىتى ياخشى ھەل قىلدى.

— ھە، ھاۋاخان ئۇ بىرلىيانت شىرەسىنى ياتىقىغا ئەكىرىپ كارىۋات قىلىۋاپتۇ- دە، ھا، ھا، ھا... بۇمۇ بوپتۇ.

— ياق، ياق، سىز مېنىڭ گېپىمنى خاتا چۈشىنىپ قالدىڭىز،— مۇدىر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى،— ھاۋاخان ئۇنداق ئاڭسىز، بىزەك ئايال ئەمەس. مەكتىپىمىزدە ئۇ ياتقۇدەك ئورۇن،

ئىكەن. ئۇلار بىر كۈنلۈك ئەمگەكنىڭ ھاردۇقىنى بىرلىيانت ئويناشقا كۈلكە - چاقچاقنى بىرلەشتۈرۈپ چىقىراتتى. مەيداندا بىر بىرلىيانت شىرەسى بولۇپ، خالىغان ئىككىيلەن ئويناپ، ئۇتقان - ئۇتتۇلغان ئايرىلغاندا، ئاندىن باشقا ئىككىيلەن ئوينايتتى. ئەتراپتا كۆرۈپ ئولتۇرغانلار ھەر خىل باھالارنى بېرىپ، كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن مەيداننى جانلاندۇرۇۋېتەتتى. بەزىدە ياقا سىقىشقىدەك ئىشلارمۇ بولۇپ تۇراتتى. ئويۇندا ئۇتۇش-ئۇتتۇرۇش بولۇپ تۇرىدىغان گەپ. ئۇ كۈنى تاھىر ئىسىملىك بالا بىلەن ھامۇت دېگەن بالا ئويناۋاتقان ئىكەن. ئەسلىدىنمۇ تاھىر بىرلىيانتتا نامى چىققانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئۇدا ئىككى قېتىم ئويناپ، بىرلىيانتنىڭ بىرىنىمۇ تۆشۈككە چۈشۈرەلمەپتۇ. ھامۇت توپنى دەل ئۇرۇپ ئارقا - ئارقىدىن تۆشۈككە چۈشۈرۈپتۇ، ماختاش چۇقانلىرى ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپتۇ. ئۇ تېخى توپلارنى تۆشۈككە تولۇق چۈشۈرۈپ بولمىغان، نۆۋىتى ئاخىرلاشمىغان ۋاقىتتا، سىڭلىسى كېلىپ:

— ئاكا تېز بول. سەن يوق، مەن قويلارنى سۇغارغىلى ھەيدەپ چىقىۋىدىم، قويلار ماڭا بوي بەرمەي پىتىراپ كېتىشتى، — دەپ يىغلاپتۇ.

سەككىز ياشلىق قىز 20 نەچچە قوينى قانداقمۇ باشقۇرالىسۇن. قويلار يوقاپ كەتسە ياكى خەقنىڭ زىرائەتلىرىگە كىرىپ كەتسە بولمايدۇ-دە. شۇڭا، ھامۇت بىرلىيانت ئويناشتىن توختاپ تاھىردىن ئەپۇ سوراپ ماڭماقچى بوپتۇ.

— ئويۇننىڭ ئاخىرىنى چىقارماي نەگە بارىسەن؟ ئاخىرىنى چىقىرىمىز، — دەپتۇ تاھىر ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ.

— مەن ئاۋۋال قويلارنى تېپىپ، ئېغىلغا سولىۋېتىپ كېلەي، ئاندىن ئاخىرىنى چىقىرايلى.

— ياق، مەن سېنى ساقلاپ تۇرالمايمەن، باشقىلارمۇ

ەھمەت سىزگە،— دەپ، يانچۇقىدىن گېزىت پارچىسىنى ئېلىپ ــوپىغا قويۇپ قىزنىڭ يېنىغا چۆكۈپ، ژۇرنالنى ۋاراقلاپ ــۇرۇپ،— سىزمۇ كىتاب - ژۇرنال كۆرەمسىز؟» دەپ سورىغان. ئۇ قىز: «مەن ناھايىتى ئامراق، كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟» دېگەن. ھاۋاخان «مانا، كۆرۈڭ» دەپ بېرىشىگە، ياندىكى قىز چاققانلىق قىلىپ ژۇرنالنى ئېلىۋالغان. ئۇ ژۇرنالنى ۋاراقلاشقا ئۈلگۈرمەيلا، يەنە بىرى ئۇنىڭ قولىدىن يۇلۇۋالغان، ھەش - پەش دېگۈچە ژۇرنال قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، بىر يىگىتنىڭ قولىدا توختاپ، ئۇ ژۇرنالنى ئېگىز تۇتۇۋالغان. ياشلارنىڭ بۇ خىل قىزغىنلىقىدىن خۇش بولغان ھاۋاخان ئورنىدىن تۇرۇپ: «بۇ ژۇرنالدا ھەقىقەتەن ياخشى ئەسەرلەر، خەلق چۆچەكلىرى بار، مەن ئوقۇپ بېرەي، بىرلىكتە ئاڭلايلىمۇ؟» دېگەن. ھەممەيلەن: «شۇنداق قىلايلى. ئالىمجان، ژۇرنالنى تېز مۇئەللىمگە بەرگىن» دەپ چۇرقىراشقان.

ھاۋاخاننىڭ ئەتراپىغا توپلانغانلارنىڭ كۆپچىلىكى قىزلار ئىكەن. ئۇ كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان بىر چۆچەكنى ئوقۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، بىرلىيانت ئويناۋاتقانلارمۇ ئويۇننى تاشلاپ تىڭشىغۇ- چىلارغا قوشۇلغان. ياشلار ئويۇنغا قىزىقىدۇ، بىلىم ئېلىشقا تېخىمۇ قىزىقىدۇ. ھاۋاخان نۇرغۇن چۆچەك يادقا بىلىدىكەن. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ سۆز سەنئىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەربـ ــكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ياشلارنى قىزىقتۇرىدىغان، ئىلھام بېغىشلايدىغان چۆچەكلەرنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرغانلىقتىن، ئاڭلاشقا كېلىدىغانلار كۈندىن - كۈنگە كۆپەيگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سورۇننى كۆل بويىدىن مەكتەپكە يۆتكىگەن.

— ۋاي ئاللا، ھاۋاخان بۇ يەردە ئۆزىگە بىر جاپا تېپىۋاپـ ــتىغۇ. چۆچەكنى نەچچە كۈن ئېيتسىلا تۈگىمەمدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىدۇ؟— دېدى گايىت ئۇستام.

— خەلقىمىز ئىچىدە ئېقىپ يۈرگەن چۆچەكلەر سان -

كارۋاتمۇ يوق ئەمەس. بىزنى ئۇنداق گاداي چاغلاپ كەتمەڭ،— ئۇ قايتا ئورنىدا ئولتۇرۇپ ۋە چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ، ھاياجانلانغان ھالدا نېمىلەرنىدۇر ئويلىدى.

— مۇدىر، مەن بۇ گەپنى قىلىپ سىزنى...

— شۇنداق، ھاۋاخان سىز دېگەندەك قىلمىدى، بەلكى پىچاق سىلىشقا بېرىپ يەتكەن ئېچىنىشلىق ۋەقە ئۇنى قاتتىق ئويغا سالدى. ئۇ كېچىچە كىرپىك قاقماي، «كەنتتىكى ياشلارغا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىكرەك بىر ئىش تېپىپ بەرگىلى بولماسمۇ؟» دەپ كۆپ باش قاتۇرغان، نۇرغۇن چارىلەرنى ئويلاپ تاپقان،— مۇدىر گايىت ئۇستامنىڭ بىلىكىدىن يېنىك تارتىپ ئۆزىگە قارىتىپ،— ھاۋاخانمۇ سىز دېگەندەك «بىرلىيانتنى ئەمدى ھېچكىم ئويناماسمۇ، مەيدانغا ياشلار يىغىلماسمۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن. ئىككىنچى كۈنى كەچتە ياشلارنىڭ ھېچبىر ئىش يۈز بەرمىگەندەك، كۆل بويىغا يىغىلىپ بىرلىيانت ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھاۋاخان «مىراس» ناملىق بىر پارچە ژۇرنالنى ئېلىپ مەيدانغا كەلگەن. ئۇ بىر چەتتە تاماشا كۆرۈپ تۇرغان قىزلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىچە ژۇرنالنى ئالدىغا قويۇپ، قىزلار بىلەن پاراڭلاشقان. شۇ ئەسنادا قىزلارنىڭ ژۇرنالغا قىزىقىپ قاراۋاتقانلىقىنى، سوراشقا پېتىنالمىغانلىقىنى ھېس قىلغان ھاۋاخان ژۇرنالنى توپىغا قويۇپ ئولتۇرۇشقا تەمشەلگەندە، يېنىدا ئولتۇرغان قىز: «مۇئەللىم توختىسىلا» دەپ، يانچۇقىدىن يېڭى تاۋار ياغلىقىنى ئالغان.

ھاۋاخان تولىمۇ تەڭقىسلىقتا قالغان قىياپەتتە: «راست، بۇ ژۇرنال يېڭىلا كەلگەن، ئۇنىڭ ئىچىدە تولىمۇ قىزىقارلىق ئەسلىمىلەر باركەن. مەن ئوقۇپمۇ بولالمىغان ئىدىم. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئاسرىمىغىنىمنى قاراڭ. ھە، يانچۇقۇمدا گېزىت پارچىسى باركەنغۇ، سىزنىڭ ياغلىقىڭىزنىمۇ توپا قىلىۋەتمەي،

ھازىر تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. ياشلارنىڭ ئارىسىدا بۇ ئىش ئالقىشقا ئېرىشىپ، ھەممەيلەن جەمئىيەتتىن چۆچەك، ھېكايە، لەتىپىلەرنى يىغىدىغان، ئېيتىدىغان، ئەدەبىي تىل ماھارىتىنى ئۆگىنىدىغان دولقۇن قوزغالدى. سورۇندا ھاۋاخانلا سۆزلىمەي ئاشۇ ياشلارمۇ سۆزلەيدۇ، سۆزلىگەنلىرىنى ئۇنئالغۇغا ئېلىۋېلىپ، تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى گۈلجەننەت بىلەن ھاۋاخان بىرلىكتە رەتلەپ، شەھەرلىك قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش - رەتلەش ئىشخانىسىغا ئەۋەتىپ بەردى. بۇ، ئۇلارنىڭمۇ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئۇلار بۈگۈن ئاخشام كېلىپ نەق مەيداندا ياشلارنىڭ چۆچەك ئېيتىش ئەھۋالىنى كۆرىدۇ ھەم چۆچەك يىغىش - رەتلەشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقانلارنى مۇكاپاتلايدۇ.

قېيۇم مۇدىر ھەۋەس بىلەن ھاۋاخانغا مەدھىيە ياغدۇرۇپ سۆزلەيتتى، گايىت ئۇستام ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتىنى چۈشەنمەيتتى. ئۇ ئويلاپ تۇرۇۋېتىپ:

— ۋاي مۇدىر، سىز دېگەن ئاشۇ سۆز - چۆچەكلەر شۇنچە قىممەتلىكما. مەن قارىسام، ھاۋاخان سىلەرگە بىرمۇنچە ئىشنى كۆپەيتىپ بەرگەندەكلا بىلىنىدىغۇ. كۈندۈزى باللارغا دەرس ئۆتسەڭلار، كەچتە ياشلار پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانساڭلار ئوقۇ - ئوقۇتۇشقا تەسىر يەتمەمدۇ- ھە،— دېدى گايىت ئۇستام.

— شۇنداق. مەنمۇ، باشقا مۇئەللىملەرمۇ دەسلەپتە ھاۋاخانغا سوغۇق مۇئامىلە قىلدۇق، ياردەملەشكۈمىزمۇ كەلمىدى. كېيىن نېمىنى كۆردۇق دېمەمسىز؟— مۇدىر كۆزىنى يىراقلارغا تىكىپ سۆزىنى داۋام قىلدى،— كەنتتىكى ياشلارنىڭ قىياپىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. ئۇلار تۈرلۈك يامان ئىش - ھەرىكەتلەرنى توسۇپ، زەربە بەردى؛ ئۆكىلىرىنى، سىڭىللىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتىپ بەردى. باللىرىدىن خاتىرجەم بولغان ئاتا - ئانىلارمۇ مەكتەپكە باشقىچە قارايدىغان، تەلىم - تەربىيىگە كۆڭۈل

ساناقسىز، ھازىر كىتاب بولۇپ چىققانلىرى بىرقانچە يۈزگە يېتىدۇ. «مىڭ بىر كېچە»، «كەلىلە ۋە دەمنە» دېگەندەك چوڭ ھەجىملىكى چۆچەكلەرمۇ بار. دېھقان باللىرىنىڭ ئەمدىلا قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولدى، ئاز ـ تولا پۇلى بولسىمۇ كىتاب ئېلىپ ئوقۇشقا ئادەتلەنمىگەن. مۇشۇنداق تەشكىللەپ، قىزىقتۇرۇپ بىلىم بەرمىسە بولمايدۇ ـ دە. ھاۋاخان ياشلارنى مەكتەپكە باشلاپ كىرىپ، قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇپ، تەرتىپ ـ ئىنتىزام ئېچىگە ئالدى. ياشلارنى باشقۇرىدىغان ئادەم بولسا، يېزىدىكى مەدەنىي تۇرمۇش جانلىنىپ كېتىدىكەن. ھاۋاخان مەكتەپ، كەنت رەھبەرلىكىنىڭ قوللىشى بىلەن ياشلارنىڭ كەچلىك پائالىيەت مەزمۇنىنى بىر خىلدىن كۆپ خىللىققا ئىگە قىلدى. ياشلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسىگە قاراپ بىرقانچە سىنىپقا بۆلۈپ، ئۇلارغا بىر ئاخشىمى بىلىم ئاشۇرۇش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش دەرسى ئۆتسە، بىر ئاخشىمى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆگەتتى. شەنبە كۈنى كەچتە مەكتەپ زالىنىڭ چىراغلىرى چاقناپ، تانسا قىزىيدۇ. كەچتە مەكتەپ مەيدانىنى ئېلېكتر چىراغلىرى بىلەن يورۇتۇپ، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى بىلەن قىزىتىۋېتىمىز. ھازىر ھېلىقى بىرلىيانتىمۇ مەكتەپنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. ھامۇتتەك بىرقانچە ماھىر ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، ئالتۇن ـ كۈمۈش مېداللار بىلەن تارتۇقلىنىپ، كەنت ۋە مەكتەپكە شەرەپ كەلتۈردى...

— پاھ، پاھ، ھەر ئاخشىمى مەكتىپىڭلار جانلىنىپ كېتىدىكەن ـ دە، — ھاياجانلانغان گايىت ئۇستام يەنە مۇدىرنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — بۈگۈن ئاخشام قانداق پائالىيىتىڭلار بار؟

— بۈگۈن ئاخشامقى پائالىيەتنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ مول. مەن يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ھاۋاخان يېزا ياشلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى چۆچەك ئېيتىپ بېرىشتىن باشلىغان ئەمەسمۇ، بۇنىڭ مەزمۇنى

ـمۇدىرنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى،— سىز ماڭا ھەمراھ بولۇڭ.
ھاۋاخان مۇدىرنىڭ نېمىگە ئالدىرايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ گايىت ئۇستامنى ياتىقى تەرەپكە تارتتى:
— گايىت ئاكا، مۇدىر بىردەمدىن كېيىن كېلىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ئىشىغا كاشىلا قىلمايلى،— دېدى-دە، ئۇنى ياتىقى تەرەپكە زورمۇزور ئېلىپ كەتتى.
ھاۋاخان قورسىقىنى تومپايتىپ يۈرۈپ، بىر تەرەپتىن كەچلىك پائالىيەتنىڭ تەييارلىقىنى ئىشلەشكە يېتەكچىلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ياتاقدىشى گۈلجەننەت بىلەن ئالدىراپ يۈرۈپ مەززىلىك سەي قورۇپ لەگمەن ئەتكەن ئىدى. ئىككىيلەن ياتاقتا تاماق يېگەچ يەنە پاراڭغا چۈشتى. گايىت ئۇستام ھاۋاخاننىڭ يېزىدىكى ئىشلىرىنى ئاڭلاپ، ھاياجانلانغان ئىدى.
— مەكتەپتىكىلەرگە ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى توغرۇلۇق تىنمىغان ئۇخشايسىز..مەن ئەھۋالنى قېيۇم مۇدىرغا سۆزلەپ بەردىم، ئۇمۇ سىزنىڭ بۇ يەردىكى ئىشلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەردى. ئۆزىڭىزمۇ ئوبدان تۇرۇپسىز، نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىپسىز.
— مەن ئىنچىكە كۆچلۈك ئايال، ئاشۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ كەتمىسەم بەك ئازابلىنىمەن. شۇڭا، ئۆزۈم تىنىم تاپمايدىغان بىر ئىشنى قىلماقچى بولدۇم، بۇ مەدھىيلەپ كەتكۈدەك ئىشمۇ ئەمەس، ئۆز يولىدا يۈرۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. بولدى، بۇنى قويۇپ تۇرايلى. ئاڭلىشىمچە، توختىمەت ئاتام كېسەل بولۇپ ياتاقتا يېتىپ قاپتۇ، ئەھۋالى قانداقراق؟
— توختىمەت خېلى ياخشى، لېكىن ئۇ سىزنى ياد ئېتىپ كۆڭلى بىئارام بولىدۇ. ئۇ سىزدىن خاتىرجەم بولالماي، سىزنى كۆرۈپ كېلىشكە مېنى ئەۋەتتى. تۇرسۇنخانمۇ سىزنى كۆرگۈسى كېلىپ، بىللە كەلمەكچى بولغان ئىدى، مەن ئۇنىمىدىم. ئۇنىمىغىنىممۇ ئوبدان بوپتۇ، سىز تولىمۇ ئالدىراشكەنسىز..—

بۆلۇدىغان بولدى. كەنتمۇ ھاۋاخاننىڭ خىزمىتىنى قوللاپ، مەكتەپكە تۆت نەپەر خەلق ئوقۇتقۇچىسى سەپلەپ بەردى. سىنىپتا لىق ئولتۇرغان ساۋاقداشلارنى كۆرگەن ئوقۇتقۇچىلار ھاۋاخاننىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرىنى تونۇپ يەتتى. دە، ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇندى. مەندەك 30 يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق تارىخىغا ئىگە،كونا ئادەتلەرنى بۇزغۇسى كەلمەيدىغان مۇدىرمۇ ھاۋاخاننىڭ بۇ ئىشلىرىدىن تەسىرلەندىم، يار - يۆلەك بولدۇم. بولمىسا، تەرەققىيات مېنى شاللىۋەتمەمدۇ.

— ۋوي مۇدىر،— ھاۋاخان ئۇلارنىڭ قېشىدا پەيدا بولدى،— گايىت ئاكامغا مەكتەپنىڭ بېغىنى كۆرسەتمەي، بۇ يەردە ئولتۇرۇپسىلەرغۇ. مۇنداقلىقىنى بىلسەم...

— ھاۋاخان، مۇدىرنى ئەيىبلىمەڭ،— دېدى گايىت ئۇستام ئۇنىڭغا،— بىز بۇ باراڭنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ، قىممەتلىك پاراڭلارنى قىلىشتۇق. گېپىمىز تېخى تۈگىمىدى.

— قۇلىقى قىزىپ ئولتۇرالمىغاندۇ ھەقاچان ھا، ھا، ھا...

ھاۋاخان بۇ ئىككى پېشقەدەمنىڭ كۈلكىسىگە مەستلىكى كەلگەندەك قاراپ تۇرۇۋېتىپ تەبەسسۇم قىلدى.

— راست، قۇلىقىم قىزىدى، قورسىقىممۇ كورۇكراپ كەتتى. ھازىرغىچە گايىت ئاكامغا ئۇسسۇلۇقمۇ بەرمىدىم، سەت بولدى.

— ئاپلا،— دېدى قېيۇم مۇدىر ئەمدىلا ھوشىغا كەلگەندەك سائەتكە قارىۋېتىپ،— بىز ھەقىقەتەن ئۇزاق ئولتۇرۇپتىمىز، سۆز تېكىستى يېزىۋېلىشنى ئۇنتۇپتىمەن ئەمەسمۇ. ھاۋاخان، كەچلىك پائالىيەتنىڭ تەييارلىقى پۈتتىمۇ،— ھاۋاخان بېشىنى لىڭشىتتى،— ھە، ياخشى، سىز مېھمانىنى ياتىقىڭىزغا باشلاپ كۈتۈپ تۇرۇڭ، مەن ئىشخانىغا كىرىپ چىقاي،— دەپلا مۇدىر ئىشخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— مۇدىر، مەن سىزنى قويۇۋەتمەيمەن،— گايىت ئۇستام

— ھاۋاخان، سىز تولىمۇ ئاق كۆڭۈل،— گايىت ئۇستام ئەمدىلا خاتىرجەملىككە ئېرىشكەن ھاۋاخاننىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىشنى خالىمىدى. لېكىن، ئۇ ھەممىنى چۈشەندى.

— ئابلاجان ئاكامنىڭمۇ كۆرگۈلىكى بار ئوخشايدۇ،— دەپلا ھاۋاخان كۆز ياشلىرىنى ئېرتىۋەتتى ۋە ئالدىدىكى تاماق تەخسىسىنى نېرىسىغا سۈرۈۋېتىپ قەددىنى رۇسلىدى،— ئۇ مۇشۇنداق قىلىپ مەندىن ئۆچ ئالماقچى بولسا ئېلىۋەرسۇن، پەرۋايىم پەلەك. ئۇنى كۆرسىڭىز دەپ قويۇڭ، مەنمۇ تىنچ ياتقىنىم يوق. مەن بۇ يېزىدا خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىپ، خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا شان - شەرەپ كەلتۈرىمەن. يەنە ئىككىمىزنىڭ قېنىدىن بولغان پەرزەنتىمنى سالامەت تۇغۇپ، ئاتىلىق خۇشاللىقىدىن بەھر ئېلىپ، ئۇنى ئاتىلىق ھوزۇرىدىن مەھرۇم قىلىمەن. بۇنى ئۇ ھازىر ياشلىق قىلىپ سەزمىگەن بىلەن چوڭ بولغاندا سېزىدۇ، ئازابلانماي قالمايدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن بەسلەشمەيمەن، ئۆز يولۇمدا مېڭىۋېرىمەن.

— قىزىم، ئابلاجان ئەزىزە بىلەن توي قىلسا، تېخى كۆرىدىغىنى بار. توختىمەت، تۇرسۇنخان، ھەتتا مەنمۇ بۇ تويغا قوشۇلمايمىز، سىلەرنىڭ يارىشىپ قېلىشىڭلارنى تىلەيمىز.

— بۇزۇش ئاسان بولغان بىلەن قۇرۇش ئاسان ئەمەس. ئابلاجان ئاكام بەك يىراقلاپ كېتىپتۇ، مەن مۇنداق بولارىنى ئويلىمىغان ئىدىم،— ھاۋاخان ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. گايىت ئۇستام ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى.

— ئۇزاققا قالماي ئۇنىڭ بۇرنىغا سۇ كىرىدۇ، ئاندىن ئويغانماي قالمايدۇ،— گايىت ئۇستام دۇئا ياندۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى،— ھاۋاخان، مەن ئەمدى شەھەرگە قايتاي،— دېدى.

— گايىت ئاكا، بۈگۈن قونماقچى ئەمەسمىدىڭىز، بىزنىڭ كەچلىك پائالىيىتىمىزگە قاتناشمامسىز؟

گايىت ئۇستامنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلگەندەك بولۇپ، گەپ قىلالماي قالدى.

ھاۋاخان كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش ئاقتۇرۇپ، بېشىنى ئېگىپ ئولتۇرۇپ كەتتى، بىرھازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئابلاجان ئاكاممۇ ئوبدان تۇرۇۋاتقاندۇ؟— دەپ سورىدى.

— ئۇنى تىلغا ئالمىسىڭىز بولاتتى سىڭلىم. توختىمەت سىلەرنىڭ ئاجراشقانلىقىڭلارنى كۆڭلىگە سىغدۇرالماي تۇرغىنىدا، ئۇ يەنە بىر ئىشنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئاتىسىنىڭ جېنىنى ئالغىلى قىل قالدى،— گايىت ئۇستام بىر چوكا ئاشنى ئاغزىغا سالدى.

— ئابلاجان ئاكام يەنە نېمە ئىش تېرىدى؟

— يالغان گەپ قىلسام تىلىم كۆيىدۇ، راست گەپنى دېگۈم كەلمەيدۇ. ئاڭلىسىڭىز بىئارام بولىسىز، بولدى دېمەيلا قوياي.

— ياق، مېنىڭدىن غەم يېمەڭ، مەن كۆتۈرەلەيمەن. بىز كىچىكىمىزدىنلا ئاكا - سىڭلىدەك چوڭ بولغان. مەن ئۇنى ئۇنتۇيالمايمەن، كۆرگۈم كەلسە بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلىمەن. ئۇ توختىمەت ئاتامنى خاپا قىلغۇدەك نېمە ئىش قىلدى؟ گايىت ئاكا تېز دەپ بېرىڭا،— ھاۋاخاننىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش تامچىلىرى قولىدىكى لەگمەن تەخسىسىگە چۈشۈۋاتاتتى.

ئەھۋالنى ئېنىق دېمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان گايىت ئۇستام ئاغزىدىكى تائامنى چايناۋېتىپ:

— ئابلاجان قايتا ئۆيلەنمەكچى بولۇۋاتىدۇ، — دېدى.

— كىم بىلەن؟— ھاۋاخان چۆچۈپ قارىدى.

— ئەزىزە بىلەن.

— ئەزىزە بىلەن، شەھەر باشلىقىنىڭ قىزى بىلەنما؟— ھاۋاخان لېۋىنى چىشلەپ بىرھازا تۇرۇۋېتىپ،— ئۇنىڭغا باشقا قىز چىقماپتىما، نېمىشقا شۇنچە ئالدىراپ ئەمدى؟— دېگەندە، بىر خىل ئاچچىق ھەسرەت ئۇنىڭ چىرايىغا تەپتى.

ئابلاجان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— ھە، ئابلاجانمۇسەن،— ئەخمەتجان ئەمدى كۆرگەن قىيا-پەتتە،— قانداق ئەھۋالىڭ، بەك كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭغۇ؟ سوۋغا - سالاملىرىڭ قۇچىقىڭغا بىر كەپتۇ، نەگە ماڭدىڭ ئاداش،— دېدى.

— ئاداشلار، مېنى ئۇرۇۋالغىنىڭلاردىن سىلەردىن ھېساب ئېلىشقىمۇ چولام يوق، شۇنداق ئالدىراش دەڭلار. يول شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆيىگە،— ئابلاجان بىرھازا توختاپ شۇ گەپلەرنى دەپلا ئىككى دوستىنىڭ ئۇتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ يولىغا ماڭدى.

مۇشۇ كۈنلەردە ئابلاجان ئۆزىچە «ئىشىم ئوڭغا تارتتى، بۇ دۇنيادا مەندەك تەلەيلىك ئادەم يوق» دەپ كۆرەڭلەپ، قەدىناس دوستلىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان، كوچىدا كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئەخمەتجان بىلەن ئەلى ئۇنىڭ ھاۋاخانىنى خورلاپ، ئۆكتەملىك قىلىپ ئاجرىشىپ كەتكەن-لىكىنى كۆڭلىگە سىدۇرالماي، ئالدىنقى كۈنلىرى ئۇنىڭ ئەزىزە بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئۇنى ئالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، تىگىرقاپ قېلىشقان ۋە ئابلاجان بىلەن دوست بولۇپ قالغانلىقىدىن نومۇس قىلىشقان ئىدى. قايسى كۈنى ئۇلار يېزىغا بېرىپ ھاۋاخانىنى يوقلاپ كەلدى. ئۇغۇ يېزىدا ھەر جەھەتتىن ياخشى تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تومپىيىپ چىققان قورسىقىنى كۆرۈپ، نارەسىدەنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىش بىلەن ئاتىسىز قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئابلاجانغا ئاچچىقى كېلىپ، زەردىسى قايناپ - تاشقان ئىدى. ئۇلار پۇرسەت تېپىپ ئابلاجانغا ئىززەت - ئىكرام بىلەن نەسىھەت قىلىشنى، نارەسىدىنى يېتىم قىلماسلىقنى دېمەكچى؛ بۇنى قوبۇل قىلماي ئۆكتەملىك قىلسا، ئابلاجانغا ئۆزلىرىنى تونۇتۇپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى. بۈگۈن ئۇلار كوچىدا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى. ئويلىغاندەك،

— سىز ئۇبدان تۇرۇۋېتىپسىز. بۇنى تېزرەك توختىمەتكە يەتكۈزەي، ئۇ تەسەللى تاپىدۇ. سىزنى يەنە يوقلاپ كېلىمەن.

قۇياش پېتىش ئالدىدا تۇراتتى. ئىسسىق ۋە دىمىقچىلىق ـ نىڭ ئورنىنى سالقىن ھاۋا ئىگىلىگەن، مۇشۇنداق ۋاقىتتا ۋېلىسىپىت مىنىش كىشىگە ئارامبەخش ئېتەتتى. گايىت ئۇستام ياتاقتىن چىقىپ ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ مېڭىشىغا، مەكتەپ ھويلىسىغا كىرىپ كەلگەن بولكىۋايدىن شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى، شەھەرلىك قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاپ ـ رەتلەش ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇللىرى چۈشتى. ئۇلار مەكتەپ ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتكە قاتنىشىش ئۈچۈن چىققان ئىدى.

3

ئابلاجان بىركۈنى چۈشتىن كېيىن بازار ئارىلاپ، دۇكان كېزىپ، پۇلنى ئايىماي خەجلەپ، ئەزىزەگە خېلى كۆپ ئېسىل سوۋغا ـ سالام سېتىۋالدى. ئۇ قۇچىقىنى توشتۇرۇپ، ئۆزىگە شاد ـ خۇراملىق ۋە سۆيگۈ تەشنالىقىنى ھەمراھ قىلىپ تۆت كوچىنىڭ ئايلانمىسىغا كەلگەندە، قەدىناس دوستلىرىدىن ئەخمەتجان بىلەن ئەلى ئالدىغا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ دوستلىرىنى كۆرمەسلىككە سېلىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى.

— ۋۇي بوينى قىڭغىر ئەبگاھ، يولۇڭدا ماڭمامسەن؟— دەپ ئەخمەتجان ئوڭ ياندىن كېلىپ ئۇنىڭ بېقىنىنى مۇشتىلىدى. ئابلاجان تۇيۇقسىز ئۇرۇلغان زەربىدىن سولغا مۇدۇرۇپ، سول يانىدىكى ئەلىنىڭ پۇتىنى دەسسىۋالدى.

— تۈز ماڭمامسەن خۇمپەر،— دەپ ئابلاجاننىڭ سول بېقىنىغا مۇشت ئاتتى ئەلى.

— ۋايجان، ۋايىيەي، سىلەر ساراڭ بولدۇڭلارمۇ؟ بۇ مەن،—

ئەمەس. ئابلاجان كەچلىك تاماق يېمىگەن، ئۇ دوستلىرىنىڭ چوڭ كۆرۈپ تاماققا تەكلىپ قىلىشىنى ماقۇل كۆرۈپ، جىم ئولتۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۈستەلگە ھەر خىل قورۇمىلار، بوينىغا قىزىل لېنتىلار باغلانغان بوتۇلكىلار، 75 گراملىق رومكىلار كەلتۈرۈلدى. باشقا ۋاقىت بولسا ئىدى، مۇنداق مول نېمەتلەر ۋە ئىچىملىكلەرنى كۆرسە، ئابلاجاننىڭ خۇشاللىقى تۇتۇپ، جانلىنىپ كەتكەن بولاتتى. لېكىن، بۈگۈن ھاراق بوتۇلكىسى ئۇنىڭ كۆزىگە يىرگىنچلىك، قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى سەسكەندۈرۈشكە باشلىدى. «ھەي بۇ ئاغىنىلەرنى، شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆيىگە بارىدىغىنىمنى بىلىپ تۇرۇپ، قىلىۋاتقان قىلىقىنى، ياق مەن ئۇنى بۈگۈن ئىچمەسلىكىم كېرەك».

ئابلاجان دەسلەپتىلا رومكىنى قولىغا ئالماي كاجلىق قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇ كاجلىق قىلغانسېرى دوستلىرى ئۇششۇقلۇق قىلدى... ۋاقىت بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئەزىزەنىڭ يېنىغا ئەتىگەنرەك بارمىسا بولمايتتى. ئاخىر ئۇ دوستلىرىدىن بۇرۇنراق قۇتۇلۇش ئۈچۈن، لىپمۇلىق توشتۇرۇلغان رومكىنى قولىغا ئالدى. ئەخمەتجان ماسلىشىپ، رومكىنى ئارقا - ئارقىدىن ماڭدۇرۇپ تۇردى. ئابلاجان قىزىۋالسىلا ئۆزىنى تۇتالماي «ھاراق ئىچمەن» دەپ تۇراتتى. ئۇ ناھايىتى تېزلا ئەزىزەنىڭ يېنىغا بارىدىغانلىقىنى ئۇنتۇدى. ئارىلىقتا ئىككى سائەت ئۆتمەيلا، ئىككى بوتۇلكا «ئىلى دەرياسى» ئېغىز كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ بولدى. ئەخمەتجان بىلەن ئەلى ئالدىن قورسىقىنى تويدۇرۇۋالغانلىقتىن ھېچنېمە بولمىدى. ئابلاجان ئاچ قورساق ھاراق ئىچىۋەرگەنلىكتىن، بارا - بارا خۇدىنى يوقىتىشقا باشلىدى. دوستلارنىڭ كۈتكىنى بويىچە ئۇ مەست بولۇپ، خۇدىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويسىمۇ بولمايتتى. شۇڭا، ئۇنى قويۇۋەتمەكچى بولۇپ كوچىغا چىقىشتى. شۇ تاپتا كوچا چىراغلىرى يولنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئابلاجان ساپ

ئۇنىڭ ھالى چوڭلاپ دوستلىرىنى كۆزگە ئىلماي كېتىۋاتاتتى. ئىككىلەن كۆز ئىشارىتى بىلەن كېلىشىۋېلىپ، ئابلاجانغا ئەگەشتى، ئەخمەتجان ئىتتىكرەك مېڭىپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى ۋە خۇشامەتگويلۇق قىلىۋاتقان قىياپەتتە:

— ئابلاجان ئاداش، يېنىڭدا چاپارمەنلىرىڭ تۇرسا بىزنى خىزمەتكە سالايمۇ دېمەيسەنغۇ؟ ئەكەل سوۋغا - سالاملىرىڭنى بىز كۆتۈرۈشۈپ بېرەيلى. ئەلى كەلمەمسەن،— ئىككىلەن ئابلاجاننىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، ئۇنىڭ قولىدىكى خالتىلارنى بۆلۈشۈپ ئېلىۋالدى،— مانا بۇ ياراشتى. ئابلاجان ئاداش، سەن سالاپەت بىلەن ئالدىمىزدا ماڭىسەن، كىشىلەر سېنى ئەمەلدار ياكى خوجايىن دەيدۇ، بىز كەينىڭدە نەرسە - كېرەكلىرىڭنى كۆتۈرۈپ ماڭساق، بۇلار چاكىرىكەن دەيدۇ، بۇ نېمىدېگەن چوڭ ئابروي-ھە. مۇشۇنداق ئىش چىقىپ قالسا بىزگە ھايت دېۋەتكىن، بىز ھەرگىز سېنىڭ مالىيىڭ بولىمىز دەپ نومۇس قىلمايمىز.

ئەلى كۈچۈكلەنگەندەك كۈلۈپ، ئابلاجانغا چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ قويدى. ئابلاجان دوستىنىڭ مەسخىرىسىنى چۈشەنمەي، كاستومىنىڭ تۈپىسىنى قېقىۋېتىپ، تېخىمۇ گىدىيىپ ئىككى يېنىغا قاراپ قويدى.

— شۇنداق، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن. بۇ قېتىم تويۇمدا سىلەر مېنىڭ قولداشلىرىم بولىسىلەر.

— توي قىلغىلىۋاتامسەن ئاداش، سېنى تەبرىكلىسەك بولغۇدەك ھا، ھا، ھا...

— تەبرىكلەيمىز، ھازىرلا تەبرىكلەيلى.

ئۇ ئىككىلەن ئابلاجاننىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ، ئىختىيارىغىمۇ قويماي، ياندىكى ئاشپۇزۇلغا سۆرەپ ئەكىرىپ بۇلۇڭدىكى ئۈستەلگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇ دوستلىرىنىڭ مۇنداق قىلىشىنى ئويلىمىغان ئىدى. ئەمدى ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن

ئىچۇرۇۋەتمىگەن بولسا، مەن بالدۇرلا كەلمەسمىدىم. بىز كېلىشىپ قويغان، ئەزىزە مېنى ھويلىدا ساقلاپ بولالماي ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ...» ئۇ ئىشىكنى يەنە ئۇردى.

— ئەزىزە، جېنىم ئەزىزە، مەن كەلدىم، ئىشىكنى...

ھويلىدىن بىرىنىڭ كىچىك چامداپ كېلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئابلاجان قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىنمۇ ھاراق تۇتۇۋالغانلىقىنى، بېشىنىڭ قېيىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنى دەگسەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە ئۆزىنى ئىشىككە چاپلاپ تۇرۇۋالدى. «ئەزىزە كېلىۋاتىدۇ، ئۇ جىمجىت كېلىپلا ئىشىكنى ئاچىدۇ- دە، مەن ئۇنى...» ئابلاجاننىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى جىمىرلاپ، چىرايىغا شادلىق كۈلكىسى يامىرىدى. ئىشىك تۇيۇقسىز تولۇق ئېچىلىپ، ئابلاجاننىڭ ئالدىدا بىر گەۋدە تۇراتتى، ئۇنىڭ چىراي - تۇرقى تۇماندا قالغاندەك غۇۋا كۆرۈندى. ئابلاجان ئۇنى شەك - شۈبھىسىز ئەزىزە دەپ بىلدى.

— ئاخىرى ئىشىكنى ئاچتىڭىز ئامرىقىم، مەن سىزنى ئۆلگۈدەك سېغىندىم،— ئابلاجان ئىككى قولىدا كۆتۈرۈۋالغان سوۋغا - سالاملارنى تاشلىۋېتىپلا، ئالدىدىكى گەۋدىنى چىڭ قۇچاقلاشقا ئالدىرىدى. بۇ گەۋدە ئابلاجاننى تەپمەكچى بولدى، ئابلاجان ئۇنى ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا نىقتىدى.

— ئاپا، كىم كەلدى؟

ئابلاجان ئەزىزەنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، تېنى شۈركىنىپ كەتتى ۋە قوللىرىنى تارتتى. ھېلىقى گەۋدە ئۆزىنى تۇتۇپ:

— ھېچكىم كەلمەپتۇ قىزىم، ئۆيگە كىرىپ كەت،— دەپلا ئابلاجاننى ئىتتىرىپ، ئۆزىمۇ بىللە سىرتقا چىقىپ ئىشىكنى ئېتىۋالدى- دە، ئۇنىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق سالدى.

— ھەي يۈزى قېلىن، نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟

— بىلمەپتىمەن قېينانا... كەچۈرسىلە...— ئابلاجان شاپىلاق-

ھاۋاغا چىقىپ تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى، دوستلىرىدىن تولىمۇ رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ، ئەزىزەگە ئالغان سوۋغا - سالاملىرىنى قولتۇقلاپ يۈرۈپ كەتتى.

— ئابلاجان ئاداش، ئۆزۈڭنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىڭنى ئۇنتۇپ قالمىغىن، يېڭىلىپ ھاۋاخاننىڭ يېنىغا بېرىپ سالما - ھە،— دېدى ئەخمەتجان كوچىدىلا ۋارقىراپ.

— ياق، ھەرگىز يولۇمدىن ئازمايمەن، مانا مۇشۇ يول بىلەن ئەزىزەنىڭ يېنىغا بارغىلى بولىدۇ، شۇنداق مۇشۇ يول،— ئۇ ئارقىدا دوستلىرىنى كېلىۋاتىدۇ دەپ ئويلايتتى، تۇيۇقسىز يولدا ئىرغاڭلاپ دەسسەپ كېلىۋاتاتتى.

ئابلاجان راستتىنلا يولىدىن ئازمىدى. ئۇ چوڭ كوچىدىن قاراڭغۇلۇقتا چۆمگەن خالتا كوچىغا ئۆتۈپ، شىمالغا ئايلىنىپ يەنە چوڭ كوچىغا چىقتى. ئۇ يىراقتىنلا شەھەر باشلىقىنىڭ ھويلا دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقىنىنى ھېس قىلدى. ئۇ ھاياجاندا كەينىگە قارىۋىدى، قاراڭغۇلۇقتا ھېچنېمە كۆرۈنمىدى، «سىلەر ئۆزۈڭلارنى بىلىپسىلەردە دوستلىرىم، كەتكىنىڭلار ئوبدان بوپتۇ» دېدى ئۆزىگە گەپ قىلىپ. ئابلاجاننى ھاراق تازا تۇتۇۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرى خىرەلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىكى ئىسسىق قان تەپچىپ، چىرايىنى كۆلكە قاپلىغان ئىدى. ئۇ ئەس - يادىنى ئەزىزەنىڭ يېنىغا تېزرەك يېتىپ بېرىپ، مۇھەببەت تەشنالىقىغا قېنىۋېلىشقىلا بېرىۋەتكەنلىكتىن، تەقەززالىق ئىچىدە سوكۇلداپ مېڭىپ چوڭ دەرۋازىدىن كىرىپ، شەھەر باشلىقىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدى ۋە تاقەتسىزلىك بىلەن ئىشكنى ئارقا - ئارقىدىن ئۇردى.

ئۇنىڭ ئىشىك ئۇرۇشى ئەزىزە بىلەن كېلىشىۋالغان مۇقامدا ئىدى. ئابلاجان قولىقىنى ئىشىككە تۇتۇپ تىڭشىدى، تىۋىش ئاڭلانمىدى، «ۋوي ئاناڭنى، ئەخمەتجانلار تۇتۇۋېلىپ ھاراق

بۇرۇنلا ئەزىزە ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ تەشنالىق بىلەن چوكۇلدىتىپ سۆيگەن، يۈزىنى، بېشىنى سىيلىغان، شېرىن سۆزلەرنى قىلىپ ئاغزىدىن شەربەت تامدۇرغان ئىدى. ئابلاجان ئاشۇ مىنۇتلارنى سېغىنىپ، لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئېتىلىپ باردى-دە، ئىشىكنى ئەسەبىيلەرچە ئۇردى. لېكىن، ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمىدى، «بۇ ئىشىك ماڭا مەڭگۈلۈك ئېتىلگەنمىدۇ؟» ئابلاجاننىڭ مېڭىسىگە مۇشۇنداق خىيال كېلىپ، ئىشىكنىڭ ئالدىدىلا ئولتۇردى. «ياق، نەزىمە ئەلچى تېز كەلسۇن دېدىغۇ. ھەي، ئۇ ماڭا قىزىنى بەرمەيمەن دېمىدىغۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنى ئىشىكنىڭ يېنىغا نىقتاپ...» ئۇ خىجىل بولۇۋاتقاندەك بېشىنى چايقىدى، «بولدىلا، ئۇمۇ مېنى بىر شاپىلاق ئۇرۇۋالدىغۇ».

4

نەزىمە تاشقارقى ئىشىكنى تاقاپ، ئابلاجاننىڭ ئەزىزەگە ئاتاپ ئەكەلگەن سوۋغا ـ سالاملىرىنى ھويلىدىن تېرىپ، قۇچاقلاپ كۆتۈرگەنچە ئۆيگە كىردى.

— ئاپا، نېمە بۇ؟ ئەكەل، مەن كۆتۈرۈشۈپ بېرەي.

— ياق، سەن يېقىن كەلمە، ئۆزۈم كۆتۈرىمەن. مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋەت،— ئەزىزە ئىتتىك كەينىگە يېنىپ مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى ئۇلۇغ ئېچىپ قاراپ تۇردى. نەزىمە بولاقتىكى سوۋغا ـ سالاملارنى ساپانىڭ ئۈستىگە قويۇپ، يېنىغا قاراپلا قىزىنىڭ ئىشىك تۈۋىدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ،— نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، ماڭ ھۇجراڭغا كىرىپ يات،— دېدى.

ئەزىزە ئابلاجاننىڭ بۈگۈن كەچتە كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ ئەكەلگەن سوۋغىتىمىكىن دەپ گۇمان قىلىپ قالدى-

ـنىڭ ئاغرىقىنى سەزمىگەن ئىدى. مەستچىلىكتە كىشى ئىزا ـ ئاھانەتنىمۇ بىلمىسە كېرەك. ئۇ سەنتۇرۇلۇپ كېلىپ، ئولتۇرۇپ قالدى،— قېينانا، مەن تۇرالمايۋاتىمەن، مېنى يۆلەپ ئۆيگە ئەكىرسىلە. ئەزىزە مېنى ساقلاپ تۇرىدۇ، مەن ئۇنىڭغا سوۋغا ئېلىپ كەلگەن. ھە راست، مېنىڭ سوۋغىلىرىم قېنى؟

— سېنى يۆلەپ قويىدىغان چاكىرىڭ يوق، ئۆزۈڭ تۇر. مۇشۇ ئەپتىڭ بىلەن ئۆيگە كىرىمەن دەپ خام خىيال قىلما. ئېيتە، سېنىڭ ئەلچىڭ شۇ ۋاقىتقىچە نېمىشقا كەلمەيدۇ؟— نەزىمە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، پەس ئاۋازدا سورىدى.

— ئۇ گايىتنى قويسىلا،— دەپ ئابلاجان ھېچبىر ئىش يۈز بەرمىگەندەك سۆزىنى داۋام قىلدى،— ئۇ ماڭا ئەلچى بولۇشقا ئۇنىمىدى، مەن باشقىسىنى تاپاي.

— بولمايدۇ، سىلەرگە پەقەت گايىتلا ئەلچى بولۇشى لازىم. ئۇ ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالالايدۇ. گايىت ماڭا ۋەدە بەرگەن. ئۇنى قايتا ئىزدىگىن. سەن ئەلچى كىرگۈزمىسەڭ، ئۆزۈڭمۇ بۇ مەھەللىگە كېلىمەن دەپ خام خىيال قىلما،— نەزىمە ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ ھويلىسىغا كىرىپ ئىشىكنى ئېتىۋالدى.

— توختىسىلا قېينانا،— دېدى مەستلىكتىن خېلى يېشىلـ ـگەن ئابلاجان ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ،— ئىشىكنى ئەتمىسىلە...

ئابلاجاننىڭ قىزىغان مېڭىسى زىڭىلداپ، پوتكول ئەزايى بوشىشىپ ئورنىدىن تۇرالماي قالدى. ئۇ ئاغرىۋاتقان بېشىنى ئىككى قولى بىلەن چاڭگاللاپ، ھوشىنى يىغماقچى بولدى. ھەر ۋاقىت ئۆيگە چىللاپ تۇرىدىغان نەزىمە بۈگۈن قىزىنىڭ سايىسىنى كۆرسەتمەي، ئۆيگىمۇ كىرگۈزمىگەنلىكىدىن كۆڭلى پەرىشان بولغان ئابلاجاننىڭ كۆزىگە ئەزىزەنىڭ سىيماسى مۇئەللەقتە پەرۋاز قىلىۋاتقان پەرىزاتتەك كۆرۈندى. ئۇ تاتلىق ئەسلىمىلەرگە غەرق بولۇپ بىردىنلا جىمىپ قالدى. ئىككى كۈن

چارىلەرنى قىلىپمۇ ئەزىزەنىڭ قورسىقىدىكى تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋېتەلمىگەن ئىدى. قىزنىڭ قورسىقى تېخىمۇ تومپىيىپ چىقىۋاتاتتى. دوختۇر ئامال قىلسىغۇ ئاسانلا بىر تەرەپ قىلىۋەتكەن بولاتتى، لېكىن دوختۇرخانىنىڭ تۇغۇت بۆلۈمىدە هاۋاخاننىڭ ئاچىسى پاتىگۈل باش ۋراچ ئىدى، نەزىمە ئۇنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. باشقا دوختۇر، سېستىرالاردىن بىرەرسى «شەھەر باشلىقىنىڭ قىزىنىڭ قورسىقىدا قاپتىكەن، بىزنىڭ بۆلۈمدە ئالدۇرۇۋەتتى» دەپ سالسا، شەھەرگە تارقىلىپ كېتىدۇ-دە، خالىقىنىڭ يۈزىگە سەت، ئابرۇي قوغلىشىدىغان نەزىمەگىمۇ ئۇيات بولاتتى. ئۇنى تولىمۇ خۇش قىلىدىغىنى، قىزىنىڭ قورسىقىدا قالغانلىقىنى ئابلاجان تېخى سەزمىگەن ئىدى. توي بولغۇچە قىزىنىڭ قورسىقىدىكىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، قىز تويى قىلغۇسى بار ئىدى. قارىغاندا، هازىر بۇنىڭغا ئامال يوقتەك قىلاتتى، شۇڭا نەزىمە بىر تەرەپتىن ئابلاجاننى قىزىغا خالىغانچە ئۇچراشتۇرماسلىق، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى قىستاپ تېزلىكتە ئەلچى كىرگۈزدۈرۈپ، هاپىلا-شاپىلا توينى قىلىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى. لېكىن، شەھەر كېزىپ كېپىنەكتەك ئۇچۇپ، خالىغاننى قىلىپ ئادەتلەنگەن مۇنۇ قىزى ئاپىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيتتى.

— سەن ئۇنى نېمىشقا كىرگۈزمەيسەن، ئۇ قولىدىن چىقىپ كەتسە، بۇ هارىمىم تۇغۇلسا، — دېدى ئەزىزە قورسىقىغا ئاچچىقى بىلەن مۇشتلاپ ئۇرۇپ، — مەن جالاپ خوتۇن بولۇپ قالمامدىم. مېنى قويۇۋەت، ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىپ كۆڭلىنى ئالىمەن.

نەزىمە ئەزەلدىن بالىلىرى سۆزىگە كىرمىسە رەھىم-شەپقەت قىلىپ، گوللاپ ئولتۇرمايتتى. ئەزىزە ھەددىدىن ئاشقان ۋاقىتتا، تالاي قېتىم ئاپىسىنىڭ شاپىلىقىنى يېگەن ئىدى. ئەزىزە «ئەمدى چوڭ بولدۇم، ئاپام كىچىك ۋاقتىمدىكىدەك ئۇرمايدۇ»

دە، ئاپىسىغا ئەركىلەپ يېلىندى.

— ئاپا، مەن كوندۇزى پوتون بىر كېچىنىڭ ئويقۇسىنى ئوخلاپ بولغان، ياتساممۇ ئويقۇم كەلمەيدۇ. بىكار ئولتۇرغاندىن كۆرە بولاقتىكى نەرسىلەرنى بىللە كۆرسەك...— دەپ ئاپىسىنىڭ قېشىغا قاراپ ماڭدى.

نەزىمە ئابلاجاننىڭ سوۋغا- سالام كۆتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى قىزىغا بىلىندۇرۇپ قويغۇسى يوق ئىدى، ئۇ گەپ ياسىمىسا بولمىدى. ئۆزىمۇ بولاقلارنى كۆرۈپ بېقىش نىيىتىدىن ياندى.

— بۇ خەقنىڭ نەرسىلىرى، سەن كۆرسەڭ بولمايدۇ. ماڭ كەينىڭگە يان، مەنمۇ كۆرمەيمەن،— نەزىمە قىزىنى كەينىگە ياندۇردى، ئىشىكنى ئېتىپ ئىككىلىسى مېھمانخانىدىن قايتىپ چىقتى. ئەزىزەنىڭ گۇمانى تېخىمۇ كۈچەيدى.

— مەن بىلىمەن، ئۇ نەرسىلەرنى ئابلاجان ئەكەلگەن، ماڭا بېرىشكە ئەكەلگەن. بايا مېنى ئۆيگە كىرگۈزۈۋېتىپ، ئۆزلە سىرتتا خېلى ئۇزاق ھايال بولدىلا، چوقۇم...

— ياق، باشقا بىرسى،— نەزىمە قىزىنىڭ سۆزىنى چورت كەستى، ئۇ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقتىن چىرايى شالپەردەك قىزىرىپ كەتتى،— سەن ئۇنى كۆرمەن دەپ خام خىيال قىلما.

دەل شۇ ۋاقىتتا تاشقارقى ئىشىكنىڭ قاتتىق ئۇرۇلغانلىقى، ئانا- بالا ئىككىيلەننىڭ قۇلىقىغا ئېنىق ئاڭلاندى، ئەزىزە جانلىنىپ كەتتى ۋە ئاپىسىغا قاراپمۇ قويماي سىرتقا قاراپ ماڭدى.

— توختا! — نەزىمە كەينىدىن ئېتىلىپ كېلىپ قىزىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى ۋە ئۇنىڭغا ئابلاجاننىڭ كەلگەنلىكىنى دېمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى،— ئىشىكنى ئاچمايسەن، بۇ يېرىم كېچىدە ئەۋلىيا كەلسىمۇ ئىشىكنى ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇ ئابلاجېنىڭ بايا كەلگەن، مەن ئۇنى ئۆيگە كىرگۈزمىدىم.

نەزىمە شۇ ۋاقىتقىچە ئەقلىگە كەلگەن ھەممە يەرلىك

تۇرۇۋالماي، ئۆيگە كىرگۈزسەم بوپتىكەن. ھەي، مەن قىزىمنىڭ قورسىقىدىكىنى ئۇ بىلىپ قالمىسۇن دەپ قاپتىمەنغۇ تاڭ. شۇنداق، ئۇ بىلىپ قالسا بولمايدۇ. ۋاي خۇدايىم، ئادەمنى نېمانداق قىينايدىغانسەن... ئابلاجاننىڭ ئۆزىنى كۆرسەتمەسلىكى ھەقىچان ئاشۇ كۈنى ئۇنى قىزىمنىڭ يېنىغا كىرگۈزمەسلىكىمدىن بولدى. ھە راست، مەن ئۇنىڭغا ‹ئەلچىڭ كەلمەي تۇرۇپ، بۇ ئۆيگە كىرمەن دەپ خام خىيال قىلما› دېگەن، مەن نېمانچە قاتتىقلىق قىلغان بولغىيتتىم».

نەزىمە ئۆزىنىڭ بىر ئاجىز ئاياللىقىنى، ئېرى ئۇزاققىچە يېنىدا بولماي تولىمۇ غېرىبسىنىپ كەتكەنلىكىنى تۈنجى قېتىم ھېس قىلىپ، كۆڭلى يېرىم بولدى ۋە ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى. ئەزىزە ھۇجرىسىدا ئولتۇرۇپ، ئاپىسىنىڭ نېرىقى ئۆيدە ئۆپكىدەپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇمۇ دەسلەپ ئاپىسىغا باغرى قاتتىقلىق قىلىپ ھۇجرىسىدىن چىقمىدى، ئۇنىڭغا قېيىدىدى، «سەن بۇ نەچچە كۈندىن بۇيان ئابلاجاننىڭ ئەلچىسى ياكى ئۆزىنىڭ كەلمەيۋاتقانلىقىغا تىت - تىت بولۇپ يىغلاۋاتىسەن، كىم سېنى ئابلاجانغا شۇنداق قوپاللىق قىلسۇن دەپتۇ. سەن دائىم قورسىقىمدا بارلىقىنى ئابلاجان بىلىپ قالمىسۇن دەپ ئەندىشە قىلىسەن. توغرا، ئېھتىيات قىلىش كېرەك. لېكىن، چىرايلىق قىز - ئاياللار ناز قىلىپ بەرسىلا، ئەر دېگەن نەرسە خۇدىنى يوقىتىپ، كۆزى كۆرمەس، قۇلىقى ئاڭلىماس، بۇرنى سەزمەس بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانسەن. سەنمۇ ياشلىقىڭدا ئاشۇ ھۆسنىڭ، كەرەشمىلىك نازلىرىڭ بىلەن ئاتامنى ئىندەككە كەلتۈرگەنكەنسەنغۇ. گۈزەللىك دېگەن چىرايلىق تەن، تەن دېگەن لىغىرلاپ تۇرغان گۆش ۋە ماي. ئۇ ئەرنىڭ بەدىنىگە تېگىپ راھەت بېغىشلىسىلا، ئۇنىڭ روھى ئەرشئەلاغا چىقىدۇ. مۇنداق ۋاقىتتا، ئۇنىڭ مېڭىسىدە

دەپ ئويلاپ قالدى بولغاي، نەزىمە قىزىنىڭ چېچىدىن قامالاپ تۇتۇپ ئاغزىغا كەلگەننى تىللاپ، بەدىنىنى چىمدىپ چىرقىرىتىۋەتتى. ئۇنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ تېپىپ ئۇرۇپ، ئۇسۇتكەن پېتى ھۇجرىسىغا كىرگۈزۈۋەتتى. نەزىمەنىڭ مۇنداق رەھىمسىزلىكىدىن قىزىنىڭ قورسىقىدىكى تۆرەلمىنى ئىلاج قىلىپ چۈشۈرۈۋېتىش قەتئىيلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى.

مۇشۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئائىلە 4—5 كۈنگىچە جىمجىتلىققا چۆمۈلدى. ئەزىزە ئاپىسىدىن قورقۇپ تالا - تۈزگە چىقمىدى. ئاپىسى قانداق تاماق ئېتىپ ئەكىرىپ بەرسە شۇنى يەپ، ھۇجرىسىدا جىمجىت يېتىۋالدى، زېرىكسە ئۇنئالغۇنى ئېچىپ ناخشا ئاڭلىدى ياكى تېلېۋىزور كۆردى، نەزىمە ئىشقا بېرىپ كېلىپ يۈردى. ئۇنىڭ ئىشقا بېرىشىدىكى مەقسىتىمۇ ئابلاجاننى كونترول قىلىش، ئۇنى قاتتىق ئەيىبلەپ، ئۆز پىلانى بويىچە قىزى بىلەن ئىككىسىنىڭ توينى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىدى. لېكىن، بۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئىدارىدىمۇ - كوچىدىمۇ نەزىمە ئابلاجاننىڭ قارىسىنى كۆرمىدى، ئۇنىڭ ئىدارىسىدىن سۈرۈشتە قىلىپمۇ دېرىكىنى ئالالمىدى. «ئىدارىدىكىلەر مېنى كولدۇرلىتىپ، ئابلاجاننىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى دەپ بەرمەيۋاتامدۇ يا».

نەزىمە بۇنى ئويلاپ يەتكەندە، پۈتكۈل ۋۇجۇدى شۈركىنىپ، يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان رەسۋاچىلىقنى — ئابلاجاننىڭ قىزىنى تاشلىۋېتىشى بىلەن قىزىنىڭ ئەرسىز تۇغۇپ قويۇش ئېھتىماللىقىنى ھېس قىلىپ، بىئارام بولدى. «ئۇ كۈنى ئابلاجان ئەدەپ - قائىدە بىلەن سوۋغا - سالام ئېلىپ ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىغا كەلسە، ئۇنى ئۆيگە نېمىشقا كىرگۈزمىگەندىمەن، ئابلاجاننىڭ قىزىمنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، نېمىشقا ئىشىكنى مەن ئاچقاندىمەن. ئۇ قىزىمغا بولغان مۇھەببىتى بىلەن مېنى ئىشىككە نىقتىغاننى ئېغىر ئالماي، ئەلچىلىك كەلمىدى دەپمۇ

خالىق يەنە، ئىككى ئايدىن كېيىن بېيجىڭ ئالىي پارتىيە مەكتىپىدىكى ئوقۇشىنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلەتتى. نەزىمە قىزىنىڭ قورسىقىدىكىنى چۈشۈرۈۋېتەلىگەن بولسا، خالىق كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار توينى داغدۇغىلىق قىلماقچى ئىدى. تۆرەلمە چۈشمىگەندىن كېيىن، نەزىمە پىلاننى ئۆزگەرتتى.

— ئۇ ۋاقىتتا ئابلاجان بىلىپ قالسىچۇ؟

— ئۇ بىرگە كۆيئوغۇل بولۇپ نىكاھ ئوقۇپ بولغاندىن كېيىنكى ئىشلار ئاسان قىزىم. ئابلاجانمۇ خىزمەت قىلغىلى 5 — 6 يىل بولۇپ قالدى، يۇقىرىدىن كادىرلارنى ياشلاشتۇرىمىز دەۋاتامدۇ. ئاتاڭ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بىر ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى ئېلىپ بەرسە، بېشى ئاسمانغا تاقىشىپ، ئاغزىمۇ تۇۋاقلىنىدۇ. مۇشۇ كۈندە قايسىبىر ياش ئۆسۈشكە ئىنتىلمەيدۇ،— نەزىمە چىراينى ئېچىپ كۈلدى.

— جېنىم ئاپا،— ئەزىزە خۇش بولۇپ، ئاپىسىنى قۇچاقلاپ بېشىنى كۆكرىكىگە قويدى،— ئوبدان ئاپا، مەنمۇ بىلمەن، ئۆزلە كېچە - كۈندۈز مېنىڭ غېمىمدىلا يۈرىدىلا. ئابلاجان ئۆسسە ماڭمۇ بولىدۇ، ئەمدى ياخشى بولدى. بۇرۇنلا مۇشۇ ئەقىلنى كۆرسەتسىلە بولماسمىدى ئاپا، قورسىقىمدىكى بالام تولىمۇ ئازاب چېكىپ كەتتى،— ئۇ ئاپىسىغا ئەركىلەپ كۈلدى.

— ھەي بىزەڭ،— نەزىمە قىزىنىڭ پېشانىسىگە نوقۇپ قويۇپ،— ئاپاڭنىڭ ئالدىدا مۇشۇ سۆزنى قىلىشقا خىجىل بولماسسەن، ساڭا يۈز كېرەك بولمىغان بىلەن ئاتاڭغا يۈز كېرەك، ماڭا يۈز كېرەك. بالىنى چۈشۈرۈۋېتەلمىگەنلىكتىنلا سېنى ئابلاجانغا چېتىپ قويۇش زۆرۈر بولۇپ قالدى. بۇمۇ ياخشى بولدى،— ئۇ «مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق توختىمەتكىمۇ ئۆزۈمنى تونۇتۇپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى يەنە بىر قېتىم تۇۋاقلايدىغان بولدۇم» دېمەكچى ئىدى، لېكىن ئەركە - ناياق قىزىنىڭ ئۇنى-

گۇمان نېمە قىلسۇن. مەن ئابلاجان بىلەن ئۇچرىشىپ سىناپ باققان تۇرسام، سەن نېمانچە ئەندىشە قىلاتتىڭ. خوپ بولدى، سەن ماڭا ئىشەنمىگەندىكىن، يىغلاپ كۆزلىرىڭدىكى ياشلار قۇرۇپ كەتسۇن».

ئەزىزە مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئاپىسىنى مەسخىرە قىلغاندەك، ئۈنئالغۇنى كۈچەيتىپ قويدى. بىردىنلا ئەزىزەنىڭ خىيالىغا «ياق، ئاپامۇ مېنىڭ ئۈچۈن قايغۇرۇپ ئەلەم تارتىۋاتىدىغۇ، راستىنلا ئابلاجانغا باشقىلار ئەقىل ئۆگىتىپ مېنىڭدىن قاچۇرۇپ قويغاندىمۇيا» دېگەن پىكىر كەلگەندە، ئۇ ھۇجرىسىدا خاتىرجەم ياتالماي قالدى-دە، سايما كەشىنى كىيىپ، بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ ئاپىسىنىڭ قېشىغا كىردى. ئانا-بالا ئىككىيلەن گەپ-سۆزسىزلا كارىۋاتتا قۇچاقلىشىپ بىرھازاغىچە يىغلاشتى. بۇ گۇگۇم ۋاقتى ئىدى. ئۇشتۇمتۇت نەزىمە زاۋال ۋاقتىدا كۆز يېشى قىلسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى بولغاي، يىغىدىن توختاپ بېشىنى كۆتۈردى، ياغلىق بىلەن يۈز-كۆزلىرىنى ئېرتىۋېتىپ:

— قىزىم، ئابلاجان قورسىقىڭدا بارلىقىنى تېخىچە بىلەلمىدى، شۇنداققۇ؟— دەپ سورىدى.

— بىلمەسلىكىغۇ بىلەلمىدى، لېكىن ئۆزلە ئۇنى قاچۇرۇۋەتكەن تۇرسىلا،— دەپ باتىنىدى ئەزىزە ئۆكسۈپ تۇرۇپ.

— بولدى، يىغلىما قىزىم، كۆز يېشىغا يۆلىنىپ بىر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولمايدۇ، يەنىلا ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتمىساق بولمىغۇدەك. ئابلاجان ھاۋا بىلەن ئاجرىشىپ بولغان، ئاتا-ئانىسىنىڭ گېپىگىمۇ كىرمەي يۈرىدۇ، ئۇ بىزدىن قېچىپ نەگە بارالايتتى؟ ئاتاڭنىڭ ئورنى، ئابرۇيى بىزگە مەدەت بېرىدۇ قىزىم. مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا تويىنى قىلىپ تۈگىتىۋېتەيلى، ئاتاڭ قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن تۈگىتىۋېتەيلى، قانداق دەيسەن؟— دېدى نەزىمە قىزىغا سوئال نەزىرىدە قاراپ.

سولىشىشتىن بۇرۇن ئۆز گۈزەللىكى ئارقىلىق بەختىنى تېپىشى كېرەك. ئاتا - ئاناڭ ساڭا تەخت ياسايدۇ، بەخت ياسىمايدۇ، ئۇنى ئۆزۈڭ قولىغا كەلتۈرۈشۈڭ كېرەك. بىلدىڭمۇ قىزىم؟— دېدى.

— بىلدىم ئاپا، ئۆزلەمۇ مېنى دەپ جاپا چەكتىلە، جۇدەپ قالدىلا، ئاتام كەلسە ئۆزلەنى تونۇيالماي قالمىسۇن يەنە.

— ئاتاڭ مېنى تونۇماي نەگە باراتتى. مەنغۇ ياشلىق گۈزەللىكىمنىڭ ھۆزۈرىنى قانغۇچە سۈردۈم، كېيىنكى ئۆمرۈمدە سېنى بەختلىك قىلالىساملا، مۇراد - مەقسىتىم ھاسىل بولىدۇ.

ئانا - بالا مۇڭداشقىنىچە ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ، ئاددىيلا تاماقلاندى. نەزىمە ئالدىراپ - تېنەپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈۋېلىپلا تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ پىكاپنى چاقىرتتى ۋە قىزىغا ھېچ يەرگە چىقماي تېلېۋىزور كۆرۈشنى تاپىلاپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.



بۇنى سوراپ تۇرۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بوغۇزىغىلا كېپقالغان
گېپىنى يۇتۇۋالدى ۋە سۆز تېمىسىنى يۆتكەپ،— تۇرە قىزىم ئورنىڭ-
دىن. جاھاننى قاراڭغۇلۇق بېسىۋاتىدۇ، ئاشخانىغا چىقىپ غاچ-
غۇچلا بىرنېمە ئېتىپ يېۋېلىپ ھەرىكەت قىلىشىمىز لازىم. ئالدىن-
قى كۈنى توي خېتى بېرىدىغانلارغا ئىككىڭلارنىڭ بىللە چۈشكەن
سۈرىتىڭلارنى بېرىپ قويغان. مەن توي خېتىنى ئەكېلىۋالغاچ،
گايىت ئۇستامنى ئىزدەپ ئەلچىلىككە يەنە قىستاپ باقاي. مەن
ئۇنى گېپىمگە كىرگۈزەلمەيدىغانلىقىمغا ئىشەنمەيمەن.

نەزىمەنىڭ غۇژژىدىلا ئاچچىقى تۇتۇپ، قان تومۇرلىرى
كۆپۈپ چىقتى، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئەزىزە ئاپىسىنىڭ
چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەن-
لىكىنى سەزدى ۋە كارىۋاتتىن چۈشۈپ، تامنىڭ يېنىغا بېرىپ
چىراغنى ياندۇرۇۋەتتى، ئۆي يورۇپ كەتتى. بۇ بىرنەچچە كۈندىن
بۇيان ئانا - بالا بىر - بىرىگە قېيداپ، بىر - بىرىنىڭ چىرايىغى-
مۇ سەپسېلىشمىغان ئىدى. ئۇلار چىراغ يورۇقىدا بىر - بىرىنىڭ
چىرايىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ چاچلىرى پاخپاي-
غان، نۇرلىنىپ تۇرىدىغان سۈزۈك چىرايى سولاشقان، كۆزلىرى
ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، قىياپىتىدىن ھارغىنلىق ۋە مۇڭ يېغىپ
تۇراتتى. ئانا - بالا ئىككىسى گەپ - سۆزسىزلا «مېنىڭ چىرايىم
قانداق بولۇپ كەتكەندۇ؟» دەپ، تامدىكى چوڭ ئەينەككە تەڭلا
قاراشتى-دە، كۆڭلى يېرىم بولدى. نەزىمە ئۆزىنىڭ چۈشكۈن،
غېرىبسىنغان كەيپىياتىنى قىزىغا سەزدۈرۈپ قويۇشنى خالىمىدى
بولغاي، قىزىغا تولىمۇ كۆيۈنگەن ئاھاڭدا:

— قىزىم، كۆڭلۈڭگە ئازار بەردىم، سېنى جاپا چەكتۈرۈپ
قويدۇم، ئاپاڭدىن رەنجىپ يۈرمىگىن-ھە. بۇ مۇشكۈلاتلارمۇ تېز
ئاخىرلىشىدۇ، ھەرگىز ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتمە. قىز بالا دېگەن
پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان قىزىلگۈل، لېكىن گۈلمۇ سولىشىدۇ، ئۇ

تونۇغۇسىز، ھەممىلا يېرى توپىغا مىلەنگەن، قاپاقلىرى ئىششىق، چاچلىرى پاخپايغان، كۆزلىرى قىزارغان، چىرايىدىن ئۇيقۇسىغا قانمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. گايىت ئۇستام ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتقان بولسىمۇ، كۆرۈنۈشتە چىرايىنى ئاچمىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم گايىت ئاكا، سىزنى سېغىنىپ، كۆرۈشۈشكە ئالدىراپ ئەتىگەندىلا كەلدىم، ئۇبدان تۇرۇۋاتقانسىز.

گايىت ئۇستامنىڭ ئاغزى قاتتىق، قوپال بولغىنى بىلەن كۆڭلى يۇمشاق ئىدى. ئابلاجاننىڭ بۇ سۆزى ئۇنىڭ سەت چىرايىنى ئېچىۋەتتى.

— ئۇكام، ماڭالامسەن؟ مەن سېنى يولىۋالاي، يۇرە ئۆيگە كىرەيلى،— گايىت ئۇستام ئۇنىڭ كىيىمىدىكى توپىنى قېقىپ، بىلىكىدىن يۆلەپ ئۆيگە ئەكىردى. ئابلاجاننىڭ نەپىسىدىن ھاراقنىڭ يىرگىنچلىك پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. گايىت ئۇستام سەسكىنىپ تۇرسىمۇ، ئۇنى كاڭنىڭ بۇرجىكىدە ئولتۇرغۇزۇپ ئالدىغا ئىسسىق سۇ، لۆڭگە كەلتۈردى. ئابلاجان ئىنجىقلاپ ئولتۇرۇپ يۈزىنى يۇدى. گايىت ئۇستام ئۇنى كاڭغا چىقىرىپ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، بىرلىكتە ناشتا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئابلاجاننىڭ چىرايىغا قاراپ يۇگۇرۇپ كەپىياتى جانلاندى،— ئابلاجان گېپىڭ بولسا دېگىن، ئاندىن ئاتاڭنى يوقلىغىلى بارىمىز.

ئابلاجان ئاتىسىنىڭ دوختۇرخانىدا نېمە ئۈچۈن يېتىپ قالغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇمۇ كۈن ئارىلاپ ئاتىسىنى يوقلاپ تۇردى. ھەر قېتىم كۆرگىلى كىرگىنىدە، تونۇش دوختۇر، سېستىرالار بىلەن بىللە كىرىپ، ئەھۋال سورىغان بولۇپ، ياتاقتىن چىقىۋالاتتى. ئاتىسىغىمۇ، ئاتىسىغىمۇ تۇتۇق بەرمەيتتى، بۇگۈن گايىت ئۇستام تۇتۇۋالسا قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ بۈگۈن دوختۇرخانىغا بېرىش پىلانى يوق ئىدى، شۇڭا گەپنىڭ

# ئونىنچى باب

## 1

گايىت ئۇستام بامدات نامىزىدىن كىرىپ، ئېغىلدىكى قويلارغا بوغۇز بەردى، قوتاندىن چىقىپ تۇرۇشىغا بىرسى ئۇنىڭ ئىشىكىنى قاقتى، «قاغا پوق يېمەستە كىم مېنى ئىزدەپ كەلگەندۇ، ناشتا قىلىۋېلىپ دوختۇرخانىغا بېرىپ توختىمەتنى يوقلىغاچ، ئۇنىڭغا ھاۋاخانىنىڭ يېزىدىكى ئىشلىرىنى دەپ بېرىپ ئۇنى خۇش قىلىۋەتمەكچىدىم، ئىشىكنى قاققۇچى مېنى گەپكە تۇتۇپ ئولتۇرۇۋالمىغىيدى. بولدىلا، بىزنى ئورنىدىن تۇرماپتۇ دەپ كېتىپ قالسۇن». گايىت ئۇستام ئۆيگە كىرمەكچى بولۇپ ئىتتىك كېتىۋاتاتتى، ئۇشتۇمتۇت بىرسى قاشا تامدىن «گۆپپىدە» قىلىپ ھويلىنىڭ ئىچىگە سەكرەپ چۈشتى. گايىت ئۇستام چۆچۈپ كەينىگە قارىدى، ھويلا تېمىنىڭ يېنىدا بىرەيلەن «ۋايجان» لاپ ياتاتتى. گايىت ئۇستامنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، ئۇرۇۋېتىدىغان ئەلپازدا ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ۋۇي، ئابلاجانكەنسەنغۇ، زوۋانىڭ بولغاندىكىن مەن دېسەڭ بولماسمىدى،— گايىت ئۇستام ئاچچىقىدىن خېلىلا يانغان بولسىمۇ، ئۇنى ئاياپ قويمىدى،— پاھ، تۆت چى سوقمىدىن سەكرەپ پۇتۇڭ سۇنماپتۇ ـ دە، تۇرۇپ كەتتىڭغۇ.

ئابلاجان ھويلا تېمىدىن سەكرىگەندە، تاپىنى يەرگە قاتتىق چۈشۈپ ئاغرىپ كەتكەن، لېكىن ھېچ يېرى سۇنماپتۇ. ئۇ ئاغرىقنى چىداپ، ئورنىدىن تۇرۇپ تامغا يۆلىنىۋالدى. ئۇنىڭ ئۇستىۋېشى

مۇشۇنى دەڭ،— دېدى ئابلاجان چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ.
— ئابلاجان، سەن ئاتا - ئاناڭنىڭ كۆڭلىنى نېمىشقىمۇ چۈشەنمەيدىغانسەن. ئۇلار بارلىق مۇھەببىتى ۋە قان - تەرىنى سىڭدۇرۇپ، بېقىپ - تەربىيلەپ چوڭ قىلغان ئوغلىنىڭ بىر يامان خوتۇنغا كۆيئوغۇل بولۇپ، سەتچىلىكتە قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلەۋاتىدۇ. بىلەمسەن، نەزىمەنىڭ چىرايى پاكىز، چىرايلىق، گېپى تاتلىق بولغىنى بىلەن يۈرىكى قارا، ھازازۇل خوتۇن،— گايىت ئۇستام توختىمەت ھېكايە قىلىپ بەرگەن ئىشلارنى ئېچىپ دېمىگەن بولسىمۇ، نەزىمەنىڭ قەبىھ شەخسىيەتچى ئىكەنلىكىنى، ئۆز بەختى ئۈچۈن ھەرقانداق يامان ئىش قىلىشتىن يانمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن قاسىم ئەپەندىمدىن داۋاملىق ئۆچ ئېلىۋاتقانلىقىنى، خالىقنى قانداق قولغا كەلتۈرۈپ تەگكەنلىكىنى، ئۇنى شەھەر باشلىقى قىلىشتىكى سۈيىقەستىدىن تارتىپ، ئابلاجاننىڭ بىر ياخشى ئائىلىسىنى بۇزۇپ، ئۆزىگە ئوخشاش تەربىيلەپ يولدىن چىقارغان قىزى ئەزىزەنى ئۇنىڭغا تېڭىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ «ئەلچى» بولۇشقا ئۇنىماسلىقىدىكى سەۋەبلەرنى چۈشەندۈردى.
گايىت ئۇستام ئاتا ئورنىدا تۇرۇپ ئابلاجاننى ئويغىتىش، يامان يولدىن قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، شۇنچە كۆپ پاكىتلىق ئىشلارنى گۇۋاھ قىلىپ سۆزلەۋاتقىنىدا، ئابلاجان نەچچە قېتىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتمەكچى بولۇپ، چەكچەيدى، بەلكى ھېسسىيات يوقتەك كۆزىنى پارقىرىتىپ ئولتۇردى. گايىت ئۇستام بولسا، گەپلىرى تەسىر قىلسۇن - قىلمىسۇن، ئابلاجاننىڭ ئولتۇرۇپ بەرگىنىگىلا خۇش بولۇپ سۆزلەۋەردى:
— ئابلاجان، مېنىڭ سۆزلىرىم قۇلىقىڭغا ياقمىسىمۇ ئاڭلاپ قال، مەن تۇنۇگۇن ھاۋاخاننى يوقلاپ كەلدىم. ئۇ يېزىدا ناھايىتى ئوبدان تۇرۇۋېتىپتۇ، بەلكى يېزا ياشلىرىنى...

پوسكاللىسىنىلا ئېيتتى:
— گايىت ئاكا، مەن يەنە سىزنى ئاۋارە قىلىپ ئالدىڭىزغا كەلگىنىم يوق ئىدى. نەزىمە ئاچام «گايىت ئۇستامنى ئىزدە، ئۇ ماڭا ماقۇل بولغان، سىلەرنىڭ ئۆيگە ئۇ بولمىسا بولمايدۇ» دەيدۇ.
— شۇنداق، مەن نەزىمەگە ماقۇل بولغان، ھازىر مەن يېنىۋالدىم. سېنىڭ ئەزىزە بىلەن ھەرقانداق شەكىلدە توي قىلىشىڭغىمۇ يول قويمايمەن، ھاۋاخان بىلەن يارىشىۋال.
گايىت ئۇستام قەددىنى رۇسلاپ تولىمۇ كەسكىنلىك بىلەن دانە ـ دانە قىلىپ بۇيرۇق ئاھاڭدا سۆزلىدى، جىددىيلىشىپ چىرايىمۇ قىزىرىپ كەتتى. بۇ سۆز ئابلاجاننىڭ ئۇغىسىنى قايناتتى ـ دە، ئۇنىڭ كېكىردىكىدىن بوغىدىغاندەك دېۋەيلىدى.
— نېمە، نېمە؟ سىز نىكاھ قانۇنىنى بىلەمسىز، مۇنداق دەيدىغانغا نېمە ھەددىڭىز ـ ھە، ئېيتىڭە، زادى ئوتتۇرىدا ماڭامسىز ـ ماڭمامسىز؟ ماڭمايمەن دېسىڭىز مەن نەزىمە ئاچامغا...
بۇرۇن نەزىمەنىڭ ئىسمى چىقسىلا، گايىت ئۇستام «لەببەي» دەپ تۇراتتى، لېكىن ھازىر ئۇنىڭغا نەزىمە قورقۇنچلۇق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سېھرىي كۈچىدىن ئابلاجاننى قۇتقۇزۇۋېلىش، ئۇنى ئويغىتىش زۆرۈر ئىدى. گايىت ئۇستامۇ، ئابلاجانمۇ بىر ـ بىرىگە كۆزلىرىنى چەكچەيتىشىپ يۇرسە، بۇ نەزىمەگىلا پايدىلىق بولىدۇكى، ئابلاجاننى ئويغىتىش، قۇتقۇزۇۋېلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايتتى. گايىت ئۇستام بۇنى ئويلاپ يەتتى ۋە ئىتتىكلا چىرايىنى ئاچتى.
— ئابلاجان رەنجىمە، ئولتۇرغىن ئۇكام. نەزىمەڭنى قويۇپ تۇر، ئاۋۋال بىز چىرايلىقچە ئولتۇرۇپ مەسلىھەتلىشەيلى بولامدۇ؟— گايىت ئۇستام ئۇنى ئاران ئولتۇرغۇزۇۋالدى.
— ئولتۇرسام ـ ئولتۇردۇم، قېنى ئېيتىڭە، ئاتام ـ ئانام نېمە دەيدۇ، تويىنىڭ ئۇستىدە تۇرۇپ بېرىدىغان بولدىمۇ؟ سىز ئاۋۋال

ئابلاجان ئىشىكنى ئىچىۋېتىپ كەينىگە قايرىلدى.
— يەنە نىمە دەپ ۋالاقتەگكۇرلۇك قىلىشۋاتىسىز، كۆرۈۋاتىسىزغۇ بەش ئەزايىم ساق تۇرامدۇ. نېمە، ئۆزگىرىشكەن ئۇ، ئەزىزەنىڭ تېنىدىن ئىپار پۇرايدۇ، ئىپار! قېرىپ قېلىپمۇ ئىچىڭىز تارلىق قىلىشۋاتىدۇ- ھە، ھا، ھا، ھا...— ئۇ گايىت ئۇستامنى مەسخىرە قىلىپ كۈلگەن پېتى ھويلىغا چىقتى.
گايىت ئۇستامنىڭ جېنى چىقىپ كېتەي دېدى، «ھەي ئابلاجان،— دەپ ئويلايتتى ئۇ تىت - تىت بولۇپ،— سەن ھازىرغىچە ئەزىزەنىڭ بويىدا نامەلۇم ئەردىن بولغان ھارامنىڭ بارلىقىنى سەزمىگەن ئوخشايسەن. ھۇ كالۋا، سېنىڭ كۆزلىرىڭ، سەزگۇ ئەزالىرىڭ تورلىشىپ، ھېچ نېمىنى سەزمەس بولۇپ قاپتۇ. مۇشۇنداق دۆتلۈك قىلساڭ، نەزىمە قىزنىڭ قورسىقىدىكىنى چۇشۇرۇۋېتىپ، ساڭا قىز توي قىلىپ بېرىش تەلىپىنى قويىدۇ. ئەستاغپۇرۇللا، بۇ ئىشنى ساڭا ئوچۇق دېسەم بولارمۇ؟ ياق، بولمايدۇ». ئۇ ئابلاجاننىڭ كەينىدىن ھويلىغا چىقتى.
— ھەي لەقۋا، ئەزىزەنىڭ تاغاردەك كۆڭلەك كىيىۋېلىپ تالا- تۈزگە چىقالماي يۈرگىنىنى، قورسىقىنىڭ تومپىيىپ قالغىنىنىمۇ سەزمىدىڭما؟ خەقنىڭ ھارىمىنى بالام دېگۈچە، ئۆزۈڭ تاپقاننى بالا قىلساڭ بولماسمىدى!
— گەپ تاپالماي مۇشۇ بوھتاننى چىقاردىڭىزمۇ،— ئابلاجان چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى،— بىلىپ قويۇڭ، ئەزىزە شەھەر باشلىقىنىڭ قىزى، ئۇنىڭ تېنىگە تېگىشكە ھېچكىم جۈرئەت قىلغان ئەمەس. مانا مەن تېگىمەن، بۇ مېنىڭ بىگىسىم، بىلىپ قېلىڭ.
دەرۋەقە، ئابلاجان ئۆرپ - ئادەت كۈچىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ چىقالماي، بىئاراملىق، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغان ئىدى. ئالدىنقى كۈنى نەزىمە قىزنىڭ يېنىغا كىرگۈزمەي،

— مەنمۇ ئاڭلىدىم، ئاخشام ئەخمەتجانلار سۆزلەپ، مېنى ئىشمدىن قويدى. ھەي گايىت ئاكا، بۇ پەند ـ نەسىھەتلىرىڭىز ھازىر قۇلىقىمغا كىرمەيدۇ، ئاۋارە بولماڭ. سىز مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرمەيسىزغۇ؟

— توختىغىنا ئىنىم، سۆزۈم تۈگىمىدى. ھاۋاخاننىڭ يېزا ياشلىرىنى قانداق تەربىيىلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان بولساڭ، بوپتۇ، ئۇنى دېمەي. لېكىن، يەنە بىر ئايدىن كېيىن پەرزەنتلىك بولىدىغانلىقىڭنى ئاڭلىساڭغۇ خۇش بولارسەن،— دەپ، گايىت ئۇستام مۇشۇ خۇش خەۋەر بىلەن ئابلاجاننىڭ كۆڭلىنى ئېرىتمەكچى بولدى.

— گايىت ئۇستام، نېمە دېگىنىڭىز بۇ،— ئابلاجان ئاچچىقلىنىپ يەنە ئورنىدىن تۇرۇۋالدى،— سىز ماڭا تۈكۈرۈۋەتكەن تۈكۈرۈكنى يەنە ئاغزىڭغا ئال دېمەكچىمۇ- ھە. مەن ھاۋا بىلەن ئاجراشقان، ئۇ ئالتۇن تۇغسىمۇ مېنىڭ نېمە كارىم! جىم ئولتۇرسام، سىز مېنى ئەزىزەدىن تەزدۇرۇش ئۈچۈن ئاپسىنى يامان كۆرسىتىپ، شۇنچە ھېكايە توقۇپ چىقتىڭىز، بولغۇسى خوتۇنۇمغا تىل تەگكۈزۈپ، يەنە ھاۋانى كۆتۈرۈپ چىقتىڭىز. مېنىڭ ئەمدى ئولتۇرغىچىلىكىم قالمىدى، مەن كەتتىم،— ئابلاجان ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

گايىت ئۇستام «ئابلاجان كۆز ئالدىمدا چوڭ بولغان، مەن ئۇنى ئوبدان چۈشىنىمەن، گېپىمگىمۇ كىرىدۇ» دەپ ئويلايتتى. ھازىر ئۇ ئابلاجاننى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى، ئۇنى ھازىرلا كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى- دە، سەپرايى ئۆرلەپ ۋارقىرىدى:

— ھەي ئابلا، بەش ئەزايىڭ ساقمۇ سېنىڭ- ھە، كۆزۈڭ كۆرەمدۇ، بۇرنىڭ پۇرامدۇ، قۇلىقىڭ ئاڭلامدۇ. شۇ ۋاقىتقىچە ئەزىزەنىڭ تېنىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سەزمىدىڭما!؟— ئۇ ئاچچىقىدا ئىتتىك سۆزلەپ، غال - غال تىترەپ كەتتى.

ئېلىش كېرەك؟ ئۇ ھاۋاخان بىلەن ئاچراشقاندىن بۇيان ئىشخانىدا ياكى باشقىلارنىڭكىدە يېتىپ - قوپۇپ، نېمە سەۋەبتىندۇر ئۇز ئۆيىگە بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ يېتىپ ئارام ئالغۇدەك مۇۋاپىق ئورۇن تاپالماي، ئاخىر ئۆز ئۆيىنى پىنھان كۆردى.

ئابلاجان ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيىگە كىرىپلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىنىڭ تېمىغا قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي ئۆزىنى كارىۋاتقا ئاتتى ۋە تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى، شۇ ئۇخلىغان پېتى ئىككىنچى كۈنى تاڭ يورۇغاندىلا كۆزىنى ئاچتى. ئۆزىنىڭ ئۇيقۇغا قانغانلىقىنى، روھى جانلىنىپ، تېنى يەڭگىللەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ مۇشۇ ھالەتنى ساقلاپ، يەنە بىرئاز يېتىۋالغۇسى كەلدى.

ئابلاجاننىڭ كۆزى ئۇچۇق ئىدى، دېرىزىدىن بۆسۈپ كىرگەن قۇياش نۇرى ئۆيىنىڭ ئىچىنى يورۇتىۋەتتى، ئۇرنىدا يېتىپمۇ ئۆيدىكى ھەممە نەرسىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئابلاجاننىڭ ئۇيەر - بۇيەرگە قارىغۇسى كېلىپ تۇراتتى، كۆزى نەگە چۈشسە، شۇ يەردە ھاۋاخاننىڭ سىيماسى پەيدا بولاتتى. ئەنە ئۇنىڭ كۆزى ئەڭ ئاۋۋال دېرىزىگە تارتىلغان يېشىل پەردىگە چۈشتى، بۇ يېشىل پەردىنى ئۈيلۈك بولۇشتىن بۇرۇنلا ھاۋاخان ئۇرۇمچىدىن سېتىۋېلىپ ئالغاچ كەلگەن، يېڭى ئۆيگە چىققاندىن كېيىن ئۇ ھاۋاخان بىلەن بىللە دېرىزىگە تارتقان. بۇ يېشىل پەردىنىڭ خاسىيەتلىك خاتىرىسى خۇددى 15 كۈنلۈك ئاي قارا بولۇتلارنى يېرىپ چىقىپ جاھاننى يورۇتىۋەتكەندەك، ئابلاجاننىڭ ئاللىقاچان قولۇپلانغان قەلبىگە ھاۋاخاننىڭ ئوبرازىنى كەلتۈردى. ئابلاجان ئىختىيارسىز ھالدا ھاۋاخان بىلەن مۇشۇ ئۆيدە بىللە ئۆتكۈزگەن بەختلىك كۈنلىرى، ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ھاياجانلاندى. «ئاھ، ھاۋاخان...» دەپ ئابلاجان ئۇنى سېغىنىپ،

ئىشىك تۈۋىدىن ھەيدىۋەتكىنى ئۇنىڭغا ھار كەلدى. ئاتا -
ئانىسىنىڭ ئەزىزە بىلەن توي قىلىشقا قەتئىي قوشۇلمايدىغان-
لىقى، يەنىلا ھاۋاخان بىلەن يارىشىۋېلىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى
گايىت ئۇستامدىن ئاڭلاپ، ئابلاجاننىڭ كۆڭلى قاتتىق يېرىم
بولدى. بۇ ئىككى ئىش بىرلا ۋاقىتتا كەلكۈندەك باستۇرۇپ كېلىپ،
ئۇنى ئالدىغىمۇ ماڭالمايدىغان - كەينىگىمۇ چېكىنەلمەيدىغان
ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئالدىغا ماڭسا ئاتا - ئانىسى، كەينىگە
چېكىنسە نەزىمە ۋە ئۇنىڭ قىزى تۇراتتى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ
يېپى ئاشۇ ئۆرپ - ئادەت كۈچىگە چەمبەرچاس باغلانغان ئىدى.

ئابلاجان ئاتا - ئانىسىنىڭ رازىلىقىسىز قىلغان ھەرقانداق
ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.
قانۇن ئۇنىڭغا يول بەرسىمۇ، مىللەتنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان
شەكىللەنگەن ئۆرپ - ئادىتى، ئاتا - ئانىغا بولغان ئەدەپ -
ھۆرمىتى، جەمئىيەتتىن كېلىۋاتقان ھەر خىل بېسىم ئۇنىڭ
يولىنى توسۇپ تۇرۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا - ئانىسىنىڭ
خىزمىتىنى ئىشلىيەلەيدىغان بىردىنبىر كىشى گايىت ئۇستامۇ
«ئەلچى» بولۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۆزىنى ئەزىزەدىن
سوۋۇتۇۋاتاتتى، ھەتتا ئەزىزەگە شەك كەلتۈرۈۋاتاتتى.

شۇ تاپتا گايىت ئۇستامنىڭ ئۆيىدىن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە
قايتىپ چىققان ئابلاجاننىڭ پۈتكۈل بەدىنى سىرقىراپ ئاغرىپ
كېتىۋاتاتتى، ئۇيقۇسىز قالغانلىقتىن، كۆزلىرى تورلىشىپ يولنىمۇ
ئېنىق كۆرەلمەي، ئوڭغۇل - دوڭغۇل دەسسەيتتى. مۇنداق
پەرىشان ھالەتتە قانداقمۇ خىزمەتكە بارالايدۇ، ئۇنىڭ ئەقلىگە
بىرپەس ئۇخلىۋالسام ياخشى بولۇپ قالارمەن دېگەن ئوي كەلدى.
شۇ تاپتا ئىشخانىغا بېرىپ ياتقىلى بولمايدۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ
ئۆيىگە بېرىپ ئۇخلاش كېرەكمۇيا؟ ياق، ئابلاجان مۇنداق ھالەتتە
ئانىسىغا كۆرۈنۈشنى ھەرگىز خالىمايدۇ. ئەمىسە، نەگە بېرىپ ئارام

يوقلاپ كەلمىسەگمۇ مەيلىتى. لېكىن، ئاناڭغا ئىچىڭنى ئاغرىتىپ قويساڭ بولماسمىدى، ئەنە ئۇ بىچارىگە قاراپ باق.

دوختۇر شۇندااق دەۋېتىپ، پېشانىسىدىكى مونچاق ـ مونچاق تەرلەرنى ئېرتىۋېتىپ، ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. ئابلاجاننىڭ ئىچى ئېچىشقاندەك بولۇپ، ئانىسىنىڭ بېشىدا كۆزىدىن ياش ئاقتۇرۇپ ئولتۇرغان ئانىسى تۇرسۇنخانغا قارىدى. كېچە ـ كۈندۈز ئېرىنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي ئۇنىڭغا قاراۋاتقان تۇرسۇنخان تۆگىشىپلا كەتكەن ئىدى. ئۇيقۇسىزلىقتىن ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزارغان، هارغىنلىقتىن بەللىرى مۈكچەيگەن، خېلىلا چۆدەپ كۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، ئورنىدىن تۇرغۇدەك مادارىمۇ يوق ئىدى. ئابلاجان ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ـــ ئانا، ئاتام...ـــ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چىقارمىغان ئىدى، تۇرسۇنخان بالىسىنى باغرىغا تارتىپ كۆز يېشى قىلدى.

ـــ شۇندااق، تونۇگۈن ئۇ گايىت بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپلا ئۆزگىرىپ قالدى، هازىرغىچە هوشىغا كېلەلمەيۋاتىدۇ. سەنمۇ ئاتاڭنى ئايىمىدىڭغۇتاڭ،ـــ دېدى ئانىسى ئاجىز قوللىرى بىلەن ئابلاجاننىڭ بېشىنى سىيلاپ.

ئابلاجان گايىت ئاكىسىنىڭ ئاتىسىغا نېمە دېگەنلىكىنى هېس قىلالايتتى، ئانىسىمۇ شۇنى سەزدۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئانىسىغا ئىچى ئاغرىپ كەتتى، لېكىن نېمە دەپ تەسەللى بېرىشىنى بىلەلمەي جىم تۇردى،ـــ ئابلاجان، ئىدارە باشلىقىڭ دېگەندۇ، مەن سېنىڭ ئۈچۈن رۇخسەت سورىغانمەن. ئاتاڭغا سەن قاراپ تۇرغىن، ئاناڭ ئۇخلاپ ئارام ئېلىۋالسۇن، سەن هازىرلا ئاناڭنى ئۆيگە ئاپىرىۋېتىپ كەل،ـــ دېدى هېلىقى دوختۇر.

ـــ توختىمەت مەن... ئۇ...ـــ تۇرسۇنخان دېلىغۇل بولۇپ، نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى ئىدى، دوختۇر يول قويمىدى.

ـــ مەن... ئۇ دېگەنلىرىڭىزنى قويۇڭ، ئابلاجان تېز تېلېفون

ئەسلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ھەم ھاۋاخاننىڭ ئاياغ ئىزى، قولى تەگكەن يەرلەرنى سىيلاپ، ئۆينىڭ ھەممىلا يېرىنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىقتى. ئۇ شۇنداق ئايلىنىپ يۈرگىنىدە، ھاۋاخانى ئۇچراتقان بولسىدى، ئىككىلىنىپ تۇرمايلا باغرىغا باسقان بولاتتى. لېكىن، ئابلاجان ئۆيدە ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى سېزىپ، ئەقلىگە كەلدى، «ۋۇي نېمە، مەن ساراڭ بولۇپ قالدىممۇ نېمە، مەن ھاۋا بىلەن ئاجراشقان تۇرسام، نېمىشقا ئۇنى ئەسلەپ يۈرىمەن».

ئابلاجان بۇ ئۆيدە تۇرۇۋېرىشتىن قورقۇپ قالدى بولغاي، چىقىپ كەتتى، كوچىدا غىزالىنىۋېلىپلا ئىشخانىسىغا باردى. ئىشىكتىن كىرە - كىرمەيلا ئىدارە باشلىقى ئۇنىڭ رۇخسەتسىز ئىشقا كەلمىگەنلىكىنى، تونۇگۈن ئىزدەپ تاپالمىغانلىقىنى ئېيتىپ ئاچچىقلاندى، ئاندىن ئاتىسىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ دوختۇرخانىغا تېز بېرىشىنى ئۇقتۇردى.

ئىدارە باشلىقىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۆڭلى بىرقىسما بولغان ئابلاجان ئاتىسىدىن ئەنسىرەپ دوختۇرخانىغا چاپتى. دېگەندەك، توختىمەتنىڭ يۈرەك كېسەللىكى يەنە قوزغىلىپ قالغان بولۇپ، كارىۋاتتا كۆزىنى يۇمۇپ ياتاتتى. دوختۇر - سېستىرالار ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ سۇنئىي نەپەسلەندۈرۈۋاتاتتى، يۈرەك ھەرىكىتىنى كۆزىتىۋاتاتتى. بۇ جىددىيچىلىكنى كۆرگەن ھەرقان-داق ئادەمنى سۈر باساتتى، ئابلاجان بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى، ئۇ ياتاقتا قورقۇمسىراپ كىرىشكىلا، ئاغزىغا ماسكا تارتىۋالغان بىر دوختۇر ئالدىغا كەلدى.

— سەن، ئىدارە باشلىقى توختىمەتنىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلىغۇ دەيمەن.

— شۇنداق، دوختۇر، ئاتامنىڭ ئەھۋالى...

— ئاتاڭنىڭ كېسىلىگە بىز مەسئۇل، بىزگە ئىشىنىپ ئاتاڭنى

رۇپ زېرىككەن ئىدى. ئۇ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشقا ئالدىراۋاتقان-دەك، بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئۈچ رومكىنى قېقىۋەتتى. هاراقنى ئىچىش بىلەن تەڭ ئابلاجاننىڭ روهىي كەيپىياتى ئاسماندىكى بۇلۇتلار بىر يانغا سۇرۇلگەندەك ئېچىلىپ، مېڭىسى قوتراشقا، خىيال كەپتىرى پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. «ئاتام مېنى شۇنچە يامان كۆرگۇدەك نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەندىمەن؟ ئەر - ئايالنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشى، باشقىسى بىلەن توي قىلىشى ئەزەلدىن بار ئىشقۇ. هاۋاخان بىلەن مەن يامان ئەمەس ئۆتكەن، ئۇنىڭ بىلەن ئۆتۈۋەرسەممۇ بوپتىكەن. لېكىن، مەن ئاجراش-قاندىن كېيىن، ئەمدى ئۆيلىنىدىغان گەپتە. ئاتام ئەزىزەنىڭ ئاپىسىغا ئۆچمەنلىك قىلىپ مېنىڭ بەختىمگە ئولتۇرسا قانداق بولىدۇ؟ ئەستا، گايىت ئۇستام، مېنىڭ دوستلىرىم، مېنىڭ باشلىقىم، هېلىقى قاپىقى يامان دوختۇر، يەنە جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن كىشىلەر ماڭا ياندىن قارىشىۋاتىدۇ، ماڭا تاپا - تەنە قىلىشىۋاتىدۇ. خوتۇنىنى قويۇۋېتىش، خوتۇن ئېلىش مېنىڭ ئىشىم تۇرسا، ئۇلار نېمىشقا ماڭا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغاندۇ؟»

ئابلاجان بۇرۇن ئىشنىڭ بۇ تەرىپىنى زادىلا ئويلاپ كۆرمىگەن ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا بۇ دۇنيادا ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىن، كىشىلەردىن ئايرىلىپ، ئۇلارنىڭ نەپرىتىگە، يامان كۆرۈشىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئېغىر يېتىمچىلىك، پەرىشانلىقتىن ئېغىر ئىشنىڭ يوقلۇقىنى هېس قىلىپ، يەنە بىر رومكىنى كۆتۈرۈۋەتتى. جوزىغا لەگمەن، قورۇمىلار كەلتۈرۈلدى. ئابلاجان ئۇ لەگمەننى ئالدىغا تارتىپ، ئۈستىگە قورۇمىلارنى بىر يولىلا تۆكۈپ، ئىشتىها بىلەن يېيىشكە باشلىدى.

خىيال ئېكرانى كەڭ ۋە دەخلىسىز سەهنە، ئۇنىڭ زۇلمەت باسقان قاراڭغۇلۇق، بالا - قازا، كۈلكە - چاقچاق... هېچنېمە بىلەن كارى يوق. ئۇ هەرقانداق ۋاقىتتا، هەرقانداق كىشىنىڭ

بېرىپ ئاپتوموبىل چاقىر.
— ئانا، دوختۇرنىڭ گېپىگە كىرەيلى، مەن ئاتامغا قارايمەن، ئۆزلە خاتىرجەم بولسىلا.
ئابلاجان ئانىسىنى ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ كادىرلىرى توختىمەتنى يوقلاش ئۈچۈن ئولتۇرۇپ كەلگەن ئاپتوموبىل بىلەن ئۆيگە ئاپىرىۋەتتى. تۇرسۇنخان ئۆيگە كېلىپ، ئىككى كۈن قانغۇچە ئۇخلاپ ئارامىنى ئالدى، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇۋالدى، تېخى ماغدۇرىغا كىرىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئۈچىنچى كۈنى خاتىرجەم بولالماي دوختۇرخانىغا كەلدى. توختىمەتنىڭ يۈرەك ھەرىكىتى نورماللىشىپ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ئەتراپىدىكى دوختۇر - سېستىرالارغا قاراپ تەبەسسۇم قىلدى. تۇرسۇنخانغا سۆيۈنگەندەك قاراپ، ئاجىز قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى، ئاندىن ئابلاجاننى كۆرۈپلا كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ ئاجىز قولىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ «كەت، كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچە بولما» دېگەندەك ئىشارەت قىلدى. مۇنداق ۋاقىتتا دوختۇرلار سەزگۈر بولۇپ كېتىدىكەن، بىمارنىڭ كەيپىياتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىكەن، ئۇلار بىمارنىڭ ئىشارىتىنى چۈشىنىپ، ئابلاجاننى ياتاقتىن چىقىپ تۇرۇشقا كۆندۈردى.

2

بۇ، دەل جاھانغا گۇگۇم پەردىسى يېپىلىۋاتقان چاغ ئىدى. ئابلاجان دەلدۈشتەك دەسسەپ دوختۇرخانا ھويلىسىغا چىقىپ، بىرھازا تۇردى، ئاندىن كوچىغا چىقىپ بىر ئاشپۇزۇلغا كىردى. ئاشپۇزۇلدا مۇلازىمەتچىلەرگە بىر تەخسە لەگمەن، ئىككى تەخسە قورۇما بۇيرۇتۇپ، بىر بوتۇلكا «ئىلى دەرياسى» ھارىقىنى ئېلىپ بۇلۇڭدىكى بوش ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردى.
ئابلاجان دوختۇرخانىدا ھوشسىز ياتقان ئاتىسىغا قاراپ ئولتۇ-

ئابلاجاننىڭ پوتكول ۋۇجۇدى ئىسسىق جىمىرلاپ، يۈرىدە تەبەسسۇم ئوينىدى، لېكىن بالىنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشى بىلەنلا ئاتىسىز قالىدىغانلىقىنى ئەسلەپ، تېنى جۇغىدە قىلىپ كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۇ گايىت ئاكا ئاگاھلاندۇرغان يەنە بىر بالىنى ئېسىگە ئېلىپ چۆچۈدى،— ئەزىزەنىڭ قورسىقىدا بالا بارمىدۇ، شۇنچە ۋاقىتقىچە نېمىشقا سەزمىگەندىمەن؟ نەزىمە ماڭا تەندىن ئۈچراشتى. گايىت ئاكام دېگەندەك، ئۇ راستتىنلا يامانكەن...» ئابلاجان جوزىنى مۇشتلىغانچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ئابلاجان ئەتراپىدىكى جوزىلاردا تاماق يېگەچ نېمىلەرنىدۇر سۆزلىشىپ ئولتۇرغان بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قارىغانلىقىنى، بەزىلەر مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئاچچىق ھەم سېسىق بىرنەرسىنى چايناپ سالغاندەك يىرگىنىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا يەۋاتقان تامىقى، ئىچىۋاتقان ھارىقىمۇ ئاچچىق ھەم يىرگىنچلىك بىلىندى-دە، ئاشپۇزۇلدىن چىقىپ كەتتى. كوچىدا غۇۋا ئېلېكتر چىراغلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ يورۇقلۇقتىن قېچىپ، تام ياقىلاپ مېڭىپ، رەستىنى بىر چۆرگىلەپ، چوڭ كوچىدىن ئالدىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

— ۋوي ئابلاجان ئاكامغۇ بۇ.

يېقىملىق بىر ئاۋاز ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاۋاتاتتى. ئابلاجان ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا شەھەرلىك ھۆكۈمەت ھويلىسىنىڭ كەينى دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا يېقىنلاپ قالغان، ئۇنى چاقىرغۇچى قاراڭغۇ تەرەپتە ئىدى. بۇ يېقىملىق ئاۋازنى ئاڭلىغان ئابلاجاننىڭ يۈرىكى ئېچىپ، خىيالىدىكى ئىسمىنى ئېسىگە ئالدى-دە، ئورنىدا توختاپ ئەتراپىغا قاراپ:

— ھاۋاخانمۇسىز،— دېدى.

قاراڭغۇلۇقتىن چىقىپ كېلىۋاتقان قىز ھاۋاخان ئەمەس، بەلكى ئەزىزە ئىدى. ئابلاجان «ھاۋاخانمۇسىز» دەپ، ئەزىزەنى

قەلبىگە بۆسۇپ كىرىۋېرىدۇ. ئابلاجان لەگمەننى ئىشتىھا بىلەن يەۋېتىپ، ئۆزىنى خۇشال تۇتقۇسى، كەيپىياتىنى كۆتۈرگۈسى كېلىپ، ئەزىزەنىڭ ۋىسالىغا يەتكىلى ۋاتقان بەختلىك مىنۇتلىرىنى ئەسلەپ ئۆزىنى يېنىكلەتمەكچى بولدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا ئەزىزە غىل - پال قىلىپلا يوقالدى- دە، ھاۋاخانىنىڭ ئوبرازى نامايان بولدى. ئابلاجانمۇ ئىقرار قىلماي تۇرالمايدۇكى، ئۇنىڭ ھاۋاخان بىلەن ئۆتكۈزگەن بەختلىك مىنۇتلىرى، ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلىرى ئەزىزەنىڭكىدىن مول ۋە جەلپ قىلارلىق ئىدى. ئابلاجانىڭ ئۆسمۈرلۈك، ياشلىقىدىكى ئەڭ گۈزەل چاغلىرى ھاۋاخان بىلەن ھەمنەپەس، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھاۋاخان بىللە بەرپا قىلغان ئۆيگە بېرىشقا ئۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇ ئۆيدە بىر كېچە قونۇپ قويۇۋىدى، ھاۋاخانىڭ سىيماسى يېپىشىۋېلىپ، خىيالىغا كىرىۋالدىغان بولدى.

ئابلاجان تاماق يېيىشتىن توختاپ قالدى، كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلدى، «ئاھ، خۇدا،— دېدى ئۇ،— مەن نېمىشقىمۇ سارالىق، دۆتلۈك قىلغاندىمەن. ھاۋاخانىڭ ۋۇجۇدىدا يوز بەرگىنى سېزىككەن، مەن ئۇنى سارالىق كېسەللىكى دەپ قاپتىمەن. ئانامۇ مېنى تۇغىدىغان ۋاقتىدا سېزىكتىن چىقىدىغان نەرسىنى تاپالماي، ئاتامنى قاتتىق سارالىسمىگە سېلىۋەتكەن ئىكەن. مەن بۇلارنى نېمىشقا بۇرۇنراق سوراپ بىلىۋالمىغاندىمەن. ھاۋاخان مېنىڭ مەسچىتنى بۇلغىۋەتكەن سەتچىلىكىمنى كۆتۈرۈپ كەتكەن ئەمەسمىدى، مەن ئۇنى نېمىشقا چۈشەنمىگەندىمەن، ئەپۇ قىلمىغاندىمەن. ھە، بىز مۇشۇ سەۋەبتىن ئاجراشتۇق، مەن نېمىشقىمۇ ئالدىراڭغۇلۇق قىلغاندىمەن. مانا ئەمدى ھاۋاخانمۇ ساقىيىپ، يېزىدىكى مەكتەپتە يەنە ئوتتۇق قارىنىپتۇ. ھازىر ئۇنىڭ قورسىقىدا ئىككىمىزنىڭ بالىمىز بار،—

قـوللىرى بىلـەن دۈمبىسـىنى، ساغرىسـىنى سـىيلاپ، ئاندىن قورسىقىنى تۇتۇپ بېقىشقا سۇرگەن ئىدى، ئەزىزە ئۇستىلىق بىلەن بۇ قولنى ئىختىيارىغا قويماي، كۆكسىنى چاڭگاللىتىپ قويدى. شۇ ئەسنادا كەچلىك كىنودىن تارقىغان كىشىلەر ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ كوچىدىن ئۆتتى. شۇ باھانىدە ئەزىزە ئابلا- جاننىڭ قوينىدىن چىقىۋالدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ يانلىرىدىن مۇشۇنداق ئۆتۈپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

— سىز بۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان نەگە يوشۇرۇنۇۋالدىڭىز، ئاپام سىزنى ئىزدەپ تاپالمىدى،— دېدى ئەزىزە باتىنىغاندەك ئابلاجانغا ئېگىلىپ،— مېنى بەك سېغىندۇرۇۋەتتىڭىز، چىدىماي سىزنى ئۆزۈم ئىزدەپ مېڭىشىم ئىدى.

— مەن ھېچ يەرگە كەتمىدىم، ئاتامنىڭ كېسىلى ئېغىر- لىشىپ قالدى، ئاتامغا ياردەملىشىپ بىرنەچچە كۈن ئاتامغا قارىدىم شۇ،— ئابلاجان نېمىدىندۇر رەنجىگەندەك، ئىلاجسىز قېلىۋاتقاندەك سۆزىنى داۋام قىلدى،— ئەمدى مېنى ئىزدەپ نېمە قىلارسىز. مەن كاج تەلەيكەنمەن، بىزنىڭ توي ئىشىمىزغا ئاتا - ئانام رازىلىق بەرمەيۋاتىدۇ، ئەلچى بولىدىغان گايىت ئاكامۇ ئاتا - ئانام تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. شۇڭا، ئاپىڭىزنىڭ ماڭا قويغان تەلىپىنى ئورۇندىيالمىدىم. قارىغاندا، بىزنىڭ ئىشىمىز...

— ھە، سىززە، ئىشىمىز سۇغا چىلاشتى دەپ ئويلاپ، ھاۋا بىلەن يارىشىۋېلىشقا كۆچكەن ئوخشىمامسىز؟— ئەزىزە ئابلاجان- نىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ئۆكتى.

— ياق،— ئابلاجان ئەزىزەنىڭ ئالدىدا كۆڭلىدىكىنى يوشۇ- رۇشقا ئالدىراپ،— تۇكۇرۇۋەتكەن تۈكۈرۈكنى قانداقمۇ ئېغىزغا ئالغىلى بولسۇن. بايا ئاۋازىڭىزنى ئاڭقىرالماي تاسادىپى ئاغزىمدىن ئۇنىڭ ئىسمى چىقىپ كەتتى، مېنى ئەپۇ قىلىڭ. ھە،— ئۇ ئەزىزەنىڭ كۆڭلىنى ئالماقچى بولۇپ يېقىنلاشتى.

تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇ تىپىرلاپ كەتتى، «ئاپام قوپاللىق قىلىپ ئۆيگە كىرگۈزمەي، ئابلاجاننى مەندىن يىراقلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۇ ھاۋاخاننى ئەسلەپ قاپتۇ، بۇ نېمىدېگەن خەتەرلىك. ئۇ قورسىقىمدىكىنى سىزىۋالغۇچە، ئادەت ـ پادەتنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ ئۇنىڭغا تېگىۋالمىسام بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. مەن پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنى ئۆزۈمگە رام قىلىۋېلىشىم كېرەك».

ئەزىزە كوچا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا بىرئاز توختاپ، چىرايىنى ئېچىپ نازلاندى ۋە مۇلايىملىق بىلەن:

— ياق، ئابلاجان ئاكا. بۇ مەن، سىزنىڭ ئەزىزەيىڭىز،— دەپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ ئىتتىك قەدەم ئالدى.

— ھە، ئەزىزەمۇسىز؟— ئابلاجان بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەزىزەگە تىكىلدى، كۆزىنىڭ يېغىنى يەيدىغان نازلىنىشلىرى ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ تۇتۇلغان چىرايىنى ئېچىۋەتتى، — ھە، ئەمدى تونۇدۇم سىزنى،— دەپ، ئالدىغا كەلگەن ئەزىزەنىڭ قوللىرىدىن تۇتۇپ، يولنىڭ چېتىگە، قاراڭغۇ دالدىغا سۆرىدى.

ئابلاجان ھاراق ئىچىپ قىزىۋالغىنى بىلەن ئەس ـ ھوشى جايىدا ھەم سەزگۈر ئىدى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئەزىزەگە نىسبەتەن گۇمان پەيدا بولغان، بۇنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئۆزى ئىسپاتلىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر كوندۇزى ئۆيدە ئۇچرىشىپ قالغان بولسا، ئۇ ياكى ئاپىسى سەزگۈرلۈك قىلىپ گۇماننى ئىسپاتلاشقا پۇرسەت بەرمىگەن بولاتتى. ئابلاجان قاراڭغۇلۇققا چۆمۈلگەن كوچىدا ئەزىزە بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغانلىقىدىن تولىمۇ خۇشال بولدى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە نازلىنىپ ئامراقلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن ئېرىپ كېتىۋاتقان قىياپەتتە ئۇنى باغرىغا تارتىپ سۆيمەكچى بولدى. ئەزىزە مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ، يۈزىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تۇتۇپ بەردى. ئابلاجان مۇشۇ باھانىدە تېزلا مەقسىتىگە يېتىمەن دەپ ئويلاپ ئەزىزەنى قۇچاقلىۋالغان

بىكاردىن - بىكار قىينىغانلىق ئەمەسمۇ. مەن ئاچچىقلىنىپ ئاپام بىلەن سوقۇشتۇم، ھەتتا ئۆلۈۋالماقچىمۇ بولدۇم...

ئەزىزە ئابلاجاننىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقماقچى بولغاندەك يالغان سۆزلىدى. بۇ سۆز ئابلاجانغا قاتتىق تەسىر قىلىپ ھامان ئىنكاس قايتۇردى.

— نېمىشقا ئۆلۈۋالماقچى بولدىڭىز؟ سىز ھەرگىز...

— بىلەمسىز،— ئەزىزە ئۇنىڭ سۆزىنى چورت كېسىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى،— مەن سىزنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىمەن، كېچە - كۈندۈز سىزنى ئويلايمەن، سىزنى سېغىنىمەن، مەن سىزسىز ياشىيالمايمەن. ئاپام سىزنى ماڭا كۆرسەتمىسە، مەن قانداق چىدايمەن. ئاشۇ كۈنى مېنىڭ يۈرىكىم چىقىپ كېتەي دېدى. ئىشەنمىسىڭىز، ھازىرلا يۈرىكىمنى تۇتۇپ بېقىڭ،— ئەزىزە مەيدىسىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى.

دەل شۇ ۋاقىتتا ئىككى كىشى سۆزلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىغىلا كېلىپ قالدى. ئابلاجان ئەزىزەنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ ھاياجانلاندى، لېكىن ھېلىقى كىشىلەردىن تەپ تارتتى.

— سىزنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن، مەنمۇ سىزگە شۇنداق بىرىلگەن. ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا سىزنى باغرىمغا باسقۇم كېلىۋاتىدۇ. ھەي، مەن ئۇ ئاخشىمى ئىشىكنى ئاچقان سىزمىكىن دەپ قاپتىمەن،— دەپ ئابلاجان كۈلدى.

— بىزەڭ، شۇنداقمۇ شوخلۇق قىلغۇلۇقمۇ. ئاپام «سىلەر بىر - بىرىڭلارنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىكەنسىلەر، مەن تەسىرلەندىم، تېز نىكاھىڭلارنى ئوقۇتۇپ بېشىڭلارنى قوشۇپ قويايلى. ئابلاجان ئەلچى كىرگۈزمەن دەپمۇ يۈرمىسۇن. ئەتىلا بىر مەسچىتنىڭ ئىمام - مەزىنلىرىنى چاقىرىپ كەلسۇن» دەيدۇ. مەن مۇشۇنى دېگىلى سىزنى ئىزدەپ ماڭغان.

— ئاپىڭىز شۇنداق دېدىما؟— ئابلاجان جانلىنىپ ئەزىزە-

— يېنىمىزدىلا خەقلەر گۇدۇڭلىشىۋاتىدۇ، ماڭا يېقىن كەلمەڭ. ماقۇل، كېپىڭىزگە ئىشىنىپ، سىزنى ئەپۇ قىلغانىمۇ بولاي، دەڭە ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— قانداق قىلىشنى مەنمۇ بىلەلمەي قالدىم. ئاتامنىڭ ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقىشىنى كۈتسەك بولارمىكىن. ئۇنىڭ مېنى كۆرەر كۆزى يوق،— دېدى ئابلاجان خۇرسىنىپ.

ئەزىزە ئابلاجاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تەمتىرەپ قالدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا ئابلاجاننىڭ هاۋاخانىنى ئەسلەپ تىلغا ئالغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلىپ ئولتۇرغۇدەك چولىسى يوق، قانداق قىلىپ بولمىسۇن قورسىقىدىكىنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ، هەر ئىككىسىنىڭ ئاتا - ئانىسى چىڭ تۇرۇۋېلىۋاتقان ئادەت كۈچىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ، قورسىقىدىكى بالىغا تېزرەك قانۇنلۇق ئاتا تېپىۋېلىشى كېرەك. لېكىن، ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمايۋاتاتتى. بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئاپىسى ئابرۇي قوغلىشىپ، ئۆيىگە ئابلاجان ئائىلىسىنىڭ ئەلچى كىرگۈزۈشىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولۇپ، گايىت ئۇستامغا بېسىم ئىشلىتىۋاتىدۇ. قارىغاندا، بۇنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمىغىدەك. يەنە بىر تەرەپتىن ئابلاجانمۇ قۇشقۇنغا ئولتۇرۇپ، ئاتىسىنىڭ ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقىشىنى ئېيتىۋاتىدۇ. بۇنى كۈتسە، ئەزىزەنىڭ قورسىقىدىكى بوۋاق كۈتۈپ تۇرۇۋەرمەيتتى، ئاتىسىمۇ ئوقۇشىنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىپ قالاتتى. ئەزىزە ئۆزىنىڭ بۇ رەسۋاچىلىقىنى ئاتىسىنىڭ كۆرۈشىنى خالىمايتتى. شۇڭا ئۇ، «قىزغىن مۇهەببىتى» ۋە ناز - كەرەشمىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئابلاجاننى رام قىلىپ، ئۆز مەقسىتىگە يېتىشى كېرەك.

— ئابلاجان ئاكا، ئاپام سىزنى رەنجىتىپ قويدى. ئاۋۇ كۈنى ئاخشىمى نۇرغۇن سوۋغا - سالام بىلەن كەلسىڭىز، ئۇ سىزنى قېشىمغا كىرگۈزمەي، «ئەلچى كىرگۈز» دەپ تۇرۇۋالدى. بۇ، سىزنى

جاننىڭ ئىلاجىسىز قالغان كۆڭلىنى خۇشال قىلىپ، ئىزبىتقۇدەك ئالداپ كەتتى. ئەزىزە ئۇنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ ئۇۋلاش ئۈچۈن، يەنە بىر ئىلھامبەخش خۇش خەۋەرنى ئېلان قىلدى:

— سىزگە يەنە بىر خۇش خەۋەرنى مەلۇم قىلىپ قوياي، يېقىندا شەھەرلىك تەشكىلات بۆلۈمى كادىرلارنى تەكشۈرۈپ، ياش كادىرلارنى ئۆستۈرگۈدەك. ئاپام كۆرۈپتۇ، سىز ئۆستۈرۈش نامزاتى ئىكەنسىز، سىز تويىمىز بولۇپ ئۇزاققا بارمايلا بىر ئىدارىنىڭ باشلىقى بولۇپ قالىسىز. بىزنىڭ قوشۇلۇشىمىز سىزگە ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن سىز خۇش بولامسىز ئامرىقىم؟— دەپ ئەزىزە چىرايىنى ئېچىپ ئابلاجانغا پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى يېقىملىق ۋە مېھرىبانلىق بىلەن تىكىپ كۈلدى.

ئەزىزەنىڭ بۇ سۆزى ئابلاجاننى خۇددى ئاسماندا يالتىندە قىلىپ چاقماق چېقىلغاندەك، بەخت قۇشى ھازىرلا پېشانىسىگە قونغاندەك ھاياجانغا سېلىۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇدى.

— ئەمىسە، بىز ئەتىلا نىكاھىمىزنى ئوقۇتۇۋېتەيلى.

— سىز ئەتە چۈشتىن كېيىن سائەت 4لەر بىلەن نىكاھ ئوقۇيدىغانلارنىڭ ئۆيىمىزگە كېلىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇڭ. ئۆزىڭىز ئۇلار بىلەن بىللە كېلىمەن دەپ يۈرمەي، بالدۇرراق كېلىڭ. مۇشۇنداق كېلىشتۇق، ئەتە كۆرۈشەيلى.

ئەزىزە ناز قىلىپ، ئەركىلەپ، ئابلاجاننىڭ كۆڭلىنى ئېرىتىپ، بىردەمدىلا كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتتى. ئۇ ئالدىراپ كەينىگە بۇرۇلۇشىغا، ئابلاجان ئۇنىڭ قورسىقىدا بالىنىڭ بارلىقىنى ئېنىقلاپ بولالمىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، چاقىردى:

— ئەزىزە، توختاڭچۇ نېمىگە شۇنچە ئالدىرايسىز؟— دەپ ئۇنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى.

— ياق، يىگىتىم، مەن قايتمىسام بولمايدۇ، ئاپام بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتىن ئېشىپ كەتتى، سىزمۇ ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ،—

نىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ ئالدىغا تارتتى. لېكىن، ئۇ نېمىلەرنىدۇر ئويلاپ، — ئۇنداق قىلساق قانداق بولار، نىكاھنىڭ ئۇستىدە ئاتا - ئانىلار بولمىسا، جامائەت، دوست - يارەنلەرگە توي مەرىكىسى قىلىپ بەرمىسەك...

— ئۆزىڭىز ئاتام كېسەل دېدىڭىزغۇ، ئاۋۋال نىكاھىمىزنى ئوقۇتۇۋېلىپ، ئاتىڭىز ساقايسا، ئاتامۇ ئوقۇشتىن كەلسە، ئاندىن چوڭ توي قىلمامدۇق. دەپ بېقىڭە، بۇنىڭ قانداق ئەپلەشمەيدىغان يېرى بار؟ ئاۋۋال قوشۇلۇپ ئەر - خوتۇنلۇقنىڭ لەززىتىنى تېتىيمىز، يەنە سىز ھاۋادىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىڭىزگىمۇ يېتىسىز.

— بۇمۇغۇ قانۇنغا خىلاپ ئەمەس. ھە راست، بىز تېخى خەت ئالمىدۇقغۇ، ئاز - تولا تەييارلىق قىلمىدۇقغۇ، يەنە ئۆي...

— بولدى، بولدى، سىز توي خېتىگە باش قاتۇرماڭ، ئاپام ئۇنى بىز ئۇچۇن بېجىرىپ قويىدى. تويلۇق كىيىم - كېچەك ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەر ئۇچۇن سىزنى ئاۋارە قىلمايمەن، ئۆيىمىز تەييارغۇ، ھاۋا ئىشلەتكەن نەرسىلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، يېڭىسىنى ئىشلىتىمىز. ئاشىق - مەشۇقلار قايسى زاماندا ئوڭۇشلۇق مىرادىغا يەتكەن. نىكاھ ئوقۇلۇپ تۇرمۇش رېئاللىقىغا ئايلانسىلا، جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن سۆز - چۆچەكلەر، ئاتا - ئانىنىڭ قارشىلىقىمۇ ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كېتىدۇ. ماڭا ئىشىنىڭ كەلگۈسى ئېرىم، ئەمرىڭىزگە ئۆتۈش بىلەن مەنمۇ قېيناتام - قېينانامنىڭ پۇتىغا پۇت - قولىغا قول بولۇپ، پەرۋانىدەك خىزمىتىنى قىلغىلى تۇرسام، ئۇلارمۇ مېنى يامان دېمەيدۇ. مەن چوقۇم ھاۋادىن ياخشى كېلىن بولىمەن، سىزنى يەرگە قاراتمايمەن.

— ئەزىزە، سىز راستىنلا دېگىنىڭىزنى قىلالامسىز؟ مېنىڭ ئەندىشەمۇ شۇ ئىدى. بۇ سۆزلىرىڭىز بىلەن مېنى خۇشال قىلىۋەتتىڭىزغۇ، مەن...

ئەزىزەنىڭ نىكاھلىنىۋېلىشقا ئالدىراپ دېگەن سۆزلىرى ئابلا-

— قالغىنى ساڭا سەدىقە بولسۇن،— ئابلاجان كەينىگىمۇ قارىماي كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ، ئانىسىدىن ئەنسىرەپ قالدى.

ئابلاجان يېقىن ئەتراپتا ئولتۇرىدىغان ئۇمامنى تېپىپ، 3—4 كىشىنى باشلاپ شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ نىكاھ ئوقۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلىشۇىدى، ئۇمام قىزغىنلىق بىلەن ماقۇل بولدى. ئابلاجان ئاندىن دوختۇرخانىغا بېرىپ ئانىسىنى ئىزدىدى. ئۇ ئەزىزە بىلەن نىكاھ ئوقۇتىدىغانلىقىنى ئانىسىغا دېيەلمىسىمۇ، ئانىسىنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويماقچى ئىدى، ئۇ ئۆيىگە كېتىپ قاپتۇ، ئانىسىمۇ ئۇبدان يېتىپتۇ. ئابلاجان ئويلاپ كۆرۈپ، ئاتا - ئانىسىنى بىزار قىلغۇسى كەلمىدى، «ياق، پالچى ئالدامچىكەن، خاتىرجەم بولۇپ نىكاھنى ئوقۇتۇۋېرەي. مەن ئەزىزەنى ئالسام ھەرگىز زىيان تارتمايمەن. شۇنداق، ئۇنىڭدا باشقا قىزلاردا يوق بىر ئېسىل ئەگگۈشتەر بار، ئۇ بولسىمۇ ئەمەلگە ئېرىشىش بالدىقى. مەن پات ئارىدا ھوقۇق تۇتىمەن».

3

كەچ كىرى، قۇياش نۇرى ئاجىزلىغان، شەھەر كوچىسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى سارغىيىپ يەرگە تۆكۈلۈشكە باشلىغان ئىدى، نەمدەلگەن دەل - دەرەخلەر ئۈن چىقارماي يىغلاۋاتقاندەك بىلىنەتتى. لېكىن، تۆت كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەخمەلدەك چىمەنزارلىقتا ئاللىقاچان ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر يەنىلا قۇياش نۇرىنى ئېمىپ باھار پەيزىنى جەۋلان قىلىپ تۇراتتى. كوچا يەنىلا ئاۋات، چوڭ - كىچىك ئاپتوبۇس، ئاپتوموبىللار، ۋېلسىپىت مىنگەنلەر، پىيادىلەر ئۇياقتىن - بۇياققا ئالدىرىشىپ كېتىۋاتاتتى.

ئەزىزە توختاپ، مۇشۇ سۆزلەرنى قىلىپلا يەنە ماڭدى.

— توختىغە، ھېچبولمىغاندا مەن سىزنى سۆيۈۋالاي.

— بولمايدۇ، مەن ئىپپىتىمنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرىمەن، نىكاھدىن كېيىنلا ئۇنى سىزگە تەقدىم قىلالايمەن، كوچىدا ئەدەپسىزلىك قىلالمايمەن. خوش، ئەتە كۆرۈشەيلى.

ئابلاجان ئۇنىڭ تاتلىق سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، دېگىنىنى ئورۇنلۇق ھېسابلىدى. بۇ كېچىسى ئابلاجان ئىشخانىسىدا قونۇپ قالدى، ئەتىسى بۆلۈمدىكىلەر ئىشقا كەلگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ، كوچىغا چىقىپ ناشتا قىلدى. تۆت كوچا دوقمۇشىدا بىر پالچى كىشىلەرگە پال ئېچىۋاتاتتى، «پالغا ئىشەنمە، پالسىز يۈرمە» دەپتىكەن. ئابلاجان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رازىلىقى بولمىغان تويىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭغا پال سالدۇرۇپ باقماقچى بولدى. پالچى ئابلاجاننىڭ ئالقىنىنى كۆرۈپ، نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلىدى، ئاندىن:

— ئوغلۇم، سېنىڭ ئەسلىدە ئامىتىڭ كەلگەن ئىكەن، قالغان گەپنى دېيىشتىن بۇرۇن بىرىدىغىنىڭنى چىقار، بولمىسا مېنىڭدىن رەنجىپ كېتىپ قالىسەن. پۇلۇڭغا چىدىمىساڭ، پال سالدۇرمايلا قوي،— دېدى.

— مەن قېچىپ كەتمەيمەنغۇ، ئاۋۋال دەڭا.

— ياق، پۇلنى كۆرمەي پال ئاچمايمەن.

— بولدى، مانا،— دەپ ئابلاجان يانچۇقىدىن بەش يۈەن پۇلنى ئېلىپ پالچىنىڭ ئالدىغا ئاتتى.

— بىر بالا ـ قازا ساڭا تەلمۈرۈپ تۇرۇۋېتىپتۇ ئوغلۇم، ئاگاھ بول،— دېدى پالچى ئۇنىڭ ئالقىنىغا قاراپ.

— نەدىكى بالا ـ قازاكەن ئۇ، ئاغزىڭنى يۇم ئالدامچى،— ئابلاجان قولىنى تارتىۋېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ يولىغا ماڭدى.

— ھەي ئوغلۇم توختا، مەن ئىككى كويلا ئالسام بولىدۇ.

شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆيىنى نىشانلاپ يۈرۈپ كەتتى.

ئەزىزە ئاخشام كوچىغا چىقىپلا تاسادىپىي ئابلاجان بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇۋلاپ، گەپ ئارىسىدا نىكاھ ئوقۇتۇۋېلىشقا ئۇنىمىغانلىقىنى ئاپىسىغا ئېيتتى.

— سەن... سەن نېمە دەپ يۈرىسەن،— نەزىرە بۇ گەپنى ئاڭلاپ چالۋاقىدى،— رەسمىيەت ئۆتەلىسىلا بولغان قانداق تويكەن ئۇ. مەن توختىمەتنى يەنە بىر قېتىم... ھەي كالۋا، مېنى زادىلا چۈشەنمىگۈدەكسەن. مۇنداق قىلساق ئاتالغان نېمە دەيدۇ، ئۇنىڭ شەھەردىكى ئابرۇيى - سالاپىتى نەگە كەتكەن بولىدۇ، مەن قانداقمۇ يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈرىمەن، ئۆز قىممىتىمنى نەگە چۆرۈۋېتىمەن!؟

— بولدى كاپىلداۋەرمە ئاپا، ئەمدى يۈز، ئابرۇيى، قىممەتنى سۈرۈشتە قىلىپ تۇرۇشقا ۋاقىت يوق. بىلەمسەن، ئابلاجانغا گۇمان چۈشۈپ قاپتۇ، ئۇ قورسىقىمنى تۇتۇشقا ئۇرغىتتى.

— ھە!— نەزىرە چۆچۈپ كەتتى، يۈرىكى بوغۇزىغا تىقىلىپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك چاقناپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى چىدىغۇسىز بىر ۋەھىمىنىڭ ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلدى،— قورسىقىڭدا بارلىقىنى ئۇ بىلسە چاتاق بولارمۇ؟ ئەلۋەتتە چاتاق بولىدۇ. ھاۋانىڭ قورسىقىدا ئۇنىڭ بالىسى بار، ئۇمۇ ئۇزاققا بارماي تۇغىدۇ، بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق تراگېدىيە.

— ئاپا، كىشىنى قورقۇتماي ماڭا قارىسىلا چۇ. ئۆزلە ماگا ئەقىل ئۆگەتكەنغۇ، ياشلار ئۆزىنى ئەمەلگە ئۇرۇپ تۈگەرىدۇ، ئۇنىڭغا ئەمەل بېرەيلى دەپ.

— توغرا، مەن شۇنداق دېگەن، ئابلاجان قىزىقتىما؟— نەزىرەنىڭ چىرايى ئېچىلىپ قىزىغا قارىدى.

— قىزىقىپ، قورسىقىمنى سىيلاشتىنمۇ ۋاز كەچتى. نىكاھنى ئوقۇتۇۋالساقلا ئۇ تانالمايدۇ. ئۇنتۇپ قالمىسىلا ئاپا، ئەتە سەھەردە

گايىت ئۇستامۇ مۇشۇ قايىنامىنىڭ ئىچىدە. ئۇ ئاخشام توختىمەتنى يوقلاپ دوختۇرخانىغا كەتكەندە، نەزىمە ئىزدەپ ئۆيىگە بارغان ئىكەن. ئايالىنىڭ دەپ بېرىشىچە، نەزىمەنىڭ ئەلپازى يامانكەن، «گايىت ئۇستام قاچان قايتىپ كەلسە، شۇ هامان مېنىڭ ئالدىمغا ئۈنسۇن» دەپ بۇيرۇق بېرىپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇ دوختۇرخانىدىن قايتىپ كەلگەندە، قورقۇپ كەتكەن ئايالى: «تېزرەك نەزىمەنىڭ ئالدىغا بارسىلا» دەپ تۇرۇۋالدى. گايىت ئۇستام پىسەنت قىلماي، بۈگۈنمۇ ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى. ئۇ چۈشلۈك تامىقىنى يەپ، ئىشىك ئالدىغا چىقىۋىدى، مەھەللە مەسچىتىنىڭ مەزىنى بىلەن روبىرو ئۇچرىشىپ قالدى، سالام-سەھەتتىن كېيىن، گايىت ئۇستامنىڭ ئاغزى قىچىشىپ:

— ۋۇي مەزىن ئاخۇنۇم، سالاپەتلىك كىيىنىپ، قېتىپ مېڭىپتىمىزغۇ، يول نەگە؟— دېدى چاقچاق قىلىپ.

— ئىمام باشچىلىقىدا بىرقانچىمىز شەھەر باشلىقىنىڭ ئەتىۋارلىق قىزىغا نىكاھ ئوقۇپ كەلمەكچى،— مەزىن گايىت ئۇستامنىڭ ئۇدۇلىدا توختاپ ئاغزىنى كالاچەتەك قىلىپ ھىجىيىپ سۆزلەپ كەتتى،— ئەپسۇس، سىلىنى چاقىرماپتۇ، بىللە بېرىپ كەلسەك بولۇركەندۇق. مەن مېڭىپ تۇراي،— دەپلا كەينىگىمۇ قارىماي، ئىمامنىڭ ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى.

گايىت ئۇستام مەزىننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى، ئۇنىڭ قەلبى گىرەلەشمە زىددىيەتلەرنىڭ ئىچىدە قالدى، ئۇ جىددىي ئۆيىگە پاتتى، ئابلاجاننى ئىزدەشنى، دوختۇرخانىغا بېرىشنى ئويلىدى، لېكىن ئۇنداق سۇرۇشتە قىلىپ يۈرۈشكە ۋاقىت يوق ئىدى، «ئىش چاتاق، توغرا نەزىمە چاقىرتقان ئىكەنغۇ، ئۇدۇللا شۇ يەرگە بېرىش كېرەك». ئۇ كەينىگە يېنىپ هويلىغا كىرىپلا كونا ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ كوچىغا چىقتى، ئايالىغا دەپ قويۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، ۋېلىسىپىتنى مىنىپ

— گايىت ئۇستام، نېمە قىلغىنىڭىز بۇ، ۋەدىڭىزدە تۇرمىدىڭىزغۇ؟

— مەن سىزگە نېمە قىلىپ بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلغان، ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەنغۇ،— دېدى گايىت ئۇستام ساپانىڭ بۇرجىكىدە ئولتۇرۇۋېتىپ.

— خۇپسەنلىك قىلماڭ، سىز خېلى بۇرۇنلا قىزىمنىڭ توي ئىشىغا ياردەملەشمەكچى بولغان،— دېدى نەزىمە چىرايىنى تېخىمۇ سۈرۈن قىلىپ،— بىزگە ياردەملەشمەكتە يوق ئەلچى بولۇشنىمۇ خالىماي، ئىشنى بۇزماقچى بولۇپسىز. دۇنيادا سىزدىنمۇ ئەسكى، يۈزسىز ئادەم بولامدۇ، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ساختىپەز، ئالدامچى...

نەزىمە باشقىلاردىن چىقىرالمىغان ئاچچىقىنى گايىت ئۇستامدىن ئالماقچى بولغاندەك تىللىغىلى تۇردى، ئۇنىڭ چىرايى غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. گايىت ئۇستام بىكاردىن - بىكارغىلا تىل ئىشىتكەنلىكتىن، بېشىغا گويا توقماق تەگكەندەك بىردىنلا زىڭىلداپ كەتتى. نەزىمەنىڭ ھاقارەتلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىگە يىڭنە سانجىدى- دە، ئاغزىنى بۇزدى:

— ھەي سېسىق خوتۇن، سەنمۇ باشقىلارغا خالىس ياخشىلىق قىلىپ باققانمۇ، مەن سېنىڭ قايسى ياخشىلىقىڭنى بىلمەيتىمەن؟ سەن خەقنىڭ ئۆيىنى بۇزۇپ، ئەر چىقمىغان قىزىڭنى بازارغا سالساڭ بولىدىكەنۇ، مەن ئابلاجانغا «كۆزۈڭنى ئاچ، سەگەك بول، ئەقلىڭنى تاپ» دەپ قويسام بولمامدىكەن؟ ئەمدى، سەن ھوشۇڭنى تېپىپ ئاغزىڭنى يۇم. بولمىسا، قىزىڭنى ئۆزۈڭ بىلەن قوشۇپ چاۋاڭنى چىتقا يايىمەن.

بۇ يەرگە گايىت ئۇستام تىكتىڭلاپ بېقىش ئۈچۈنلا كەلگەن، كېلىپلا نەزىمەنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تەمتىرەپ قالدى، غەزىپى قايناپ دەيدىغان گەپىنىمۇ تاپالماي قېلىۋاتاتتى. لېكىن، گايىت

تويغا خېتىمىزمۇ تەييار بولسۇن.

— چوقۇم تەييار بولىدۇ قىزىم. بوپتۇ ئەمىسە، سەن تۇغۇشتىن، ئاتاڭ قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن تويىنى تۈگىتىپ ئىشلىرىمىزنى سەرەمجانلاشتۇرۇۋالغۇدەكمىز. ۋاي ئاللا، خەق نېمە دېسە دېمەمدۇ، 4—5 كۈن سۆز - چۆچەك قىلىشىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بېسىقىدۇ،— نەزىمەنىڭ خىيالىغا يەنە بىر غەم بۆسۈپ كىردى بولغاي، بېشىنى چاڭگاللاپ،— ۋىيەي قىزىم، ئاخشام مەن گايىت ئۇستامنىڭكىگە نېمە قىلغىلى بارغاندىمەن، ئۇ نىكاھ ئوقۇتىدىغان ئىشنى بىلمەي تۇرسا بولۇركەندۇق. توختىمەت كېسەل، كارىۋاتتىن چۈشەلمەيدۇ، تۇرسۇنخان ئۇنىڭغا قارايدۇ، ئۇلارنىڭ ئابلاجانغا ئارىلىشىۋالغۇدەك ئىمكانىيىتى يوق. ئاشۇ گايىتلا ئىشنى بۇزۇپ قويمىسا بولاتتى.

— ئاپا، كىشىنى بىئارام قىلىپ نېمە بولىدىلا زادى، ئۇنى سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ، دېگەن ئىدىلىغۇ.

— شۇنداقلىقىغۇ، شۇنداق. مەن ئۇنى ئۆيگە كەلسىلا مېنىڭ ئالدىمغا كەلسۇن دېگەن، ئىلاھىم ئۇ كەلمىگىدى.

دۇنيادىكى ئىشلار مۇشۇنداق مۇرەككەپ، تاسادىپىيلىققا ئىگە. نەزىمە ئاخشام گايىت ئۇستامنى ئىزدىگەن، ھازىر ئۇنى كېلىپ قالمىسۇن دەپ تىلىدى. لېكىن، گايىت ئۇستام شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا نەزىمە ئارىلىقتىكى ئۆيدە ئولتۇرۇپ، قىزىنىڭ ھۇجرىسىدا بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرنى قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاۋاتاتتى، چىرايىدىن غەم - قايغۇ، پەرىشانلىق يېغىپ تۇراتتى. ئۇ گايىت ئۇستامنى كۆرۈپ چۆچۈگەندەك بولۇپ، خالار - خالىماس تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ، ئۇنى مېھمانخانا ئۆيگە ئەكىرىپلا ئىشىكنى يېپىۋالدى ۋە گايىت ئۇستام ئولتۇرۇپ دۇئا ياندۇرۇشقىمۇ تاقەت قىلماي سورىدى:

ھوقۇق بولسا، مەندە پۇل بار. پۇل بولسا قازاندا شورپا، مەنمۇ سېنىڭ ئۆيۈڭدە مەيدەمنى كېرىپ يۈرۈۋاتىمەن مانا. مېنىڭ سەندىن نېمەم كەمكەن!؟

نەزىمە ھاكاۋۇر، مەنمەنلىكىنى قولتۇقىغا قىسىپ، گايىت ئۇستامغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، ھېرىپ قالغاندەك ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ گايىت ئۇستامنى خالىغانچە بىرنەرسە قىلىۋېتىمەن دەپ تەھدىت سالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بولسا كېرەك، شۇ تاپتا گايىت ئۇستامنى يا ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىشكە جۈرئەت قىلالماي، يا ئاغزىنى ئېتەلمەي، چىدىغۇسىز ئەلەمدە قالدى. گايىت ئۇستام نەزىمەگە مەنسىتمىگەن نەزەر بىلەن قاراپ قويۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— نەزىمە، سەن كۆرۈنۈشتە ئەرنىڭ ئەمرىدىن چىقماي، ئەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ ياشايدىغان ئاجىز بەندىدەك قىلغىنىڭ بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئىچىڭدە زەھەر قايناپ، بىرنېمىكەنسەن، ئاداۋىتىڭ نېمىدېگەن قاتتىق ھەم نېمىدېگەن رەھىمسىز، يۈزى قېلىن داپشاقكەنسەن. مەن سېنىڭ كىشىلەرگە چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشىڭدىن ئاق كۆڭۈل، باشقىلارغا كۆيۈنىدىغان خوتۇنمىكىن دەپ ئويلاپتىمەن. كېيىن بىلدىمكى، چىرايلىق ھۆسن- جامالىڭ سېنىڭ رەزىل قەلبىڭنى يوشۇرۇپ كەلگەن ئىكەن. سەن تازىمۇ شەخسىيەتچى، ئۆزۈڭنىڭلا بەختىنى ئويلايدىغان، شەپقەتسىز ھازازۇل خوتۇنكەنسەن. سەن پاك ياشاپ كەلگەن ۋە سېنىڭ بېشىڭنى سىيلاپ قەددىڭنى كۆتۈرۈپ غەمخورلۇق قىلغان قاسىم ئەپەندىم سۆيگۈنىڭگە خىيانەت قىلىشنى خالىماي، سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى قوبۇل قىلمىغىنى ئۈچۈنلا، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىپسەن، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىشىڭنى ئۇنىڭ ئەۋلادىغىچە داۋام قىپسەن، سېنىڭ يۈرىكىڭ نېمىدېگەن قارا- ھە! توختىمەتنى ئۆزۈڭگە شېرىك قىلىۋېلىش ئۇسۇلىڭنىڭ قەبىھلىكىچۇ تېخى،

ئۇستامنىڭ مۇشۇ گەپلىرى غالىبلاردەك باشقىلارغا قول شىلتىپ ئادەتلەنگەن، باشقىلارنىڭ دەككىسىنى ئاڭلاپ باقمىغان نەزىمە ئۈچۈن ئېغىر زەربە ۋە خورلۇق تۇيۇلدى. بولۇپمۇ بىر قارا ئىشچىنىڭ ئۆكتە قوپۇشى ئۇنىڭ يۈرىكىنى دەسسەپ مىجىۋەتكەندەك تۇيۇلدى. دە سەپرايى ئۆرلىدى.

— ھەي گايىت، كىمنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن. بىلىپ قوي، بۇ شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆيى، مەن ئۇنىڭ خانىمى. «شەھەر باشلىقى يېرىم ھوقۇق يۈرگۈزسە، خوتۇنى پۈتۈن ھوقۇق يۈرگۈزىدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانمۇ. غەزىپىم تۇتسا، سېنى خانىۋەيران قىلدۇرۇۋېتىمەن، ھەتتا مەن خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغان بالاڭنىمۇ ئىشتىن ھەيدەتتۈرۈۋېتىمەن.

نەزىمەنىڭ شۇ تاپتىكى ھاكاۋۇر، مەنمەنلىك قىياپىتى دۇنيانى ئۆگتەي - توگتەي قىلىۋېتىدىغاندەك ئىدى. گايىت ئۇستام كۈلۈپ كېتىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇمۇ ئىككى قولىنى بېقىنىغا تىرەپ، نەزىمەنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— نەزىمە، مەنمۇ ساڭا شۇنى جاكارلاپ قوياي، بۇ كونا جەمئىيەت ئەمەس. يېڭى جەمئىيەتتىكى كادىرلارنىڭ ئورتاق خىسلىتى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، لېكىن كادىرلار قوشۇنىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان سەندەكلەرنىڭ نەپسى يوغىناپ، ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىۋاتىدۇ. شۇڭا، ھۆكۈمەت خەقنىڭ گېلىنى سىلەرگىلا باغلاپ قويماي، بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇپ تىجارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلدى. سىلەرگە چىراي سارغايتمايمۇ كۈن ئالغىلى بولىدۇ، سەن تېخى ئاڭلىمىدىڭما؟ ئوغلۇم بىلەن ئىككىمىز شىتاتتىن چىقىپ تىجارەت قىلىۋاتىمىز. ئىنسان تۇغۇلغاندا قىپيالىڭاچ ھالدا تۇپراقنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن، ھەممىسى ئوخشاش باباراۋەر. ئۇلارنى ئېگىز- پەس، يۇقىرى - تۆۋەن قىلىپ قويغان ئاشۇ ھوقۇق بىلەن پۇل. ھازىر سەندە

## 4

گايىت ئۇستامىنىڭ ئالدىدىراق، بۇ ئۆيگە كەلگەن ئابلاجان شۇ تاپتا نىكاھ ئوقۇيدىغانلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، قىزنىڭ ھۇجرىسىدا ئولتۇراتتى. ئۇلار تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا خۇشال - خۇرام سۆزلىشىپ كەتكەنىدى، مېھمانخانىدا نەزىمە بىلەن گايىتنىڭ ئېلىشۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

ئابلاجان ھېلىمۇ ئەمەلدە ئەزىزەنىڭ قەلبىنى ئۇۋلاش ئۈچۈن شېرىن سۆزلىرىنى قىلىۋىدى، نۆۋەتتە ئۇمۇ ئابلاجاننىڭ كۆڭلىنى ئالماقچى بولغاندەك، چىرايىنى ئېچىپ ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سالدى. ئەزىزەنىڭ سۆيگۈ تەلپىنىنى قوبۇل قىلغان ئابلاجان قوللىرىنى ئۇنىڭ بېلىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆزىگە تارتتى ۋە چىڭ قۇچاقلاپ سۆيۈشكە باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا ئەزىزەنىڭ قورسىقىدا سەككىز ئايلىق بولغان بالا ئوتتۇرىدا قېلىپ قىسىلدى بولغاي، تىنىمسىز تېپىرلىدى، ئابلاجان بۇنى ئېنىق سەزدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى ئىختىيارسىز ھالدا ئەزىزەنىڭ لەۋلىرىدىن ئاجرىدى.

— ئەزىزە بۇ نېمە؟— ئۇ جىددىيلىشىپ، ئىتتىكلا ئەزىزەنىڭ قورسىقىنى سىلىدى.

— بالا، قورسىقىمدا بالا بار، سىز تېخى بىلمەمسىز؟— ئەزىزە كۈلۈپ سۆزلىدى، ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى، لېكىن گىرە سالغان قوللىرىنى ئابلاجاننىڭ بويىنىدىن قويۇۋەتمىدى،— مەن مۇشۇ سەۋەبلىكىم ئۈچۈن سىزگە بەدەل تۆلەتمەي تەگكىلىۋاتىمەن. بۇنى تېخى چۈشەنمىدىڭىزما؟

ئابلاجاننىڭ قۇلىقىغا ئەزىزەنىڭ سۆزلىرى كىرمىدى. ئۇ ئەزىزەدىن قاتتىق يىرگەندى، بەلكى ئۇنىڭ كۆزىگە ئەزىزەنىڭ

ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام، ئاللىقاچان ئۆزۈمنىمۇ پاش قىلىپ، سېنىڭ رەزىل ۋاستىلىرىڭنى كىشىلەر ئالدىدا سازايى قىلىپ، سېنى تىرىك تۇرغۇزۇپ جېنىڭنى ئالغان بولاتتىم. ھازىرمۇ سېنى بوش قويۇۋەتمەيمەن.

گايىت ئۇستام توختىمەتنىڭ ئورنىدا نەزىمە بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا زوكۇنلىشىشقا ۋە ئۇنىڭ ئەپت-بەشىرىسىنى چىتقا يېيىشقا بەل باغلىغان ئىدى. نەزىمە گايىت ئۇستامنىڭ ئاغزىدىن توختىمەتكىلا مەلۇم بولغان چوڭقۇر يوشۇرۇنغان ئىچكى سىرلىرىنى ئاڭلاپ، گويا بېشىغا توقماق تەگكەندەك بولدى، پۈتكۈل ۋۇجۇدى مۇزدەك تەرگە چۆمۈلدى. ئۇ ھاردۇق يەتكەن ئادەمدەك گايىت ئۇستامغا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرۇپ:

— ساڭا بۇ ئىشلارنى توختىمەت سۆزلەپ بېرىپتۇ-دە. ھە، گايىت ئېيتە، سەن بوش قويۇۋەتمەيمەن دەپ، ماڭا تەھدىت سېلىۋاتامسەن، سەن مېنى نېمە قىلالايسەن؟ — نەزىمە ئەنسىزلىككە چۈشۈۋاتقان بولسىمۇ، ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، گايىت ئۇستامنى مەسخىرە قىلغاندەك سۆزلەۋاتاتتى.

— مەن بايىلا دېدىمغۇ، ئەمدى خالىغىنىڭنى قىلالمايسەن. مەن ساڭا چەك قويىمەن! — گايىت ئۇستام نەزىمەگە بۆركۈتتەك قادىلىپ قارىدى.

نەزىمەنىڭ خۇيى باشقىدىن تۇتقاندەك، ئۇمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈگەنسىز ئاتتەك چاپچىشقا باشلىدى:

— گايىت، ماڭا چەكلىمە قويۇش ئەمدى سېنىڭ قولۇڭدىن ھەرگىز كەلمەيدۇ، سەن بەرىبىر كېچىكتىڭ. ئابلاجان مېنىڭ ئالىقىنىمغا چۈشۈپ بولدى، يەنە بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن قىزىم بىلەن ئۇنىڭ نىكاھى ئوقۇلىدۇ. سەن بۇنىڭغا زادى ئارىلىشالمايسەن، كۆزلىرىڭنى چەكچەيتىپ ئولتۇرۇپلا قالىسەن، ھى، ھى، ھى...

كېتىشىگىمۇ ئاربىلىشىپ قالدى. بۇنىڭ ئاخىرى قانداق بولار» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. نەزىمە قىزىنىڭ ئايىغىغا ئۆتۈپ، بالىنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئالدىرىماقتا ئىدى، لېكىن جۈرئەت قىلالماي، يەنە ئابلاجانغا ۋارقىرىدى:

— ھەي، تېخى تۇرىسەنغۇ، رەشىدە دوختۇرنى چاقىرىپ كىر!

ئابلاجانغا ئەمدى جان كىرگەندەك بولۇپ، ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىپ كېتىپ، ھاپال بولمايلا قوشنا ئۆيدىكى رەشىدە دوختۇرنى باشلاپ كىردى. دوختۇر كىرىپلا ئەزىزەنى قۇتقۇزۇۋېلىش، ھوشىغا كەلتۈرۈش بىلەن بولۇپ كەتتى. شۇ ئەسنادا يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان تۆرەلمىنىڭ تىنىقى توختاپ قالدى. ھوشىغا كېلىپ، چىرايى ئاقىرىپ كەتكەن ئەزىزە بالىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ:

— رەھمەتلىك بالام، يا كېيىن ئەمەس، بۇگۈن چۈشۈپ كەتكىنىڭ نېمىسى؟ ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ، ئاھ، خۇدا!— دەپ ئىندا قىلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مۆلدۈردەك ياش تۆكۈلۈۋاتاتتى.

دەل شۇ ۋاقىتتا، بېشىغا سەللە ئورىغان ئىمام بىلەن 4—5 مويسىپىت باشقا ئۆيلەردىن كۈتۈۋالدىغان ئادەم تاپالماي، ئوچۇق قالغان ئىشىكتىن بۇ ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بۇ شەھەر باشلىقى خالىق ئەپەندى-نىڭ ئۆيىمۇ، بىز...

ئۆيدىكىلەر چۆچۈپ جامائەتكە قاراشتى، ھەممەيلەن ئۇلار-نىڭ نېمە قىلغىلى كەلگەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ئابلاجان ئۆزى تەكلىپ قىلغان ئىمام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى كۆرۈپ:

— ۋوي ئىمام، ئۆزلىرى كېلىشكەنمىدىلە،— دېگىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ،— بۈگۈن نىكاھ ئوقۇلمايدىغان بولدى، خاپا بولماي قايتىپ تۇرۇشسىلا،— دېدى.

— ئابلاجان،— دېدى نەزىمە ئەمدى ھوشىغا كەلگەندەك،

قورسىقىدىكى بالا كۆرۈنۈپ، خەقنىڭ ھارام بالىسىدىن قاتتىق يىرگەندى- دە، ئەزىزەنىڭ گىرە سېلىۋالغان قوللىرىنى ئۈرۈپ چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۆزىگە بېزىرىپ قاراپ تۇرغان چىرايىغا قارىغۇسى كەلمەي، ئۇنى بارلىق كۈچى بىلەن ئالدىغا ئىتتىرىۋەتتى. ئەزىزە سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ، تومپايغان قورسىقى ساپانىڭ بۇرجىكىگە قاتتىق ئۇرۇلدى- دە: «ۋايجان!» دەپ ۋارقىرىدى.

— بۇ ئاۋاز شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆيىنى تىترىتىۋەتتى. بۇ سۈرلۈك ئاۋازدىن نەزىمەمۇ، گايىت ئۇستامۇ چۆچۈپ كەتتى. نەزىمەنىڭ ئاخىرى چىقمىغان گېپى ئاغزىدىلا قالدى. ئۇ ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلۇپ مېھمانخانىدىن چىقىپ قىزىنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ يۈگۈردى، گايىت ئۇستامۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چاپتى. ئۇلار ھۇجرىغا كىرىپلا، ئەزىزەنىڭ ساپاغا يۆلىنىپ ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىلىنىڭ ئاستى قانغا مىلەنگەنلىكىنى، ئېقىۋاتقان قاننىڭ يەرگە سىڭىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ تاغاردەك كەڭ ئىشتىنىنىڭ ئىچىدىن بىر ھاياتلىقنىڭ تولىمۇ ئاجىز ئىڭراۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئاڭلىدى.

— جېنىم قىزىم، نېمە بولدى ساڭا، بالا ئاخىر چۈشۈپتۇ- دە،— نەزىمە يىغلامسىراپ كېلىپ، بېلىنى ئېگىپ قوللىرىنى قىزىنىڭ ئايىغى تەرەپكە سۇنۇپ نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك، قەددىنى رۇسلاپ، غالجىرلىقى تۇتقان ئىتتەك ۋارقىرىدى،— ھەي ھارامزادە، قىزىمنى نېمە قىلدىڭ؟ سەن ئۇنى ئىتتىرىۋې- تىپ، قورساقتىكى بالىسىنى چۈشۈرۈۋېتىپسەن!

نەزىمەنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن گايىت ئۇستام سول تەرەپكە قارىدى، ئۇ يەردە ئابلاجان چىرايى ئۆڭگەن ھالدا نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇراتتى. گايىت ئۇستام چۆچۈپ كەتتى ۋە «ئۇ راستتىنلا نەزىمەنىڭ ئالىقىنىغا چۈشۈپ بولغان ئىكەن، مانا ئەمدى قىزىنىڭ ھارامدىن بولغان بالىسىنىڭ قورسىقىدىن چۈشۈپ

مۇشۇ كەمنىڭ ياشلىرىدا ئۇرۇن، هوقۇق، ئەمەل كۆز قارىشى نېمىدىگەن كۈچلۈك ـ هە! نەزىمە تەھدىت سالغانلىقى ئۈچۈن، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا پۇقرالارنى كۆزىگىمۇ ئىلمايدىغان، ئۆزىگە كىر يۇقتۇرماي مەيدىسىنى كېرىپ يۈرىدىغان ئابلاجاننىڭ ئەقلى قېچىپ، ئۆزىنى قوغدىغۇدەك گەپنىمۇ قىلالمايۋاتاتتى. نەزىمە ئۇنى گايىت ئۇستامغا يېلىن دەپ بېشارەت بېرىپ تۇرسىمۇ، ئۇ گايىت ئۇستامغا قاراپمۇ قويماي، خۇدىنى يوقىتىپ كۈچۈكتەك ئۆمىلەپ يۈرەتتى، نەزىمەدىن شەپقەت تىلەپ، ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋاتاتتى. گايىت ئۇستام خېلىدىن بۇيان نەزىمەنى يەنە قانداق ئويۇن چىقىرار كىن دەپ بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ئىدى. ئۇ ئابلاجاننىڭ بۇ هالىنى كۆرۈپ چىدىمىدى، خۇددى توپنى تەپكەندەك، ئۇنى بىر تېپىپ بىلەن چەتكە ئېتىۋېتىپ، نەزىمەنىڭ ئالدىدا توغرا تۇردى:

— هەي خوتۇن، سەن قاچاندىن بېرى ساقچىنىڭ باشلىقى بولۇپ قالدىڭ؟ بۇ جاهان ئۆزگىرىپ، سېنىڭ قولۇڭغىلا قالغاندەك گەپ قىلىسىنا. مەن ساڭا بايىلا «قولۇڭدىن كەلمەيدۇ» دېگەن ئەمەسمىدىم.

— بۇ ئىشقا سەن ئارىلاشما. ئۇ قىزىمنىڭ قورسىقىدىكى بالىنى چۈشۈرۈۋېتىپ ئۆلتۈردى، چوقۇم قولغا ئالدۇرۇۋېتىمەن. سەن مېنىڭ بىگىسىمغا ئىشەنمەمسەن؟ — نەزىمە ئەسەبىيلىك بىلەن گايىت ئۇستامنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى.

— قىزىڭنىڭ قورسىقىدا قالغان بالىنى ئۆزۈڭمۇ چۈشۈرۈۋەتمەكچى ئەمەسمىدىڭ. ئۇنى يېرىم كېچىدە سىپىلنىڭ ئۇستىگە ئاچىقىپ، تاغارغا سېلىپ پەسكە قانچە قېتىم دومىلاتقىنىڭنى، ئەزرەئىنىڭ قورسىقىغا تەپكەنلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭما؟

— يالغان، سەن بىزگە بوهتان قىلىۋاتىسەن.

— ياق، بۇ بوهتان ئەمەس، پاكىت. سەن بىر كۈنى سەھەردە

تەمكىنلىكىنى بۇزماي،— ئىماملىرىمىز كەلگەن ئىكەن، ئۇلارنى مېھمانخانىغا باشلاڭ، داستىخان تەييارلاپ قويۇلغان.

— ياق، مەن بۇ توينى قىلمايمەن،— دېدى ئابلاجان نەزىمەنىڭ سۆزىنى كەسكىنلىك بىلەن بۆلۈپ.

خەلقئالەمنىڭ ئالدىدا ئابلاجاننىڭ جۈرئەتكە كېلىپ ئېلان قىلغان بۇ قارارى نەزىمەنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىرىۋەتتى.

— نېمىشقا! سەن ۋەدەڭدىن يېنىۋالماقچىما؟— دەپ ۋارقىرىدى ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— چۈشكەن بالا كىمنىڭ بولسا، ئەزىزە شۇنىڭ بىلەن توي قىلسۇن. يۈرۈڭ بىز قايتايلى،— ئابلاجان ئىمامنى سىرتقا تارتتى.

— توختا، بۇ ئۆيگە خالىغانچە كىرىپ - خالىغانچە چىقىپ كېتىدىغان ئىش يوق. سەن قىزىم بىلەن نىكاھلانمىساڭ مەيلى، لېكىن سەن قىزىمنى ئىتتىرىپ، قورساقتىكى بالىنى چۈشۈرۈۋەتتىڭ ھەم ئۆلتۈردۈڭ. بۇنىڭغا سەن قانۇن ئالدىدا جاۋابكار بولىسەن، بۇ سورۇندىكىلەر سېنىڭ قىلمىشىڭغا گۇۋاھ، ھەممەيلەن قانۇننىڭ ئالدىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتىدۇ.

نەزىمە ئۆكتەملىك بىلەن ئابلاجانغا تەھدىت سېلىۋاتاتتى. رەشىدە دوختۇر، ئىمام ۋە باشقا مويسىپىتلەر ئابلاجانغا ئىچ ئاغرىتقاندەك قاراشتى. ئابلاجان جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك خۇدىنى يوقىتىپ، يامان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

— مەن... مەن...— دېدى ئۇ بىچارە قىياپەتتە،— ئەزىزەنىڭ قورسىقىدا بارلىقىنى نەدىن بىلەي.

— ئەنە گايىت ئاكاڭمۇ گۇۋاھ بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئۇتتۇرىغا چۈشۈپ، سېنى ئەزىزە بىلەن توي قىلىشقا كېلىشتۈرۈپ قويسا، ئىمام نىكاھىڭلارنى ئوقۇپ قويىدۇ، بولمىسا تۈرمىدە ياتىسەن.

— مۇنداق رەھىمسىزلىك قىلماڭ، مەن تۈرمىدە يېتىشنى خالىمايمەن. مېنى قانداق قىل دېسىڭىز، شۇنداق قىلاي.

ساقچىغا، ئەرز قىلىپ باقمامسەن؟— دېدى گايىت ئۇستام.
— ئاھ خۇدا، مەن ئەزەلدىن مۇنداق يامان كۈنگە قالمىغان.
قىزىم شور پېشانە ئوخشايدۇ،— دەپ نەزىمە زارلىنىپ يىغلىدى.
ئۇنىڭغا ئەزىزەنىڭمۇ ئۆكسۈشلىرى قوشۇلدى.
گايىت ئۇستام نېمە قىلارىنى بىلمەي سۇر بېسىپ ئولتۇر-
غان ئابلاجانغا قارىدى.
— ھە، ئابلاجان، بۇرنۇڭغا سۇ كىرىپ ھوشۇڭنى تېپىۋال-
غانسەن. ئورنىڭدىن تۇرە، كېتىمىز،— ئاندىن گايىت ئۇستام
جامائەتكە بۇرۇلۇپ،— بىزنىڭ بۇ يەردە قىلىدىغان ئىشىمىز تۈگى-
گەندەك قىلىدۇ، رەشىدە دوختۇر قالغان ئىشلارغا ياردەملەشىسە
بولار. بىز بۇ يەردە ھېچنېمىنى كۆرمىدۇق، يۇرۇشىلە كېتەي-
لى،— دېدى.



قىزىڭنى سېپىلنىڭ ئۈستىدىن دومىلىتىپ، پەستىكى چوڭقۇر ئورەككە چۈشۈرۈۋەتتىڭ. قىزىڭنى تارتىپ چىقىرالمايۋاتقىنىڭدا، بىر يىگىت يېنىڭغا كېلىپ، قىزىڭنى ۋە سېنى ئورەكتىن چىقىرىپ قويدى. ئۇ يىگىت كىم بىلەمسەن؟

— بىلىمەن، ئۇ سېنىڭ ئوغلۇڭ. بۇنى ئۇ ساڭا دېمەسكىن دەپ ئويلىغان ئىكەنمەن.

نەزىمە ئاخىر قىلمىشىغا ئىقرار بولۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ مۇشۇ ئىقرارىنى دەۋاتقاندا بېشى قېيىپ، پۇتلىرىدا جان قالمىغاندەك، يەرگە يىقىلىپ چۈشكىلىۋاتاتتى. گايىت ئۇستام بۇنى سېزىپلا، ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ، ساپانىڭ بۇرجىكىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— سەن تاڭ ئېتىپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ يىگىتكە تاغاردىكى قىزىڭنى ئېشەك ھارۋىسىغا سېلىپ ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قويۇشنى ئۆتۈندۈڭ. ئۇ يىگىت ئىشىغا ئالدىراۋاتقان بولسىمۇ، سېنىڭ گېپىڭنى يېرىۋەتمەي، قىزىڭنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قويدى. سەن ئۇ يىگىتنىڭ ياردىمىگە رەھمەت ئېيتىپ، 10 يۈەنلىك ئىككى تىزىنى بېرىپسەن. «ئالدىرىغاندا ئېرى خوتۇنىغا سالام قىپتۇ» دېگەندەك، سېنىڭ بۇ يەردىكى ئەڭ چوڭ سەۋەنلىكىڭ شۇكى، ئاشۇ ئىككى تىزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا شەھەر باشلىقى خالىقنى سىغىنىپ يازغان خېتىڭ قىستۇرۇلۇپ قاپتۇ. باشقىلاردىن تېنىۋالساڭمۇ، ئۇ خەتتىن تېنىۋالالمايسەن. بۇ، پولاتتەك پاكىت. سەن خېلىدىن بۇيان چۈشۈرۈۋېتىشكە ھەركەت قىلغان قىزىڭنىڭ قورسىقىدىكى بالا بالدۇرمۇ ئەمەس - كېيىنمۇ ئەمەس، مانا بۈگۈن چۈشۈپ كەتتى.

— توۋا، بۇمۇ ئاللانىڭ قۇدرىتى. ئاللانىڭ قۇدرىتى بولمىسا، بۇ دۇنيادا قىلمۇ ئۆز ئورنىدىن يۆتكەلمەيدۇ، — دېدى ئىمام.

— نەزىمە، نوچى بولساڭ، ئابلاجاننىڭ ئۈستىدىن سوتقا،

这部中篇小说描述一对恋人的婚姻大事，导致退婚，终于用使者帮助这对恋人复婚成家有趣故事。

مەسئۇل مۇھەررىرى: غولام ئەبەيدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: قەمبەرگۈل ئوسمان

# ئەلچى

(پوۋېست)

ئاپتورى: مۇھەممەت لېتىپ ھاجى

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14- قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168 × 850 م م، 1/32
باسما تاۋىقى: 10.5 قىستۇرما ۋارىقى: 1
2005 - يىل 7- ئاي 1- نەشرى
2005 - يىل 7- ئاي 1- بېسىلىشى
تىراژى: 3080 — 1

---

ISBN7 — 5373 — 1420 — 9
باھاسى: 16.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 2653927 — 0998